تۇرسۇنگۇل تۇردى




# نامازشامگۈل

شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: غالىب شاھ

خەتتات: ئابلىكىمجان زۇنۇن جەۋلانى



# نامازشامگۈل

ISBN 978-7-5371-5968-5

9 787537 159685 >

باھاسى: 18.00 يۈەن

تۇرسۇنگۈل تۇردى

# نامازشامگۈل



( پوۋېستلار )

شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com

图书在版编目(CIP)数据

夜来香:维吾尔文/吐尔逊古丽·吐尔地著. —乌鲁木齐:新疆青少年出版社，2008.7
ISBN978—7—5371—5968—5

Ⅰ.夜… Ⅱ.吐… Ⅲ.中篇小说—作品集—中国—当代—维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ.I247.5

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2008)第 110249 号

责任编辑：艾尼瓦尔·艾山
责任校对：迪力亚尔·吐尔逊
封面设计：阿里甫·夏

夜来香（维吾尔文）
（中篇小说集）
吐尔逊古丽·吐尔地 著

---

新 疆 青 少 年 出 版 社 出 版
（乌鲁木齐市胜利路二巷1号 邮编：830049）
新 疆 新 华 书 店 发 行
新疆翼百丰印务有限公司印刷
850×1168 毫米 32 开 9.5 印张
2008 年 7 月第 1 版 2008 年 7 月第 1 次印刷
印数：1—3000

---

ISBN978—7—5371—5968—5 定价：18.00 元
如有印刷装订问题请直接同出版社调换

# مۇھەررىردىن

ئۇمىدلىك ئەدىب تۇرسۇنگۈل تۇردى 1976 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى چاقىلىق ناھىيە ئۇتام يېزىسىدا ئىشچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كۆز ئاچقان. باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى چەرچەن ناھىيىسىدە تاماملاپ، 1992 ـ يىلى باينغولىن ئوبلاستلىق مالىيە مەكتەپنىڭ بوغالتىرلىق كەسپىگە قوبۇل قىلىنغان. 1996 ـ يىلى ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن چاقىلىق ناھىيە ئۇتام يېزىلىق مالىيە پونكىتىغا تەقسىم قىلىنغان. ئۇ ھازىر چاقىلىق ناھىيىلىك مالىيە ئىدارىسىدە ئىشلەپ كەلمەكتە.

تۇرسۇنگۈل تۇردى 1998 ـ يىلى «جاراھەت» ناملىق شېئىرى بىلەن ئىجادىيەتكە قەدەم قويغاندىن باشلاپ ھازىرغىچە «تارىم»، «كروران»، «تۇرپان»، «تەڭرىتاغ»، «شىنجاڭ ئاياللىرى»، «شىنجاڭ گېزىتى» قاتارلىق گېزىت ـ ژۇرناللاردا 100 پارچىغا يېقىن شېئىر، ھېكايە، پوۋېست ۋە ماقالە ئېلان قىلدۇرغان. ئۇنىڭ بىر پارچە ماقالىسى «شىنجاڭ گېزىتى» تەرىپىدىن «ئالاھىدە ئەسەر» مۇكاپاتىغا، ئىككى پارچە ھېكايىسى «كروران» ژۇرنىلى تەرىپىدىن «چولپان ئەدەبىيات مۇكاپاتى»غا، «كېسەل» ناملىق ھېكايىسى 13 ـ نۆۋەتلىك «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەن.

قولىڭىزدىكى «نامازشامگۈل» ناملىق پوۋېستلار توپلىمى مۇئەللىپىنىڭ ئوقۇرمەنلەر ئۈچۈن سۇنغان تۇنجى كىتابى. ئوقۇرمەنلەرنىڭ بۇ كىتابنى ياقتۇرۇپ ئوقۇشىغا تىلەكداشمىز!

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگى ئادرېسى

# مۇندەرىجە

ئۇپۇق قىزارغاندا ........................................ 1

ئۈچىنچى سوت ........................................ 104

نامازشامگۇل ........................................ 221

# ئۇپۇق قىزارغاندا

قارامتۇل سىردا سىرلانغان سوت زالى. ئادەمنى شۇركۇندۇرگۇدەك سۇر - ھەيۋە بىلەن قېتىپ ئولتۇرۇشقان سودىيىلەر... بەزىلەرنىڭ كۆزلىرى ماڭا نەپرەت بىلەن تىكىلگەن، بەزىلەرنىڭ كۆزلىرى ئىچ ئاغرىتىشقا ئوخشاش ھەر خىل نەزەردە تىكىلگەنىدى. مەيلى ئۇلار ماڭا قانداق قارىسۇن، مېنىڭ ئىچىمدە ئاللىقانداق خۇشلۇققا ئوخشاش بىر خىل تۇيغۇ تەۋرەپ تۇراتتى، ئۆزۈمنى خۇددى قىلىشقا تېگىشلىك مۇھىم بىر ئىشنى تۈگەتكەندەك ھېس قىلاتتىم. تۇيۇقسىز كۆزۈم پەستە ئولتۇرغان ئاپامنىڭ كۆزلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. ئاپامنىڭ نۇرسىز كۆزىدە ئاجىز بىر ئۈمىد نۇرى پىلىلدايتتى. بۇرنۇمنىڭ ئۇچى ئېچىشىپ كۆزۈمگە ياش ياماشتى، بىراق يىغلىيالمايتتىم. باش سوتچىنىڭ توقمىقى ئىككى قېتىم توكۇلداپ سوت باشلانغانلىقىنى جاكارلىدى. ئادۋوكاتلارنىڭ سوئال - سوراقلىرىغا «ھەئە» ياكى «ياق» دېگەن جاۋابنى ناھايىتى تېزلا دەپ بولدۇم. چۈنكى، ھەممىگە ئايان بولغان جىنايىتىمنىڭ يوشۇرغۇدەك ھېچقانداق يېرى يوق ئىدى، سوت تالاش - تارتىشسىزلا كېڭەشمە سوتنىڭ ھۆكۈم چىقىرىشىغا سۇنۇلدى. بىر دەملىك شاۋقۇن - سۈرەن زالنىڭ ئىچىنى بىر ئالدى. ھەممەيلەن بىر خىل ئۇسۇلدا مېنىڭ دادامنى يارىلاندۇرغانلىقىم ئۈستىدە پىكىر قىلىشماقتا، ئۆزئارا تالاش - تارتىش قىلىشماقتا ئىدى. زالغا سودىيىلەر چىقىپ زال قايناۋاتقان قازانغا بىر چۆمۈچ سۇ قۇيغاندەك جىمجىتلىققا چۈكتى.

— هازىر سوتىمىز لەيلىگۈل دېلوسى ئۈستىدە ھۆكۈم ئېلان قىلىدۇ، جاۋابكار لەيلىگۈل توختى بۇ يىل 10 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ئۆز دادىسىنى يىگىرمە سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى قوي قىرقىشقا ئىشلىتىدىغان قايچا بىلەن يېنىك دەرىجىدە زەخىملەندۈرگەن. ئالاقىدار ساقچى تەرەپنىڭ ئىگىلىگەن دەلىل - ئىسپاتلىرىغا ھەم جىنايەتچىنىڭ ئۆزىنىڭ ئىقرارىغا ئاساسەن سەۋەنلىك بىلەن ئادەم زەخىملەندۈرگەن، دەپ قارىلىپ «جىنايى ئىشلار قانۇنى» غا ئاساسەن جاۋابكار لەيلىگۈل توختىغا تۆۋەندىكىدەك ھۆكۈم چىقىرىلدى:

بىرىنچى، جاۋابكار لەيلىگۈل توختىغا مۇددەتلىك ئۈچ يىللىق ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش جازاسى بېرىلسۇن!

ئىككىنچى، جاۋابكار لەيلىگۈل توختى دەۋاگەر توختى قۇربانىنىڭ بارلىق داۋالىنىش چىقىمىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ تۆلىسۇن!

بۇ ھۆكۈم ئېلان قىلىنغان ۋاقىتتىن باشلاپ كۈچكە ئىگە قىلىنسۇن!

سوت يېپىلدى. سوتنىڭ ئىجرا ماشىنىسىغا چىقىپلا ئىچ - ئىچىمدىن قىياندەك يىغا بېسىپ كەلدى. ئەمدى مېنىڭ ئەركىنلىكىم بولمايتتى، بۇرۇنقىدەك ئاپامغا ئەركىلىيەلمەيتتىم، دوستلىرىم بىلەن مۇڭدىشالمايتتىم. قىسقىسى، مېنىڭ نۇرغۇنلىغان گۈزەل ئارمانلىرىم مۇشۇ ماشىنىنىڭ ئىشىكى يېپىلىش بىلەن سىرتتا قالغانىدى. ياشلىقىمنىڭ ئىزگۇ ۋاقىتلىرى ئېگىز تاملار، توخۇ كاتىكىدەك كۈن چۈشمەيدىغان كامېرلاردا ئۆتەتتى. بۇلارنى ئويلىسام، دادامغا نەپرىتىم يەنە ھەسسىلەپ كۈچىيەتتى. «نېمىشقا شۇ چاغدا تىققان قايچا ئۇنىڭ جېنىنى ئالمىغان بولغىيتتى؟» دەپ ئەپسۇسلىناتتىم.

ناھىيە بازىرىدىن ئون كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان ئەمـگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانىغا بىر دەمدىلا يېتىپ كەلدۇق. ئۇلار مېنى يۇزلىرىنى چوقۇر بېسىپ كەتكەن ئايال ساقچىغا تاپشۇرۇپ بېرىپ كېتىشتى. ئايال ساقچى مېنى باشلاپ ئۇزۇن كارىدورنىڭ ئەڭ ئىچكىرىسىدىكى بىر ئۆيگە كىرگۈزۈۋېتىپ كەتـتى. بۇ ئۆيدە مەندىن باشقا بەش ئايال بار بولۇپ، ئۇلار ماڭا سىنچى كۆزلىرى بىلەن قاراۋاتاتتى. تۇرۇپلا كاللامدا: «تۇۋا، جىنايەتچىنىڭ كۆزى مۇشۇلارنىڭكىدەك قورقۇنچلۇق بولامدىغانـدۇ؟» دېگەن خىيال «لىپ» قىلىپ پەيدا بولدى. ئۆزۈمنىڭمۇ بۇگۈندىن باشلاپ مۇشۇلار بىلەن ئوخشاش جىنايەتچى ئىكەنلىكىم ئېسىمگە كېلىپ، ھېلى قىلغان خىيالىمدىن سەل خىجىل بولغانـدەك قىلدىم.

— ھەي، ئىسمىڭ نېمە سېنىڭ؟ دېيەيدەك تۇرماي بېرىپ گۆرۈڭگە تىقىل!

ئورا كۆز، بەڭگى چىراي خوتۇننىڭ سۆزىدىن چۆچۈپ كەتـتىم. كىنولاردىكى جىنايەتچى خوتۇنلار كۆز ئالدىمغا كېلىپ دەرھال ئورنۇمغا بېرىپ نەرسىلىرىمنى جايلاشتۇردۇم.

— نەچچە يىللىق كەلدىڭ بۇ داشۇگە؟ — دېدى ھېلىقى خوتۇن يەنە، — قارىسام، ئەسكى نېمىدەك قىلمايسەن، قانداق جىنايەت بىلەن كىردىڭ؟

— بولدى قىلە، سەن ساقچى بولمىغاندىكىن، بۇ قىز ئەمدى كەلدى، ئالدىرىماي دېيىشىۋالامسەن ئۇنداق گەپلەرنى، — دېدى يەنە بىر سېمىز چوكان.

— ئىشىڭنى قىلە، رەسىۋا! مەن سەندىن سورىمىغانـدىكىن...

— بولدى قىلىڭلار، ھېلى ئاۋۇ نېمىلەر كېلىپ جاجاڭلارنى بەرمىسۇن يەنە!

يېشى چوڭراق ئايالنى ئۇلار خېلى ھۆرمەتلىسە كېرەك،

ھەممىسى جىم بولۇشتى. ئىشىك تاراقلاپ ئېچىلىپ بىر ساقچى بىلەن پەشتاما تارتىۋالغان بىرى كىرىپ، بىزگە بىر دەم بولغاندا بىر چۆمۈچتىن يېسىۋىلەك قورۇمىسىنى بېرىپ چىقىپ كەتتى. مېنىڭ تاماققا كۆڭلۈم تارتمايتتى. شۇڭا، قاچامنى ئاپىرىپ كارىۋىتىمنىڭ قىرىغا قويۇپ قويدۇم.

— بىرنەرسە يېگىن، قىزىم. چۈشتىن كېيىن ئېتىزغا چىقىمىز. تاماق يېمىسەڭ چىدىيالمايسەن، — ئەمگەك ئېغىر.

بۇ يەرگە كېلىپ تۇنجى بولۇپ ئاڭلىغان بۇ مېھرىبانلارچە سۆزدىن تەسىرلىنىپ يىغلاپ سالدىم. بۇ ئايالنىڭ سۆزى ئاپامنىڭ سۆزىدەكلا ئاڭلىنىپ زورىغا تاماقنى يەپ تۈگەتتىم. راست دېگەندەك، چۈشتىن كېيىن بىزنى قاتار تىزىلدۇرۇپ ئېتىزلىققا ئېلىپ ماڭدى.

كۆز يەتكۈسىز ئېتىزلارغا كېۋەز تېرىلغان بولۇپ، ھەممىمىزگە ۋەزىپە ئايرىپ بېرىلگەن. ھازىر كېۋەزنىڭ مايسا قالدۇرۇش ۋاقتى بولغاچقا، ۋەزىپىنى قايسى گۇرۇپپا ئورۇنداپ بولالمىسا كەتمەي ئىشلەيدىغان ئىشكەن. شۇڭا، بىر ياتاقتىكى ئالتەيلەنگە بىر بۆلەك يەر ئايرىلغان، ئارىلىقىمىز يېقىن بولسىمۇ پاراڭ سېلىشقا يول قويۇلمايدىكەن. مەن كىچىكىمدىن باشلاپ ئېغىر ئەمگەك بىلەن شۇغۇللىنىپ كۆنۈپ كەتكەچكىمۇ، بۇ ئىش بۇ گۇنچە ماڭا ئانچە قىيىن بىلىنىپ كەتمىدى. بىز ۋاقىت توشقۇچە ۋەزىپىنى ئورۇنداپ بولدۇق.

تۈرمە ھاياتىم باشلانغىلى ھەش - بەش دېگۈچە بىر ئاي بولدى. بۇ جەريان ماڭا خۇددى بىر يىلدەك بىلىنىپ كەتتى. بۇ يەردە ئىش تۈگىمەيتتى. بىكار قالغۇدەك بولساق سىياسىي ئۆگىنىش قىلاتتۇق. بۇ ئارقىلىق ئۆزىمىزنى ئۆزگەرتىپ ئاكتىپلىقىمىزنى جارى قىلدۇرۇش مەقسەت قىلىناتتى. ئاپام ۋە سىڭلىم مېنى يوقلاپ تۇراتتى. ئاپامنىڭ سولغۇن چىرايىدىن ئۇنىڭ جاپا تارتىۋاتقانلىقىنى سېزەتتىم، لېكىن ئۇ ماڭا دېمەيتتى. تۈر-

مىداشلىرىم بىلەن ئوبدانلا چىقىشىپ قالغانىدىم. مەن بارا ـ بارا
بۇ يەردىمۇ مېھىر ـ مۇھەببەت، كۆيۈنۈش ۋە ئادەمگەرچىلىك
بارلىقىنى تونۇپ يەتمەكتە ئىدىم. قارىماققا، ئۇلار قوپال كۆرۈن-
سىمۇ بىر ـ بىرىگە كۆيۈنۈشنى بىلەتتى. بىز ھەممىمىز دەسلە-
پىدە ماڭا ئانىلارچە مېھرىبانلىق كۆرسەتكەن جەننەتخان ئىسىم-
لىك يېشى چوڭراق ئايالنى ھۆرمەتلەيتتۇق، ھەممە ئىشنى شۇ-
نىڭ دېگىنىدەك قىلاتتۇق. بۇ ئايال مۇددەتسىز قاماق جازاسىغا
ھۆكۈم قىلىنغان بولۇپ، بۇ تۈرمىگە كەلگىنىگە ئون بەش يىل
بولغان ئىكەن. شۇ سەۋەبتىنمۇ ياكى ئوقۇمۇشلۇق ئىكەنلىكى
ئۈچۈنمۇ، ئۇنىڭ سۆزىنى ھېچقايسىمىز يىرمايتتۇق.
كېۋەزنىڭ مايسا قالدۇرۇش، ئوتاش ئىشلىرى تۈگەپ بىكار
بولۇپ قالدۇق. ئەمدىكى ئىشىمىز كېۋەزگە دورا چېچىش ئىدى.
دورا ناسوس ئارقىلىق چېچىلىدىغان بولغاچقا، ھەر كۈنلۈك ۋەزى-
پە بالدۇرلا تۈگەيتتى. بالدۇر قايتقان چاغلاردا تاماق ۋاقتىغىچە
ئىختىيارىي پائالىيەت قىلاتتۇق. بۈگۈن ئىختىيارىي پائالىيەتتىن
كېيىن ئۆگىنىش قىلدۇق. تۈرمىدىكى قايسىبىر باشلىقنىڭ تۇ-
غۇلغان كۈنى بولغاچقا، بىز ئۆگىنىشنى بىر سائەتلا قىلىپ
قايتىپ چىقتۇق. ياتاقتا قالايمىقان ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ قىلىشقا يول
قويۇلمايتتى. شۇڭا ھەممىمىز ئورنىمىزدا ئولتۇرۇپ ئۆز خىيا-
لىمىزنى سۈرۈشكە باشلىدۇق.
— لەيلىگۈل قىزىم، بۇ يەرگە قانداق قىلىپ كىرىپ قالغى-
نىڭنى تېخى بىزگە دەپ بەرمىدىڭ، — دېدى جەننەتخان، —
ئۆزۈڭ تاڭنى ئاتقۇزماق ئاسان ئەمەس. خالىساڭ بىزگە سۆزلەپ
بەرگىنە، بىرەر ئۈۋالچىلىق تارتىمىغان بولساڭ داداڭغا پىچاق
تىقىدىغان قىز دەك قىلمايسەن.
ئۇنىڭ گېپىنى ھەممىسى قوللاشتى. مەنمۇ ئاپامدەك كۆرۈ-
دىغان بۇ ئايالنىڭ گېپىنى يىرالمىدىم.
— بۇ ئىشلارنى بىلىشنى خالىساڭلار سۆزلەپ بېرەي، بىراق

بۇ مىنىڭ بالىلىق چاغلىرىمغا بېرىپ تاقىشىدۇ، سەل ئۇزۇنراق. سىلەرنىڭ ۋاقتىڭلارنى ئېلىپ قويارمەنمىكىن؟ — دېدىم ئۇلارغا.

— مەيلى، ئۇزۇن بولسا تېخى ياخشى. بۈگۈن دەپ بولالمىساق داۋامىنى ئەتە ئاڭلايمىز. بۇمۇ ۋاقىت ئۆتكۈزۈشنىڭ چارىسى، — دېيىشتى بىر قانچەيلەن تەڭلا.

— ئەقلىمنى بىلسەم، ئۆيىمىز سېپى ئۆزىدىن نامراتكەندۇق، — دەپ باشلىدىم سۆزۈمنى، — ئۆيىمىزدە دادام، ئاپام، ئاكام، مەن ۋە سىڭلىم بەشەيلەن بار ئىدۇق. ئۆيىمىزنىڭ كونىلىقىغا گەپ كەتمەيتتى. لاي بىلەن سېلىنغان ئىككى ئېغىزلىق ئۆيىمىزنىڭ ھەممە يېرىدىن توپا شۆرقىراپ تۆكۈلۈپ تۇراتتى. يامغۇر ياغقان كۈنلىرى كېچىچە ئۇخلىماي داس ـ چېلەكلەرگە توشقان سۇلارنى سىرتقا توشۇيتتۇق. دادامنى تولا چاغلاردا كۆرمەيتتۇق. ئاپام ئۇنى «سىرتتا پۇل تاپىدۇ» دەيتتى. شۇنىڭ بىلەن بىز دادامنىڭ يولىغا قارايتتۇق. خىيالىمىزدا دادام كەلسە بىزگە باشقا بالىلارنىڭ دادىسىدەك رەڭلىك شارلارنى ئېلىپ بېرىدۇ، دەپ قارايتتۇق. ئەمەلىيەتتە، دادام كەلسە ئۆيىمىزدە جەڭ بولاتتى. دادام ئاپامنى قولىغا چىققانلىكى نەرسە بىلەن ئۇراتتى، بىزنىمۇ ئۇرۇپ ـ سىلكىشلەيتتى. بۇنداق چاغلاردا قورقىنىدىمىزدىن ئۆيىنىڭ بۇلۇڭىغا تىقىلىۋېلىشىپ يىغلاپ كېتەتتۇق. شۇنىڭغىمۇ دادام ئۆيدە بولسا ئۇنىمىزنىمۇ چىقارمايتتۇق. ئۇلارنىڭ نېمىشقا شۇنچىۋالا ئۇرۇشىدىغانلىقىنى بىلمەيتتۇق. بۇ خىل ھالەتنى مەن سەككىز ياشلارغا كىرگەندە ئانچە ـ مۇنچە بىلىپ قالدىم. ئاپام قانداقتۇر بىر ئايالنىڭ گېپىنى قىلسىلا دادامنىڭ ئاپامنى ئۇرىدىغانلىقىدىن ئۇلارنىڭ ئۇرۇشىشىغا نامەلۇم بىر ئايال سەۋەبچى دەپ قارايتتىم. قىسقىسى، ئائىلىمىزدىكى سورۇقچىلىقلاردىن مەن ئۆز يېشىمغا ماس كەلمەيدىغان ئىشلارنى خىيال قىلىدىغان، ئاپامنى ئۇرغۇزغان ئاشۇ ئايالنى قارغايدىغان بولۇپ

قالغانىدىم. بىر كۈنى، ئاكام ئىككىمىز مەكتەپتىن قايتىپ كې-
لىپلا ئاپامنىڭ ئەمدىلا ئىككى ئايلىق بولغان سىڭلىمنى قۇچاقلى-
غانچە يىغلاپ ئولتۇرغىنىنى كۆرۈپ دەرھال يۈگۈرۈپ يېنىغا
باردىم.

— ئاپا، نېمىشقا يىغلايسىز، دادام سىزنى يەنە ئۇردى-
مۇ؟ — دەپ سورىدىم «ئاپامنى يەنە تاياق يېگەن ئوخشايدۇ»
دەپ.

— ياق، بالام، داداڭلار بۇ ئۆيىنى سېتىۋېتىپتۇ، — دېدى
ئاپام ئىسەدەپ تۇرۇپ، — ئۆيىنى سېتىۋالغۇچى ئۆيىنى ئىككى
كۈن ئىچىدە بىكارلاپ بېرىشىمىزنى ئېيتىپ كەپتۇ. تۇۋا، شۇن-
داقمۇ نائەھلى ئادەم بولىدىكەن، مېنى دېمىسىمۇ سىلەردەك
باللىرى بار ئىدىغۇ؟ قىش كىرەي دەپ قالغان تۇرسا، ئەمدى
قانداقمۇ قىلارمىز؟

— دادام نەگە كېتىپتۇ، ئاپا؟ — دەپ سورىدى ئاكام.

— نەگە كەتكىنىنى بىلمەيمەن، ھەر قاچان ھېلىقى خوتۇن
بىلەن بىر يەرگە ماڭدى بولغاي. خەپ، خۇدايىم! ماڭا قىلماي
ئۆزۈڭگە قىلارسەن!

ئاپام بىزگە خۇددى دېمەيدىغان گەپنى دەپ سالغاندەك، خى-
جىل بولۇپ لەۋلىرىنى چىشلەپ قويدى.

شۇ كۈنى ئانا ـ بالا تۆتەيلەن تازا يىغلاشتۇق، دادامدىن
قاتتىق نەپرەتلەندۇق. كىچىككىنە يۈرىكىمىزدە ئۇنىڭغا بولغان
نەپرەت ئۇرۇقلىرى بىخلاندى. بىر قانچە كۈندىن كېيىن، بىز
ئاپام كەنت رەھبەرلىكىگە دەپ تاپقان يېڭى ئۆيىمىزگە كۆچۈپ
كەلدۇق. بۇ ئۆي ئەسلىدىكى ئۆيىمىزدىنمۇ ناچار بولۇپ، ئىشى-
كى ھىم ئېتىلمىگەچكە، ئۆيگە غۇرقىراپ شامال كىرىپ تۇراتتى.
تى. كېچىلىرى ئاپام بىزنىڭ توڭلاپ قېلىشىمىزدىن ئەندىشە
قىلىپ يوتقىنىنىڭ سولىۋالاتتى، تۇگۇلۇپ يېتىپ تاڭنى ئاتقۇزات-
تۇق. ئاپام باشقىلارنىڭ ئېتىز ئىشلىرىغا قارىشىپ بېرىپ ياكى

ياستۇق كەشتىلەپ تاپقان پۇللىرىدا بىزنى بېقىپ كېلىۋاتاتتى. ئاكام ئىككىمىز ھەر كۈنى مەكتەپتىن كېلىپ تەرمەچ ئېسىپ، كالا تېزەكلىرىنى ئاپتاپ چۈشىدىغان يەرلەرگە تىزىپ قۇرۇتاتتۇق. شۇنداق قىلىپ، قەھرىتان قىش كۈنلىرىنى تىزىمىزنىڭ ئاستى ئىسسىماي ئۆتكۈزدۇق. مۇزلار ئېرىشكە باشلىغاندا تۇيۇقسىز دادام قايتىپ كەلدى. بىز دادامنىڭ قايتىپ كەلگىنىدىن ئازراقمۇ خۇش بولمىدۇق، داداممۇ بىزگە ئانچە پەرۋا قىلىپ كەتمىدى. شۇ كۈنى ئىككىسى ئۆي توغرۇلۇق قاتتىق سوقۇشۇپ كەتتى.

دادامنىڭ دېيىشىچە، ئۇ بىر ئەيلەنگە قەرز بولۇپ قالغاچقا ئۆينى قەرزگە تۇتۇپ بېرىپتۇمىش. قەرزى تېخى تۈگىمىگەچكە ئاپامنىڭ تەۋەررۈك ئالتۇن زىرىسىنى سېتىپ قەرز تۆلىمەكچى بولۇپ كەپتۇ. قەرز تۈگىسە قايتىپ كېلىپ يېڭى ئۆي سېلىپ بىزنى گۈلدەك باققۇدەك. ئاپام ئۇنىڭ سۆزىگە قوشۇلمىدى. شۇنىڭ بىلەن دادام ئاپامنى قاتتىق ئۇرۇۋەتتى. ئاپامنىڭ يېرىلغان بېشىنى كۆرۈپ قورقۇپ جىمىمىز چىققىلى تاسلا قالدى. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۆيىمىزدە ئۈزۈلمەي بىرقانچە كۈن جېدەل ـ ماجىرا بولۇپ تۇردى. دادام ئاپام ئەتكەن تاماقنى يەيتتى. چىقىپ كېتىپ يېرىم كېچىلەردە مەست كېلىپ ئاپامنى ئۇراتتى. كېيىن نېمە بولدى، ئۇلار ئەپلىشىپ قالدى. ئاپام دادامغا ئانىسىدىن قالغان ئالتۇن ھالقىسىنىمۇ بەردى. خېلى كۈنلەرگىچە دادامنىڭ تىل ـ تايىقىدىن قۇتۇلۇپ قالدۇق. شۇنداقتىمۇ، يۈرەكزادە بولۇپ كەتكەچكە دادام بار چاغلاردا ئىچىلىپ ئوينىيالمايتۇق، دادامنىڭ كۆزلىرى بىزگە سوغۇق تۇيغۇ بېرەتتى. ئۇزاق ئۆتمەي، ئۆيىمىزنىڭ خاتىرجەملىكى يەنە بۇزۇلدى. بۇنىڭ سەۋەبىنى مەن كېيىن بىلدىم.

ئۇ كۈنى مەن مەكتەپكە كېتىۋېتىپ، دادامنىڭ بىر سۇلياۋ خالتىدا خېلى كۆپ گۆش كۆتۈرۈپ كېتىپ بارغانلىقىنى كۆرۈپ

شۇنداق خۇش بولۇپ كەتتىم. چۈنكى، قىش ئۆتۈپ ياز يېرىم بولغۇچە ئۆيىمىزدە گۆش سېلىپ تاماق ئېتىلمىگەنىدى. بۇرنۇمغا مەززىلىك شورپىنىڭ پۇرىقى پۇراپ كەتتى. دەرسلەرمۇ قۇلىقىمغا كىرمەي «قاچان كەچ بولار؟» دەپ تەقەززالىق بىلەن كۈتتۈم، مەكتەپتىن يېنىپلا ئاكامغا خۇشاللىق بىلەن بۈگۈن گۆش يەيدىغىنىمىزنى دەۋەتتىم. بىز يۈگۈرۈشكىنىمىزچە ئۆيگە كەلدۇق، كىلىپلا قازانغا قارىدۇق، قازان قۇرۇق ئىدى. مەن ئاپامدىن دادام ئەكەلگەن گۆشنى سورىدىم.

— نەدىكى گەپنى قىلىسەن، بالام؟ داداڭلار گۆش ئەكەلسە سىلەرگە بەرمەي نېمە قىلىمەن. داداڭلار راستىنلا گۆش ئەكەلمىدى،— دېدى ئاپام ھەيران بولۇپ.

— مەن دادامنىڭ دوقمۇشتىكى قاسساپتىن گۆش ئېلىپ ماڭغىنىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن تۇرسام،— دېدىم مەنمۇ قايىل بولماي.

— بولمىسا، مەن داداڭلار كەلگەندە سوراپ باقاي!— دېدى ئاپام بىزنى جىملەپ.

كەچتە ئاپام دادامدىن گۆشنىڭ گېپىنى سورىۋېدى، ئۇ ھەممىمىزنى تىللاپ كەتتى. «باللارنى ئارقامغا سېلىپ قويۇپسەن!» دەپ ئاپامنى ئۇرۇپ كەتتى. مەن ئاپامنىڭ تاياق يېيىشىگە چىدىماي دادامغا: «گۆش ئېلىپ ماڭغىنىڭىزنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن تۇرسام نېمىشقا ئاپامنى ئۇرىسىز؟» دەپ سېلىپ مەنمۇ تاياق يېدىم. شۇ كۈنى مەڭگۈ ئېسىمدىن چىقمايدۇ. دادامنىڭ تايىقىدىن كاسام ئىششىپ كۆكىرىپ كەتتى. كۆڭلۈمدە: «چوڭ بولسام چوقۇم ئاپامنىڭ ئۆچىنى ئالىمەن!» دەپ ئويلىدىم. بىراق، چوڭ بولۇپمۇ دادامنىڭ جاجىسىنى بېرەلمىدىم. ئەكسىچە، ئۇنىڭ زورلۇق - زومبۇلۇقلىرى ئاستىدا مەكتەپتىن توختاپ قالدۇق. ئاكام جاڭگالدىن ئوتۇن ئەكېلىپ ساتاتتى، مەن بولسام ئاپامدىن كەشتە تىكىشنى ئۆگەنگەچ بىرقانچە مو يېرىمىز-

نى تېرىشقا ياردەملىشەتتىم. دادام بولسا بۇرۇنقىدەكلا خالىسا كېلىپ، خالىسا كېتىپ يۈرەتتى، ھەپتىلەپ ئۆيگە كەلمەيتتى. يېشىمنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ مەن ئىشلارنىڭ تېگىگە يەت-تىم. قوشنىلارنىڭ ھەممىسى ئاپامغا ئىچ ئاغرىتاتتى. دادام ئەس-لىدە بۇرۇنلا تالاغا قاراپ قالغانىكەندۇق، تاپقان - تەرگىنىنى تالاغا توشۇغانلىقتىن ئاپام بىلەن ئوتتۇرىدا جېدەل - ماجىرا ئۈزۈلمەيدىكەن.

— ئەرلەرنىڭ تولىسى شۇنداق ۋاپاسىز! — دەپ سۆز قاتتى مەريەم ئىسىملىك تۇرمىدىشىم، — ئۇلارنىڭ بىر يەرلىرىگە ئوت قويۇۋەتسىمۇ ئازلىق قىلىدۇ.

— كېيىن، ئاپامنىڭ دەپ بېرىشىچە، — دەپ سۆزۈمنى داۋاملاشتۇردۇم مەن ئۇلارنىڭ جىمجىت تۇرۇشقىنىنى كۆ-رۈپ، — ئاپام ھېلىقى ئايالنى ئىزدەپ بېرىپ يالۋۇرۇپ بېقىپ-تۇ، تىللاپمۇ بېقىپتۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتى مەن تۇغۇل-غاندىن باشلاپ تا شۇ كەمگىچە ئۈزۈلمەي كەپتۇ. ئاپام بىزنى يېتىم قىلىشنى خالىمايدىكەن، شۇڭا بارلىق دەردلەرگە چىداپ كەپتۇ. باللار چوڭ بولغانچە تۈزىلىپ قالارمىكىن، دېگەن ئۈ-مىدتە كۈننى كۈنگە ئۇلاپ كەپتۇ. بىراق دادام بىز چوڭايغانچە تېخىمۇ ھەددىدىن ئاشتى. ئاكام ساتقان ئوتۇننىڭ پۇللىرىنى، ئاپام مىڭ بىر جاپادا كىچىلىرى ئۇخلىماي كەشتىلىگەن ياستۇق، لۆڭگىلەرنىڭ پۇللىرىنى ئېلىۋېلىپ بىرقانچە كۈن يوقاپ كې-تىپ، يېنىدا پۇل قالمىغاندا قايتىپ كېلەتتى. ئاپامنى قورقۇتۇپ پۇل ئالاتتى - دە، يەنە يوقاپ كېتەتتى. شۇ كۈنلەردە دادامغا بولغان نەپرىتىم كۈندىن - كۈنگە كۈچىيىپ بارماقتا ئىدى. دادامغا شۇنچىلىك ئۆچلۈك قىلاتتىمكى، لېكىن ئۇنى كۆرگەن ھامان پۈت - قولۇمدا جان قالمايتتى، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن قور-قاتتىم، تىنىم شۇركۈنەتتى. پەقەت ئاپامنىڭ كۆڭلى ئۈچۈنلا قالامدىكىن، دەپ ئاپامنىڭ ئەتراپىدىن كېتەلمەيتتىم. ئىشلارنى

ئالدىدا يۈرۈپ قىلاتتىم. ئاپام قىلغان ئىشىمدىن خۇشال بولۇپ چېھرىدە خۇشاللىق ئەكس ئەتسە، مەنمۇ ئالەمچە خۇشاللىققا چۆمەتتىم.

مەن ئون بەش ياشقا كىرگەن يىلى چوڭ دادام تۈگەپ كېتىپ ئاپام تىكەندەك يالغۇز قالدى. دادامدىن باشقا ھەممىمىز چوڭ دادامنىڭ يەتتە نەزىرسىگىچە چوڭ ئۆيدە تۇرۇپ قالدۇق. يەتتىنچى كۈنى ئاپام ماڭا ئۆيىمىزگە بېرىپ لازىملىق نەرسىلەرنى ئەكېلىشنى بۇيرۇدى. مەن سىڭلىمنى ئەگەشتۈرۈپ ئۆيگە كەلگۈچە كەچ كىرىپ كەتتى. كېلىپلا ھويلىمىزنىڭ ئىشىكىنىڭ ھاڭگىرقاي ئوچۇق تۇرغىنىنى كۆرۈپ قورقۇپ كەتتىم. پۈتۈمنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ ئىشىك تۈۋىگە كېلىپ توختاپ قالدىم. ئۆيدە دادام بىلەن بىر ئايال پاراڭلىشىۋاتاتتى. ئايال قاقاقلاپ كۈلۈۋاتاتتى. مەن دەرھال ئارقامغا يېنىپ ئۆزۈمنى دالدىغا ئالدىم. پۈتۈمنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ ئارقىغا ئۆتۈپ، ئۆيىمىزنىڭ كىچىككىنە روجىكىدىن ئۆي ئىچىگە سەپسالدىم، ئۆيدە دادام بىر ئايال بىلەن تۇراتتى. دادام بولسا ئوچاقنىڭ ئۇدۇلىدىكى تامنىڭ كېسەكلىرىنى پىچاق بىلەن ئويۇۋاتاتتى.

— ھوي، توختاخۇن! مېنى ئۆيلىرىڭگە ئالداپ ئەكەلمىگەنلا - ھە؟ كوچىلاۋاتقىنى نېكەم، قېنى ئۇ ماڭا بېرىدىغان ئوبدان نەرسىلىرى، تېزرەك بولسىلا! بولمىسا، كېتىمەن جۇمۇ، — ئايالنىڭ غىلجىڭلىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ غەزەپتىن تىترەپ كەتتىم.

— مانا، مانا، ھازىرلا. ئۆزلىرىگە ئاتاپ سوقتۇرغان ئىرىغ مال ئىدى بۇ! ھېلىقى ئىنجىمارۇقنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتمىسۇن دەپ ئويراق تىقىۋەتكەن. تاپتىم مانا، كەلسىلە، چۆچۈرىدەك قولاقلىرىغا ئۆز قولۇم بىلەن سېلىپ قوياي!

— ۋىيەي، قارىسىلا قىلىقلىرىنىڭ سەتلىكىنى.

كۆز ئالدىمدا بىر پارچە ئوت كۆيۈشكە باشلىدى. ئاجايىپ

www.uyghurkitap.com

بىر خىل كۈچ مېنى ئۆيگە باستۇرۇپ كىرىپ، ھېلىقى خوتۇننىڭ قولاقلىرىنى يۇلۇشقا دەۋەت قىلاتتى. دادامنىڭ بىر كېچە يىلدىن بېرى قىل چاغلىق نەرسە ئېلىپ بېرىپ باقمىغىنىنى، ئاپامنىڭ تارتقان ئازابلىرىنى، ئاشۇ خوتۇن سەۋەبىدىن يەپ كەت- كەن تاياقلىرىنى ئويلىسام، دادام تۇتۇپ تۇرغان ئاشۇ پارقىراق نەرسە بىزنىڭ قان - تەرىمىز، ئاپامنىڭ كۆز يېشىدەك كۆرۈنۈپ ئۆزۈمنى تۇيمىغان ھالدا ئۆيگە قەدەم باستىم. ئۇلار ئۆيگە بىر- كىمنىڭ كىرىپ قېلىشىنى كۈتمىگەن بولسا كېرەك، دادام ھېلى- قى خوتۇننىڭ قولىقىدىن قولىنى تارتىۋېلىشنىمۇ ئۇنتۇپ، ماڭا قاراپ تۇرۇپ قالدى. قاشلىقنى كۈيىدەك قارا سۇرۇۋالغان ئوتتۇ- را بوي، بوغداي ئۆڭ ئايال تېزلىك بىلەن ئۆزىنى ئوڭشاپ، ماڭا قاراپ كۈلگەندەكمۇ، يىغلىغاندەكمۇ بىر قىسما قاراپ قالدى. ئۇ ماڭا شۇنداق سەت كۆرۈنۈپ كەتتىكى، ئۇنىڭ قولىقىدا ۋالىلداپ تۇرغان سۆكىگە ھەم دادامغا بارلىق غەزەپ - نەپرىتىمنى يېغىپ ھومايدىم، لېكىن پۇتلىرىم بوسۇغىغا مىخلىنىپ قالغاندەك قە- مىر قىلالمايتتىم. دادامنىڭ كۆزىدىن يېنىۋاتقان قورقۇنچلۇق نۇر مېنى يەرگە مىخلاپ قويغاندەك قىلاتتى. ئۇلارغا قارىغىنىمچە كۆزلىرىمدىن ئاققان مۆلدۈردەك ياشنى توختىتالمىدىم. ھېلىق- ى خوتۇن بولسا قولىقىدىكى سۆكىنى بىرى تارتىۋالىدىغاندەك قولىدا تۇتقىنىچە يېنىمدىن ئۆتۈپ كەتكەندىمۇ، لۆمۈلدەپ يىغلى- غىنىمچە تۇرۇپ قالدىم.

— ئاپاڭ قېنى؟ — دەپ سوردى دادام بىر ھازادىن كېيىن، — ئاله، ما پۇلغا ئۇكاڭ بىلەن كەمپۈت ئېلىپ يېگىن!

دادام ئاۋازىنى مۇلايىم چىقىرىشقا تىرىشقان بولسىمۇ ماڭا شۇنداق سەت ئاڭلاندى. مەن ئۇ تەڭلىگەن ئون يۈەنلىك پۇلنى ئالمىدىم. بۇ دادامنىڭ مېنىڭ مۇشۇ يېشىمغا كېلىپ تۇنجى قېتىم پۇل بېرىشى ئىدى. مەنمۇ ئائىلىمىزدە بۇنداق يېڭى پۈتۈن پۇلنى تۇنجى قېتىم كۆرۈشۈم ئىدى. ئاپامنىڭ، ئاكامنىڭ تاپ-

دىغىنى بىر كويلۇق، بەش موچەنلىك پارچە پۇللار بولۇپ، ئۇ
پۇللار بىر تىيىن، بىر تىيىندىن يىغىلىپ پۇتۇنلەنگەندە دادام
تەرىپىدىن ئېلىپ كېتىلەتتى. بۇ قېتىم دادام مېنىڭ ئۇلارنى
كۆرۈپ قالغىنىمدىن خىجىل بولدىمۇ ياكى ئاپامغا ئېيتىپ قويۇ-
شۇمدىن ئەندىشە قىلدىمۇ، پۇلنى ئالمىغىنىمغا ئۇنىماي تۇتقۇزۇپ
قويدى. مېنىڭچە، دادام ئاپامدىن قورقمايتتى. ئاق - قارىنى
بىلىپ قالغان، چوپچوڭلا بولۇپ قالغان قىزىنىڭ ئالدىدا ئازراق
خىجىل بولغانىدى. مەن دادام تۇتقۇزۇپ قويغان پۇلنى ئېلىپ
ئاپامنىڭ ساندۇقىغا سېلىپ قويدۇم. شۇ كۈندىن باشلاپ دادام-
نىڭ ماڭا بولغان پوزىتسىيىسى سەل ئۆزگەردى. مېنى تىللىماي-
دىغان، بۇرۇنقىدەك قولىغا نېمە چىقسا شۇنىڭ بىلەن ئۇر-
مايدىغان بولدى. ھېلىقى كۈندىكى ئىشلارنى بىرقانچە قېتىم
ئاپامغا دەي دەپمۇ دېيەلمىدىم. چۈنكى دادامنىڭ ئۆلۈمى ۋە ئائىلە-
مىزدىكى سورۇقچىلىقلاردىن كۆڭلى لەختە بولغان ئاپامغا بۇ
ئىشنى دەپ يەنە ئازابلاشنى لايىق كۆرمىدىم. دادام بولسا
بەخىرامان پات - پات پەيدا بولسا، پات - پات يوقاپ كېتەتتى.
دادامنىڭ كېلىپ - كېتىشى بىلەن بىزنىڭمۇ كارىمىز بولمايتتى.
دادام ئاپامنى ئۇرمىسىلا بىز شۇنىڭغا خۇش ئىدۇق، لېكىن
بۇنداق كۈنلەر ناھايىتى ئاز ئۇچرايتتى. دادام كەلگەن چاغلاردا
ئائىلىمىزدە نەرسىلەر ئازلاپ كېتەتتى. بەزىدە ھەتتا پۇلغا يارىغۇ-
دەك نەرسىلەرنى سېتىۋەتكەنلىكىنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ گەپ قىلال-
مايتتۇق. پەقەت ئاپاملا يوقالغان نەرسىلەرنىڭ سورىقىنى قىلىپ
تاياق يەپ بەزىدە يېتىپمۇ قالاتتى. شۇ كۈنلەردە ئاكام ئىككىمىز
ئاپامنىڭ يۈكىنى خېلىلا يەڭگىللەتكەن ئىدۇق. ئاكام يەرلەرنى
تېرىيتتى. ئاپام بولسا مۆكچىيىپ ئولتۇرۇپ ياستۇق كەشتىلەيت-
تى. كۈنىمىز ھەر ھالدا بۇرۇنقىدىن ياخشى ئىدى. ئاپام ئامال
بار بىزنى باشقىلارنىڭ بالىلىرىدىن چاندۇرماي بېقىشقا تىرىشات-
تى. تۇغقانلار بەرگەن كىيىملەرنى كىچىكلىتىپ چىرايلىققىنا

كىيىملەرگە ئايلاندۇرۇپ بېرەتتى. بىر كۈنى ئىشتىن كېلىپلا ئاپامنىڭ يەنە غەمكىن ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ يەنە دادامنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىنى سەزدىم.

— نېمە بولدىڭىز، ئاپا؟ دادام قايتىپ كەلدىما؟ — دەپ سورىدىم تاغاردىكى ئوتنى تامغا يۆلەپ قويۇپ.

— ھەئە، ئۇ كەلدى. مەن سېنى ساقلاپ ئولتۇرغان، ئۆيگە كىرەيلى، — دېدى ئاپام مېنىڭ قولۇمنى «چىڭگىدە» سىقىپ. مەن ئاپامغا ئەگىشىپ ئۆيگە كىردىم.

— نېمە دېسەم بولار، — دېدى ئاپام بىر ئىشنى دېيىشتىن قىينالغاندەك قىلىپ.

— دەۋېرىڭ، ئاپا، — دېدىم مەن.

— داداڭ سېنى قوشنا مەھەللىدىكى ئارۇپ مىرابنىڭ دەلدۈش ئوغلىغا بېرىمەن دەيدۇ. گەپ قىلاي دېسەم، ئۇرۇشىدىغاندەك قىلىمىز. شۇڭا ئارتۇق گەپ قىلمىدىم. دادىڭ ئەتە كەچكىچە جاۋابىنى بەر دەيدۇ. قارىغاندا، دادىڭ ئۇلارنىڭ پۇلىنى ئېلىپ بولغاندەك قىلىدۇ. جېنىم قىزىم، سەن ئۇ بالىنى بىلمەيسەن. كىچىكىدە قىزىتما بولۇپ ساقايماي دەلدۈش بولۇپ قالغان. مېنىڭ كۆرگەن كۈنلىرىم يېتەر ئىدى. ئەمدى بۇ ساڭا نېمە كۈن. مېنىڭچە بولسا مەن قەتئىي قوشۇلمايمەن. بىراق دادىڭ دېگەن بىر تەلۋە، ئەگەر مەن قوشۇلمىسام مېنى ئۇرۇپ بىر نېمە قىلىۋېتىشتىن يانمايدۇ.

بېشىمدىن تۈتۈن چىقىپ كەتتى. مەن تېخى توي دېگەننى خىيالىمغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغان بولسامۇ، «ئەر دېگەننىڭ ھەممىسىنى دادامدەك بولىدۇ» دەپ قارايتتىم. ئاپامغا ئېسىلىپ يىغلاپ كەتتىم. ئىككىمىز بىر ھازا يىغلاشتۇق. ئەتىسى كەچتە دادام ئۇلارنىڭ ئەلچىلىرىنى ئۆزى باشلاپ كەلدى. دېمەك، مېنىڭ تەقدىرىم دادام تەرىپىدىن ئاللىقاچان بېكىتىلىپ بولغانىدى. بۇنىڭغا ئاپاممۇ بىرنەرسە دېيەلمەيتتى. ئاپام ئىككى كۈندە ئو-

رۇقلاپ بىر قىسمىلا بولۇپ قالدى. ناۋادا مەن تارتىشىپ تۇرۇۋال-
سام بار خاپىلىق ئاپامغا بولاتتى. مەندە دادامنىڭ ئىنساپنى
تىلىمەكتىن باشقا ئامال بولمىدى.

— پەقەت ئامال قىلالمىدىم، قىزىم، — دېدى ئاپام
ماڭا، — دادانىڭ ئۆلارنىڭ نەچچە مىڭ كوي پۇلىنى ئالدىن ئې-
لىپ، «قىزىمنى بېرىمەن!» دەپ خەجلەپ بوپتۇ. ناۋادا سەن
توي قىلىشقا ئۇنىمىساڭ ئاكاڭ ئۆلارغا ئىشلەمچى بولىدىكەن.
قاچان قەرز تۈگىسە قايتىپ كېلىدىكەن. ئاكاڭنى بارسۇن دېدىم.
مەيلى، مەن نېمە بولسام بولاي، سېنى يېنىمدا ئېلىپ قالىمەن.
مەن بىر قانچە كۈن ئويلاندىم. بۇ ئۆيدە ئاكام بولمىسا بول-
مايتتى. ئاپامنىڭ ئېغىر - يېنىك ئىشلىرىنى ئاكام يەڭگىللىتەت-
تى. مەن ئاكام قىلغان ئىشلارنى قىلالمايتتىم. ئاكاممۇ هازىر
يىگىت بولۇپ قالغانىدى. ئاپامنى هەر جەهەتتىن قوغدىيالايتتى.
شۇڭا مەن توي قىلىشنى لايىق تاپتىم.

— بوپتۇ، قىزىم، — دېدى ئاپام قارارىمنى ئاڭلاپ، — ئۇ
دېگەن مېيىپ بالا، ساڭا زۇلۇم سالالمايدۇ. قالغان ئىشلارغا
ئېغىر كۆڭلەردىن ئۆتۈۋېلىپ بىر ئامال قىلارمىز.

شۇنداق قىلىپ، توي تەييارلىقىغا چۈشتۇق. شۇ كۈنلەردە
دادام ئاپامغا ئاچچىقلانمايدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئۆينى ئۆزى بىر
قۇر تۈزەشتۈردى. توي كۈننى بېكىتىپ بىر قۇر لازىمەتلىكلەرنى
سېتىۋالدى. بىراق، مەندە تويى بولىدىغان قىزلاردا بولىدىغان
تۇيغۇ يوق ئىدى. مېنىمۇ ئاپام تارتقان كۈنلەر كۈتۈۋاتقاندەك
هېس قىلاتتىم.

توي ئاخىرى بولدى. بۇنى «توي ئەمەس، ماتەم» دېگەن
تۈزۈك ئىدى. مېنى كۆچۈرۈپ ماڭىدىغان چاغدا دەهشەتلىك بىر
ۋەقە يۈز بەردى: ئاكامنى توك سوقۇۋېتىپ جىددىي قۇتقۇزۇشقا
ئېلىپ كەتتى. بەلكىم، بۇ مېنىڭ كېيىنكى كۈنلىرىمنىڭ بېشا-
رىتى بولسا كېرەك، ۋەقەنى ئاڭلاپ هوشۇمدىن كېتىپتىمەن.

چوڭلار «توي — توي پېتى بولسۇن» دېيىشىپ مېنى ھوشۇمغا كەلتۈرۈپ يۆتكەپ كېتىشتى. ئەتىسى قېينانام مېنى ئېلىپ ئۆيـ مىزگە كەلدى. ئىشىك ئالدىغا كېلىپلا مەن كۈتمىگەن ئىشتىن بېشىم پىرقىراپ كەتتى. ئىشىكىمىز ئالدىدا نۇرغۇن كىشىلەر قارىلىق كىيىم كىيىشىپ تۇرۇشاتتى. مەن يۈگۈرگەن پېتى ئۆيگە كىردىم، سۇپىدا ئاپام ئاق داكا يېپىلغان جەسەتنى قۇچاق- لاپ ھازا ئېچىۋاتاتتى. بىرقانچە ئايال ئاپامنى مېيىتتىن يىراق- لاشتۇرالماي ئاۋارە ئىدى. مەن ئاپامنى ھەم ئاكامنىڭ جەسىتىنى قۇچاقلاپ ھۆڭرەپ يىغلاپ كەتتىم. ئەسلىدە توينى كۆچۈرىدىغان چاغدا كىمدۇر بىرى ئاكامنى ساڭگىلاپ قالغان توك سىمىنى چىگىۋېتىشكە بۇيرۇپتۇ. ئاكام سىم تۈۋرۈكىگە چىقىپ سىمنى تارتىشىغا، يالىڭاچلىنىپ قالغان توك سىمىغا قولى تېگىپ كې- تىپ توك سوقۇپ تۆت مېتىر ئېگىزلىكتىكى تۈۋرۈكتىن چۈشۈپ كېتىپتۇ، دوختۇرخانىدا جىددىي قۇتقۇزۇش ئۈنۈم بەرمەپتۇ. بۇ گەپلەرنى قېينانام دەپ بەردى. ئاپامغا ئېسىلىپ قانچىلىك يىغلاپ كەتكىنىمنى بىلمەيمەن. بىر كەمدە دادام كۆزۈمگە چېلىقتى، قا- رىسام دادام بالىسى ئۆلۈپ كەتكەن ئادەمدەك قىلمايتتى. يېنىدى- كى بىرقانچەيلەن بىلەن غېمىدە يوق پاراڭ سېلىشىپ تۇراتتى. بۇ ئىشلارنىڭ يۈز بېرىشىگە دادام سەۋەبچى بولغاچقا، شۇ چاغدا دادامنىڭ ياقىسىغا ئېسىلغۇم، ئۇنى دەسسەپ چەيلىۋەتكۈم كەل- دى. لېكىن، ئاپامنىڭ تولا يىغلاپ ھالى قالمىغاچقا، يەنىلا ئاپامنى ئاياپ گەپ قىلمىدىم.

ئاكامنى چۈشتىن كېيىن يەرلىككە قويدۇق. يەتتە نەزىردىن كېيىن قېينانام مېنى ئۆيگە قايتۇرۇپ كەتتى. ئۇ ئۆيگە بارمايمۇ ئامالىم يوق ئىدى. ئېرىم بولغان كىشى چاقلىق ئورۇندۇقتا ئولتۇراتتى، چوڭ - كىچىك تەرەتنى بىلمەيتتى، ئاغزىدىن توختىماي شۆلگەي ئېقىپ تۇراتتى. مەن قېينانامنىڭ دېگىنى بويىچە ھەر كۈنى ئۇنىڭ ئاستىنى ئېرىغداپ، يۈز - كۆزلىرىنى

يۈيۈپ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشىم كېرەك ئىدى. مېنى بۇ ئۆيگە كېلىن دېگەندىن كۆرە، دادامنىڭ ئۆز قولى بىلەن تۇتۇپ بەرگەن مالىيى دېگەن تۈزۈك ئىدى. قېيىنانام مېنى ھېچ يەرگە بارغۇز-مايتتى. ئاپامنىڭ ئۆيىگە ئىككى ھەپتىدە بىر قېتىم ئۆزى بىللە ئاپىرىپ كېلەتتى. ھەر قېتىم ئاپامنىڭ يېنىغا بارغىنىمدا، ئاپام-نىڭ كۈندىن - كۈنگە سارغىيىپ كېتىۋاتقان چىرايىغا قاراپ ئۆزۈمنىڭ دەردىنى ئېيتىشقا پېتىنالمىدىم.

ھەش - پەش دېگۈچە مەن توي قىلغىلى بىر يىل بولدى. ئېرىمنىڭ كېسىلى كۈندىن - كۈنگە يامانلىشىپ كېتىۋاتاتتى. بەزى كېچىلىرى ئۇنىڭغا قاراپ كېچىچە كىرپىك قاقمايتتىم. بىر كۈنى ئېرىم تۇيۇقسىز تارتىشىپ قالدى، قېيىنانامنى چاقىردىم. ئۇلار خارتىلداپ ياتقان ئېرىمنى دوختۇرخانىغا ئاپىرىشتى، بىر-قانچە كۈن ئۆتۈپ ئۇ قازا قىلدى. شۇ كۈندىن باشلاپ قېيىنانام ماڭا باشقىچە قارايدىغان بولۇۋالدى.

— سېرىق ئاياغ، — دەيتتى قېيىنانام ماڭا ئاڭلىتىپ تۇ-رۇپ، — بىر ئوبدان تۇرغان بالا مۇشۇ نېمىسنىڭ كېلىشى بىلەنلا قازا قىلدى، ئايىغى ياراشمىدى بۇنىڭ.

مەن ئۇلارنىڭ گەپلىرىدىن ئازابلانساممۇ، چىداپ ئۇلارنىڭ خىزمىتىنى قىلاتتىم. كىر - قات يۇيۇش، تاماق ئېتىش، كالا سېغىش قاتارلىق ئۆينىڭ ئېغىر - يېنىك ئىشلىرىنىڭ ھەممىسى مېنىڭ زىممەمدە ئىدى، ھېرىپ تاپانلىرىم ئاغرىپ كېتەتتى. شۇنداقتىمۇ، قېيىنانام ماڭا ئۆچلۈك قىلاتتى. قېيىناتام بولسا ماڭا خېلى سىلىق مۇئامىلە قىلاتتى. تولا گەپ قىلمايدىغان بۇ كىشىنى ھۆرمەتلەيتتىم. ھەر قېتىم ئۇ مېنى «قىزىم!» دەپ چاقىرغان-دا، «داداممۇ مېنى شۇنداق چاقىرىپ باققان بولغىيمىتى؟» دەپ ئويلاپ كېتەتتىم. شۇڭا بۇ كىشىنىڭ تەرىتىگە سۇ ئىسسىتىپ بېرىش ئارقىلىق ھۆرمىتىمنى بىلدۈرەتتىم.

بىر كۈنى كالا ساغاي دەپ تۇرسام، قېيىناتام پەيدا بولدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكى ئادرېسى

مەن ئۆنى موزايلارنى كۆرگىلى كىرگەن چېغى دەپ ئۇنى ئىشەنمىگەن قىلىشۋەردىم. بىر چاغدا قېيناتام يېنىمدا زوڭزايدى.

— مانا مۇنداق ساغسىڭىز تېز بولىدۇ، — دېدى قېيناتام كالا سېغىۋاتقان قولۇمنى تۇتۇپلا. مەن سەل غەلىتىلىك ھېس قىلىپ قولۇمنى تارتىۋالماقچى بولغىنىمدا، ئۇ مېنى «كاپلا» قىلىپ قۇچاقلىۋالدى. مەن نېمە قىلىشىمنى بىلمەي تېپىرلاپ قالدىم. شۇ ئارىدا ئۇ ھەدەپ ساقاللىق تۇمشۇقىنى يۈزۈمگە سۈركەۋاتاتتى.

— دادا، نېمە قىلغانلىرى بۇ؟! قويۇۋەتسىلە، — دېدىم مەن سەل ئېسىمگە كېلىپ، — خۇدادىن قورقسىلا، دادا. مەن ئۆز قىزلىرىنىڭ ئورنىدىغۇ؟

سۆزۈمنىڭ ئاخىرىنى دەپ بولغۇچە ئۇ تۈكلۈك قوللىرى بىلەن ئېغىزىمنى توستى.

— سىزنى ياقتۇرۇپ قالدىم، بالامنىڭ خوتۇنى بولسىڭىزمۇ، لېكىن سىز تېخى قىزغۇ؟! ماڭا ماقۇل دېسىڭىزلا بۇ ئۆيدە خاندەك ياشايسىز، قېينانىڭىزغىمۇ بوزەك قىلدۇرمايمەن، ماقۇل دەڭ!

مەن ئۇنىڭ قولىدىن قۇتۇلۇشقا قانچە ھەرىكەت قىلساممۇ، ئېيىقتەك بەستلىك بۇ ئادەمدىن قۇتۇلۇش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. مەن دەل شۇ چاغدا ئۇنىڭ ئېغىزىمنى ئېتىپ تۇرغان قولىنى كۈچەپ چىشلىدىم. ئۇ «ۋاي!» دەپ قولىنى تارتىشىغىلا ئۇنىڭدىن بوشىنىپ ئېغىلدىن چىقىپ كەتتىم. شۇ كۈنى كەچ كىرگۈچە كۆزۈمدىن ياش قۇرۇمىدى.

— ھوي خېنىم، ئانىلىرى ئۆلۈپتىمۇ، نېمە شۇملۇقنى تىلەپ كۆزلىرىنىڭ سۈيىنى ئېقىتىلا؟ بىكار باققىلى ئەكەلمىگەن ئۆزلىرىنى، بولسىلا، تاماققا تۇتۇش قىلسىلا!

قېينانامنىڭ بۇيرۇقى بىلەن تاماققا تۇتۇش قىلدىم. ئەتكەن تامىقىم ئوخشىمىغاچقا يەنە دەشنەم يېدىم. شۇنداق قىلىپ يەنە

بىر ئاي ئۆتتى. قېيىنانامنىڭ خۇشلۇقى تۇتتىمۇ ياكى قېيىناتام-
نىڭ مەن بار يەردە پەيدا بولۇپ قېلىشىدىن كۆڭلى بىر ئىشنى
سەزدىمۇ، بىر كۈنى مېنى چاقىرىپ قالدى:

— خېنىم، ئۆزلىرىنى ئەسلىي ئەل قاتارى ئۆز قىزىمىز
ئورنىدا ياتلىق قىلايلى، دېگەن، بىراق دادىلىرىنىڭ سىلى ئەتكەن
تاماققا رايى بارماس بولۇپ قاپتۇ. «بالا تۇگەپ كەتكىلى بىر يىل
بولدى، ئۇنى كەتكۈزۈۋېتەيلى» دەپ بىرقانچە قېتىم دېدى. ئۇ-
نىڭ ئۇستىگە ئۆتكەندە ئۆزلىرى كالا باغلاشقا ياردەملىشىمەن
دەپ، دادىلىرىنىڭ قولىنى زەخمىلەندۈرۈپ قويۇپ ئۇنىڭ چىشىغا
تېگىپ قويۇپلا، شۇڭا ئۆزلىرىنى جۈمە كۈنى ئاپىلىرىنىڭ قولىغا
تاپشۇراي!

خۇشاللىقىمدىن سەكرەپ كېتىشكە تاسلا قالدىم. ئەسلىي
قېيىناتام ئۆزىدىن ئەنسىرەپ مېنى بۇ ئۆيدىن يوقاتماقچى بولغاند-
كەندۇق. قېيىنانام مېنى راستتىنلا ئەكېلىپ ئاپامنىڭ قولىغا
تاپشۇرغان بولدى. مەن شۇ چاغدا دەل ئون سەككىز ياشقا كىر-
گەن بولسامىمۇ، ئاتاقتا چوكانغا ئايلانغانىدىم.

ئۆيگە كېلىپ، ئۆيدە بۇرۇنقى ھالەتنىڭ قىلچە ئۆزگەرمى-
گەنلىكىنى كۆرۈپ ئاپامغا تېخىمۇ ئىچىم ئاغرىدى. ئاكامنىڭ
ئۆلۈمىدىن كېيىن دادام بىر مەزگىل ئۆيدە تۇرغان بولسىمۇ،
كېيىن ئېتىزنىڭ ھەممە ئىشىنى تاشلاپ نەگىدۇر يوقالغان ئى-
دى. ئۆي يەنىلا ۋەيرانە، نامراتچىلىق تۆكۈلۈپ تۇراتتى. ئاپام
ئىككىمىز ئېتىز ئىشلىرىغا خېلى كۈچ چىقاردۇق. زىرائەتلىرى-
مىزمۇ ئوخشىدى، بۇغداي بىلەن پاختىنى خېلى ئوبدانلا پۇل
قىلدۇق. زىرائەتلىرىمىزنى يىغىپ بولۇشىمىزغا دادام پەيدا بول-
دى. ئۇنىڭ كېلىشىنى خالىمايتتىم، ئۇنىڭدىن قاتتىق نەپرەتلى-
نەتتىم. دادام بىلەن قېيىناتام نەزىرىمدىكى ئەڭ يىرگىنچلىك
كىشىلەر ئىدى. بۇ قېتىم دادام ئاپامدىن پۇل سورىمىدى. ئۆيدە
بىر ھەپتىدەك تۇرۇپ يەنە بىر يەرگە كەتتى.

www.uyghurkitap.com

— ئاپا، دادام نەلەردە يۈرۈيدىكەنە؟ — دېدىم دادام-
نىڭ پات - پات كېلىپ - كېتىپ يۈرگىنىنى ئويلاپ ئاپىغا.
— نەلەردە يۈرۈيتتى، قوشنا يېزىدىكى ھېلىقى خوتۇنىنىڭ
ئۆيىدە بولمامدۇ؟ ئادەم دېگەنمۇ شۇنداق بولىدىكەن. جېنىم قى-
زىم، سەنمۇ چوڭ بولۇپ قالدىڭ، بۇ گەپلەرنى ساڭا دېمىسەم
بولاتتى. شۇ تاپتا داداڭنىڭ قىلغانلىرىدىن يۈرىكىم لەختە -
لەختە قان بولۇپ كەتتى. داداڭ ئىلگىرى ئۇنداق ئەمەستى.
قاچان ئارىمىزغا دۆلەت دېگەن شۇمبۇيا پەيدا بولدى، داداڭ پۈتۈن-
لەي ئۆزگەردى. ئۇ دېگەن نەشىكەش، داداڭنىمۇ ئۆگىتىپ ھازىر
بەڭگى قىلىۋەتتى. ئۇنىڭ ئۆيىگە جاھاندىكى قىمارۋازلارنىڭ ھەم-
مىسى يىغىلارمىش. ئۇ نېمە چوتار ئېلىپ جان باقىدىكەن، داداڭ
ھەر قېتىم قىمارغا قەرز بولغاندا ياكى نەشە ئېلىشقا پۇلى قالمى-
غاندا كېلىدۇ. قانداق قىلىمەن، ئۇ كۆزلىرىنى مۆلدۈردەك
پارقىرىتىپ يۈرگەن بالىلىرىنىڭ دادىسى تۇرسا، چىشىمنىڭ
كاۋىكىدا يىغقان پۇللارنى بېرىپ يولغا سالىمەن، بەزىدە زادى
نېمىشقا ئۇنىڭدىن ئاجرىشىپلا قۇتۇلمايدىغاندىمەن، دەپ يىغلاپمۇ
كېتىمەن. بىراق، دادىسى يوق دەپ سىلەرنى خەقنىڭ ئالدىدا
خار قىلىشقا كۆڭلۈم ئۇنىمايدۇ. ھالىمدىن خەۋەر ئالمىسىمۇ،
«بالىلىرىمىنىڭ دادىسى بار» دەپ ئۆزۈمگە تەسەللى بېرىمەن.
نېمىنىدۇر بىرنەرسە مېنى توسۇپ تۇرۇۋاتقاندەك سېزىمەن. دا-
داڭلارنى كۆرسەم دېيىشكە تەييار قىلغان گەپلەرنىمۇ دېيەلمەي-
مەن. ئادەمنىڭ يۈرىكى ھەقىقەتەن چىداملىق نەرسىكەن، ئەگەر
دەرد تارتقانغا بىرنەرسە بولۇپ كېتىدىغان ئىش بولسا، مېنىڭ
يۈرىكىم تۈگەپ كېتەرمىدىكىنتاڭ؟! دۇنيادا داداڭدەك قارا قور-
ساق ئادەمدىن يەنە بىرى يوقمىكىن دەيمەن. قانداق بىر دادا ئۆز
قىزىنى مال ئورنىدا باشقىلارغا بېرىدۇ. شۇ ئىشنىمۇ يەنە داداڭ
قىلدى. ھېلىمۇ تەلىيىڭ كېلىپ سەن قايتىپ كەلدىڭ. بولمىسا
سېنىڭ غېمىڭنى قاچانغىچە يەيتتىمكىن. ئەمدى ئۆزۈم ئويلىغاند-

دەك يەرگە ياتلىق قىلىنىۋالسام كۆڭلۈم ئارامىغا چۈشىدۇ.

ئاپام سۆزلەۋېتىپ يىغلاپ كەتتى. ئائىلىمىزدىكى ئىشلار ماڭا ئايان بولغاچقا، ئاپامغا تەسەللى بەرگۈدەك گەپمۇ تاپالمىدىم. شۇ كۈنى ئاپام بىلەن ناھايىتى ئۇزاق مۇڭداشتىم. شۇ كۈنى كېچىتە مەن ئاپامنىڭ قوينىغا كىرىۋالدىم. ئاپامنىڭ ئۇرۇقلاپ كەتكەن بەدەنلىرىنى چىڭ قۇچاقلاپ يېتىپ راھەتلىنىپ ئۇخلىدىم. ئەتىسىدىن باشلاپ ئاپام ئىككىمىز ئېتىزدىن بوشىغان چاغلاردا ياستۇق، لۆڭگە دېگەندەك نەرسىلەرنى كەشتىلەشكە كىرىشتۇق. ھەر يەكشەنبە كۈنى كەشتىلەپ پۈتكەن نەرسىلەرنى يېزا بازىرىغا ئېلىپ كىرەتتۇق. ئاپام ئۇ نەرسىلەرنى ساتاتتى. مەن كەشتە يىپى تاللاپ سېتىۋالاتتىم. بۇ چاغلاردا توي قىلىدىغان قىزلار ئارىسىدا كەشتىلەنگەن نەرسىلەرنى ئىشلىتىش مودا بولۇۋاتقاچقا، تىككەن نەرسىلىرىمىزنىڭ بازىرى ئىتتىك ئىدى. مەن يېزا بازىرىدىكى مۇھەممەت ئىسىملىك يايمىچىدىن يىپ ئېلىپ يۈرۈپ، ئۇنىڭ بىلەن تونۇشۇپ قالدىم. كەم سۆز بۇ يىگىت ماڭا ئارتۇق گەپ قىلمايتتى، لېكىن يىپلارنى باشقا يايمىچىلاردىن خېلىلا ئەرزان باھادا بېرەتتى. كېيىنچە، مۇھەممەت مېنى يىراقتىن كۆرسىلا چاقىرىدىغان بولدى. ئۇنىڭ كەم سۆزلۈكى يوقاپ خېلى گەپدان بولۇپ قېلىۋاتقانلىقىدىن ھەيران قالاتتىم، بەزى كۈنلىرى تېخى ئۇ ماڭا تارغاق، ئەينەك دېگەندەك نەرسىلەرنى سوۋغا قىلاتتى. ئۇنىڭ يايمىسىدىكى يىپلارنى ئىنچىكىلىك بىلەن تاللاۋاتقان ۋاقتىمدا، ئۇنىڭ ماڭا تىكىلىپ قاراپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ قالاتتىم. بۇنداق چاغلاردا يۈرىكىم سوقۇپ تەمتىرەپ نېمە قىلىشىمنى بىلەلمەي قالاتتىم. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئاجايىپ بىر نۇر چېقىپ يۈرىكىمگە قادىلاتتى. ئۇنداق كۈنلىرى كېچىلىرى پەقەت ئۇخلىيالمايتتىم. ئۇنىڭ ئاشۇ قارىلاق چىرايى، مەنىلىك تىكىلىدىغان كۆزلىرى خىيالىمغا كىرىۋېلىپ قولۇمغا يىڭنە سانجىۋالاتتىم. مەندە ئۇنىڭغا نىسبەتەن كۈچلۈك بىر ھېسسىيات

www.uyghurkitap.com

پەيدا بولۇشقا باشلىغانىدى. ئۇنىڭ يېنىغا بارغۇم كېلىۋاتاتتى، ئۇنىڭ پارىڭىنى ئاڭلىغۇم كېلىدىغان بولۇپ قېلىۋاتاتتىم. شۇڭا يېپىلىرىم تۈگىمىسىمۇ يىپ ئېلىشنى باھانە قىلىپ ئۇنىڭ يېنىغا باراتتىم. ئۇنىڭ ماڭا قارىغان چاغدىكى ھالىتىنى ئويلىسام، ئۇنىڭدىمۇ ماڭا ئوخشاش ھېسسىيات بار دەپ ئىشىنەتتىم.

— لەيلىگۈل، يىپلارنى مەندىن ئالسىزىۇ، كەشتىنى باشقىلارغا ئىشلەيسىز. ئازراق قورسىقىم كۆپۈۋاتىدۇ جۇمۇ؟ — دېدى مۇھەممەت بىر كۈنى.

— سىز ياراتسىڭىز سىزگىمۇ ئىشلەپ بېرەي، — دېدىم مەن قىزىرىپ تۇرۇپ.

— بوپتۇ، ئۇنداق بولسا مانا ماۋۇ يىپلارنى ئەكىتىپ ئىشلىتىڭ، ماڭا ئىشلەپ بېرىدىغان بولسىڭىز يايمىدىكى يىپلارنىڭ ھەممىسى سىزنىڭ بولسۇن.

— ۋىيەي، ئۇ چاغدا سىزگە زىيان بولمامدۇ؟

— سىز توختىماي كەشتە تىكسىڭىز مەن تېخى پايدا ئالىمەن!

ئۇ «پۇل بېرىمەن» دېگىنىمگە ئۇنىماي بىرمۇنچە يىپنى قولۇمغا تۇتقۇزۇپ قويدى. شۇ كۈندىن باشلاپ زور ئىشتىياق بىلەن ئۇنىڭغا ئاتاپ قولياغلىق كەشتىلىدىم، قولياغلىقتا بىر جۈپ قىزىلگۈل ھەم گۈل شېخىغا قوندۇرۇلغان بىر جۈپ قۇشنى چۈشۈردۈم. قولياغلىق كۆڭۈلدىكىدەك چىقتى، كېلەركى يەكشەنبە كۈنى ئۇنىڭ يايمىسىغا باردىم. قولياغلىقنى يىپلار ئۈستىگە قويدۇم.

— پاھ، نېمىدېگەن ئېسىل! — دېدى ئۇ قولياغلىققا قاراپ، — نەچچە پۇل بېرىمەن بۇنىڭغا؟

— نېمە دېگىنىڭىز بۇ؟ پۇل بېرىمەن دېسىڭىز ئەكېلىڭ! بۇنى باشقىلارغا ساتاي، — دېدىم مەن دومسىيىپ. ئۇ مېنىڭ خاپا

بولغىنىمنى كۆرۈپ كۈلۈپ كەتتى.

— قانداق قىلىدىكىن دېگەن، بۇ گەپكىمۇ خاپا بولغان بارمۇ؟ خاپا بولماڭ، قاچان قايتىمىسىز؟

— ھازىرلا قايتىمىسام بولمايدۇ.

— لەيلىگۈل، كەچتە مەھەللىڭىزگە بارسام چىقالارسىزمۇ؟ سىزگە دەيدىغان ئىككى ئېغىز گېپىم بار ئىدى.

مەن ھودۇقۇش، ھاياجان ئىچىدە تەمتىرەپ قالدىم. بېشىمنى لىڭشىتىپ قويۇپ يايمىنىڭ يېنىدىن تېزلىك بىلەن ئايرىلدىم. كەچكىچە مېنى كۆچلۈك ھاياجان چىرمىۋالدى. تۇرۇپ كۈلگۈم، تۇرۇپ ئۇنلۇك توۋلىغۇم كېلەتتى. كەچ كىرىشىنى زارىقىپ كۈتتۈم. ئاخىرى كەچ كىردى، مۇھەممەتكە دەپ بەرگەن ئۆستەڭ بويىغا كەلدىم. ئۇ ئاللىقاچان كېلىپ بولغانىدى.

— لەيلىگۈل، بۇ گەپنى دېسەم خاپا بولارسىزمۇ بىلمەيمەن. نېمىلا بولمىسۇن، بۇگۈن غەيرەت قىلىپ كەلگەنكەنمەن دەپ باقاي! بىلەمسىز، سىز بىلەن تونۇشقاندىن بېرى خىيالىمدا سىزنىڭلا سىيمايىڭىز، مېنى تۆۋەن كۆرمىسىڭىز ماڭا ياتلىق بولغان بولسىڭىز.

يۈزلىرىم قىزىرىپ، تىللىرىم كالۋالاشتى.

— بىراق... مەن بىر قېتىم توي قىلغان، — دېيەلىدىم ئارانلا.

— ئۇنى بىلىمەن، لېكىن ئۇ مېنىڭ سىزگە بولغان مۇھەببىتىمگە تەسىر كۆرسىتەلمەيدۇ. ماقۇل بولۇڭ، بولامدۇ؟

نېمىشقىكىن، «ئويلىنىپ باقاي» دېگەن گەپنى دەيمەن، دەپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا ماقۇللۇققا باش لىڭشىتىپ سالغىنىمدىن ئۆزۈممۇ خىجىل بولۇپ كەتتىم. شۇنىڭدىن باشلاپ مۇھەممەتكە باغلىنىپ قالدىم. ئۇنىڭ بىلەن ئىككى كۈندە بىر بېغىمىزنىڭ كەينىدىكى ئورمانلىقتا كۆرۈشەتتۇق. ئۇنىڭ قىزغىن مۇھەببەت-

لىنىڭ سۆزلىرى يۈرىكىمنى سۇدەك ئېرىتەتتى. ئىككىمىز بىر-بىرىمىزنى كۆرمىسەك چىدىيالمىغۇدەك ھالەتكە يەتكەنىدۇق. شۇ كۈنلەردە ئۆزۈمنى چەكسىز بەخت ئىچىدە ئەللەيلەنگەندەك ھېس قىلاتتىم. مەھەللىمىزدە مۇھەممەت ئىككىمىز توغرۇلۇق پەيدا بولغان گەپلەر قوشنا يېزىغا يەتتىمۇ ياكى دادامنىڭ مەھەللىمىزدىكى بىرقانچە نەشىكەش دوستلىرى دېدىمۇ، بىر كۈنى دادام پەيدا بولۇپلا ئاپامغا تىل سالدى.

— ھەي، كېسەل كۆرپىسى! كۆك پىت! ما قانجۇقۇڭغا گەپ قىلامسەن، يوق؟ سەن گەپ قىلمىساڭ مەن بۇنىڭ پۇت-قولىنى چېقىپ، ئىتقا نان تاشلاپ بەرگەندەك نان تاشلاپ بېرىپ باقىمەن. يۈز كۆتۈرۈپ يۈرگىلى قويۇش مېنى!

مەن ھېچكىمدىن ئاڭلىمىغان ھاقارەتنى دادامدىن ئاڭلىغانلىقىم ئۈچۈن ئاچچىقىمنى باسالماي قالدىم.

— نېمە دەيلا، سىلى قاچان بالىلارغا كۆڭۈل بۆلۈپ باققان. ئەمدى قوپۇپ نەشە خۇمارلىرى تۇتقاندا ئاچچىقلىرىنى چىقارغىلى كەلدىلىمۇ بۇ يەرگە. نېمە ئېغىزلىرىنى بۇزۇلا، بۇ بالىلاردا سىلىنىڭ نېمە ھەققىلىرى بار؟ — دېدى ئاپام ئاچچىقىدا.

— ھەي، لالما قانجۇق! مېنىڭ ھەققىم يوقما ئۇنىڭدا؟ ھېلىقى قارىۋاي بىلەن مەھەللىنى بۇلغاپ يۈرگىنىنى سەن بىلمەس بولۇۋالغىنىڭ بىلەن، مەن نومۇستىن ئۆلەي دەۋاتىمەن. قىزنى بۇزغان ئانىسى دەپ، سەن بىلمەي ئىش بولامدۇ-ھە، ھۇ، سولامچى دەللە!

دادامنىڭ كېيىنكى گەپلىرىنى ئاڭلاپ ئاپام چىدىدى، لېكىن مەن چىدىيالمىدىم.

— ئۆزۈڭنىڭ قىلغانلىرىدىن نومۇس قىلماي، مەندىن نومۇس قىلغۇدەك مەن نېمە قىلدىم ساڭا؟ نومۇس دېگەن گەپنى ئاۋۋال مەندىن سورا! مەن سەندەك دادامنىڭ بولغىنىدىن نومۇس قىلىمەن. سېنىڭ بىزنى بالا دېيىشكىمۇ سالاھىيىتىڭ توشمايدۇ.

چىق ئۆيدىن! نەچچە ۋاقىتتىن بېرى سېنى بورداپ باققان ئايالنىڭ يېنىغا بار! ئاپامنى تىللاشقا تېخىمۇ ھەددىڭ ئەمەس!!

دادامدىن تۇنجى قېتىم قورقمىدىم. بۇنداق گەپنى كۈتمىگەن دادامنىڭ چىرايى باشقىدىن قارايدى، كۆزلىرىنى قانغا تولدۇرۇپ ماڭا ئېتىلىپ كەلدى. چاچلىرىم يۇلۇنۇپ، تېپىكلەر ئارىسىدا قالدىم. ئاپام دادامنىڭ قولىغا ئېسىلىۋېلىپ بىرمۇنچە تاياق يېدى. بەدەنلىرىم كۆيۈشۈپ ئاغرىقتا چىدىيالمايۋاتقان بولساممۇ، چىشىمنى چىشلەپ ئۈن چىقارماي تۇرۇۋالدىم. ھويلىدىكى قىيا ـ چىميانى ئاڭلىغان قوشنىلارمۇ دەرۋازىدىن قاراپ قويۇپلا جېدەلگە ئارىلىشىپ قېلىشتىن قورقۇپ غايىب بولۇشتى. دادام ھېرىپ ھالىدىن كەتكەندە توختىدى، لېكىن كەتمىدى. ئۇ مېنى كۆتۈرگەن پېتى قازناق ئۆيگە سولاپ يوغان قۇلۇپنى سېلىۋەتتى.

— ئەمدى سىرتقا قاترىغىنىڭنى كۆرەي، — دېدى ئۇ ماڭا ئالىيىپ، ئاندىن ئاپامغا، — سەنمۇ ئۆزۈڭگە ھېزى بول!* بولمىسا، بىر تىيىنغا ئەرزىمەيدىغان جېنىڭ مېنىڭ قولۇمدا چىقىپ كېتىدۇ.

مەن تېخى دادامنى بىر كۈن تۇرۇپ كېتىدۇ، دەپ ئويلىغان ئىدىم، بىراق دادام ئۈچ كۈنگىچە كەتمىدى. ئاپام ھەر كۈنى ماڭا چاي ئەكىرگەندە تاياقتىن كۆكەرگەن بەدىنىمنى سىلاپ ئەمدى قاراملىق قىلماسلىقىمنى ئۆتۈنەتتى. «داداڭ كەتسىلا ھەممە ئىش ئىزىغا چۈشىدۇ، ئۇ يىگىتكە دەپ تويۇڭلارنى قىلىۋېتىمەن!» دەيتتى. مۇھەممەت بىلەن كۆرۈشمىگەچكە ئىچىم سىقىلىپ بۇرۇقتۇرمىلىق ئىچىدە ئۆلەي دەپ قالغانىدىم. تۆتىنچى كۈنى سىڭلىمدىن ئىككىلىك خەت يېزىپ ئەھۋالدىن مۇھەممەتنى خەۋەردار قىلدىم. سىڭلىمنىڭ ئەكەلگەن خېتىنى كۆرۈپ، مۇھەممەتنى كۆرۈپ تۇرغاندەك بولۇپ كەتتىم. بىرقانچە كۈن ئۆتۈپ ئاخشىمى ئاپامنىڭ يىغلاپ تۇرۇپ قىلغان گەپلىرىنى ئاڭلاپ قالدىم.

— نومۇس قىلساڭ بولمامدۇ؟ ئەمدى بىرسى مېنى نەچچە يىلدىن ئاياغ ئاستى قىلغىنىدەك ئازدەك قىزىمنىمۇ ئاشۇ قاتىللىقچىنىڭ ئىنىسى نەشكەشكە بەرمەكچىمۇ سەن؟ مەن هاياتلا بولسام، قىزىمنى ئەمدى خالىغانچە خەققە بىرنۆۋەتلەمەيمەن! ئەگەر راستلا شۇنداق قىلىدىغان بولساڭ مېنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ ئاندىن قىل! قىزىمنىڭ ئۇنداق تېگى پەس كۇشەندىنىڭ قولىغا قالغىنىنى كۆرگىنىمدىن ئۆلگىنىم ياخشى.

— ئاغزىڭغا بېقىپ گەپ قىل! دۆلەتخاننىڭ ئىنىسى ياخشى بالا. مەنمۇ بۇ نىيمىنى راهەت كۆرسۇن دەپ ئۇنىڭغا سايە قىلدىم. بولمىسا، مېنىڭ سىلەرنى كۆرۈشكە كۆزۈممۇ يوق.

— ئەمىسە ئاشۇ دۆلەتخېنىڭنىڭ ئۆيىدە ئولتۇرماي نېمىدەپ كەلدىڭ بۇ يەرگە. ئىسىت، سەن بىلەن ئۆتكەن كۈنۈم مېنىڭ! ... ئىككىڭ بىرلىشىپ تۈزگەن پىلانىڭنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى كەپسەندە ئەسلىي بۇ يەرگە؟ ئەگەر بولدى قىلمىساڭ قىلغانلىرىڭنىڭ ھەممىسىنى تەشكىلگە دەيمەن. مېنىڭ ساڭا قەرزىم يوق. بولدى، سەندەك ئەرنىڭ بولغىنىدىن بولمىغىنى ياخشىراق، خېتىمنى ئالىمەن. بالىلارنى دادىسىز قالامدىكىن دەپ قىلغانلىرىڭغا چىدىدىم، لېكىن بالىلار دادىسى تۇرۇپمۇ يېتىملىكنىڭ دەردىنى يەتكۈچە تارتتى، ئەتىلا بېرىپ ئاجرىشىمەن.

جېدەل يوغىناپ دادام ئاپامنى ئۇرۇشقا باشلىغاندا، ئىشىكنى جالاقشىتىپ يۇرۇپ ئاران ئاچتىم ـ دە، ئاپامنىڭ يېنىغا بېرىپ ئۇنى ئۆز گەۋدەم بىلەن توسۇۋالدىم. دادامنىڭ ئاتقان مۇشتلىرى ماڭا تېگىشكە باشلىدى. بىر چاغدا دادام چاپىنىنى ئېلىپ بىزنى تىللىغىنىچە چىقىپ كەتتى.

— ماڭا نېمە تارتقۇلۇق بۇ، قىزىم؟ — دەيتتى ئاپام بۇقۇلداپ يىغلاپ تۇرۇپ، — نەچچە يىلدىن بېرى سىلەرنى دەپ قانچىلىك دەپسەندە بولدۇم. ئەمدى سېنى ھېلىقى نەشكەشنىڭ ئۇكىسىغا خوتۇنلۇققا بېرىمەن دەيدۇ. بۇ ماڭا ئۆلۈم بىلەن تەڭ ئازاب

ئەمەسمۇ؟ مەن ئۇنىڭ دېگىنىگە ھەرگىز كۆنمەيمەن. جېنىم
قىزىم، ھېلىقى بالىغا دېگىن، تويۇڭلارنى قىلىۋېتىڭلار، دادىڭ
دېگەن دوزىخىينىڭ قولىدىن ھەر بالا كېلىدۇ.

دادامدىن يىرگىنىپ كەتتىم، ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتكۈم كەلدى.
ئاپامغا بىر مۇنچە تەسەللى بېرىپ قويۇپ، مۇھەممەتنىڭ يېنىغا
بېرىپ بولغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى دەپ بەردىم. ئۇمۇ گەپلى-
رىمنى ئاڭلاپ ئاپامنىڭ دېگىنىگە قوشۇلدى. ئۇنىڭمۇ بۇ يەردە
يا ئاتا ـ ئانىسى، يا ئۇرۇق ـ تۇغقىنى بولمىغاچقا، لازىملىق
نەرسىلەرنى تەييارلاپ ئەتىسى توي خېتى ئالدۇق. شۇ ئاخشىمى
ئاپام تاپقان موللام نىكاھ قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئاپام مۇھەم-
مەتنىڭ بوتكىسىغا ئۆزى كۆچۈرۈپ قويۇپ قايتىپ كەتتى. ئىك-
كىنچى قېتىملىق تويۇم ھەم جىددىيلىك، ھەم ئالدىراشلىق ئى-
چىدە ئاددىيلا ئۆتكۈزۈلدى، لېكىن مەن يەنىلا خۇش ئىدىم.
بىزنىڭ كۆڭۈللۈك كۈنلىرىمىز باشلاندى. ھەر كۈنى ئاپامنى
يوقلاپ تۇراتتىم.

دادام شۇ كۈنى چىقىپ كەتكەنچە يوقالغانىدى. بەزى كېچى-
لىرى «دادام قايتىپ كەلگەندىمۇ؟» دەپ ئۇخلىيالمايتتىم.
چۈشلىرىم بۇزۇلغان كۈنلىرى سەھەردىلا ئاپامنى يوقلاپ بارات-
تىم، لېكىن ئەندىشە قىلغان ئىش ئاخىر يۈز بەردى. دادام
قايتىپ كېلىپ مېنىڭ ئاللىقاچان توي قىلىپ كەتكىنىمنى بىلىپ
ئاپامنى قاتتىق ئۇرۇۋېتىپتۇ. مۇھەممەتنىڭ پىكرى بويىچە بۇ
ئىشنى كەنت مۇدىرىغا ئىنكاس قىلدۇق. ئۇلار دادامنى تېپىپ
قورقۇتۇپ قويغانمۇ، دادام قايتا كەلمىدى. ئاپام بولسا يېزا
دوختۇرخانىسىدا بىرقانچە كۈن ئوكۇل سالدۇرۇپ ياخشى بولۇپ
قالدى. بىز ئاپامنى ئېلىپ ئۆيگە كەلگىنىمىزدە دادامنىڭ ئۆي-
دىكى قولغا چىققۇدەك نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى يىغىشتۇرۇپ
ئەكەتكەنلىكىنى بىلدۇق. بىز ئاپامغا تەسەللى بېرىپ ئۆيگە كې-
رەكلىك نەرسىلەرنى باشقىدىن تەييارلاپ بەردۇق. پەرزىمىزچە،

دادام ئەمدى قايتىپ كەلمەيتتى. شۇنداقتىمۇ، مۇھەممەت ئىشىك-لەرگە قايتىدىن تاقاق ئورناتتى. ئېتىمىزنىڭ ئىشلىرىغا ئۆزىمىز يار-دەملىشىپ بەرگەچكە ئاپامنىڭ سالامەتلىكى ياخشىلىنىپ قالدى.

شۇ كۈنلەردە يايمىمىزنىڭ سودىسىمۇ ياخشى بولغاچقا، مۇھەممەت ئىككىمىز ناھىيە بازىرىدىن مال ئەكېلىپ كىچىككىنە دۇكاندارغا ئايلاندۇق. كۈنلىرىمىز خۇشال ئىدى. ئاپاممۇ بىزدىن خاتىرجەم هالدا تىرىكچىلىكىنى قىلىۋاتاتتى. شۇ كۈنلەردە مۇھەممەت ناھى-يە بازىرىدا يەنە بىر دۇكان ئېچىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. سىڭلىم ئون ئىككى ياشقا كىرگەن بولۇپ، ئاپامدىن ئايرىلغۇم بولمىسىمۇ لېكىن ئۇنىڭ گېپىگە كۆندۈم. ئىككىمىزنىڭ خىيالىدا جىقراق پۇل تېپىشلا بولغاچقا، ئىشنىڭ كېيىنكى ئاقىۋىتىنى ھېچقايسى-مىز خىيال قىلمايتتۇق. شۇنداق قىلىپ ناھىيە بازىرىغا كىچىك-رەك بولسىمۇ دۇكاندىن يەنە بىرنى ئېچىۋالدۇق. ئىككىلىمىز-نىڭ سودىسى ياخشى ئىدى. ھەر ھەپتىنىڭ بازار بولمايدىغان، سودا ئاقمايدىغان كۈنلىرى ئۇچرىشاتتۇق. پۇلىمىزنىڭ كۈن-دىن - كۈنگە كۆپىيىۋاتقانلىقىدىن خۇشاللىناتتۇق. مۇھەممەت بالىغا ئامراق ئىدى، لېكىن بويۇمدا قالمىغاچقا مۇھەممەت بەزىدە قېيىداپ قالاتتى. شۇنداقتىمۇ، بىر - بىرىمىزگە ئامراق ئى-دۇق. بىر - بىرىمىزگە قېيىمىغان ھالدا خوشلىشاتتۇق. مەن ئاپام بىلەن سىڭلىمنى دۇكانىنىڭ يېنىدىن بىر ئېغىزلىق ئۆي ئىجارە ئېلىپ ئاپىرىۋالغان ئىدىم. دادام ھېلىقى خوتۇننىڭ ئۆيى-گە كۆچۈپ بېرىۋالغاندىن كېيىن، بىزمۇ ئۇنىڭ ئاۋارە قىلىشى-دىن قورقمايتتۇق. بىراق، ئاپامنىڭ كۆزلىرىنىڭ پات - پات قىزىرىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ قالاتتىم. ئاپام دادامنى ياخشى كۆرەتتى. ھەرقانچە ئەسكىلىك قىلغان بولسىمۇ، ئۇنى ئۇنتۇيال-ماي ئازابلىنىپ يۈرگىنىنى دېمىگىنى بىلەن مەن چۈشىنەتتىم.

ئىككى يىلدىن كېيىن بىزنىڭ ناھىيىدىكى دۇكىنىمىز با-زارنىڭ ئالدى بولۇپ قالدى. ناھىيە بازىرىدىن ئۆيمۇ سېتىۋال-

دۇق. يېزىدىكى دۇكاننى ئاپامغا بېرىپ ناھىيىدىكى ئۆيىمىزگە
كۆچۈپ كەلدىم، لېكىن بويۇمدا قالمىغانسېرى مۇھەممەت سەپرا
مىجەز بولۇپ كەتتى، پات - پات ئۇرۇشۇپمۇ قالاتتۇق. بۇنداق
چاغلاردا مۇھەممەت ئۆيگە كەلمەيتتى. سەۋەبىنى ئۆزۈمنىڭ تۇغ-
ماس چىقىپ قالغانلىقىدىن كۆرۈپ ئۇنىڭدىن ئاغرىنغۇم كەلمەيت-
تى. دوختۇرخانىغا بېرىپ تەكشۈرتۈپ باققان بولساممۇ دوختۇر
مېنى نورمال دېگەچكە بەزىدە مۇھەممەتتىن گۇمان قىلىپمۇ قالات-
تىم، بىراق ئۇنىڭغا دېيەلمەيتتىم. شۇ كۈنلەردە مەن ئۆزۈمدە
بىر خىل نورمالسىزلىقنى سېزىپ قالدىم. تاماققا رايىم بار-
مايتتى، يانتۇملا كېلەتتى. مەن دوختۇرغا باردىم. دوختۇردىن
بويۇمدا بارلىقىنى ئاڭلاپ خۇشاللىقىمدىن دوختۇرنى قۇچاقلىۋې-
لىپ خېلى ئۇزاققىچە قويۇۋەتمىدىم. بۇ خەۋەرنى مۇھەممەتكە
يەتكۈزۈشنى ئويلاپ، ئۇنىڭ كېلىشىنىمۇ كۈتمەي ئۇدۇل دۇكانغا
قاراپ چاپتىم. مەن كەلگەندە دۇكان ئىشىكى ئوچۇق بولۇپ
ئىچىدە ئادەم يوق ئىدى. مەن ئۇنى سىرتقا چىقىپ كەتتىمىكىن،
دەپ ساقلىماقچى بولدۇم. دەل شۇ چاغدا ئەن رەختلەرنىڭ كەينى-
دىن كېلىۋاتقان ئاۋاز قۇلىقىمغا كىردى. ھېچنېمىنى ئويلىمايلا
رەختنى قايرىدىم، كۆزۈمگە ئىشەنمەي قالدىم. مۇھەممەت ناتو-
نۇش بىر ئايال بىلەن چىرمىشىپ كەتكەنىدى ... ماڭا يەر ئاس-
مان، ئاسمان يەر بولۇپ كۆرۈندى. بىرنېمە دېمەكچى بولۇپ
دېيەلمىدىم، كېيىنكى ئىشلارنى ئۆزۈممۇ ئۇقماي قالدىم. كۆ-
زۈمنى ئاچسام دوختۇرخانىدا يېتىپتىمەن، مۇھەممەت يېنىمدا
ئولتۇرۇپتۇ. مەن ئۇنىڭغا گەپ قىلمىدىم، نېمە دېيىشنىمۇ بىل-
مەيتتىم.
— خاپا بولماڭلار، جېنىم خوتۇن، — دېدى ئۇ چۈشتىن
كېيىن دوختۇرخانىدىن قايتىپ كەلگەن چېغىمىزدا، — بىر قې-
تىم ئېزىپتىمەن، مېنى كەچۈرۈۋېتىڭلار!
— بولدى، ماڭا چۈشەندۈرمەڭ. سىزنى نېمىشقا ئۆيگە

كەلمەيدىكەن دېسەم، ئەسلىي شۇنداق ئىشلارنى قىلىپ يۈرۈيدىكەنسىز ئەمەسمۇ؟ مەن سىزنى ئۇنداق ئىش قىلىپ يۈرەر دەپ خىيالىمغا كەلتۈرمەپتىمەن. سىزگە بالا تۇغۇپ بېرىمەن دەپ بىكار ئاۋارە بوپتىمەن، — دېدىم زەردە بىلەن.

— ياق، ياق، ھەرگىز ئۇنداق ئويلىماڭ. مۇشۇ بىرلا قېتىم ئازدىم. ھېلىقى خوتۇن «سىزنىڭ بىلىكىڭىز بوش بولمىسا خوتۇنىڭىز بايتالدەك يورەمتى؟» دەپ مەسخىرە قىلىۋىدى، قىزىقچىلىقتا ئۇنىڭغا گەپ قىلىپ سالغىمەن. ئۇنىڭ ئىزدەپ كېلىشىنى مەن نەدىن بىلەي؟ شۇنىڭ بىلەن...

ئۇ بىر تەرەپتىن چۈشەندۈرگەچ، بىر تەرەپتىن ئۆزىنى كاچاتلاشقا باشلىدى. يۈز بەرگەن ئىشنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن بولسامىمۇ مۇھەممەتنى قەۋەتلا ياخشى كۆرگىنىم ئۈچۈنمىكىن، ئۇنىڭ ئۆزىنى كاچاتلاۋېرىشىگە قاراپ تۇرالمىدىم. ئۇنىڭ دېگەنلىرى راستتەك، ھەممە ئىشقا شۇ خوتۇن سەۋەبچىدەك ئىدى. چىمدە مىڭنى تىللىدىم. شۇنداقتىمۇ باتناپ يېتىۋالدىم. مۇھەممەت بىر قانچە كۈنگىچە دۇكىنىغىمۇ بارمىدى. ئۇنىڭ قەسەملىرى ئالدىدا ئاخىرى ئۇنى كەچۈرۈۋەتتىم. بىزنىڭ خۇشال كۈنلىرىمىز قايتىدىن باشلاندى. ئۇ مېنى بۇرۇنقىدىنمۇ بەك ئاسرايدىغان، دۇكاندىن بالدۇر كېلىدىغان بولۇپ كەتتى، كۈن ساناپ بالىنىڭ تۇغۇلۇشىنى كۈتۈپ تاقىتى تاق بولۇپ كېتىۋاتاتتى. ئۈچ ئاي بولغاندا تويۇقسىز قاتتىق قىزىپ كەتتىم. مۇھەممەت مېنى دوختۇرخانىغا ئاپاردى. بىر قانچە كۈن ئوكۇل ئۇرۇپ داۋالىغان بولسىمۇ، قىزىتمام يانماي بالام چۈشۈپ كەتتى. بىر مەزگىل ئاپامنىڭ يېنىدا تۇرۇپ دەم ئالغاندىن كېيىن قايتىپ كەلدىم. ئاپامنىڭ سودىسىمۇ ياخشى بولغاچقا، ئاپام بۇرۇنقى كونا ئۆيىنى يېڭىلىۋالغان ئىدى. مەن قايتىپ كېلىپ بىر ھەپتىدىن كېيىن مۇھەممەت ناھايىتى خاپا كەلدى. مەن ئۇنىڭدىن نېمە بولغانلىقىنى سوراپ تۇرۇۋالدىم.

— سىز بىلمەيسىز! — دېدى ئۇ جىلە بولۇپ، — سودىگەر بالىنىڭ بىرى بىلەن ئەپ ئەمەستىم. ئۇ گۆي مېنى بەكلا كۆرەلمەي يۈرەتتى. دۇكان قىلغان ئۆي ئىگىسىدىن ئاڭلىسام، ئۇ ئاشۇ ئۆيىنى سېتىۋالىمەن، دەپ خوجايىنىنى بىرقانچە قېتىم ئىزدەپ بېرىپتۇ. ئۇنداق ياخشى يەرنى نەدىنمۇ تاپقىلى بولسۇن؟ بۈگۈن دۇكاننى ئۆزىنىڭكىدەك قىلىپ بىرنېمىلەرنى پىلانلاپ يۈرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاچچىقىمدا ئۇرۇشۇپ قالدىم.

— دۇكاننى باشقا يەرگە كۆچۈرسەكلا بولمىدىمۇ، خەق بىلەن ئۆي تالاشقۇچە؟ يا بولمىسا دۇكاننى بىزلا سېتىۋالايلى، — دېدىم مەن ئۇنىڭغا.

— بولسىغۇ، شۇنداق قىلساق بولاتتى، بىراق بار پۇلغا مال ئېلىپ قويغان، مال پۇلغا ئايلانغۇچە ساقلاپ تۇرامدۇق. شۇڭا بېشىمنىڭ ئىچىمۇ، تېشىمۇ قېتىپ كەتتى. بىر ئامال قىلىپ ھېلىقى گۆينى دۇكاننى ئالمايدىغان قىلساق بولاتتى.

ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ مەنمۇ بىرقىسىملا بولۇپ قالدىم. ئۇ بىرقانچە كۈنگىچە تۈزۈك تاماقمۇ يېمىدى. ئۇنىڭغا قانداق ياردەم قىلىشنىمۇ بىلمەيتتىم. كېچىلىرى ئۇ چاچلىرىمنى سىلاپ يېتىپ، «قانداق قىلارمەن؟» دەيتتى. مەنمۇ ئۇنىڭ بىلەن تەڭ ئازابلىنىپ كېچىلىرى تۈزۈك ئۇخلىيالمايتتىم.

— بولمىسا، مەن بېرىپ ئۇنىڭغا چىرايلىق گەپ قىلىپ باقاي، — دېدىم مەن ئويلىغان ئامالىمنى ئۇنىڭغا دەپ، — بۇنداق ئولتۇرساقمۇ بولماس. سىزگە ئۆچ بولسا مەن بىلەن مۇناسىۋىتى يوق، مەن بېرىپ ئۇنىڭغا ھەم دۇكان خوجايىنىغا گەپ قىلىپ باقاي. ئوغۇل بالا بولسا بىر ئايال كىشىنىڭ ئالدىدا نامەردلىك قىلىپ ئۆچ - ئاداۋەت سۈرۈشتە قىلىپمۇ يۈرمەس.

— تاڭەي، ئۇنىڭ قوشۇلۇشى. بولمىسا، مەنمۇ شۇنى ئويلىغان. ھە راست، مەن ئۇنى ئۆيگە چاقىرىپ ئەپۇ سوراپ قوياي، شۇ ئارقىلىق مۇناسىۋىتىمىزنى ياخشىلاپ ئاندىن ئۇنىڭغا دۇكان-

نىڭ گېپىنى قىلاي، دەپ ئەتە كەچ ئۇنى تاماققا تەكلىپ قىلىپ قويغان. بولمىسا شۇ چاغدا سىزمۇ «ھە ـ ھۇ» دەپ بېرىڭ.

مۇھەممەتنىڭ كەڭ قورساقلىقىدىن سۆيۈنۈپ كەتتىم. ئەتىسى مەن ئۇلارغا ئاتاپ بىر قانچە خىل قورۇما تەييارلىدىم، بىراق مۇھەممەت خېلى ۋاقىتچە كەلمىدى. بىر كەمدە ھويلىنىڭ ئىشىكى تاراقلىدى. مەن چىقىپ ئىشىك ئالدىدا بىر ەيلەنىنىڭ تۇرغىنىنى كۆرۈپ ئۆيگە باشلىدىم.

— مۇھەممەت مېنى كەچتە كەل دېگەن. ئۆزى يوقمۇ نېمە؟ — دەپ سورىدى مېھمان.

— ھېلىغىچە كېلىپ قالارمىكىن، بولمىسا، بالدۇر كېلىدۇ. مەن دېگەن، — دېدىم ئۇنىڭ مۇھەممەت دېگەن كىشى ئىكەنلىكىنى سېزىپ. ئوتتۇز ياشلاردا بار بۇ كىشىنىڭ چىرايىدىن مۇھەممەت دېگەندەك ئالامەتلەر كۆرۈنمەيتتى. مەن چىقىپ داستىخان راسلاپ چاي قۇيدۇم. سائەت ئون بولغان بولسىمۇ مۇھەممەت كەلمىگەچكە مېھمان كېتىشكە تەمشەلدى. خىيالىمدا مۇھەممەت دېگەن ئىش بولغاچقا، ئۇنىڭ كېتىپ قېلىشىدىن ئەندىشە قىلىپ ئېتتىك ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئۇنىڭ ئالدىغا باردىم.

— كەتمەي تۇرۇڭ، ئۇ ھازىرلا كېلىدۇ، — دېدىم ئىختىيارسىز ئۇنىڭ مۇرىسىدىن تۇتۇپ ساپا تەرەپكە ئىتتىرىپ، — سىلەر دېگەن ئۇ ئىشنى ئۇ ماڭا دېگەن. بىز... بىز دۇكاننى ئىشلىتىۋاتقىلى نەچچە يىل بولدى، قاراڭ، كىچىككىنە ئاداۋەتنى دەپ ئۇنداق قىلىشىپ كەتمەڭلار.

— سىز نېمە دەۋاتىسىز، نەدىكى دۇكاننىڭ گېپى بۇ؟ — مېھمان ھېچنېمىنى ئاڭقىرالمىغاندەك ماڭا قاراپلا قالدى. مەن گېپىمنى قىلىۋەردىم:

— ھەممىمىز مۇسۇلمان بولغاندىكىن، سىزمۇ ئۇنداق ئاداۋەت قىلىپ كەتمەڭ! ھېچبولمىسا، دۇكاندىكى ماللارنى بولسىمۇ سېتىپ بولايلى...

— قانداق ئاداش بۇ؟ — ئۇ مېنىڭ بىلىكىمدىن ئىتتىرىۋېتىپ مۇھەممەتنى بىرنېمىلەرنى دەپ چىقىپ كەتتى. مەن بىر تەرەپتىن مۇھەممەتنىڭ تېزرەك كەلمىگەنلىكىدىن خاپا بولسام، بىر تەرەپتىن ئىشنى بۇزۇپ قويغاندىمەنمۇ، دەپ ئەندىشىگە چۈشتۈم. مېھمان چىقىپ كېتىپ ئۇزاققا قالماي مۇھەممەت كىرىپ كەلدى.

— نەگە باردىڭىز شۇ چاغقىچە، سىزنىڭ ھېلىقى ئاغىنىڭىز كېلىپ كەتتى، — دېدىم خاپا بولۇپ، — مەن بىرنېمىلەرنى دەپ شۇنچە تۇتۇپ قالساممۇ بولمىدى.

— كەتسە كېتىۋەرسۇن، ئەتە - ئۆگۈن ئۆزى ئىزدەپ كېلىدۇ.

ئۇ غەم تارتماي ئولتۇرۇپ پايپىقىنى سالدى - دە، كۆرپىنى سالمايلا ياستۇقنى تارتىپ يانپاشلىدى. مەن ئارتۇق گەپ قىلماي ئىشلىرىمنى تۈگەتتىم. مەن ئۆيگە كىرگەن ۋاقتىمدا ئۇ بەخىرامان ئۇيقۇغا كەتكەنىدى. ئىككى كۈندىن كېيىن مۇھەممەت ناھايىتى خۇشال قايتىپ كەلدى.

— سىزگە رەھمەت، خوتۇن، — دېدى ئۇ كېلىپلا مېنى قۇچاقلاپ، — ئىشلار ھەل بولدى، دۇكان ئۆزىمىزگە قالدى. تېخى ئۇ ماڭا سالغان زىيىنى ئۈچۈن بەش مىڭنى بەردى. بۇ پۇلنى سىزگە بېرەي، نېمە ئالغۇڭىز كەلسە شۇنى ئېلىڭ.

— نېمىشقا پۇل بەرگۈدەك سىزگە؟

— مۇشۇنىڭ ئۈچۈن بولمامدۇ.

ئۇ قوينىدىن بىر كونۋېرتنى چىقاردى. مەن قىزىقىپ كونۋېرتنى ئاچتىمىيۇ، چۆچۈپ كۆزلىرىمگە ئىشەنمەي قالدىم. كونۋېرتتىكى بىر پارچە سۈرەت ئىدى. سۈرەتتە مەن بىلەن ھېلىقى مېھمان بار ئىدى. سۈرەت دەل مېنىڭ مېھماننىڭ مۈرىسىدىن ساپا تەرەپكە ئىتتىرگەن ۋاقتىمدا تارتىلغان بولۇپ، مېھماننىڭ سەل سىغار يان قىلىنغان بېشى كىشىگە باشقىچە تۇيغۇ بېرەتتى.

كۆزلىرىم چانىقىدىن چىقىپ كەتكۇدەك يوغىنىپ كەتتى. مەن نېمە دېيىشىمنى بىلمىگەن ھالدا ئۇنىڭغا قارىدىم. ئۇ [illegible] كۇلۇمسىرەپ تۇراتتى.

— بۇ… بۇ نېمە مۇھەممەت؟ مەن ھېچنېمىنى بىلمەي قالدىمغۇ، بۇ سۇرەت قانداق بولۇپ…

گېپىمنى تاپالماي قالدىم.

— بۇ رەسىمنى مەن سۇرەتچى ئاغىنەمنى ئەكېلىپ تارتقۇزغان. بۇ گۇينى مۇشۇنىڭ بىلەن جايلىدىم.

— ئۇنداقتا سىز بالدۇرلا كەپتىكەنسىز ـ دە؟

— ھە، ئۇنىڭ كەلگىنىنى كۆرۇپ ھويلىغا كىرگەن. مەن ئۇنىڭغا بۇ رەسىمنى كۆرسىتىپ ئەرز قىلىمەن، دەپ قورقاتتىم. بىردىنلا ئاچچىقىم كەلدى. بۇ قاراپ تۇرۇپ باشقىلارغا زىيانكەشلىك قىلغانلىق ئىدى. يەنە كېلىپ، ئۇنىڭ شۇنداق قىلغىنىنى باشقىلار ئاڭلىسا مېنى نېمە دەيدۇ. مەن ئۇنىڭ بۇرۇنقى ئاق كۆڭۇل مۇھەممەتتىن باشقىلا بىر ئادەمگە ئايلىنىپ قالغانلىقىنى سەزمەكتە ئىدىم. ئۇنىڭ باشقىلارنى قاقتى ـ سوقتى قىلىپ ئېرىشكەن خۇشاللىقىغا ئازراقمۇ ئورتاقلاشقۇم كەلمىدى.

— شۇنداق ئىشنىمۇ قىلامسىز؟ خەق بىلسە مېنى توغرا يولدىكى ئايال ئەمەسكەن دېمەمدۇ؟ ئۇنداق قىلغىنىڭىزنى بىلگەن بولسام، ئۇ كېتەي دېگەندە ئۇزىتىپ قويۇپلا بولدى قىلارمەنكەن.

— خاپا بولماڭلار، مەنمۇ ئامالسىز بۇ ئىشنى قىلدىم. يەنە كېلىپ بۇ ئىشنى ئۇزىمىز بىلگەندىكىن. مانا ئىشلار ھەل بولدىغۇ. كېيىنرەك ئۇنىڭدىن ئەپۇ سوراپ قويارمەن. ئەمدى دۇكانغا يېڭى مال سالساق پۇل دېگەن شاراقلاپ تۆكۇلىدۇ دەڭلا.

نېمىشقىدۇر يۇرىكىم ئېچىشقاندەك بولدى. مۇھەممەت راستتىنلا ئۆزگەرگەن ئىدى. ئۇنىڭ نەزىرىدە ھازىر پۇلدىن باشقا نەرسە يوقتەك ئىدى. مەن ئۇنىڭ بۇ قىتىمقى ئىشىغا بىر قانچە كۇن يامانلاپ باقتىم، كېيىن ئۇنى ئامالسىزلىقتىن شۇنداق قىل-

غان بولۇشى مۇمكىن، دېگەن ئوي بىلەن كەچۈرۈۋەتتىم، لېكىن كۆڭلۈمنىڭ بىر يەرلىرىدىن بۇرۇنقىدەك خۇشال بولمايتتىم.
بىر ئايدىن كېيىن ئاجايىپ بىر ئىش يۈز بەردى: ئۇ كۈنى چۈشتە مۇھەممەت ئىككىمىز تاماق يەپ ئولتۇراتتۇق. ئىشىك تاراقلاپ ئېچىلىپ تورزدەك ياسىنىۋالغان بىر ئايال ئۇسسۇپلا كىرىپ كەلدى. مەن ئۇنى تونۇۋالدىم. دۇكاندىكى سەتچىلىك «لىپ» قىلىپ كۆز ئالدىمدىن ئۆتتى. ئايال ئۇدۇلىمىزغا كېلىپ قوللىرىنى بېلىگە تىرىگىنىچە مۇھەممەتكە تىل سالدى.
— ھۇيت، غوجام! كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ قارايلىغۇ ماڭا، قىلىدىغاننى قىلىۋېتىپ، ئالتىنچى ئاينىڭ پاقىسىدەك يوقاپ كەتسەم تاپالمايدۇ، دېگەنمىدىڭلە. ھېلىقى پەرزەنت دېگەن رەسۋاغا نېمە دېدىڭلە مېنى؟ مەن سىلىگە چاپلىشىۋالغانمۇ؟ ئىشىكىم ئالدىغا بىرنۆۋەت ئىتتەك ئۆمىلەپ يىغلىغان كىم؟ كۆزلىرىدىن ئاققان ئېششەك سۈيدۈكىگە ئىشىنىپ، سىلىدەك ئادەمگە ئۆزۈمنى تۇتقۇزۇپ قويۇپتىمەن. ئەمدى پەرزەنتنى تېپىۋېلىپلا ئۇنى - بۇنى دەپلا مەندىن قۇتۇلىمەن دېگەنمىدىڭلە، ئۇنداق ئاسان ئىش يوق. قورسىقىمدىكى ما نېمىلىرىنى بىر تەرەپ قىلىپراق ئاندىن باشقا ئىشنى خىيال قىلارلا. قېنى، پۇل چىقارسىلا، بىكارغا كېسەل كۆرىدىغان دوختۇر تۇغۇلماپتۇ تېخى!
ھاڭ - تاڭ بولۇپ تۇرۇپلا قالدىم. كۆز ئالدىمدىكى بۇ رېئاللىقا ئىشەنگۈم كەلمەيتتى. مەن مۇھەممەتكە قارىدىم. ئۇ ئالاقزادىلىك ئىچىدە ئورنىدىن تۇرۇپ كەتكەن بولۇپ كۆزلىرىنى توختىماي پىلدىرلىتىپ تۇراتتى.
— سەن... سەن تولا ماڭا قارا چاپلاپ قورقۇتىدىمەن دېمە! — دېيەلىدى ئۇ ئارانلا.
— نېمە؟ ئەجەب، ئىش قىلغاندا تىزلىرى ئاغرىمىغانىدى، ئەمدى يۈرەكلىرى سىلىۋاتامدۇ؟ پەرزەنتتەك پەس نېمىلەرگە ئۆزۈمنى تەڭ قىلىدىغان خوتۇن ئەمەسمەن. ئۆزلىرى ئېغىزلىرىنى

بۇزۇپ يۇرۇپتىلا، ياخشىلىقچە ماڭا بەش مىڭ كوي بەرسىلە. بولمىسا، سىلىنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكلىرىنى خەلققە ئاڭلىتىمەن دەپ يېپىشۋېتىمەن!

مۇھەممەتنىڭ ئۇنى ئىچىگە چۇشۇپ كەتتى. ئۇ ھېچنېمىنى قارىماي، قايسى كۇنى ماڭا بەرمەكچى بولغان بەش مىڭ كوي پۇلنى ھېلىقى خوتۇنغا تۇتقۇزدى. كۆز ئالدىمدا يۈز بېرىۋاتقان بۇ ئىشلار مېنى گاڭگىرىتىپ ساراڭدەكلا قىلىپ قويغانىدى. ھېلىقى ئايال پۇلنى ئالدىرىماي ساناپ بولغاندىن كېيىن چىقىپ كەتتى. ئېنىقكى، مۇھەممەت بۇزۇلغان، ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ ئارىلاشقان ئىككى ئايال ئوتتۇرىسىدا جېدەل چىقىپ، ھېلىقى چاغدا مۇھەممەت بىر ئامالالارنى قىلىپ ياپقان قازاننىڭ تۈۋۈقى ئېچىلىپ، ئىچىدىكى سېسىقچىلىقلار سىرتقا چىققانىدى. مەن ھېچنېمە دېمەي ئۆيگە كىرىپ ياستۇققا يۈزۈمنى يېقىپ بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتىم، يۈرىكىم ھازىرلا پارتلايدىغاندەك قىلاتتى. كۆز ئالدىمدا بىردەم دادام پەيدا بولسا، بىردەم قىيناتام پەيدا بولاتتى. مۇھەممەتنىمۇ ئۇلار بىلەن بىر قاتارغا قويۇپ يىرگىنىپ كەتتىم. بۇ قېتىملىق ئىشقا ھېچقانداق چۈشەندۈرۈش كەتمەيتتى. شۇڭا مەن جېدەل قىلمىدىم. مۇھەممەت بولسا ئۆزىنى ئاقلاپ ھەرنېمىلەرنى دەپ باقتى، ئۇنىڭ گەپلىرى بىر - بىرىگە قولاشمايتتى. ئۇنىڭ ساختىلىق چىقىپ تۇرغان چىرايىغا قاراشتىن نومۇس قىلاتتىم. ئۇنىڭ بىلەن ئۆتكەن كۆڭۈللۈك كۈنلىرىمىنىڭ ئەمدى قايتا كەلمەيدىغانلىقىنى سەزگەن ئىدىم. ئىككىلىمىزدە بۇرۇنقىدەك ساپ مېھىر - مۇھەببەت كۆتۈرۈلۈپ كەتكەندەك قىلاتتى. بىرقانچە كۈندىن كېيىن، مەن بۇ ئۆيدە تۇرۇشنى لايىق كۆرمەي ئاپامنىڭ ئۆيىگە كەتتىم. ئاپامغا يۈز بەرگەن ئىشلارنى دەپ تازا يىغلىۋالدىم.

— كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما، قىزىم، — دېدى ئاپام بىر ھەپتىدىن كېيىن، — ئەر كىشى دېگەننى ئازمايدۇ دېگىلى بول-

مايدۇ، تۇزۇلۇپ قالىدۇ. مەن سېنى ئۆيۈڭگە ئاپىرىپ قوياي! خۇدايىم مەن كۆرگەن كۈننى ساڭا ھەرگىز كۆرسەتمىسۇن. ئۆيۈڭنى بۇزما، چىداملىقراق بولغىن! بىر ئامال قىلىپ بالىلىق بولساڭ ئۆزلۈكىدىن تۇزۇلۇپ كېتەتتى.

ئاپام ماڭا بىرقانچە كۈن نەسىھەت قىلىپ يۈرۈپ ئۆيگە ئەكېلىپ قويدى. مەن مۇھەممەتنى ماڭا يالۋۇرۇپ ئەپۇ سورايدۇ، دەپ ئويلىغانىدىم، لېكىن ئۇ مېنى كۆرۈپ يا خىجىل بولغاندەك، يا خاپا بولغاندەك قىلمىدى. شۇنىڭدىن باشلاپ ئائىلىمىزدە بۇرۇقتۇرمىلىق باشلاندى. مۇھەممەتمۇ، مەنمۇ بىر-بىرىمىزگە ئوچۇق گەپ قىلمايتتۇق. بىر ئاي ئۆتكەن بىر يەكشەنبە كۈنى ئۇ تۇيۇقسىز ماڭا «ئاجرىشىپ كېتەيلى!» دېدى، قۇلاقلىرىمغا ئىشەنگۈم كەلمەيتتى. گەرچە ئۇنىڭدىن نەپرەتلەنسەممۇ، يىرگەنسەممۇ ئۇنى چەكسىز ياخشى كۆرىدىغىنىم كۆڭلۈمگە ئايان ئىدى. ئۇنىڭدىن ئۈمىدسىزلەنگەن بولساممۇ، ئايرىلىپ كېتىشنى ئويلاشتىن قورقاتتىم.

— مەن تېخى سىزنىڭ قىلغان ئىشلىرىڭىزنى سۈرۈشتە قىلماي يۈرسەم، بۇ گەپنى ئۆزىڭىز قىلىۋاتامسىزغۇ؟ — دېدىم مەن.

— بۇ گەپنى قاچانلا بولمىسا دەيدىغان يېرىگە يەتكەن. ئۆيدىن نېمىنى ئالساڭ ئېلىپ يوقال! بولمىسا، ھېلىقى سەتچىلىكنى ئاشكارىلاپ، ئاجرىشىش ئۈچۈن سوتقا ئەرز قىلىمەن.

— نېمە سەتچىلىك ئۇ؟

— ماۋۇ سەتچىلىكنى.

ئۇ يانچۇقىدىن ھېلىقى چاغدىكى سۈرەتنى ئېلىپ ئالدىمغا ئاتتى. ئۇنىڭ بۇنداق رەزىللىكىدىن قاتتىق ئۈمىدسىزلەندىم. ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشىنى خىيالىمغا كەلتۈرمىگەنىدىم. ئىككىمىز شۇ كۈنى قاتتىق سوقۇشۇپ كەتتۇق. مېنىڭ ئەمدى مۇھەممەتكە، بۇ ئۆيگە تارتىشقۇدەك يېرىم قالمىغانىدى. مەنمۇ ئاخىرى ئۇنىڭ

بىلەن ئاجرىشىپ كېتىشنى قارار قىلدىم. بىر مەزگىلدىن كېيىن ئاجراشتۇق. ئۆي ھەم يېزىدىكى دۇكان ماڭا قالدى. مەن ئۆيدىكى لازىملىق نەرسىلەرنى ئېلىپ ئاپامنىڭ يېنىغا قايتىپ كەتتىم.

— ئادەم دېگەن شۇنداق نەرسە، شەخسىيەتچىلىك، نەپسانىيەتچىلىك ئاخىرى ئۇنى كاردىن چىقىرىپ ھالاكەت يولىغا باشلايدۇ. پايدا ـ مەنپەئەت، بايلىق ئالدىدا ئۆزىنى تۇتۇۋالالايدىغانلار ناھايىتى ئاز، — دېدى جەننەتخان مەن ئېسەدەشكە باشلىغاندا تەسەللى بەرگەچ، — تاڭ ئاتاي دەپ قالدى، ئەمدى يېتىپ ئۇخلايلى. ئەتە ئەمگەككە چىقىدىغان گەپ تېخى! قىزىم، كۆڭلۈڭنى ئازادە تۇتقىن، بۇ كۈنلەرمۇ ئۆتۈپ سىنىڭ ياخشى كۈنلىرىڭ كېلىدۇ. شۇ چاغدا زامان تەتۈر بولۇپ ساڭا ۋاپاسىزلىق قىلغانلار سېنىڭ ئالدىڭدا ئۆمىلەيدۇ. بۇنىڭغا ئىشەنگىن، خۇدانىڭ ئارغامچىسى دېگەن ئۇزۇن نەرسە، ئۇلار ھامان جاجىسىنى يەيدۇ.

ھەممىسى جىم يېتىشاتتى. بەزىلەرنىڭ خىرتىلداپ بۇرنىنى تارتىۋاتقانلىقىدىن كۆز يېشى قىلىۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولاتتى. مەن بۇ يەردىمۇ چوڭقۇر مېھىر ـ مۇھەببەت بارلىقىنى ئاستا ـ ئاستا تونۇپ يەتتىم. گەرچە ئۇلار كىشىلەر ئۆچ كۆرىدىغان جىنايەتچى ھېسابلانسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىر ـ بىرىنىڭ ھالىغا يېتىدىغان، مەنمەنلىك تالاشمايدىغان، رەزىللىكلەرنى ھەقىقىي تونۇپ يەتكۈچىلەرمۇ بار ئىدى.

ئەتىسى كەچلىك تاماقتىن كېيىن ئۆگىنىش قىلدۇق. قايتىپ كىرىپلا تۈرمىداشلىرىمنىڭ ھەممىسى جىمجىت بولۇپ كېتىشتى. مەن ئۇلارنىڭ ھېكايەمنىڭ داۋامىنى ساقلاۋاتقانلىقىنى بىلىپ، كارىۋىتىمغا چىقىپ چازا قۇرۇپ ئولتۇرغاندىن كېيىن سۆزۈمنى داۋاملاشتۇردۇم.

يېزىدىكى دۇكان ئاپام ئىككىمىزنىڭ تۇرمۇش غېمىمىزنى ھەل قىلدى. بۇ چاغدا سىڭلىم ئون يەتتە ياشقا كىرگەن بولۇپ،

تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ تېخنىكومغا ئىمتىھان بەرگەندى، چاقىرىق كۈتكەچ دۇكانغا قارىشىپ بېرىۋاتاتتى. مەن ناھىيە بازىرىدىن ئەرزان باھالىق ماللارنى يەتكۈزۈپ بېرەتتىم. ھال ـ كۈنىمىز خېلى ياخشى بولۇپ، سىڭلىمنىڭ ئوقۇشى ئۈچۈنمۇ پۇل تەييارلاپ بولغانىدۇق. سىڭلىم ئىمتىھان بېرىپ بىر ـ ئىككى ئايدىن كېيىن، ئۈرۈمچىدىكى بىر مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىلىق كەسپىدىن چاقىرىق كەلدى. ئاپام ئىككىمىزنىڭ خۇشاللىقى ئىچىمىزگە سىغمايتتى. بىز ئۇنىڭ تەييارلىقىنى پۈتتۈرۈپ، ئۇنىڭ بىلەن بىر مەكتەپكە ئۆتكەن ساۋاقدىشى بىلەن يولغا سالدۇق. سىڭلىمنى ناھىيە بازىرىدىن ئۇزىتىپ قويۇپ دۇكانغا مال ئېلىش ئۈچۈن ناھىيىدە ئىككى كۈن تۇرۇپ قالدىم.

— داداڭ كەپتۇ، قىزىم، — دېدى ئاپام مەن قايتىپ كەلگەن كۈنى ئەنسىز ھالدا، — «يارىشىپ قالايلى، مەن ئەمدى ئادەم بولىمەن!» دەپ يىغلاپ، قىلمىغان قەسەملىرى قالمىدى.

ئەڭ ئاۋۋال كۆز ئالدىمغا دادامنىڭ تۇرقى كەلدى. نېمىشقىدۇر دادامنىڭ پەيدا بولۇشى بىر شۇملۇقتىن دېرەك بېرىدىغاندەك ئەندىشە ئىچىدە قالدىم.

— ماقۇل دېمىگەنسىز ـ ھە؟ مېنىڭ ئۇنداق ئادەمنى كۆرەر كۆزۈم يوق.

— ماقۇلغۇ دېمىدىم، بىراق ئىنسان دېگەن خام سۈت ئەمگەن نەرسە. داداڭنىڭ يېشىمۇ بىر يەرگە باردى. مەن داداڭنىڭ يىغلىغىنىنى ئەزەلدىن كۆرمىگەن، سەل ئىچىم ئاغرىپ قالدى. ئۇنىڭ كۆڭلىگە خۇدايىم ئىنساپ بەرگەن چېغى!

— سىز ئۇنىڭغا ئىشەنمەڭ، ئاپا. دادامدەك ئادەمدە ئىنساپ بولمايدۇ. ئەگەر يەنە كېلىپ قالسا مەن ئۇنى قوغلاپ چىقىرىدمەن.

تۇيۇقسىز كۆزۈم ئاپامنىڭ كۆزى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. ئاپامنىڭ بايىقى ئازراق خۇشاللىق چىقىپ تۇرغان كۆزلىرىگە ياش

تولغانىدى. ئۇ لىغىرلاپ قالغان ياشنى مەندىن يوشۇرۇش ئۈچۈن كۆزلىرىنى ئېلىپ قاچتى. تۇرۇپلا مېنىمۇ يىغا باستى، گەرچە مۇھەممەتنىڭ ماڭا ۋاپاسىزلىق قىلغىنىنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ ئۇنى ئۇنتۇيالمىغىنىمنى ئويلاپ، ئاپامنىڭ دادامغا بولغان مۇھەببىتىنىڭ ھېلىمۇ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى سېزىپ ئاپامغا ئىچىم ئاغرىپ قالدى. بىر قانچە كۈن ئۆتۈپ مەن دادامنى ئۇچرىتىپ قالدىم. دادام خېلىلا قېرىپ قالغان بولۇپ، زىيادە چارچاشتىنمۇ ياكى ھاراق بىلەن نەشىنىڭ سەۋەبىدىنمۇ يۈزلىرىدە يول - يول قورۇقلار پەيدا بولغان، چىرايى سولغۇن ئىدى، پەقەت كۆزلىرىلا ئۆزگەرمىگەن بولۇپ، قىزارغان كۆزلىرى ياشاڭغىراپ تۇراتتى. مەن ئۆتۈپ كەتمەكچى بولۇۋىدىم، دادام مېنىڭ ئالدىمنى توستى.

— سېنىڭ ماڭا ئۆچلۈك كۆڭلى بىلىمەن، ئاپاڭدىن ئاڭلىسام مېنىڭ قايتىپ كېلىشىمگە سەن ئۇنىمايدىكەنسەن، سىلەرگە ياخشى قارىمىغىنىمنى بىلىمەن، ئەمدى بىر پۈتۈم گۆرگە ساڭگىلىغاندا بولسىمۇ خاتالىقىمنى تۈزىتىشكە پۇرسەت بەرسەڭ نېمە بولىدۇ، قىزىم.

دادامغا گەپ قىلماي ئۆتۈپ كەتتىم. دادامنىڭ ماڭا سىلىق گەپ قىلىشىنى ئاڭلىشىم مۇشۇ ئىدى. ئۆيگە كېلىپ ئاپام بىلەن ئۇزاق تالاش - تارتىش قىلدۇق. ئاپامنىڭ سۆزلىرىدىن دادامنى كەچۈرۈۋەتكەنلىكى چىقىپ تۇراتتى. شۇڭا، مەن ئارتۇق گەپ قىلمىدىم. ئاپام دادامنى ئۆزى قايتۇرۇپ ئەكەلدى. دادام ئىككىمىز گەرچە پاراڭلاشمىساقمۇ، مەن ئۇنى بىر مەزگىلدىن كېيىن چوقۇم يەنە ئەكسىگە قايتىدۇ، دەپ ئويلايتتىم. شۇڭا دادامغا گەپ قىلىشتىن ئۆزۈمنى قاچۇراتتىم، ئۇنى ھەربىر كۆرسەم تارتقان خورلۇقلىرىم ئېسىمگە كېلەتتى.

ئۇنىڭدىن گۇمانلىنىپ يۈرگەن كۈنلىرىمنىڭ بىرىدە، بىر ئىش مېنىڭ گۇمانىمنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتتى: ئۇ كۈنى مەن دۇكاندا ئىدىم. چاچلىرى پاخپايغان، كىردىن قېتىپ كەتكەن



www.uyghurkitap.com

چاپىنىنىڭ بىر پېشى ئېگىز، بىر پېشى پەس ئەلەڭلەپ تۇرغان بىر كىشى دۇكانغا كىرىپ كەلدى.

— هاراق بارمۇ؟ — دېدى ئۇ دۇكانغا كىرىپلا ماڭا مىختەك قادىلىپ تۇرۇپ.

— بۇ دۇكاندا هاراق سېتىلمايدۇ، — دېدىم ئۇنىڭ تۇرقىدىن يىرگىنىپ.

— ئەمىسە نېمە بار؟ — دېدى ئۇ يەنە ئەزمىلىك بىلەن.

— ئۆزىڭىز كۆرمەمسىز، دۇكاندىكى هەممە نەرسە تىزىقلىق بولغاندىكىن.

ئۇ دۇكانغا بىرقۇر كۆز تاشلاپ بولغاندىن كېيىن، ئىشىك ئالدىغا قويۇلغان يۆلەنچۇكلۇك ئورۇندۇققا ئۆزىنى تاشلىدى.

— ساپلا خوتۇن خەقنىڭ نەرسىلىرى باركەنغۇ بۇ يەردە؟ بىزدەك ئىمانى ئەركەكلەرگە لايىق نېمىلىرىڭىزدىن بولسا چىقىرىڭ، چوكانچاق!

ئۇنىڭغا ئالىيىپ قويۇپ دۇكاننى تاقاشقا تەييارلىق قىلدىم.

— نېمانچە قىلىسىز دەيمەن، يا بىز يات ئادەملەر بولمىساق؟

— كىم سىز بىلەن تۇغقانكەن؟ چىقىڭ، دۇكاننى تاقايمەن.

— سىززە، ئىككى ئەردىن چىققان خوتۇن بولغىنىڭىز بىلەن ئەقلىڭىز يوقكەن، سىزنىڭ دادىڭىزنىڭ خوتۇنى مېنىڭ ئاچام بولىدۇ. سىز ئەجەب بۇنى بىلمەيدىكەنسىز! دادىڭىزنى نەچچە يىل باقتۇق. سىزدەك باي قىزى بارلىقىنى بىلمەي يۈرۈپتۇق ئەمەسمۇ؟ هېلىمۇ كېچىكمەپتىلمەن، بويتاقكەنسىز ئەمەسمۇ؟

ئۇ گېپىنى دەۋېلىپ دەلدەڭشىگىنىچە چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن قۇسقۇم كەلدى. دادام ئىلگىرى مېنى تۇتۇپ بەرمەكچى بولغان قىمارۋاز هېزىم شۇ ئىدى. كۆڭلۈم باشقىچىلا بىئاراملىق ئىچىدە قالدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ پات - پات يېزىدا پەيدا بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرىدىغان بولۇپ قالدىم. بەزىدە

دۇكانغا كىرىۋېلىپ ئەپسانە گەپلەرنى قىلىدىغان، بىزنىڭكىلەر بىـ
لەن ئولتۇرۇۋالىدىغان بولۇۋالدى. شۇڭا، ئۇنى كۆرگەن كىشىلە-
رى دۇكاننى بالدۇرلا تاقايتتىم، ئامال بار قاراڭغۇ چۈشۈشتىن
ئىلگىرى كېتىۋالاتتىم.

دادام بولسا گۇناھىغا تۇۋا قىلغان بولسا كېرەك، ئىنتايىن سىپايە بولۇپ كەتكەنىدى، ئاپامغا قاتتىقراقمۇ گەپ قىلمايتتى. بىر قارىسام، ئۆيىمىز خېلى ئۆيگە ئوخشاپ قالغانىدەك ئىدى. مەنمۇ دادامغا بۇرۇنقىدەك قوپال مۇئامىلە قىلمايدىغان بولدۇم. ئاپامنىڭ كۆزلىرى نۇرلىنىپ قالغانىدى. شۇنداقتىمۇ، دادامنىڭ كۆزلىرىدىن نامەلۇم بىر خىل شۇملۇقنى سەزگەندەك قىلاتتىم، دادامىمۇ ماڭا ئۇدۇل قارىيالمايتتى.

— داداڭغا ئازراق پۇل لازىم ئوخشايدۇ، — دېدى بىر كۈنى ئاپام، — بىكار ياتماي ئانچە - مۇنچە تىجارەت قىلاي دەيدۇ. ھېلىقى چەكتىكى پۇلدىن بېرىپ تۇرايلىمىكىن؟ داداڭمۇ ئۆتنە ھېسابىدا ئىشلىتىپ تۇرىمەن دەيدۇ. مەنمۇ ئۇنىڭ دېگىنىنى لايىق كۆردۇم.

— بولمايدۇ! — دېدىم كېسىپلا دادامنىڭ ئەزەلدىن تىجارەت قىلىپ باقمىغىنىنى ئويلاپ، — ئۇ دېگەن سىڭلىمنىڭ ئوقۇشىغا ئاتىغان پۇل تۇرسا، ئاپا. تۆت يىل ئوقۇش دېگەنگە ئاز پۇل كېتەمتى. دۇكاننىڭ كىرىمىمۇ بىر ئوبدان تۇرسا، دادامنىڭ بەك ئىش قىلغۇسى بولسا يەر تېرىسۇن!

ئاپامنىڭ ئۇنى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن دادامنىڭ پۇل سورىغان ئىشى بېسىقىپ قالدى. يېرىم يىل ئۆتتى. مەن دۇكانغا ھەر خىل ماللارنى سالدىم. دۇكىنىم يېزا بازىرىدا خېلى كۆزگە كۆرۈنگەن دۇكانغا ئايلاندى. كۈزنىڭ مەئمۇشەتلىك كۈنلىرىدە دۇكانغا كۈزلۈك كىيىم - كېچەك سالماقچى بولۇپ ناھىيە بازىرىغا بېرىپ ئىككى كۈن تۇرۇپ قالدىم. نېمىشقىدۇر مۇھەممەتنى كۆرگۈم كەلدى. ئىختىيارسىز ئاياغلىرىم مۇھەمـ-

مەتتىنىڭ دۇكىنى تەرەپكە سۆرەيتتى. قانداقلارچە مۇھەممەتتىنىڭ دۇكىنى ئالدىغا كېلىپ قالغىنىمنى بىلمەيمەن. ئۇ دۇكان ئالدىغا قويۇلغان قاتلىما ئورۇندۇقتا ئولتۇراتتى. يېنىدا ھېلىقى كۈندىكى ئايال بار ئىدى. تۇيۇقسىز مۇھەممەت مېنى كۆرۈپ مۇغەمبەرلەرچە كۈلۈپ قويدى. مەن ئارقامغا ئۆرۈلۈپلا قانداق تېز كەلگەن بولسام شۇنداق تېزلىك بىلەن ئۇنىڭ دۇكىنى ئالدىدىن ئايرىلدىم، ماللىرىمنى يېزىغا بارىدىغان كىرا ماشىنىسىغا بېسىپ يولغا چىقتىم. مۇھەممەتتىنىڭ كۈلكىسى ئېسىمگە كەلسىلا خورلۇق ھېس قىلاتتىم، يىغلىغۇم كېلەتتى. بىراق، كىشىلەردىن ئىزا تارتىپ ئۆزۈمنى بېسىپ تۇراتتىم.

مەن كەلگەندە كەچ كىرىپ قالغانىدى. ماللارنى شوپۇرنىڭ ياردىمىدە دۇكانغا ئەكىرىپ قويۇپلا ئالدىراپ ئۆيگە ماڭدىم. دۇكان بىلەن ئۆيىمىزنىڭ ئارىلىقىدا قويۇق ئورمانلىق بار ئىدى. يېقىندىن بېرى، شۇ يەردىن ئۆتسەم يۈرىكىم سالىدىغان، بىرى چىقىپ ئورمانلىققا سۆرەيدىغاندەك ھېسسىياتقا كېلىپ قالغانىدىم. مەن ھەرقانچە تېز ماڭغان بولساممۇ ئورمانلىققا كەلگۈچە سائەت توققۇزدىن ئېشىپ كەتتى. ئورمانغا يېقىنلاشقانچە قورقۇشقا باشلىدىم. بايا ئالدىراپ، شوپۇرغا «ئۆيۈمگە ئاپىرىپ قويۇڭ» دېمىگىنىمگە پۇشايمان قىلدىم. ئورماننىڭ قاق ئوتتۇرىسىغا كەلگەندە، يەردىن ئۈنگەندەكلا ئالدىمدا بىرى پەيدا بولدى، قورقۇپ پۇت ـ قولۇمدا جان قالمىدى. شۇنداقتىمۇ، ئۆزۈمنى تۇتۇۋېلىپ مېڭىشنى داۋاملاشتۇردۇم. ھېلىقى كىشى بىلەن ئارىلىقىمىز ئىككى مېتىردەك قالغاندا، ئۇ ماڭا قولچىرىغى تۇتتى. كۆزلىرىمنى ئاچالماي قالدىم.

— كىم سەن؟ — دېدىم ئاۋازىمنى قاتتىقراق چىقىرىشقا، ئۆزۈمنى قورقمىغان قىياپەتتە كۆرسىتىشكە تىرىشىپ.

— ئاكىڭىز! «خېنىم قاچان كېلىدىكىن؟» دەپ يولىڭىزغا تەلمۈرۈپ ياتقىلى يېرىم كۈن بولدى، ھى… ھى…

www.uyghurkitap.com

مەن ئۇنىڭ ئاۋازىدىن ھېزىم ئىكەنلىكىنى تونۇۋالدىم.

— نېرى تۇر! بولمىسا، ئادەم چاقىرىمەن، — دېدىم بۇ يولدىن بۇنداق چاغلاردا ئادەم ئۆتمىسىمۇ.

— چاقىرىڭ، ھەرقانچە چاقىرسىڭىزمۇ بۇ كەمدە خەق ئۇيقۇسىنى ئۇخلىماي سىزنى قۇتقۇزۇشنى ساقلاپ تۇرامتىكى؟

ئۇ مېنى قىستاپ كەلدى. مەن قىيچىشقا ئۇلگۇرەلمەي قالدىم. ئەمدى ئارقامغا ئۆرۈلۈشۈمگە ئۇ كەينىمدىن قۇچاقلىۋالدى. ئۇنىڭدىن ھاراقنىڭ بۇسى گۇپۇلدەپ پۇراپ تۇراتتى.

— قويۇۋەت ئەبلەخ! — دېدىم بار كۈچۈم بىلەن يۇلقۇنۇپ، — بۇ قىلغىنىڭ قانۇنغا خىلاپ! قويۇۋەت دەيمەن!

— كۆتۈر ئۇنداق قانۇنىڭنى؟ — دېدى ئۇ مېنى ھەدەپ يولنىڭ چېتىگە — ئورمانلىق تەرەپكە تارتىپ، — بۈگۈنكى كۈننى كۈتكىنىمگە قانچە ئۇزۇن بولغىنىنى بىلەمسەن؟ داداڭ ماڭا ھەممىنى بېرىشكە ۋەدە بەرگەن، شۇڭا مەن ئۇنىڭغا ياشاش پۇرسىتى بەرگەن. ئۇ قېرى بەلكىم بۇ چاغقىچە ئاپاڭدىن پۇلىرىڭنى ئېلىپ بولدى. بولمىسا، ئۇنىڭ ئىت جېنى قىمارۋازلار قولىدا تۈگەيدۇ. ئۇ ئابدال سېنىمۇ ئاتۇشلۇققا ئۆتتۈرۈۋەتكەن. مېنىڭ ساڭا كۆڭلۈم بولغاچقا پۇلنى مەن تۆلەپ سېنى قۇتقۇزۇپ قويدۇم. تېخى ماڭا رەھمەت ئېيتماقتا يوق، تىللايسەنغۇ؟ ئەمدى قىلە نوچىلىقىڭنى.

مەن بىر ئاماللار بىلەن ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇشنى ئويلايتتىم. يولدىن بىرەر ئادەمنىڭ ئۆتۈپ قېلىشىنى تىلەيتتىم. ئاۋازىمنى قويۇۋېتىپ «قۇتقۇزۇڭلار!» دەپ توۋلاپ باققان بولسامۇ، بۇ يەردە ئۆزۈمنىڭ ئاۋازىدىن باشقا ھېچنېمە يوق ئىدى. توساتتىن كاللامغا ھېزىمنى چىرايلىق گەپ بىلەن ئالداپ بېقىش كېلىپ قالدى.

— ھېزىم كا، گەپ بولسا چىرايلىق دېيىشسەكلا بولمىدىمۇ؟ — دېدىم ئاۋازىمنى مۇلايىم چىقىرىپ، — بۇنداق سۆرى-

شتپ يۈرۈشنىڭ نېمە كېرىكى، يا مەن بىر قىز بالا بولمىسام.

— گەپنى باشتىلا مۇشۇنداق قىلىشىڭىز بولمامدۇ؟ ھى… ھى…

ئۇ خۇشال بولۇپ قوللىرىنى سەل بوشاتتى.

— مېنىڭ سىزنى ئىلىشتىن باشقا ئويۇم يوق. بۈگۈن… بۈگۈن ماڭا ماقۇل بولامسىز ئەمىسە؟

— ۋاي، ماقۇل! ئاۋۋال قولۇمنى بوشىتىڭ. بولمىسا، كېيىملىرىمنى قانداق سالىمەن؟

ھېزىم خۇشاللىقىدا ئىبغىزىنى يۇمالماي قالدى. ئۇ قولىنى بوشىتىپ قولچىراغنى ماڭا قايتىدىن يورۇتتى. مەن ئۇنىڭغا قاراپ چىرايلىققىنە دومسايدىم.

— چىراغنى مۇنداق تۇتۇپ تۇرسىڭىز مەن قانداق يېشىنىمەن. ئاۋۇ تەرەپكە قارىتىڭ!

ئۇ چىراغنى يانغا قاراتتى. مەن كېيىممنى يېشىشنى باھانە قىلىپ قولۇمنى ئاستا سومكامغا سۇندۇم. قولۇمغا ئەتىر قۇتىسى ئۇرۇندى. مەن ئۇنى ئېلىپلا ھېزىمنىڭ كۆزىگە قارىتىپ پۈركۈدۈم. ھېزىم «ۋاي!» دەپلا قولىدىكى قولچىراغنى تاشلاپ كۆزلىرىنى تۇتۇۋالدى. مەن پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ يول تەرەپكە قاراپ يۈگۈردۈم. ئورماندىن چىقىپ ئەگمىگە كەلگەندە ياندىن بىرى ئېتىلىپ چىقتى، مەن سەنتۈرۈلۈپ يىقىلدىم. ئۇ ئۈستۈمگە تاشلىنىپ مېنى قۇچاقلىغان پېتى دومىلىدى. ھېزىم دېگەن قاقۋاش چىغىر يول بىلەن ئالدىمغا چىققانىدى. يۈگۈرۈپ بەك ھېرىپ كەتكەچكىمىكىن، پۇت - قولۇمدا ماغدۇر قالمىغانىدى. مېنىڭ قارشىلىقىم ئىنتايىن ئاجىز ئىدى. ئۇ ۋەھشىيلەشكەن بولۇپ، مېنى سۆرىگەن پېتى ئورماننىڭ ئىچكىرىسىگە ئەكىردى. ھەش - پەش دېگۈچە كىيىملىرىمنىڭ تۈگمىلىرى ئۈزۈلۈپ، يىرتىلمىغان جايلار يىرتىلىپ ئۈستۈم يالىڭاچلىنىپ كەتتى. ھېزىم غالجىرلىق بىلەن شەھۋانىي ھەۋىسىنى قاندۇرۇشقا ئۇرۇ-

نانتى. ئۇ مېنىڭ ئىشتىنىمنى سالدۇرۇشقا ھەرىكەت قىلىۋاتقان
پەيتتە، جىسمىمغا غايەت زور بىر كۈچ قوشۇلغاندەك ئۇنىڭ
چاتىرىقىغا كۈچەپ تەپتىم. ئۇ «ۋاي!» دېگىنىچە ئۇچۇپ چۈش-
تى. ئۆمىلەپ تۇرۇپ يەنە قاچتىم. بۇ قېتىم ئۇ خېلى زەربە
يېدىمىكىن، ئورنىدىن تۇرالمىدى. مەنمۇ ھالسىزلانغانىدىم.
كۈچسىز پۇتلىرىمنى تەستە يۆتكەپ مەھەللىگە قاراپ ماڭدىم.
قۇلاق تۇۋىمدە ھېزىمنىڭ گەپلىرى جاراڭلايتتى. دادامنىڭ نەچچە
ۋاقىتتىن بۇيان ماڭا تۇيۇلغان غەيرىيلىكىنىڭ سەۋەبىنى بىلگەن-
دەك بولدۇم. دادام يىرتقۇچ ھايۋان سۈپىتىدە كۆز ئالدىمغا
كېلەتتى. كۆز ياشلىرىم سەلدەك ئاقاتتى. دادامنىڭ ئادەم قىلى-
قىدىن چىققان رەزىللىكىنى، ئۆز دادام تەرىپىدىن خورلانغان
غۇرۇرۇمنى ئويلىسام، بۇ دۇنياغا تۆرەلگىنىمگە مىڭ قېتىم
پۇشايمان قىلاتتىم. لېكىن، ھېزىمنىڭ دېگەن گەپلىرىنى ھەر-
بىر ئويلىسام، «ئۆيگە تېزرەك يېتىۋالسام» دەيتتىم. مەن ھال-
سىرىغان ھالدا دەرۋازا ئالدىغا كەلدىم، ئىشىكلەر ئوچۇق ئىدى.
مەن ھويلىدىن ئۆتۈپ دالان ئۆيگە كىرىپلا ئىچكەركى ئۆيدىن
چىقىۋاتقان ئاپامنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىدىم.
— ھۇ، ئىنساپسىز! مەن بەرمىسەم پۇلنى بولاپ ئالامتىڭ؟
سېنىڭ بىزدە ھەرقانچە ئىلىشىڭ بولسىمۇ تۈگىگەندۇ؟ سېنى
ئادەم بولغان چېغى دېسەم، سەن يەنىلا شۇ پېتىكەنسەن. بىلگەن
بولسام سەندەك بۆرىنى قوتانغا باشلاپ كىرمەسكەنمەن.
— نېمە؟ مەن بۆرىمۇ؟ كېسەل كۆرپىسى پەسەندە. ماڭا پۇل
لازىم بولۇپ قالمىغان بولسا، سەندەك نېمىلەرنى كۆرەرگە كۆ-
زۈممۇ يوقتى مېنىڭ. ھېلىقى نېمىمۇ يەيدىغاندەك قارايدۇ. ئۆتە
ساندۇقنىڭ يېنىدىن بۇ ياققا!
— ياق، بۈگۈن ئۆلسەممۇ ساڭا پۇلنى بەرمەيمەن.
مەن ئۇلارنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن ئۆيگە كىر-
دىم. دادام ھەدەپ ئاپامنى ساندۇقتىن يىراقلاشتۇرماقچى بولۇپ

سۆرەشتۈرۈۋاتقانىكەن. ئاپام بولسا ساندۇقنى قۇچاقلاپ يېتىۋاپتۇ.

— قولۇڭنى تارت! — دېدىم ئۇنىڭ ئاپامنى ئۇرماقچى بولۇپ قول كۆتۈرگىنىنى كۆرۈپ. دادام قايرىلىپ ماڭا قارىدى. ئۇنىڭ قان تېمىپ تۇرغان كۆزلىرىدىن قورقۇپ كەتتىم.

— كېلە، بۇزۇق! ئاپاڭ ئىككىڭ مېنى كۆزگە ئىلمىشاي يۈرەتتىڭ، بۈگۈن سەنلەرنى سويغان پىيازدەك قىلىپ قويمىسام ئادەم بولماي كېتەي!

دادام شۇنداق دېگىنىچە ئاپامغا ئېتىلدى. ئاپام ساندۇقنى قۇچاقلاپ يېتىۋالغاچقا، دادامنىڭ مۇشتلىرى ئاپامنىڭ دۈمبىسىگە يامغۇردەك ياغماقتا ئىدى. مەن دەرھال دادامنىڭ قولىغا ئېسىلدىم. دادام قېرىغان بولسىمۇ كۈچىدىن كەتمىگەنىدى. ئۇنىڭ ئاتقان مۇشتىدىن ئارقامغا ئۇچۇپ كەتتىم. شۇنداقتىمۇ، ئۇنى تىللىغاچ يەنە ئېتىلىپ باردىم، بىراق ئۇنىڭغا كۈچۈم يەتمەيتتى. ئاپام تاياق يېسىمۇ ئورنىدىن مىدىرلىماي تۇرۇۋالغاچقا غالجىرلاشقان دادام ئۇنىڭ ئۇدۇل كەلگەن يېرىگە تېپەتتى. دادامغا كۈچۈم يەتمىگەچكە دەرھال بېرىپ ئاپامنى قۇچاقلاپ تاياقتىن توستۇم. تۇيۇقسىز كۆزۈم ساندۇقنىڭ كەينىدىكى رەھمەتلىك چوڭ دادامدىن قالغان قوي قىرقىيدىغان قايچىغا چۈشتى. مەن ھېچنېمىنى ئويلىماي قايچىنى قولۇمغا ئېلىپلا كەينىمگە قايرىلىپ، دادامنىڭ قورسىقىغا تىقتىم. دادام ئاپامنى ئۇرۇشقا تەمشەلگەن پېتى يەرگە يىقىلدى. ئاپام شۇندىلا ساندۇقنىڭ ئۈستىدىن قوپتى. ئۇ كۆز ئالدىدىكى مەنزىرىدىن چۆچۈپ ئولتۇرۇپ قالدى. يولدىكى ۋەقە ھەم ئۆيدىكى تاياقتىن بېشىم ئايلىنىپ قالدىمۇ، كۆزلىرىم قاراڭغۇلىشىپ مەنمۇ يىقىلدىم. كۆزۈمنى ئاچسام، ئۆينى ساقچىلار بىر ئاپتۇ. ئاپام بېشىمدا يىغلاپ ئولتۇرۇپتۇ. دادامنىڭ يوقلۇقىنى كۆرۈپ: «ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن ئوخشايمەن» دەپ قالغانىدىم. ساقچىلار نەق مەيداننى سۈرەتكە

ئېلىپ بولغاندىن كېيىن مېنى ئەكەتتى. سوراق جەريانىدا بولغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئەينەن ئېيتتىم. ساقچىلار مېنى تۇتۇپ تۇرۇش ئورنىدا تۇتۇپ قالدى. ئىككى كۈندىن كېيىن ئاپام مېنى يوقلاپ كەلدى. بىراق، ئۇلار ئاپامنى كىرگۈزمىدى. ئالتە ئايدىن كېيىن سوت ئېچىلدى. شۇ چاغدا دادامنىڭ مەن تىققان قايچىدا يارىلىنىپ دوختۇرلار قۇتقۇزۇپ قالغانلىقىنى ئۇقتۇم. سوت ماڭا «قوغدىنىشنى چەكتىن ئاشۇرۇۋەتكەن» دەپ قاراپ مۇددەتلىك ئۈچ يىللىق جازاغا ھۆكۈم قىلدى. ئاپامۇ قانۇنىي يول ئارقىلىق دادامدىن ئاجراشتى.

مەن سۆزۈمنى تۈگىتىپ يىغلاپ كەتتىم. ھەمشىرىلىرىم بىر - بىرلەپ يېنىمغا كېلىشتى.

— كۆڭلۈڭنى بۇزما، قىزىم، — دېدى جەننەتخان مېنىڭ بېشىمنى سىلاپ، — ناھايىتى ئۈچ يىل ۋاقىتكەنغۇ؟ كۆزنى - يۇمۇپ - ئاچقۇچە ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئۆتكەن ئىشلارنى ھەرگىز خىيال قىلما! ئاپاڭ ھېلىمۇ ساڭا موھتاج. قارا، ماۋۇ ئاچىلىرىڭنىڭ قايسىبىرىنىڭ تارتقان ئازابلىرى سېنىڭكىدىن ئاز، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ھەر خىل كىشىلەر تەرىپىدىن ئاياغ ئاستى قىلىنغان، بەزىلىرى ئۆز ئەرلىرى تەرىپىدىن خورلانغان. بۇنداق ئىشلار ئۇستىدىن چىداشلىق بولمىسا ئۆتكىلى بولمايدۇ. بۇ دۇنيادا دەردسىز، غەمسىز ئادەم يوق. غەيرەتلىك بول، ئۆزۈڭگە ئىشەنسەڭ كېيىنكى كۈنلىرىڭ چوقۇم ياخشى بولۇپ كېتىدۇ. كىشىلىك تۇرمۇش ئاشۇنداق مۇرەككەپ. بەزىدە ئۆزۈڭ قىلىشنى خالىمايدىغان ئىشلارغا مەجبۇر بولۇپ قالىسەن، بەزىدە ئۆزۈڭگە تەۋە بولمىغان نەرسىلەرنى ئۆزۈڭنىڭ قىلىۋالغۇڭ كېلىدۇ. سەن شۇنچە ئېغىر كۈنلەرنى بېشىڭدىن ئۆتكۈزۈپمۇ قىيىنچىلىق ئالدىدا ئۆز ئىپپىتىڭنى بۇزماپسەن، ئۈمىدۋار ياشاپسەن. شۇنىڭ ئۆزىلا يېتەرلىك. داداڭدەك، ئېرىڭدەك ئادەملەرنىڭ كۈنى ئۇزاققا بارمايدۇ. كېيىن ئۇلارنىڭ قانداق كۈنگە قالغانلىقىنى كۆر-

گەن چېغىڭدىلا سەن بۇنىڭ سەۋەبىنى بىلىسەن. دۇنيادا مۇتلەقلىق يوق. ئۇ چاغدا سەن ھاياتىنىڭ قەدرىگە يېتىسەن. شۇڭا ياشاش كېرەك، ياشىغاندىمۇ ئادەمدەك ياشاش كېرەك. شۇڭا ھاياتنى قەدىرلە! بىز بولساق ياشاش يولىمىز باشقىلار تەرىپىدىن بۇزۇۋېتىلگەن، بىزنىڭ كۈنىمىز ئۆلۈمنى كۈتۈش بىلەن ئۆتىدۇ. بىراق، ئۆزۈمنى ئېيتسام ھەرگىز ئۆكۈنمەيمەن. تاكى ئاخىرقى دەقىقىلەرگىچە ھاياتىمنى قەدىرلەپ ئۆتىمەن. ئاشۇ تۆمۈر رېشاتكىلار بىزنى كىشىلەردىن ئايرىپ تۇرىدۇ. سەن ھەرگىز ئۇنى ياخشى - ياماننى ئايرىيدىغان پاسىل تام دەپ قالما! راستىنى دېگەندە، يامانلىق، رەزىللىكنىڭ كۆپ قىسمى ئاشۇ رېشاتكىنىڭ كەينىدە. ئۇ يەر ياخشىلىق بىلەن يامانلىق، ئىزگۈلۈك بىلەن قاباھەتلىك، مۇھەببەت بىلەن نەپرەت، ئاسىيلىق بىلەن ساداقەت بىرلىشىپ كەتكەن بىر قازان ئانقايناققىلا ئوخشايدۇ.

سەن ئۇ يەردە قانداق مېڭىشنى ئۆگىنىشىڭ كېرەك. بولدى، قىزىم، خۇدا بۇيرۇسا، سېنىڭ بۇ يەردىن تېزرەك چىقىپ خۇشال ھالدا بىزنى يوقلاپ كېلىشىڭنى كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىمەن. ھەرگىز يىغلىما، ئىچىڭگە ئۆتۈپ كېتىدۇ.

جەننەتخاننىڭ سۆزى نېمىشقىدۇر ماڭا زور غەيرەت ئاتا قىلغاندەك ئۆزۈمنى يەڭگىل ھېس قىلدىم.

— كىيىنچۇ، دادىڭ ئاپاڭنى يەنە ئاۋارە قىلمىغاندۇ؟ — دېدى يەنە بىرى.

— ياق، قانۇن ئورۇنلىرى ئۇنى خېلى چۆچۈتۈپ قويغان چېغى، ئۆيگە قايتا ئاياغ باسماپتۇ. ئاپامدىن ئاڭلىسام ئۆتكەن ئايدا ھېلىقى خوتۇن بىلەن توي قىپتۇمىش.

ئۇلار ماڭا بىر - ئىككى ئېغىزدىن تەسەللى بېرىشتى. نۆۋەتچى ساقچىنىڭ «ئۇخلاش!» دېگەن بۇيرۇقى بىلەن ھەممىمىز يوتقانغا كىرىپ جىم بولدۇق. ئىشلار بىر خىل رىتىمدا ماڭماقتا ئىدى. ھەش - پەش دېگۈچە سولانغىنىمغا بىر يېرىم

يىل بولدى. ئاپام ھەر كەلگەندە بولۇۋاتقان ئىشلاردىن خەۋەردار قىلاتتى. سىڭلىمنىڭ ياخشى ئوقۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلىسام ئۇنىڭدىن سۆيۈنۈپ كېتەتتىم. دۇكىنىمىزنىڭ سودىسىمۇ ھەر ھالدا ئاپامنىڭ خىراجىتىنى قامداۋېتىپتۇ. ئاپامنى ھەربىر كۆرسەم بىر قانچە كۈنگىچە ئۇيقۇم كەلمەيتتى. ئۇنىڭ ئەسلىي يېشىدىن قېرى كۆرۈنىدىغان تۇرقى، ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن كۆزلىرى، ئاقارغان چاچلىرى ئاپامنىڭ تارتقان ئازابلىرىنى، جاپا ـ مۇشەققەتلىرىنى «مانا مەن» دەپ كۆرسىتىپ تۇراتتى. شۇنداقتىمۇ، ئاپام مېنى يوقلاپ كەلگىنىدە ھەرگىز چاندۇرمايتتى. كۈنلەر شۇ تەرىقىدە داۋام قىلىپ، مېنىڭ جازا مۇددىتىممۇ توشتى. تۈرمىداشلىرىم مېنى يىغلىغان پېتى ئۇزىتىپ قالدى. كەم سۆز، ئەمما سۆزلىرى ئورۇنلۇق جەننەتخاندىن كۆزۈم قىيمىغان ھالدا ئايرىلدىم.

تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن، مەھەللىمىزنىڭ ئۆزگىرىپ باشقىچە بولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆردۈم. كەنت يوللىرىنىڭ بىر قىسمى قارىماي قىلىنىپ، ئىلگىرىكى قالايمىقان ئۆيلەرنىڭ كۆپ قىسمى يېڭىلانغانىدى. يېزا بازىرىمۇ ئىلگىرىكىدىن كۆپ ئاۋاتلىشىپ كەتكەن بولۇپ، خېلى كۆپ دۇكانلار يېڭىدىن ئېچىلىپ، دۇكىنىمىز ئۇلارنىڭ ئالدىدا ۋەيرانە كەپىگىلا ئوخشاپ قالغانىدى. سىڭلىممۇ ئوقۇش پۈتتۈرۈپ، ناھىيىلىك بالىلار باغچىسىغا تەربىيىچى بولۇپ ئورۇنلاشقانىدى. مەن ئاپام بىلەن مەسلىھەتلىشىپ دۇكاننى باشقىدىن رېمونت قىلىپ، ئىلگىرىكى ماللارنىڭ ھەممىسىنى ئېلىشىغا سېتىۋەتتىم، ئاندىن ھازىرقى زامانغا لايىق ماللارنى سالدىم. دۇكىنىمىز يەنە قايتىدىن جانلاندى. دۇكانغا بۇ قېتىم ئاياللارغا كېرەكلىك نەرسىلەرنى كىرگۈزگەنىدىم. يېزىمىزدىكى ئاياللار ئىلگىرىكىدىن كۆپ ئۆزگەرگەن بولۇپ، ياسىنىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدىغان بولۇپ كەتكەنىدى. شۇڭا دۇكىنىمىزغا كېلىپ ـ كېتىپ تۇرىدىغان ئاياللارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى. ھەر خىل گەپلەرنى مەن ئۇلاردىن ئاڭلايتتىم.

— سىزگە بىر گەپنى دەيمۇ، لەيلىگۈل، — دېدى بىر كۈنى دۇكىنىمىزنىڭ دائىملىق خېرىدارى خاسىيەت، — سىزنىڭ ئېرىڭىز بارغۇ، ھېلىقى سېرىق ئاسلاندىن ئاجرىشىپ كېتىپتۇ. قالتىس باي بولۇپ كېتىپتۇ دەيدۇ. بىزنىڭ ئادەم ئۆتكەندە ناھىيىگە بېرىپ ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىپ قاپتىكەن، تونۇماسقا سېلىپ ئۆتۈپ كېتىپتۇمىش. ئېرىم بىللە ماڭغان تۇغقىنىمىزغا مۇھەممەتنىڭ بۇرۇنقى نامرات تەنزىكەش ئىكەنلىكىنى دەپتىكەن، ئۇ كىشى نېمە دەپتۇ دېمەمسىز؟ ئۇنىڭ دەپ بېرىشىچە، ھازىر ناھىيىدە ھېلىقىدەك ئىش قىلىپ جان باقىدىغانلار كۆپىيىپ قاپتۇمىش، كوچىلاردا يېرىم يالىڭاچ يۈرىدۇ دەيدۇ. مۇھەممەتمۇ شۇلارغا كۆنۈپ كېتىپتۇ. مۇھەممەت تېخى سېرىق چاچلىق بىر خەنزۇ قىزنى ئالىمەن، دەپ كەينىگە سېلىپ يۈرگۈدەك. ھېلىقى نېمە، ئۇنىڭ دۇكىنىغا ئىچكىرىدىن مال يۆتكەپ بېرىپ ئۇنىڭغا جىق پۇل تېپىپ بەرگەنمىش. شۇڭا مۇھەممەت كوچا - كويلاردىمۇ تەپ تارتماستىن ئۇنىڭ بىلەن سۆيۈشۈپ خۇشلىشارمىش. «توۋا!» دەپ قالدىم. ھازىر ياقىلار ئېتەك، ئېتەكلەر ياقا بولۇپ كېتىۋاتامدۇ نېمە؟ بىر چاغلاردا سەرەڭگە، يىڭنە - يىپ سېتىپ يۈرگەن ياۋاش بالىنى بۇنداق بولۇپ كېتىدۇ دېسە كىممۇ ئىشىنەر. ئۆز ۋاقتىدا سىزمۇ ئۇنىڭ بىلەن جاپانى تەڭ تارتىپ پۇللۇق قىلىپ قويغان. مەنغۇ «ئەر خەق دېگەنگە ئەقىدە قىلىدىغان نېمە ئەمەسكەن» دەپ ئويلاپ قالدىم.

— ئاڭلىماپتىمەن، — دېدىم يۈرىكىمنىڭ نازۇك تىترەپ كەتكىنىنى يوشۇرۇپ، — ھازىر ھەممە ئادەم پۇل تاپسام دەيدىغان بولۇپ كەتتى. پۇل تاپقاندىن كېيىن ھېچنېمىدىن قورقمايدىغان بولىدىكەن. ئۇنداق ئىشلار ھازىر پۇل تاپقان ئەرلەر ئىچىدە مودا.

— ۋايىيەي، ئۇنى دېسىڭىز ئاياللارمۇ بار دەيدۇ. ئاپامنىڭ يىراق بىر تۇغقىنى بار ئىدى. بىر چاغلاردا ئوقەت قىلىپ ئۇرۇم-

www.uyghurkitap.com

چىندە تۇرۇپ قالغان. بىر كۈنى ئولتۇرسام جىنەككلا ئالدىمدا پەيدا بولدى، تونۇماي قاپتىمەن، تونۇشلۇق بەرگەندىن كېيىن بىرقانچە كۈن مېھمان قىلدىم. ئۇنىڭ دېيىشىچە، ئۈرۈمچىدە بۇ ئىشلار بەك ئېغىرمىش. قارىسىڭىز بېشىدىن رومال چۈشمەيدىـ غان، نامىنى ئاڭلىسىڭىز چۆچۈپ كېتىدىغان خېنىملارمۇ پۇلـ نى دېسە رومىلىنى چۆرۈپ تاشلارمىش. بەزى باي خوتۇنلار تېخى مەخسۇس ئەرلەرگە پۇل خەجلەپ يۈرىدۇ دەيدۇ. مەنغۇ ئۇنىڭ گەپلىرىگە ئانچە ئىشىنىپمۇ كەتمىدىم.

ئۇ بىرھازا سۆزلىگەندىن كېيىن چىقىپ كەتتى. نېمىشقىـ دۇر ئۇنىڭ سۆزلىرى ئىختىيارسىز مۇھەممەتنىڭ يىپ ـ يىڭنە ساتىدىغان يايمىسىنى، ئاندىن ئۇنىڭ ئاپتاپتا قارايغان چىرايىنى ئېسىمگە سالدى. قەلبىمدە نازۇك بىر ھېسسىيات پەيدا بولۇپ، ئاستا ـ ئاستا كۈچىيىپ سېغىنىش ئوتى جىسمىمنى كۆيدۈرۈپ ئۆتتى. كەينىدىنلا ئۇنىڭ ھىيلە ـ مىكىر يېغىپ تۇرغان چىرايى كۆز ئالدىمغا كېلىپ يۈرىكىم قورۇلدى. دۇنيادا ئادەمدەك تېز ئۆزگىرىدىغان ئىككىنچى بىر مەۋجۇدات يوقمىكىن، دەپ قالدىم. ئەگەر مۇھەممەت بۇرۇنقىدەك نامرات يايمىچى بولغان بولسا بەختـ لىك كۈنلەرنى قەدىرلەپ ئۆتكەن بولاتتى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا بەلـ كىم شەخسىيەتچىلىك، ساداقەتسىزلىك، شەھۋانىيلىققا ئوخشاش تۇيغۇلار پەيدا بولمىغان بولاتتى. ھەممە نەرسە يەنىلا پۇل بىلەن ئۆزگىرىدىكەن. پۇلى يوقلار يوقلۇقتىن ئازابلىنىدىكەن، ئاشۇ يوقلۇقتىن قۇتۇلۇشنىڭ غېمىدە نۇرغۇن ياخشى ـ يامان ئىشلارنى قىلىپ باقىدىكەن. پۇلى بارلار بولسا كۆپلۈكتىن نۇرغۇن ياخشى ـ يامان ئىشلارنى قىلىدىكەن. ئېرىشكەنسېرى ئېرىشكۈسى، باي بولغانچە تېخىمۇ باي بولغۇسى كېلىدىكەن، ئېھتىياجى تېخىمۇ چوڭىيىپ ماڭىدىكەن. بۇنىڭغا ئەگىشىپ ئۇلارنىڭ روـ ھىي دۇنياسىدىكى يوقلۇقمۇ چوڭىيىپ ئۇنىڭ ئورنىنى تولدۇـ رۇشنى ئويلايدىكەن. چەكسىز ئېچىرقاش ئۇلارنى ئاستا ـ ئاستا

يالماپ يۈتۈپ، ئۆزلىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى يوقىتىپ قويغانلىقىنى مەڭگۈ خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەيدىكەن. ھەممە نەرسىنىڭ ئىككى تەرىپى بولغاندەك، بايلىقنىڭ ئادەم ئۈچۈن ياخشى ھەم يامان تەرىپىمۇ تەڭلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىكەن. مۇھەممەتنى بايلىق ئازدۇرۇپ كەتتى. ئۆزىنى ئەركەكلەردەك كۆرسەتكەن پۇلنىڭ كۈچى ئالدىدا ئۆز ۋاقتىدا ئۇنىڭ غەم - قايغۇسىغا ھەمنەپەس بولغان، ئۇنىڭ ئۈچۈن ھاياتىدىن كېچىشكە رازى بولغان مۇھەببىتىم چۈمۈلىچىلىكمۇ كۆرۈنمىدى. خەيرىيەت، بۇ كۈنلەرمۇ ئۆتۈپ كېتەر، بىر كۈنلەردە خۇدانىڭ غەزىپى تېشىپ بەندىلىرىگە ئىنساپ - دىيانەت ئاتا قىلىپ، ئىنساپتىن يىراقلاشقان، ۋاپانى ئۇنتۇغانلارنى يەر يۈزىدىن پاك - پاكىز تازىلىۋەتسە قانچىلىك ياخشى بولار ئىدى - ھە؟

خىيال بىلەن كەچ كىرىپ كەتكىنىنى تۇيماي قاپتىمەن. دۇكاننى تاقاپ ئۆيگە كەلگەن ۋاقتىمدا سىڭلىم قايتىپ كەلگەندى. ئىختىيارسىز سىڭلىمنىڭ قىياقتەك ئىنچىكە قېشى، ئېقىپ چۈشكەن بۇرنىغا قاراپ قالدىم. ئۇنىڭ شۇ تۇرقى ئاپامغا قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايتتى. ئۇنىڭ مەن ۋە ئاپامدىن كۆپ تەلەيلىك ئىكەنلىكىدىن سۆيۈنۈپ، ئۇنىڭ بۇرنىنى چىمدىپ ئەركىلىتىپ قويدۇم. بىز خۇشال - خۇرام ھالدا تاماق ئېتىپ يېدۇق. بۈگۈن مەن ئاپامنىڭ چىرايىنىڭ پارقىراپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدىم. ئاپامنىڭ چېھرىدە خۇشاللىق چىقىپ تۇراتتى. تاماقتىن كېيىن، ئۇ ئىككىمىزنى يېنىغا ئېلىپ ياستۇققا يۆلەندى، مەن راھەتلىنىپ ئاپامنىڭ تىزىغا بېشىمنى قويدۇم.

— ئاپا، بىرەر گېپىڭىز بارمىدى؟ — دەپ سورىدىم مەن ئاپامنىڭ ئاغزىنى بىرقانچە قېتىم ئۆمەللەپ توختاپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ.

— دەي دېسەم تىلىم كۆيىدۇ، قىزلىرىم. سىلەرنى خاپا بولامدىكىن دەپ دېيەلمەي يۈرەتتىم، — ئاپام بىردىنلا كۆزىگە

www.uyghurkitap.com

ياش ئالدى، — قايسى كۈنى قوشنا يېزىدىكى بىرى ئۇچراپ قېلىپ داداڭلارنىڭ گېپىنى قىلىپ قالدى. ھېزىم قىمارۋاز ئۇنى قاتتىق ئۇرۇۋېتىپتۇ. ھېلىقى چاغدىكى زەخمىدىن كېيىن ئۇنى ئاجىزلاپ كېتىپتۇ، دەپ ئاڭلىغان. ئۇ چاغدا ئۇنى ئۆز قىلمىشىنىڭ جازاسىغا ئۇچرىدى، دەپ ئويلىغانىدىم. نەچچە كۈندىن بېرى قېيناتام رەھمەتلىك ئۇدا چۈشۈمگە كىرىۋاتىدۇ، رەھمەتلىك داداڭلارنىڭ ئىتتىنى چاقىرىپ ماڭا بىر نېمىلەرنى دېگۈدەك. تۈنۈگۈن شۇنداق ئېنىق، رەھمەتلىك ماڭا بىر تۇگۇنچەكنى بېرىپ: «بۇنى توختىغا ئۆز قولىڭىز بىلەن بېرىڭ» دەپ غايىب بولدى. بەلكىم موماڭلارنىڭ روھى بىزنى داداڭلارنى يوقلاپ كېلىشكە دەۋەت قىلىۋاتقان بولسا كېرەك. نېمىلا بولمىسۇن، ئۇ دېگەن سىلەرنىڭ داداڭلار. ھېلىقى كىشىنىڭ دېيىشىچە، داداڭلارنىڭ كېلىدىن تاماقمۇ ئۆتمەسمىش. مەن ئىنسانلىق بۇرچىمىزنى ئادا قىلالىلىمىكىن، دەپ ئويلىغان.

دادامنىڭ دەھشەتلىك كۆزلىرى كۆز ئالدىمغا كېلىش بىلەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتتىم.

— كاللىڭىز دۇمبىڭىزگە ئۆتۈپ قالمىغاندۇ ـ ھە؟ سىز نېمانچە كەڭ قورساق. مەن ئۇنىڭ سەۋەبىدىن تۇرمىدە ياتتىم. مەن شۇ چاغلاردا قانچىلىك قىينالدىم، كۆڭلىرىمنىڭ قانداق ئۆتكەنلىكىنى بىر ئۆزۈملا بىلىمەن. ئۇنىڭغا قانچىلىك نەپرىتىم بارلىقىنى دەپمۇ بولالمايمەن. سىز توي قىلىپمۇ يالغۇزلۇق ئازابىنى تارتتىڭىز. ئۇ سىزگە ئەرلىك مەجبۇرىيىتىنى بىرەر قېتىم ئادا قىلدىمۇ؟ بىرەر قېتىم سىزگە ئۆز ئايالىدەك مۇئامىلە قىلىپ باقتىمۇ؟ گەرچە تومۇرىمىزدىكى ئۇنىڭ قېنى بولسىمۇ بىز تا بۈگۈنگىچە ئۇنىڭ دادىلىق مېھرىدە قارىغىنىنى بىلمىدۇق. بىز ھەتتا ئۇنىڭ بىرەر قېتىم ئەركىلىتىشىگىمۇ ئېرىشەلمىدۇق. كىچىكىمىزدىن ئۇنى كۆرسەك «بىزنى ئۇرمىسىدى» دەپ قورقۇپلا كەلدۇق. بىزنىڭمۇ دادىمىزنىڭ مۇرىسىگە مىنىۋېلىپ تۇ-

روپ ئات قىلىپ ئوينىغۇمىز، ئونىڭ پېشىگە ئېسىلىپ ماڭغۇ-
مىز، ئۇ ياساپ بەرگەن تال چىۋىقلارنى ئات قىلىپ چاپقۇمىز
كەلگەن، بىراق بىز ئۇنداق قىلالمىدۇق. بىزنىڭ باللاردا بولى-
دىغان شېرىن ئارزۇ — ئىستەكلىرىمىزنى، نۇرغۇنلىغان دادىلار
باللىرىغا تىلەيدىغان بەخت يولىمىزنى ئۇ ئۆز قولى بىلەن كۆمۈ-
ۋەتكەن. قاراڭ، ماۋۇ تارتۇقلارغا، بۇلارنى كىم قىلغان؟ بۇلارغۇ
ساقىيىپ كەتتى، لېكىن ئۇ يۈرىكىمىزگە سېلىۋەتكەن يارىلار
ساقىيامدۇ؟ ئۇ مەڭگۇ ساقايمايدۇ. شەلۋەرەپ بىزنى مەڭگۇ ئازاب-
لايدۇ. مېنىڭ بۇرۇنلا ئۇنداق دادام ئۆلگەن. ئەپسۇس، مېنىڭ
قولۇمدا ئۆلمەي قالدى. سىز ئاۋۋال ئىنسانلىق بۇرچىڭىزنى
ئەمەس، بىزنىڭ يوقاتقانلىرىمىزنى ئويلاپ بېقىڭ. مېنىڭ ئۇنى
كۆرەر كۆزۈم يوق!

سۆزلەۋېتىپ يىغلاپ كەتتىم. ئاپام كۆزلىرىنى بىر نۇقتىغا
تىككىنىچە جىمجىت ئولتۇراتتى. سىڭلىمۇ بوقۇلداپ يىغلىغى-
نىچە ئاپامنىڭ مۈرىسىگە بېشىنى قويۇۋالغانىدى. بىچارە سىڭلىم
تۇغۇلۇپ تا ھازىرغىچە دادامنىڭ چىرايىنى ھەر قېتىم كۆرگەندە،
ئۇنىڭ قۇلىقىغا سىڭىپ كەتكىنى دادامنىڭ بوراندەك گۈركىرەپ
چىقىدىغان ئاۋازى بولسا كېرەك. كىچىك چېغىدا دادام كەلسىلا
نەچچە كۈن شوك بولۇپ قالاتتى. ئۇنىڭ قەلبىگە دادام بوۋاق
چېغىدىن تارتىپلا قورقۇنچ ئۇرۇقىنى چېچىۋەتكەنىدى.

— «ئازماس ئاللا» دەپتىكەن، قىزلىرىم، — دېدى ئاپام
كۆزىدىكى ياشنى ياغلىقىنىڭ ئۇچىدا سۈرتۈپ، — ھەركىم قىلسا
گۇناھى ئۆزىگە. مەيلى ياخشى ياكى يامان بولسۇن، ئادەم دېگەن
ئەپۇچان بولۇشى لازىم. مېنىڭ دەردىمنى ئاز دەپ قالماڭلار،
داداڭلارنىڭ ماڭا قىلغان زۇلۇمىنى، ئۇنىڭدىن كۆرگەن خورلۇق-
لىرىمنى ئويلىسام ئۇنى ئۆز قولۇم بىلەن چانىۋەتكۈم كېلىدۇ.
قانداق قىلىمەن، پېشانەمگە پۈتۈلگىنى شۇ تۇرسا؟ تارتماي نېمە
ئىلاج دەيسىلەر؟ داداڭلار نەچچە قېتىم قىماردا ئۇتتۇرۇۋەتكەن-

دىمۇ، تاپاق ئاستىدا پۇت - قوللىرىم سۇنغاندىمۇ ئۇنىڭ بويۇنىغا قايتا قارىماسلىققا قەسەم قىلغانمەن، بىراق يەنىلا ئۇنداق قىلال-مىدىم. ئىختىيارسىز ئۇنىڭغا بويسۇندۇم، «تۈزىلىپ قالارمى-كىن، ئادەم بولۇپ قالارمىكىن» دېگەن ئۈمىدتە ئۇنى ئەپۇ قىلى-ۋەتتىم، بىراق ئۆمرۈمنىڭ تەڭ يېرىمى ئۆتكۈچە كۈتكەن ئۈمى-دىم يوققا چىقتى، شۇنداقتىمۇ ئۇنى يەنىلا ئەپۇ قىلالايمەن. ئادەم كەڭ قورساق بولغاندىلا نۇرغۇن ئىشلارغا بەرداشلىق بەرگىلى بولىدىكەن. ھازىر داداڭلار ئېغىر كۈنگە قاپتۇ، خوتۇنىنىڭ ئە-نىسى ھېزىم ئۇلارنى پۇل بېرىشكە قىستايدىكەن. بەرمىسە ئۇرۇ-دىكەن، پۇل تېپىپ بېرىسەن، دەپ ئۇنى ئۆيدىن قوغلاپمۇ چىقى-رىپتۇ. داداڭلار بىزگە قىلغانلىرىنى ئەمدى ئۆزى تارتىۋېتىپتۇ. مەن بىرقانچە كۈن ئويلاپ داداڭلارنى يوقلاپ قويۇش نىيى-تىگە كېلىپ بولدۇم. ئەگەر سىلەر خالىماساڭلار مەيلى بارماڭلار.

ئاپامغا ئىچىم ئاغرىدى. ئاپامنىڭ شۇنداق خورلۇق ئىچىدىمۇ چىشىنى چىشلەپ ياشاپ كەلگەنلىكىنى چۈشەنگەندەك، ئۇنىڭ نەقەدەر ئاق كۆڭۈل ئايال ئىكەنلىكىنى بۈگۈنلا كۆرگەندەك بول-دۇم. ئاپامنىڭ تەمەدىن يىراق، شەخسىيەتسىز كۆڭلى بىردىنلا قەلبىمنى ئەزدى. نېمىشقىدۇر ئاپامنى دادامنىڭ يېنىغا بېرىش-تىن توسۇشقا ۋىجدانىم يول قويمىدى. ئەتىسى ئاپام تەييارلىقنى قىلىپ قوشنا يېزىغا ماڭماقچى بولغان چاغدا، ئۇنى يالغۇز ئەۋە-تىشكە كۆزۈم قىيماي، سىڭلىمنى ئېلىپ ئۇنىڭغا ئەگەشتىم. بىز يول بويى بىر ئېغىزمۇ پاراڭلاشماي ئۇ يەرگە يېتىپ كەلدۇق. ئاپام بىلەن قويۇق ئارىلىشىدىغان ھەلىمە ئانامنىڭ ئۆيىگە پەتىلەپ بولغاندىن كېيىن، ھەلىمە ئانامنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە دادام-نىڭ ئۆيىگە كەلدۇق. ئىشىك تۈۋىدە ئاپام بىرھازا تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدى. كېيىن تەكەللۇپسىزلا ئىشىكنى ئېچىپ ھويلىغا كىردۇق. كەڭ ھويلىدىكى ياغاچ كارىۋاتتا دادام سوزۇلۇپ ياتات-

تى. قاچانلاردا چىلاپ قويۇلغان نانكىن، ئۇنىڭغا بىر توپ چىۋىن ئولىشىۋالغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ گىژىلدىغان ئاۋازى ئەتراپنى بىر ئالغانىدى. بىز دادام ياتقان كارىۋاتنىڭ ئالدىغا كېلىشىمىزگە، كەينى ئىشىكتىن بىر باغلام چامغۇرنى كۆكى بىلەنلا كۆتۈرۈپ كىرگەن ئايالى بىزنى كۆرۈپ جايىدا «جىممىدە» توختاپ، نېمە قىلارىنى بىلمەي قالغاندەك تەمتىرەپ كەتتى. ئۇنىڭ چىرايى ئاۋۋال تاتىرىپ ئاندىن قىزاردى. قولىدىكى چامغۇرنى تام تۈۋىگە تاشلاپ قويۇپ بىزنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. مەن دەل شۇ چاغدا ئاپامنىڭ چىرايىدا پەيدا بولغان رەشك ئوتىنىڭ ئۇچقۇنىنى كۆرۈپ قالدىم. ئاپاممۇ قىلچە چاندۇرماي ئۇلار بىلەن ئەھۋاللاش-تى. دادام سۇسقىنە باش لىڭشىتىشتىن باشقا ھېچقانداق ئىپادە بىلدۈرمىدى. ئايالى مېنىڭ ھېلىقى چىنىدىكى نانغا قاراپ قالغان-لىقىمدىن خىجىل بولدىمۇ، ناننى ئېلىۋېتىپ بىزگە داستىخان سالدى. ئارىنى ئادەمنى بىئارام قىلىدىغان جىمجىتلىق باستى. سىڭلىم دادامغا يەر تېگىدىن قارىغىنىچە ئاپامغا چاپلىشىپ قالاي دېگەنىدى. مەن سىڭلىمغا قاراپ نېمىشقىدۇر ئىچىم سىيرىلىپ كەتتى. بىچارە سىڭلىم تۇغۇلغاندىن بېرى، دادامنىڭ بىرەر قېتىم قولىغا ئېلىپ ئەركىلىتىشىگە مۇيەسسەر بولمىغانىدى.

— قانداقراق ياتىلا، توختاخۇن؟ — دېدى ئاپام ئارىدىكى جىمجىتلىقنى بۇزۇپ، — سىلىنى ساقىسىز بولۇپ قاپتۇ، دەپ ئاڭلاپ بالىلارنى ئېلىپ كېلىشىم ئىدى.

— خۇداغا شۈكرى.

دادام شۇ گەپنى دەپ بولۇپلا سىڭلىم تەرەپكە قارىدى. ئۇ خۇددى سىڭلىمنىڭ ئۆز قىزى ياكى ئەمەسلىكىنى بىلمەكچىدەك ئۇنىڭغا ئۇزۇنغىچە قارىغاندىن كېيىن ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ كۆزلىرىنى تورۇسقا تىكتى. بىز ئۇنىڭ يېنىدا ئۇزاق ئولتۇرمى-دۇق. بىز كەتمەكچى بولغاندا ھېچكىم بىزنى ئۇزاقراق ئولتۇ-رۇشقا تەكلىپمۇ قىلمىدى. بىز ئەمدى دەرۋازا ئالدىغا كېلىۋد-

دۇق، دەرۋازا ئالدىغا بىر ساقچى پىكاپى كېلىپ توختاپ بىرقانچە ساقچى ئۇدۇللا ھويلىغا كىرىپ كەلدى. بىزمۇ تۇرۇپ قالدۇق.

— ھېزىم كەلدىمۇ؟ — دېدى كىرگەن ياپىلاق يۈز ساقچى دادامنىڭ ئايالىغا جىددىي قىلىپ.

— ياق، كەلمىدى. بىرقانچە كۈن بولدى، ئۇ بۇ يەرگە كەلمىگىلى.

— ئۇنداقتا مەيلى، لېكىن ئۇنى كۆرۈپ قالساڭلار دەرھال بىزگە خەۋەر بېرىڭلار. يوشۇرساڭلار سىلەرمۇ ئوخشاشلا جاۋابكار بولىسىلەر، — دېدى ھېلىقى ساقچى قولىدىكى بىر پارچە قەغەزنى بىزگە كۆرسىتىپ، — بۇ ئۇنى تۇتۇش بۇيرۇقى.

ئۇلار كەينىگە يېنىپ مېڭىشۋېدى، دادامنىڭ ئايالى ئەمدىلا ھوشىغا كەلگەندەك، ئۇلارنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ دەرۋازا ئالدىغا كەلدى.

— توختاڭە، ئۇكام. ئۇ بىر ئىش قىپتىمۇ؟ — دېدى ئايال چىقىپ كېتىشكە تەمشىلىپ تۇرغان ساقچىغا، — ئىككى كۈن ئىلگىرى ئۇ جۇۋاينىمەك ئاپامدىن قالغان ئالتۇن زىرىنى ئوغرىلاپ كېتىپتۇ. ئۇنىڭدىن يوشۇرۇپ تامنىڭ كامىرىغا تىقىپ لايلاپ قويغان.

— ئۇ ئاخشام ناھىيىدە بىرەيلەنگە پىچاق سېلىپ قېچىپتۇ، گۇۋاھچىلار تولۇق بولغاچقا تۇتۇش بۇيرۇقى چىقىرىلدى.

ئۇلار قانداق تېز كىرگەن بولسا شۇنداق تېز چىقىپ كەتتى. بىزمۇ ئۇلارنىڭ كەينىدىن ھويلىدىن چىقتۇق. نېمىشقىدۇر ئەمدە نامەلۇم بىر خىل خۇشلۇق پەيدا بولۇپ يۈرىكىم سەكرەپ كەتتى. نېمىلا بولمىسۇن، جەمئىيەتكە زىيانلىق بىر پارازىت قۇرت يوقىلىش ئالدىدا تۇراتتى. ئۇنىڭ ئەينى چاغدىكى قىلمىشىنى ئويلاپ ساقچىلارنىڭ بوگۈنلا تۇتۇپ ئېتىپ تاشلىشىنى تىلەپ كەتتىم. ئىككى كۈندىن كېيىن تېلېۋىزوردا ئۇنىڭ قولغا چۈشكەنلىكىنى خەۋەر قىلدى. شۇ كۈنلەردە مېنى ئەگىپ «ئاھ —

ۋاھ» لاپ ئۆيىمىزنىڭ ئەتراپىنى ئايلىنىپ كېتەلمەيدىغانلار كۆپىي-
يىپ قالغانىدى. بەزى چاغلاردا ئاپاممۇ «بېشىڭنى ئوڭلا!» دەپ
نەسىھەت قىلاتتى. تۇرمۇشتىن رايىم يېنىپ كەتكەچكە، قايتا
تۇرمۇشلۇق بولۇشنى ئويلاپمۇ قويمايتتىم. شۇڭا، سىڭلىم-
نىڭ خىزمەت قىلىشتا سىرتتا يېتىپ جاپا تارتىدىغانلىقىنى ئېي-
تىپ، ئاپامنى ناھىيىدىكى ئۆيىمىزگە كېتىشكە ئاران ئۇناتتىم.
بىر ئايدەك ۋاقىت ئىچىدە يېزا بازىرىدىكى دۇكاننى سېتىپ
كۆچۈپ كەتتۇق. بىزنىڭ بۇ ئىشىمىزدىن سىڭلىم قەۋەتلا خۇشال
بولۇپ كەتتى. ئاپام ۋە سىڭلىمنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بولغاندىن
كېيىن، بۇرۇن ئارىلىشىپ ئۆتىدىغان تىجارەتچى دوستۇم روشەن-
گۈلنىڭ ياردىمى بىلەن ناھىيە بازىرىنىڭ ئەڭ ئاۋات يېرىدىن بىر
دۇكان ئىجارە ئالدىم. روشەنگۈل بىلەن بىللە ئۈرۈمچىگە بېرىپ
مال كىرگۈزدۇم. ئۆزۈم ئايال بولغاچقىمۇ ياكى بۇرۇن ئاياللار-
نىڭ نەرسە - كېرەكلىرىنى سېتىپ ئادەتلىنىپ قالغاچقىمۇ، بۇ
قېتىمقى ماللىرىم ئاساسەن ئاياللارنىڭ تۇرمۇش بۇيۇملىرىدىن
تارتىپ ئەتىر سوپۇن، كىيىم - كېچەكلەرگىچە تولۇق ئىدى.
شۇڭا دۇكىنىم ئېچىلىپ بىرەر ھەپتىلەردىن كېيىن سودا ناھايى-
تى يۈرۈشۈپ كەتتى. بۇ دۇكاننىڭ پايدىسى يېزىدىكى دۇكاننىڭ
پايدىسىدىن ئون ھەسسە يۇقىرى ئىدى. سودام ياخشى بولغانسېرى
مېنىڭ تېخىمۇ كۆپ پۇل تېپىپ باي بولغۇم كېلىدىغان، كېچى-
لىرى باي بولۇشنىڭ پىلانىنى تۈزۈپ ئۇيقۇم كەلمەيدىغان بولۇپ
قېلىۋاتاتتى. پۇلنىڭ سېھرىي كۈچى مېنى بارغانچە ئۆزىگە تار-
تىپ باشقا ئىشلارنى ئويلاشقا چولامۇ تەگمەيتتى. بىر يىل ئەنە
شۇنداق ئالدىراشچىلىق ئىچىدە ئۆتۈپ كەتتى. ئائىلىمىز ھېچنې-
مىدىن قىسىلمايتتى. سىڭلىمغا ئۆزۈم ئۇنىڭدەك چاغدا كىيەلمى-
گەن كىيىملەرنى ئەكېلىپ بېرەتتىم. مەن كۆرمىگەن ياخشى
كۈنلەرنى ئۇنىڭغا كۆرسىتىشنى ئويلايتتىم. سىڭلىمنىڭ زىلۋا
قامىتىگە قاراپ: «مېنىڭمۇ شۇنداق چاغلىرىم بولغىيمىتتى» دەپ

ئويلاپ كېتەتتىم. ئۇنىڭدەك چاغلىرىمدا تارتقانلىرىنى كۆڭۈل-
دىمغا كەلتۈرۈشتىن قورقاتتىم. ئاپامنى ھېچقانداق ئىش قىلال-
دۇرمايتتىم. ئۇنى جاھاننىڭ راھىتىنى كۆرسۇن، دەپ ئويلايت-
تىم. لېكىن، بەزى كۈنلەردە تۇرمۇشىمدا نېمىدۇر بىر نەرسى-
كەمدەك غېرىبسىنىپ قالاتتىم، ئىچ ـ ئىچىمدىن يىغا تۇتاتتى.
ئىختىيارسىز مۇھەممەت خىيالىمغا كىرىپ قالاتتى. ئۇنىڭغا نەپ-
رەتلەنسەممۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆتكەن كۈنلەرنى ئويلاپ ئۇنى
سېغىنىپ قالاتتىم. مۇھەممەتنىڭ دۇكىنى يەنىلا بۇرۇنقى ئورنى-
دا بولۇپ، يېڭى سودا بازارلىرى قۇرۇلۇپ ئۇنىڭ دۇكىنى بىر
چەتتە قالغانىدى. بىر قانچە قېتىم ئۇنىڭ دۇكىنى تەرەپكە بىر
ئىشلار بىلەن ئۆتۈپ، ئۇنىڭ دۇكان ئالدىدا چۆپ قورۇپ ئول-
تۇرغىنىنى كۆرۈپ قالدىم. ئۇنىڭ سودىسىنىڭ بۇرۇنقىدەك ياخ-
شى ئەمەسلىكى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بىر قېتىم مەن ئۇنىڭ بىلەن
ئۇرۇمچىنىڭ بىر توپ سېتىش بازىرىدا دوقۇرۇشۇپ قالدىم. ھەر
ئىككىمىز بىر خىل مالنى ياقتۇرۇپ قالغانىكەنمىز. مەن ئۇنىڭ
بىلەن ئاجرىشىپ كەتكەندىن كېيىن، تۇنجى قېتىم بۇنداق يېقىن
ئارىلىقتا كۆرۈشۈپ قېلىشىم بولغاچقا ھودۇقۇپ كەتتىم. ئۇ
مەندىن سۇسلا ئامانلىق سورىدى.

— ياردەم كېرەكمۇ؟ — دېدى ئۇ مالنى ئوراۋاتقان ۋاقتىم-
دا.

— رەھمەت! — دېدىم بىر ئىشلەمچى بالىنى چاقىرىۋېتىپ.
ئۇ گەپ قىلماي دۇكاندىن يىراقلاشتى. مەن ئىشلەمچى بالىغا
مالنى كۆتۈرتۈپ توپ تارقىتىش بازىرىدىن چىقىۋاتقىنىمدا يەنە
ئۇنىڭ بىلەن تەڭ كېلىپ قالدىم.

— ئاڭلىسام، دۇكىنىڭىزنىڭ سودىسى بەك ياخشىمىش.
ئۆيدىكىلەرنىمۇ كۆچۈرۈپ ئەكېلىۋاپسىز، — دېدى ئۇ يول بويىدا
تاكسى ساقلاپ تۇرغىنىمدا يېنىمغا كېلىپ.

مەن ئۇنىڭغا ئەگىشىپ يۈرگەن يېشى ئون سەككىزلەردە بار



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

خەنزۇ قىزغا كۆزۈمنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ قويۇپ مۇھەممەتكە گەپمۇ قىلماي ئۇلاردىن يىراقلاشتىم. كېتىۋېتىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئۇزۇنراق تۇرۇۋالغۇم، بىرنەچچە ئېغىز ئارتۇقراق گەپلەشكۈم كېلىپ، ئارقامغا قايتا قاراي، دەپمۇ قارىيالمىدىم. نېمىشقىدۇر ئۇنىڭ يېنىدىكى قىزغا كۈنداشلىقىم تۇتۇپ كەتتى. بۇ تۇيغۇ مەندە قانداق تېز پەيدا بولغان بولسا شۇنداق تېز يوقاپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئاشۇ تۇيغۇمنى ئىنكار قىلىدىغان كۈچلۈك نەپرەت ئالماشتى.

مەن قايتىپ كېلىپ ئىككى ھەپتىدىن كېيىن مۇھەممەت دۇكىنىنى مېنىڭ دۇكىنىمنىڭ ئۇدۇلىغا يۆتكەپ كەلدى. ئۇنىڭ نېمىشقا بۇنداق قىلغانلىقىنىمۇ بىلمەيتتىم. ئۇنى ھەر كۈنى كۆرۈپ تۇراتتىم. ئۇنى كۆرگەنچە ئۇنىڭ بىللە ئۆتكەن سەھەرادىكى تۇرمۇشىمىز ئېسىمگە كېلىپ مېنى ئارامسىزلاندۇراتتى. ئۇنىڭدىن مەن ئىلگىرى سۆيگەن مۇھەممەتنىڭ ئىزناسىنى ئىزدەيتتىم. ئۇنىڭ يىراقتىن مېنى مەنسىتمىگەندەك مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇشى جېنىمغا تېگەتتى. ئۇ كۆرەڭلىك بىلەن دۇكىنىنىڭ ئالدىغا چىقىپ ھېلىقى قىزنى ئەركىلىتىپ قوياتتى، ئۇنىڭ بىلەن قارتا ئوينايتتى. قىز بەزىدە قاقاقلاپ كۈلگىنىچە ئۇنىڭغا يۆلىنىۋالاتتى. بۇنداق چاغلاردا ئۇنىڭ دۇكىنىغا قارىماي دەپمۇ قاراپ سالاتتىم. ئىچىمدە بىر يېرىمنىڭ ئاغرىغاندەك قىلغانلىقىنى سېزەتتىم. ئاخىرى مەن بۇنداق ھالەتنى كۆرۈۋېرىشكە چىدىيالماي قالدىم. سەھرادىن بىر قىزنى ئەكېلىپ دۇكانغا قارىتىپ قويۇپ، ئۆزۈم كۈندە بىر - ئىككى قېتىم كېلىپ كېتىدىغان بولدۇم.

— توۋا قىلدىم، — دېدى قوشنا دۇكاندىكى ئايال بىر كۈنى چۈشتە، — خۇدايىم نېمە ئىشلارنى كۆرسىتىدىغاندۇ بىزگە؟ قاراڭە ئۇنىڭ قىلىقلىرىغا، ئادەمنىڭ قۇسقۇسىنى كەلتۈرۈپ. كۈپكۈندۈزدە ھايا دېگەننىمۇ قايرىپ قويۇپ قۇچاقلىشىپ تۇرغان. «شاھناز» دېگەننىڭ داڭلىق خېنىمى دەيدۇ. بىرقانچە يىلدىن

بېرى مۇھەممەت باي كۆتۈرە ئالغانىكەن. ئەمدى قويۇپ بەر ئۇنى ئالىمەن! » دەپ ئۆيىگىلا ئەكىلىۋاپتۇ. مۇشۇ يېشىدا بىرەر بالىغا دادا بولۇپ ئىسسىق ئۆينىڭ راھىتىنى كۆرىدىغان چېغى كەمسىمۇ ئۇنىڭ؟ ئەر خەق دېگەننىڭ كۆڭلىنىڭ ئېگىز - پەسى يوق ئوخشايدۇ. ئۆزىدەك قانچىلىغان بايلارنى ئۇزاتقان نېمىلەرنى كۆڭلى كۆتۈرۈپ خوتۇن قىلىمەن دېگەندىكىن. ئۇنداقلارنى ھازىر كىشىلەر توخۇ دەمدىكىن، ئىشقىلىپ. ئەنە قاراڭ، ئۇلارنىڭ ھاياسىزلىقىغا، توۋا، بالىلىرىمنىڭ كۆڭلىگە ئىنساپ بەرگەيسەن ئۇلۇغ خۇدايىم!

مەن قوشنا دۇكاندار كۆرسەتكەن تەرەپكە قارىمىدىم. راستىنى دېگەندە قاراشقا جۈرئەت قىلالمايتتىم. مەن ئەزەلدىن مۇھەممەت ئىككىمىز ئوتتۇرىسىدىكى ئىشلارنى باشقىلارنىڭ بىلىشىنى خالىمايتتىم. خەقنىڭ: «قاراڭلار، ئەر - خوتۇنلار بەس تالىشىۋېتىپتۇ» دېيىشىنى خالىمايتتىم. مۇھەممەتنىڭ قىلىقلىرىدىن مېنى مەنسىتمىگەنلىكى چىقىپ تۇراتتى. ئۇ ماڭا ئۆزىنى قانچە كۆرسەتمەكچى بولسا، مەنمۇ ئۇنىڭغا ئۆزۈمنىڭ ياردەمسىز ئەمەسلىكىنى بىلدۈرۈپ قويۇشقا تىرىشاتتىم.

شۇ تاپتا ئۇنىڭ مەندىن ئېشىپ چۈشكۈدەك بايلىقى بار دېيىشەلمەيتتىم. مەندىن ئارتۇق يېرى، ئۇنىڭ يېنىدا بىر قىز بار ئىدى. ئۇ ھېلىقى قىز دۇكىنىغا كەلگەن چاغلاردا مېنىڭ دۇكىنىمغا بىر قارىۋېتىپ ئاندىن ئۇنى ئەركىلىتىپ قوياتتى، كېيىن مەن ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشلىرىغا پەرۋا قىلمايدىغان بولدۇم. ئۇنىڭدىكى ئۆزگىرىشلەرگە قاراپ ئۇنى سېغىنىشىممۇ يوقاپ، ئۇنى يات ئادەمدەك ھېس قىلىدىغان بولۇپ قالغانىدىم.

— كەچتە ئۆيگە بېرىڭ، مۇڭداشمىغىلى ئۇزاق بوپتۇ، — دېدى بىر كۈنى دوستۇم رۇشەنگۈل، — سىزگە دەيدىغان گەپ بار. مەن كېلەي دېسەم دۇكانغا قارايدىغان ئادەم يوق.

— مەنمۇ زېرىكىپ تۇراتتىم، بولمىسا ئەتە دۇكىنىڭىزغا

مەنلا باراي، دۇكىنىمدا ئادەم بولغاندىكىن. تاماق يېمەي تۇ-
رۇڭ، مەن تاماق ئاپىرىمەن. ئىككىمىزنىڭ بىللە تاماق يېمىگى-
مىز ئاسان ئەمەس. ئەتە ئېرىڭىز بازاردىن تاماق يېسۇن، —
دېدىم ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇمچىگە مالغا بارغاندىن كېيىن
كۆرۈشمىگىنىمنى ئويلاپ.

ئەتىسى مەن ئۇ ياخشى كۆرىدىغان تۇگرە (جۇۋاۋا) قىلىپ
ئۇنىڭ دۇكىنىغا باردىم. روشەنگۇل بىلەن مۇھەممەتنىڭ دۇكى-
نىنى ئېچىۋاتقاندا تونۇشقانىدىم. ئوچۇق - يورۇق، ئادەمنىڭ
كۆڭلىنى چۈشىنىدىغان بۇ ئايالنى ناھايىتى ياقتۇراتتىم. ئىككى-
مىز ئۇچراشقان چاغلاردا بىر كۈن مۇڭدىشىپمۇ گېپىمىز تۈگى-
مەيتتى. بۇگۈنمۇ تاماقتىن كېيىنلا ئۇنىڭ - بۇنىڭ پارىڭىغا
چۈشۈپ كەتتۇق.

— بىر گەپنى دېسەم نېمە دەرسىز، لەيلىگۇل! سىزگە
قارىسام بۇ توغرۇلۇق ھېچبىر ئىنكاس باردەك ئەمەس، — دېدى
ئۇ كۆزلىرىنى غەلىتە ئوينىتىپ.

— دەڭا، ئىككىمىز ئوتتۇرىسىدا دېيەلمەيدىغان نېمە گەپ
بار ئىدى؟ بەربىر پاراڭلىشىمىز، دەپ بىر يەرگە كەلگەندىن
كېيىن گەپنىڭ كۆپرەك بولغىنى ياخشى، — دېدىم مەنمۇ كۆڭ-
لىمدىكى گەپنى قىلىپ.

— سىزدىن باشقا ھەرقانداق بىرى بىلەن پاراڭلاشسام ئارىدا
بىر - ئىككى ئېغىز ئەرنىڭ گېپى بولماي قالمايتتى. قارىسام
ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا پەقەت ئەر كىشىنىڭ گېپى بولمايدى-
كەن، بۇگۈن مەن سىزگە ئەر خەقنىڭ گېپىنى قىلاي. شۇنچە
ۋاقىتتىن بېرى سىزدىن ئۇنداق سادا چىقىدىغاندەك ئەمەس.
قايسى كۈنى بىرى ماڭا سىزنىڭ گېپىڭىزنى قىلىۋېدى، دەيمۇ
- دېمەيمۇ، دەپ خېلى ئويلاندىم. ئايال كىشى دېگەنگە ئۆيگە باش
بولغۇدەك بىر ئەر بولمىسا بولمايدۇ. سىزنىڭ ئەر كىشىدىن
رايىڭىز يېنىپ كەتكىنىنى بىلىمەن، بىراق تۇرمۇشنى بىر ئۆمۈر

يالغۇز ئۆتكۈزىمەن، دېيىشمۇ ئاقىلانىلىك ئەمەس. شۇڭلا ئۆلگىچە ئۆلۈم يوققۇ، دەپ سىز بىلەن پاراڭلىشاي دېگەن.

— ئۇ گەپلەرنى قىلغۇم يوق، روشەنگۇل. مەن قايتا ياتلىق بولۇشنى ئويلاپ باقمىدىم. قىزلىق باھارىم ئازاب ئىچىدە سولىشىپ تۈگىدى. مۇھەممەت بىلەن توي قىلىپ بىر مەزگىل بەختلىك ياشىغان بولدۇم، لېكىن ئۇ بەختمۇ مېنى يەكلىدى. قاردىغاندا، پېشانەمگە مۇشۇنداق ياشاش پۈتۈلگەن ئوخشايدۇ. «ئەمدى يەنە بىرەر دەردكە ئۇچرىسام بىراقلا ۋەيران بولىمەنمىكىن؟» دەپ قورقىمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە سىز بىلىسىز، مەن دېگەن تۇرمىگە كىرىپ چىققان «قاشقىسى» بار ئايال. مۇشۇ ھالىتىمدە بايلىقىمنى دېمىسە، كىممۇ مېنىڭ ھۆرمىتىمنى قىلىپ مېنى چىن يۈرىكىدىن سۆيەر. بۇنى ئويلىسامىلا بىر ئۆمۈر مۇشۇنداق تەنھا ئۆتكۈم كېلىدۇ.

— بۇنداق دېگىنىڭىز بىلەن يالغۇزلۇق دېگەن جانغا ئېكەك. كۆڭلەرنىڭ بىرىدە سىزمۇ قېرىيسىز، ئۇ چاغدا قانداق قىلىسىز؟ يالغۇزلۇق ياش ۋاقتىڭىزدا بىلىنمىگىنى بىلەن قېرىغاندا بىلىنىدۇ. باشقا ئىشلارنى ئويلىماي ئاۋۋال ئۇ كىشى بىلەن كۆرۈشۈپ بېقىڭ. مەن سىزگە يامان يەرنى تونۇشتۇرمايمەن. ئۇ بىزنىڭ ئادەمنىڭ ئاغىنىسى، ئايالى ئۆلۈپ كەتكەن. ئۇمۇ سىزدەك سودىگەر، مىنىڭچە ئىككىڭلار بەك ماس كېلىسىلەر. بۇنداق تاش چىشلەپ تۇرماي، ئاۋۋال مېنىڭ يۈزۈمنى قىلىپ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ بېقىڭ! ئەگەر كۆڭلىڭىزگە ياقمىسا ھەرگىز سىزگە ئۇنىڭ گېپىنى قىلمايمەن. يېپىق قازان يېپىق پېتى قالىدۇ.

مەن ئۇنىڭ گېپىنى رەت قىلىشقا ئامالسىز قالدىم. روشەنگۇل ماڭا كۆپ يار دەملەرنى قىلغانىدى. ئەگەر ئۇ بولمىغان بولسا ناھىيىدىكى دۇكىنىممۇ، بۈگۈنكى كۈنۈممۇ بولمايتتى. شۇلارنى ئويلاپ ئۇلارنىڭ ئۆيىگە يەكشەنبە كۈنى كېلىدىغان بولدۇم.

شەنبە كۈنى نېمىشقىدۇر ئۇخلىيالمىدىم. يەكشەنبىدىكى

ئۇچرىشىشىنى ئويلىسام خۇددى تويى بولىدىغان قىزدەك جىددىي-
لىشەتتىم. يەكشەنبە كۈنى سەھەردە يۇيۇنۇپ ئادەتتىكىچە ياسان-
دىم. روشەنگۈلنىڭ ئۆيىگە كېلىشتىن ئىلگىرى تاللا بازىرىدىن
ئۇنىڭ بالىلىرىغا ئازراق يېمەكلىك سېتىۋالدىم.
— ۋاي - ۋۇي، ئەمدى كەلگىنىڭىز نېمىسى؟ — دېدى
روشەنگۈل ئىشىكتىن كىرىشىمگە پەس ئاۋازدا، — خەق كەلگىلى
نەۋاخ، تېز كىرىڭ!
مەن مېھمانخانىغا كىرگەندە، مېھمانخانىدا ئۇنىڭ ئېرى يال-
غۇز ئىدى. مەن روشەنگۈلگە قارىدىم. ئۇ قولى بىلەن تازىلىق
ئۆينى شەرت قىلدى. مەن روشەنگۈلنىڭ ئېرىدىن ئەھۋال سورى-
غاچ ساپاغا كېلىپ ئولتۇردۇمۇ، ئورنۇمدىن قانداق تۇرۇپ
كەتكىنىمنى تۇيماي قالدىم. روشەنگۈل بىلەن ئېرى بىر ماڭا،
بىر تازىلىق ئۆيىدىن چىققان كىشىگە قارىغىنىچە تۇرۇپلا قالدى.
— قېنى، ھەسەنجان، ئولتۇرايلى، — دېدى روشەنگۈلنىڭ
ئېرى بىر ئىشنى چۈشەنگەندەك قىلىپ، — سىزمۇ ئولتۇرۇڭ،
لەيلىگۈل.
مەن ئاستا جايىمدا ئولتۇردۇم، لېكىن ئالدىمدىكى چىراي-
نىڭ باشقا بىرىنىڭ چىرايى بولۇپ چىقىشىنى تىلەيتتىم. ھەرقان-
چە قىلىپمۇ ئۇ كىشىگە بېشىمنى كۆتۈرۈپ قاراشقا جۈرئەت
قىلالمىدىم. مەن كۆرۈۋاتقان چىراي بىر چاغلاردا بىز بىلەن
دۇكان تالىشىپ قالغان، مەن باش - ئاخىرى يوق گەپلەرنى
قىلىپ ئېلەشتۈرۈۋەتكەن كىشى ئىدى. مەن مۇھەممەت ماڭا ۋە
ئۇنىڭغا تەھدىت سېلىش ئۈچۈن يوشۇرۇن تارتقان ھېلىقى سۈرەت-
نى ئويلاپ تېخىمۇ خىجىل بولۇپ ئولتۇرالماي قالدىم. يېرىم
سائەتلەردىن كېيىن روشەنگۈلنىڭ تاماقتا تۇتۇشىغىمۇ، يامانلى-
شىغىمۇ قارىماي ئۆزرە سوراپ ئۇلارنىڭ ئۆيىدىن خوشلىشىپ
چىقتىم، خىجىللىقتا يۈزلىرىم ئوت بولۇپ ياناتتى. روشەنگۈل-
نىڭ گېپىگە كىرگىنىمگە مىڭ قېتىم پۇشايمان قىلدىم. ئۆز

ۋاقتىدا مۇھەممەت ئۇنىڭغا تەھدىت سېلىپ پۇل ئۈندۈرگەندە، ئۇنىڭ مېنى نېمە دەپ ئويلاپ قالغانلىقىنى ئويلىساملا بۇ دىيىشى-نىڭ مۇشۇنداق توغرا كېلىپ قالغانلىقىدىن ھەيران بولاتتىم. شۇنىڭدىن كېيىن بىرقانچە كۈنگىچە قويغان ـ تۇتقىنىمنى بىلمەي يۈردۈم.

— قانداقراق، ھەسەنجان سىزگە ياقتىمۇ؟ — دەپ سورىدى بىرقانچە كۈندىن كېيىن روشەنگۈل دۇكىنىمغا كىرىپلا، — سىزگە دېسەمچۇ، ھەسەنجان سىزنى بەكلا ياقتۇرۇپ قاپتۇ. ماڭا لايىق ئايالكەن، دەپ سۆزلەپلا كەتتى.

— باشقا گەپ قىلمىغاندۇ؟ — دەپ سورىدىم ئۇنىڭ بۇرۇنقى ئىشلارنى دەپ سالغانلىقىدىن ئەنسىرەپ.

— ياق، سىزنى ياقتۇرغانلىقىنىلا دىدى. ئۇ تېخى ماڭا يالۋۇرۇپ سىزگە ياخشىراق خىزمەت ئىشلىشىمنى ئۆتۈندى.

مەن يېنىك تىندىم.

— مېنىڭچە، بولمىغۇدەك، — دىدىم مەن كېيىنلا، — ئويلاپ باقسام ئاپام ئەمدىلا راھەت كۆرىۋىدى، كېسەلدىن چىقىنالماي قالدى. سىڭلىم تېخى كىچىك، ئاۋۋال ئۇنىڭ بېشىنى ئوڭشاپ، ئاندىن بۇ ئىشلارنى ئويلىساممۇ ئويلارمەن. سىز مې-نىڭ قوشۇلمايدىغانلىقىمنى دەپ قويۇڭ.

— قىزىقكەنسىز، ھازىرقى باللارغا سىز بىلەن بىزنىڭ كېرىكىمىز يوق. ۋاقتى كەلسە ئۆزى باشلاپ كەلگەن كىشىگە تويىنى قىلىپلا قويسا بولىدۇ. توي قىلسىڭىزمۇ يەنە ئاپىڭىزنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالالايسىز. قاراڭە، چېكە چاچلىرىڭىزغا ھېلى-تىن ئاق كىرىپتۇ. قانچىلىك ياشايدىغىنىمىزنى كىم بىلىدۇ. جاۋاب بېرىشكە ئالدىرىماي ئوبدانراق ئويلىنىپ بېقىڭ!

مەن روشەنگۈل قانچە سۆزلىسىمۇ «ياق» دەپ گەپنى ئۈزۈ-ۋەتتىم. ئۆيگە كەلگەندىن كېيىن ئۆزۈمگە سىنچىلاپ قاراپ كەت-تىم. راستتىنلا چېكەمدە بىرقانچە تال ئاق چاچ پارقىراپ تۇرات-

تى. كۆز ئەتراپىمدىكى ئىنچىكە قورۇقلارنى يۈز مايمۇ ياپالمىغانىدى. بىردىنلا مېنى يىغا تۇتتى. ئۆتكەن كۈنلىرىمنىڭ يادنامىسى مېنىڭ يۈزۈمگە ۋاقىتسىز قورۇقلارنى ئاتا قىلغانىدى. ئۆتكەن كۈنلىرىم ئىچىدىن خۇشال ئۆتكەن كۈنلىرىمنى ئىزدەپ باقتىم. نېمىشقىدۇر، ھازىرقى باياشات تۇرمۇشنىڭمۇ مېنى زوقلاندۇرۇپ ئىچ - ئىچىمدىن خۇشال قىلالمىغانلىقىنى ھېس قىلدىم. ئۆيدە بۇنداق ئولتۇرۇپ خىيال سۈرگەندىن دۇكاندا سودا قىلىپ ۋاقىت ئۆتكۈزۈشنىڭ مۇۋاپىقلىقىنى ئويلاپ، دۇكاندىكى قىزغا ئاتا - ئانىسىنى كۆرۈپ كېلىشكە رۇخسەت بېرىپ، دۇكاننى ئۆزۈم ئېچىشقا باشلىدىم. مۇھەممەت دۇكىنىدا كۆرۈنمەيتتى. مەن مۇھەممەتنىڭ دۇكىنىنىڭ بىر ھەپتىدىن بۇيان ئېچىلمىغانلىقىدىن ئۇنى «مالغا كەتتىمىكىن؟» دەپ ئويلىدىم. لېكىن ئۇنىڭ دۇكىنى ساق بىر ئاي ئېچىلمىدى. نېمىشقىكىن، ھەر كۈنى ئەتىگەن دۇكانغا كېلىپلا ئۇنىڭ ئىشىكىگە قاراپ سالاتتىم. دۇكاننىڭ قۇلۇپلانغان تۆمۈر ئىشىكىگە قاراپ تۇرۇپ كېتەتتىم.

— دۇكىنىڭىزدا توپ مالمۇ سېتىلىدىكەن - ھە؟

مۇھەممەتنىڭ دۇكىنىغا ھاڭۋاقىنىمچە قاراپ تۇرۇپ، دۇكانغا كىرگەن خېرىدارنى كۆرمەي قاپتىمەن. مەن ئېسىمنى يىغىپ ئاۋاز چىققان تەرەپكە قارىدىم. يۈرىكىم «قارتلا!» قىلىپ قالدى. ئالدىمدا ھەسەنجان كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى.

— ساتىمىز، — دېدىم تەمتىرەپ.

— لەيلىگۈل، بىز ياخشىراق پاراڭلىشىپ باقساق قانداق؟ — دېدى ئۇ، — مەن كۆڭلۈمدىكى گەپلەرنى دوستىڭىزغىمۇ دېگەن. بۈگۈن سىز بىلەن ئوچۇق - يورۇق پاراڭلىشىش نىيىتىدە كەلدىم. مېنىڭچە، ئازراق ۋاقىت چىقىرىپ پاراڭلىشىپ باقساق ئارتۇقلۇق قىلماسمىكىن دەيمەن.

— كەچۈرۈڭ، مەنمۇ ئويلىغانلىرىمنى روشەنگۈلگە دېگەن.

بەلكىم ئۇ سىزگە دىگەندۇ، مىنىڭ تۇرمۇش ئىشىنى ئويلاشقۇم يوق.

— سىزنىڭ مۇشۇنداق دەيدىغىنىڭىزنى روشەنگۇلنىڭ ئۆيىدىلا سەزگەنمەن. ئەگەر سىزنى تونۇمايدىغان بىرى بولۇپ قالغان بولسام، بەلكىم سىز ياخشىراق ئويلانغان بولاتتىڭىز. مىنىڭچە، ئۆتكەن ئىش ئۇچۇن بىئارام بولۇش تەبىئىي، لىكىن ئۇنى ھەممە ئىشنىڭ ئالدىغا قويۇۋىلىش ئاقىلانىلىك ئەمەس. ئىككىمىز يىڭى تونۇشقان كىشىلەر سۈپىتىدە پاراڭلىشىپ باقساق بولماسمۇ؟

— مەن ئۇنداق قىلالمايمەن، كەچۈرۈڭ!

مەن خىجىللىق ئىچىدە ئۇنىڭدىن ئەپۇ سورىدىم. ئۇ گەپ قىلماي خوشلىشىپ چىقىپ كەتتى، لىكىن مىنىڭ ئارامىم بۇزۇلدى. ئۇنىڭ دىگەنلىرىنى تولا ئويلاپ يادلىغاندەك بولۇپ كەتتىم. ئۇنىڭدىن ئۆزۈمنى قانچە قاچۇرغانچە ئۇ مىنى يوقلاشنى داۋاملاشتۇرۇپ كىلىۋاتاتتى. دۇكاندا ياكى دوقمۇشلاردا مىنى ساقلاپ تۇرۇپ، مىنىڭ جاۋابىمنى كۈتىدىغانلىقىنى بىلدۈرەتتى. بۇنداق ئۇچرىشىپ يۈرۈشنىڭ مۇۋاپىق ئەمەسلىكىنى ئويلاپ، ئۇنىڭ بىلەن ئايرىم پاراڭلىشىپ ئارىنى ئوچۇق قىلىۋەتمەكچى بولدۇم.

— سىزنىڭ ئالدىمدا خىجىل بولۇپ مۇشۇنداق قىلىۋاتقىنىڭىزنى بىلىمەن، — دىدى ئۇ ئۆزىنى تەمكىن تۇتۇپ، — سىز ھىلىقى كۈنى دوستىڭىزنىڭ ئۆيىدە مىنى كۆرۈپ ھەيران قالدىڭىز، لىكىن مەن سىز ئىكەنلىكىڭىزنى بىلىپ كۆرۈشكىلى بارغان. ئەمەلىيەتتە سىزمۇ، مەنمۇ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلارمىز. سىزنىڭ ئىشلىرىڭىزنى مەن پات - پات روشەنگۇلدىن ئاڭلاپ تۇراتتىم، كىيىن مەن ئۈرۈمچىگە كەتتىم. قايتىپ كىلىپ ئۇلارنىڭ ئۆيىگە بارغىنىمدا، روشەنگۇل سىز بىلەن مالغا كىتىپتىكەن. ئىرى ئايۇپ سىز توغرۇلۇق گەپ قىلىپ بەردى. سىزنىڭ يىڭىدىن دۇكان ئاچقىنىڭىزنى ئۇقتۇم.

— ئۇنداقتا ئۇلار مېنىڭ تۇرمىگە كىرگىنىمنى دەپتۇ-دە، — دېدىم ئۇڭايسىزلانغان هالدا، — بەلكىم سىز ئېلگىرىمۇ مېنى ئانچە دۇرۇس كۆرمىگەن بولغىيتتىڭىز؟

— بۇنى دېيىش ئۇچۇن گەپنى باشتىن باشلىسام بولىدۇ. ئۇ چاغلاردا سودىگەر باللاردىن بىرقانچىمىز ئانچە - مۇنچە شىشتخال (ماجاڭ) ئويناپ قوياتتۇق، كېيىن ئاز - ئازدىن پۇل تىكىپ ئوينىدۇق، بارا - بارا پارچە پۇلدىن چوڭىغا ئۆتتۇق. ئۇ چاغلاردا سودىمىز ناهايىتى ياخشى بولغاچقا، بىرنەچچە مىڭ كوي پۇلنى ئۇتتۇرۇۋەتسەكمۇ هېچنېمە بولمىغاندەك يۈرەتتۇق. بىر كۈنى بىز تۆتەيلەن ئوينىدۇق. بىرىنچى قېتىمدا مۇھەممەت ئۇتتى، كېيىن بىرقانچە قېتىم ئۇتتۇرۇپ قويۇپ ئاچچىقى كەلدى بولغاي، بىزنى كەتكىلى قويماي ئوينايمىز، دەپ تۇرۇۋالدى ۋە بىراقلا ئون مىڭ كوي تىكتى. بىز ئۇنىڭغا هاي بەرسەكمۇ قەتئىي ئۇنىمىدى، ئاخىرى يەنە ئوينىدۇق. ھەممىمىز ئۇنىڭغا ئەگەشتۇق. بىر قېتىم كۈتمىگەن يەردىن مەن ئۇتۇپ قالدىم. ئۇ پۇلنى ئەتە بېرىمەن، دېدى.

— ئۇ قىمار ئوينامتى؟ — دەپ سورىدىم مۇھەممەتنىڭ يېنىدا يۈرۈپ ئۇنىڭ نېمە قىلىپ يۈرگىنىنى بىلمەي قالغىنىمدىن هەيران بولۇپ.

— دەسلەپ ئۇ ئۆگىنىپتىكەن، كېيىن بىزگىمۇ ئۆگەتكەن. شۇ كۈنىنىڭ ئەتىسى ئۇ يوقاپلا كەتتى. ئىككى كۈن ئۆتۈپ بىزنىڭ ئاغىنە باللاردىن ماڭا «ئۆيگە بارسۇن!» دەپ خەۋەر بېرىپتۇ. پۇلنى ئۆيدە بېرىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ هېلىقى كۈنى بارغانىدىم. كېيىن سىز ماڭا باشقىچە گەپلەرنى قىلغىلى تۇردىڭىز. مەن شۇ چاغدا سىزنى كاللىسىنىڭ دەردى بار ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ قالغانىدىم. شۇڭا تۇتقىنىڭىزغا قارىماي كېتىپ قالدىم. ئىككى كۈن ئۆتۈپ، مەن ئۇنى دۇكانغا ئىزدەپ باردىم. ئۇ ماڭا بىر پارچە رەسىمنى كۆرسەتتى. مەن چۆچۈپ كەتتىم، رەسىمنى

www.uyghurkitap.com

كۆرگەن قانداقلىقىنى كىشى رەسىمدىكى ئىككى ئانىسىنى توغرا چۈشەنمەيتتى. ئۇ ماڭا: «ئەگەر چىرايلىقچە ئۇن مىڭنى بەرسەڭ ئىش تۈگەيدۇ، بولمىسا بۇنى ئايالىڭغا كۆرسىتىمەن!» دېدى.

مەن ئۇنىڭ نامەردلىكىدىن قاتتىق غەزەپلەندىم، لېكىن ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ئاچچىقىمغا هاي بەردىم. ئۇنداق رەسىمنى تارتقان ئادەم گېزى كەلسە ئۇنى كۆتۈرۈپ مېنى باشقا بالا – قازاغا تىقالايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئايالىمغا «سۆڭەك راكى» دەپ دىئاگنوز قويۇلۇپ، ئۆيدە ئۆلۈمنى كۈتۈپ ياتقىلى بىر يىل بولغانىدى. مەن ئۇنىڭ ئاخىرقى ئۆمرىنى خاتىرجەم ئۆتكۈزۈشى ئۈچۈن، ئۇنىڭدىن كىچىك بالىدەك خەۋەر ئالاتتىم. ئۇنىڭ كېسەلىنى ئىككىنچى قىزىم تۇغۇلغاندا بايقىغان بولغاچقا، بۇمۇ ماڭا بولغان ئېغىر زەربە ئىدى. گەرچە ئايالىم ئۆزىنىڭ كېسىلىنى ئۇقمىسىمۇ، رەسىمنى كۆرسە مېنى ئۆزىگە «ئاسىيلىق قىلدى» دەپ ئويلاپ قالاتتى، ئۇنداق ئېغىر زەربىنى كۆتۈرەلمەيتتى. مەن ئايالىمنى ئويلاپ ئۇنىڭ دېگىنىگە رازى بولۇپ، ئۇنىڭ قولىغا ئون مىڭ كوي تۇتقۇزۇپ رەسىمنى ئېلىۋالدىم. بۇ ئىشنى جىملا تۈگەتتىم، دەپ ئويلاپ يۈرگەن چاغلاردا ئايالىمنىڭ كېسىلى ئېغىرلىشىپ كەتتى. مەن ئىككى قىزىمنى ئاچاملارغا قويۇپ، ئايالىمنى ئۈرۈمچىگە ئېلىپ كەلدىم. لېكىن، دوختۇرلار بىزنى بالنىستقىمۇ ئالمىدى. ئايالىمنىڭ كېسىلى ئاخىرقى باسقۇچقا بېرىپ قالغانىكەن. مەن ئامالسىز ئايالىمنىڭ ئىرادىسى بويىچە ئۇنى يەنە قايتۇرۇپ ئەكەلدىم. بۇ چاغدا مۇھەممەت مەندىن يەنە پۇل تەلەپ قىلدى. ئىقتىسادىي جەھەتتە قىيىنىلىپ تۇرغان ۋاقىت بولغاچقا، مەن ئۇنى تىللىدىم. بىز سوقۇشۇپ قالدۇق. ئۇنىڭ پەسكەشلىكىگە غەزىپىم تېشىپ ئۇنى تازا سالدىم. بىرنەچچە كۈن ئۆتۈپ دۇكاندىن كەلسەم، ئايالىم سارغىيىپ تىلى گەپكىمۇ كەلمەي يېتىپتۇ. مەن ئۇنىڭ قولىدىكى رەسىمنى كۆرۈپلا نېمە ئىشلىقىنى بىلدىم. ئايالىم رەسىمنى چىڭ قاماللىغىنىچە سۆز-

دىن قالغانىدى. ئۇ ئاشۇنداق ئۈچ كۈن يېتىپ كۆزى يۇمۇلماي بۇ ئالەمدىن كەتتى. مەن قاتتىق ئازابلاندىم. مۇھەممەت ئايالىم-نىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىنى قىسقارتىۋەتكەنىدى. مەن ئايالىمنىڭ ئۈچ نەزىرىسىدىن كېيىن ئۇنىڭدىن ھېساب ئالماقچى بولدۇم، بىراق دوستلىرىم: «نامەرد بىلەن تەڭ بولما!» دەپ زادىلا ئۇنى ئىزدىگىلى قويمىدى. شۇ چاغدا ئۇ رەسمىي ئەر - ئايال ئىككىمىز-لار بىللە پىلانلىغان ئوخشايدۇ، دەپ سىزدىن قاتتىق نەپرەتلەن-گەن، ھەتتا سىزنى ئەڭ سەت گەپلەر بىلەن تىللىغانىدىم. بىر مەزگىلدىن كېيىن، مەن ئۇنىڭ سىز بىلەن ئاجرىشىپ كەتكەنلى-كىنى ئۇقتۇم. سەۋەبىنى بىلمىسەممۇ، مۇھەممەتنىڭ ئۆزىنى چاغلىماي قىلىپ يۈرگەن بۇزۇقچىلىقلىرىدىن سىزگىمۇ بىرەر ھىيلە ئىشلەتكەن بولۇشى مۇمكىن، دەپ ئويلىدىم. شۇ ئارىدا ئايۇپمۇ ئايالىغا دۇكان ئېچىپ بەردى. بىر قېتىملىق مال ئەكې-لىشتە روشەنگۈل بىلەن بىللە ماڭدۇق. ئارىدا ئاۋۇال مۇھەممەت-نىڭ، ئاندىن سىزنىڭ گېپىڭىز بولدى. مەن سىزنى كېلىشمەس-لىكنىڭ سەۋەبى دەپ قارىغاچقا، روشەنگۈل بىلەن دوستلۇقىڭىز-نى بىلمەي سىزنىڭ يامان گېپىڭىزنى قىلىپ ساپتىمەن. شۇنىڭ بىلەن روشەنگۈلنىڭ ئېغىزى ئېچىلىپ كەتتى. شۇ چاغدىلا سىز-نىڭمۇ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى ئىكەنلىكىڭىزنى بىلدىم، ئۆ-زۈمنىڭ سىزنى يامان كۆرۈپ يۈرگەنلىكىمدىن خىجىل بولدۇم. كېيىن ئىككى قىزىمنىڭ جاپاسىدا سىزنىمۇ ئۇنتۇپلا كېتىپتى-مەن. بىر يىلدىن كېيىن، مەن سىزنىڭ تۈرمىگە كىرىپ قالغاذ-لىقىڭىزنى ئۇقتۇم. شۇ چاغدا نېمىشقىدۇر سىز توغرۇلۇق كۆپ-رەك نەرسىلەرنى بىلىشنى خالايدىغان بولۇپ قالدىم. پات - پات روشەنگۈلنىڭ ئۆيىگە بېرىپ سىزنى سورايتتىم. ئۇ ھەممە ئىش-لارنى دەپ بەردى. بىر قانچە قېتىم يوقلاپ باراي، دەپمۇ سىزنى قىيىن ئەھۋالدا قويۇشتىن ئەنسىرەپ بارمىدىم. كېيىن، مەن بىرى بىلەن ئورۇمچىدە دۇكان ئاچتىم. بۇ جەرياندىمۇ سىز

www.uyghurkitap.com

تۇغرۇلۇق ئىنچىكە ئويلىنىپ سىزنىڭ قەيسەرلىكىڭىزگە قايىل بولماي تۇرالمىدىم. نېمىشقىدۇر سىز مېنىڭ تاللىشىمغا بولۇپ قالدىڭىز. ئۇرۇمچىدە تىجارەت بىلەن ئۇزاقراق تۇرۇپ قالدىم. قايتىپ كەلگىنىمدە سىزنىڭ تۇرمۇشىڭىزدا ئۆزگىرىش بوپتۇ. مەن سىزنى بىرقانچە كۈن كۆزەتتىم، ئاخىرى مۇددىئايىمنى ئايۇپ ئارقىلىق روشەنگۈلگە يەتكۈزدۈم. ئۇلارمۇ خۇشال بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئىككىمىز ئۇچرىشىپ قالدۇق. ئىشلارنىڭ جەريانى مانا مۇشۇنداق. ئەگەر يەنە بىلىشنى خالىسىڭىز يەنە نۇرغۇن گەپلەر بار. ماڭا سىز ھەممىدىن تونۇشلۇق بولغاچقا، «مېھرىبان ئانىغا موھتاج بولۇۋاتقان ئىككى قىزىمغا ئاپا بولالايدۇ» دەپ ئويلىغانىدىم. ناۋادا مېنى ئۆزىڭىزگە لايىق كۆرمىسىڭىزمۇ، سىزنى ياخشى كۆرۈپ قالغىنىمغا، سىزنى بىرقانچە يىل ئەسلەپ يۈرگىنىمگە ئىشىنىشىڭىزنى سورايمەن!

مەن تىلىم تاڭلىيىمغا چاپلىشىپ قالغاندەك نېمە دېيىشىمنى بىلمەي، ئۇنىڭ ئاغزىغا قاراپ ئولتۇرۇپ قالدىم. ئۇنىڭ ئالدىدا ئۆزۈمنى قەرزداردەك ھېس قىلاتتىم. شۇ تاپتا ئۇنىڭغا ئۆزۈم تۇغرۇلۇق ياكى شۇ چاغدىكى ئەھۋال تۇغرۇلۇق گەپ قىلىشىمۇ ئارتۇقچە ئىدى. ئۇ ماڭا ئالدىمغا قويۇلغان ئەينەكتەك بىلىنىپ كەتتى. پارىڭىمىز تۈگەپ بولغۇچە خېلى كەچ بولغان ئىدى. ئۇ ماڭا باشقا گەپ قىلمايلا دۇكاندىن چىقىپ كەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن مېنىڭ خىيالىمغا ھەسەنجاننىڭ گەپلىرى تولا كېلىۋالىدىغان بولۇپ قالدى. تولا ئويلاۋەرگەنلىكتىنمۇ بارا - بارا ھەسەنجان بىلەن ئۇچرىشىشنى ئارزۇ قىلىدىغان بولۇپ قالدىم. بۇ ھېسسىيات خۇددى ئىلگىرى مۇھەممەتنى كۆتكەن كۈنلىرىمدىكى ھېسسىياتىمغا ئوخشايتتى. ئۇ مېنىڭ قەلبىمنى ئىللىتقان، تۇرمۇشۇمغا ئۇسۇپ كىرگەن ئىككىنچى ئەر ئىدى. لېكىن، ھەسەنجان مېنى «ئوبدانراق ئويلىنىۋالسۇن» دېدىمۇ، دۇكانغا كەلمىدى. مەن روشەنگۈلدىن ئۇنىڭ ئۇرۇمچىگە كەتكەنلىكىنى ئۇقۇپ

نىمىشقىدۇر كۆڭلۈم يېرىم بولدى. ئۇ قايتىپ كەلگۈچە كۈنلەر شۇنداق ئۇزاق بىلىنىپ كەتتى. شۇ كۈنلەردە ئاپام ساقسىز بولۇپ قېلىۋاتاتتى. ئورۇقلاپ، ئېڭەك سۆڭەكلىرى كىرىپ كەتـ-كەن بولۇپ، تاماقنىمۇ تۈزۈك يېمەيتتى. مەن «ئەنسىرەپ ئۇنى دوختۇرخانىغا ئېلىپ باردىم. دوختۇرلار «كەم ماغدۇرلۇقتىن بولغان» دەپ دورا بېرىپلا بولدى قىلدى. لېكىن، دورىلارنىڭ ھېچقايسىسى ئۈنۈم قىلىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. ئاپامنىڭ تولا يۆتىلىدىغان بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ نېمىشقىدۇر ئاپامدىن ئايرىلىپ قېلىشتەك بىر خىل ھېسسىيات مېنى ئىسكەنجىگە ئې-لىۋالدى. مەن دەرھال سىڭلىم بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ئاپامنى ئۈرۈمچىگە ئاپىرىپ كۆرسىتىپ بېقىش ئۈچۈن تەييارلىق قىلـ-دۇق. سىڭلىم بىر ھەپتىلىك رۇخسەت سورىدى. ئاپامنى زورلىـ-غاندەك قىلىپ ئىككىنچى دوختۇرخانىغا ئېلىپ كەلدۇق. دەسـ-لەپكى تەكشۈرۈشتىلا ئاپامغا «قان يېتىشمەسلىك سەۋەبىدىن يۈ-رەك زەئىپلەشكەن» دەپ دىئاگنوز قويۇپ بالنىسقا ئالدى. بىر-قانچە كۈندىن كېيىن ئاپامنىڭ مەسئۇل دوختۇرى مېنى چا-قىردى.

— بىر ئىشنى سىز بىلەن مەسلىھەتلىشەي دېگەن، — دېدى ياش دوختۇر ماڭا، — ئاپىڭىزنىڭ جىگىرىدە ئۆسمە بار ئىكەن. بىز ئەتە جىگەردىن نۇسخا ئېلىپ لابوراتورىيىلىك تەكشۈرىمىز. ئەگەر ئۆسمە ياخشى سۈپەتلىك بولسا ئوپېراتسىيە قىلىشقا بولىـ-دۇ، يامان سۈپەتلىك بولسا خەتەرلىك. شۇڭا سىلەرگە ئالدىن دەپ قوياي دېدىم. بۇنىڭغا سىلەرمۇ ئىدىيە جەھەتتە تەييارلىق قىلىشىڭلار كېرەك. ئوپېراتسىيە قىلىش ئۈچۈن ئىقتىسادىي جە-ھەتتە كۆپرەك تەييارلىق قىلىشىڭلارنى سورايمەن. ھازىر ئاپـ-ىڭىزنىڭ يۈرىكى ئاجىز، بۇ ئەھۋالدا ئوپېراتسىيە قىلىشقا بولمايـ-دۇ. بىز باشقا داۋالاش ئۇسۇللىرى ئارقىلىق يۈرەكنى كۈچلەندۈ-رۈپ يۈرەك ھەرىكىتىنى نورمال ھالەتكە كەلتۈرۈشكە تىرىشىـ-

مىز. بىزگە ھەمكارلىشىپ بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

بېشىم قېيىپ يىقىلىپ چۈشكىلى تاس قالدىم. لابوراتورىيەلىك تەكشۈرۈشنىڭ ياخشى سۈپەتلىك دەپ چىقىشىنى تىلىسەم بىر تۇرۇپ، «دىئاگنوز خاتا بولۇپ قالدىمىكىن» دەپ ئويلايتتىم، لېكىن دىئاگنوز خاتا بولۇپ قېلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بۇ چاغدا مەندە ئاپامدىن ئايرىلىپ قېلىش ھېسسىياتى يەنە بىر قېتىم پەيدا بولۇپ سوغۇق تەر ئىچىدە قالدىم. لابوراتورىيەلىك تەكشۈرۈش نەتىجىسى ئۈچ كۈندە چىقتى. دوختۇرنىڭ چىرايىدىكى ئۈمىدسىزلىككە قاراپ نەتىجىنىڭ قانداقلىقىنى سېزىپ بولدۇم.

— دوختۇر، ئاپامدىكى ئۆسمە يامان سۈپەتلىك، شۇنداقمۇ؟ — دېدىم ئۆزۈمنى ئەستە بېسىپ.

— شۇنداق، لېكىن ئەڭ تېز سۈرئەتتە كېسەلنى كونترول قىلىش ئۈچۈن تىرىشىمىز.

دوختۇرنىڭ ئىشخانىسىدىن قانداق چىققىنىمنى بىلمەيمەن. كارىدوردا بىردەم تۇرۇۋالدىم. ئاپام ئۆزىنىڭ كېسىلىنى بىلسە بولمايتتى. ئاپام دوختۇرخانىدا بىر ئاي ياتقاندىن كېيىن قايتىپ كەتتۇق. ئاپامنىڭ چىرايىدىكى سېرىقلىق خېلى يوقالغان بولسىمۇ ماغدۇرسىز ئىدى. بىز قايتىپ كەلگەندىن كېيىن سىڭلىمنى چاقىرىپ ئاپامنىڭ كېسەللىك ئەھۋالىدىن خەۋەردار قىلدىم. ئىككىمىز بۇ ئىشنى ئاپامغا ئۇقتۇرماسلىققا كېلىشىۋالدۇق. ئاپامنى مەنزىرىسى ياخشى جايلارنى ئايلاندۇرۇپ، ئۇنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرۈشكە تىرىشتۇق. ئۆيدە ئۇنى كارىۋاتتىن چۈشۈرمەيتتۇق. ئاپامنىڭ بىزدىن سۆيۈنگەن چاغدىكى خۇشاللىقىنى كۆرسەك بىزمۇ خۇش بولۇپ قالاتتۇق. ئاپام بۇرۇندىن سەھەر تۇرۇپ قۇياشنىڭ قىزىرىپ چىققان ھالىتىنى كۆرۈشكە ئامراق ئىدى. بىز چېنىقىشنى باھانە قىلىپ، ئاپامنى ھەر كۈنى سىرتقا ئېلىپ چىقىپ قۇياش كۆتۈرۈلگەن چاغدىكى گۈزەل مەنزىرىنى تاماشا

قىلدۇرىدىغان بولدۇق. ئاپامۇ بۇنىڭدىن بەك خۇش بولدى. مەن بۇرۇن دىققەت قىلمىغانمۇ ياكى مەندە شۇنداق تۇيغۇ پەيدا بولۇپ قالدىمۇ، قۇياشنىڭ چىقىشى ئاجايىپ گۈزەل ئىدى. ئاز - ئازدىن يۇمىلاق ھالەتكە كېلىۋاتقان قۇياشنىڭ كۆزنى چاقنىدىغان نۇرى ئاستىدا قاتتىق ھاياجانغا چۆمەتتىم. ئاپامۇ جىمجىت ھالدا تاكى قۇياش تولۇق چىقىپ بولغۇچە قاراپ تۇراتتى. بىز بىر ئايدىن كېيىن، ئاپام بىلەن قۇياشنىڭ گۈزەللىكىنى تاماشا قىلالماي قالدۇق. ئاپام ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى. چىرايىدىكى سېرىقلىق كېڭىيىپ پۈتۈن بەدىنىگە ئۆتتى. ئاپام ئاغرىق ئازابىدا تولغىنىپ يېتىپمۇ ۋايجانلىمايتتى. بۇ جەرياندا ھەسەنجان ھەر كۈنى كېلىپ يوقلاپ تۇردى. ئۇمۇ خۇددى ئائىلىمىزنىڭ ئەزاسىدەك ئېغىر - يېنىك ئىشلارنى قىلىپ يۈكىمىزنى يېنىكلەتمەكتە ئىدى. بىز ناھايىتى تەبىئىيلا بىر ئۆينىڭ ئادىمىدەك يېقىن بولۇپ قالدۇق. ئاپام شۇنداق ئاغرىق ئازابىدا قىينىلىۋاتقان چاغدا ماڭا ئۆزىنىڭ سەھرادىكى ئۆينى» كۆرگۈسى بارلىقىنى ئېيتتى. بىز ئۇنىڭ ئارزۇسى بويىچە سەھرادىكى ئۆيگە كەلدۇق. ئۆيدە ئادەم تۇرمىغاچقا توپا بېسىپ كەتكەنىدى، بىزنىڭ كەلگىنىمىزنى كۆرگەن قوشنىلار تازىلاپ بىردەمدە پاكىز قىلىۋەتتى. ئاپامنى ھويلىدىكى كارىۋاتقا ياتقۇزدۇم. ئاپام قولۇم - قوشنىلاردىن رازىلىق ئالدى. بۇ ھالەتكە سىڭلىم ئىككىمىز زادىلا چىدىمىدۇق، يىغلاۋېرىپ كۆزلىرىمىز ئىششىپ كەتتى. سەھراغا كەلگەن كۈنىنىڭ ئەتىسى ئاپامنىڭ قورسىقى كۆپۈپ كەتتى. ئۇ ھېلىدىن - ھېلى ئىشىككە قارايتتى. ئۇنىڭ چىڭ چىشلەنگەن لەۋلىرى قىمىرلاپ نېمىدۇر دېمەكچى بولۇپ دېيەلمەيۋاتاتتى. كۆزىدىن توختىماي چۈشۈۋاتقان ياش ياستۇقنى ھۆللىگەنىدى.

— قىزىم، ئاپىڭىز بىرىگە تارتىشىۋاتىدۇ. قولىقىڭىزنى يېقىن ئاپىرىپ ئاڭلاپ باقامسىز - يا؟ — دېدى قوشنىمىز. مەن ئاپامغا ئېگىشىپ قولىقىمنى يېقىن ئەكەلدىم.

www.uyghurkitap.com

— ئاپا، كىمنى كۆرگۈڭىز بار ئىدى؟ — دەپ سورىدىم ئاپامدىن. ئاپام ئېغىزىنى مىدىرلىتالىتتى. ئۇنىڭ گەپلىرى ئىچىدىن «داداڭ» دېگەننى ئىلغا قىلالىدىم. مەن ھېچقانچە ئىككىلەنمەي، ئاپامنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئۈمىدىنى ئورۇنداش ئۈچۈن ھەسەنجانغا دادامنى ئەكېلىشنى بۇيرۇدۇم. كېيىن دادامنىڭ كەلمەي قېلىشىدىن ئەنسىرەپ ئۆزۈممۇ قوشۇلۇپ يولغا چىقتىم. بىز موتسىكلىت بىلەن دادامنىڭ ئۆيىگە تېزلا يېتىپ كەلدۇق. دادام كەتمەن دەستىلاۋاتقانىكەن، مېنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتكەندەك ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

— مۇنداق بىر ئىش بىلەن كەلگەن، — دېدىم مەن ئۇنىڭ گەپ قىلىشىنى كۈتمەستىن، — ئاپام ھازىر سەكراتتا، ئۇنىڭ سىز بىلەن كۆرۈشكۈسى بار ئىكەن، «بېرىپ رازىلىق بېرەمدىكىن» دەپ ئاتايىن كېلىشىم ئىدى.

ئۆيدىن بىر تەلەڭگە ئۇن كۆتۈرۈپ چىققان ئايالنىڭ چىرايى تامدەك تاتىرىپ تەلەڭگىنى «جاققىدە» كارىۋاتقا قويدى.

— ۋېيەي، ماۋۇ خەقنىڭ گېپىنى، باي بولغاندا ماۋۇ دادامنى دېيىشمەي، ئەمدى بېشىغا كۈن كەلگەندە كېلىشكىنىنى نېمە دەي؟ بۇ ئادەمنى سىلەر ئەكەتسەڭلار كېچىچە يەرگە سۇنى مەن ئاچامتىم.

— ئۇنداق دېمىسلە، ئاچا. كېسەل تارتىشمىغان بولسا بىزمۇ كەلمەيتتۇق. ئۇنى ئارامىدا كەتكىلى قويايلى. شۇ تاپتا كېسەل توختاخۇنكامنى ساقلاۋاتىدۇ، رازىلىق بەرسىلە! مەن موتسىكلىت بىلەن كەچ كىرگۈچە ئەكېلىپ قويىمەن، — دېدى ھەسەنجان ئالدىراپ.

— بارامدۇ ـ بارمامدۇ، ئۇ ئۆزىنىڭ ئىشى. ھوي، گەپ قىلمامالا؟ بارامالا ـ بارمامالا؟

دادام مەڭدەپ تۇرۇپ قالدى. بىردە بىزگە، بىردە ئايالىغا قاراپ قولىدىكى كەتمەننى ئاستا يەرگە قويدى.

— مەن ئارقاڭلاردىن باراي، سۈنى باشلاپ قويسامىلا بولىدۇ. ئىشىكىم ئىتتىك، بىردەمدىلا بېرىپ بولىمەن.

دادامدىن كۈتكەن ئاخىرقى ئۈمىدىممۇ يوققا چىققاندەك ئىدى. مەن كۆزۈمدىن مۆلدۈرلەپ ئېقىۋاتقان ياشلارنى يېڭىم بىلەن سۈرتۈۋېتىپ ئارقامغا ئۆرۈلۈپلا هويلىدىن چىقىپ كەتتىم. بىز قايتىپ كەلگەندە ئاپام يەنىلا ئىشىكتىن كۆزىنى ئۈزمەي جۆيلۈپ ياتقانىكەن.

«توختاخۇن، مەن نېمە گۇناھ قىلدىم؟ نېمىشقا ماڭا ئاچچىقلايلا...»

سىڭلىم ئىككىمىز ئاپامنى قۇچاقلاپ يىغلاپ كەتتۇق. قوشنىمىز تېپىپ كەلگەن موللام بولسا دۇرۇت ئوقۇغان سۈنى ئاپامنىڭ ئېغىزىغا ئاز - ئازدىن تېمىتتى. ئاپام سۈنى بىر - ئىككى قوشۇق ئىچىپلا ئىشىككە قارىغان پېتى جىمىپ قالدى. سىڭلىم ئىككىمىزنىڭ يىغا - زارى ئەتراپقا تارقالدى. چوڭ ياشلىق ئاياللاردىن بىرقانچىسى ئاپامنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرىغا تۇتۇش قىلدى. ئەتىسى چۈشتە ئاپام يەرلىككە قويۇلدى. بۇ دۇنياغا تۆرىلىپ هېچقانداق خۇۋلۇق كۆرمەي ئالەمدىن ئۆتكەن ئاپىمىزنىڭ ئۆلۈمى يۈرىكىمىزنى لەختە - لەختە قان قىلىۋەتكەنىدى. ئاپامنىڭ قىرىق نەزىرسىگىچە سەهرادىكى ئۆيدە تۇردۇق. بۇ جەرياندا هەممە ئىشقا هەسەنجان باش بولدى. مەن ئۇنىڭ بېشىمغا كۈن كەلگەندە قىلغان ياردىمىدىن بەك سۆيۈندۈم. ئاپامنىڭ قىرىق نەزىرسىدىن كېيىن بىز ئۆيىمىزگە قايتىپ كەلدۇق، لېكىن هەر ھەپتىدە ئاپام بىلەن ئاكامنىڭ قەبرىسىنى يوقلاشنى ئۇنتۇپ قالمىدۇق. سىڭلىم ئىككىمىز مەسلىهەتلىشىپ، سەهرادىكى ئۆيىمىزنى سېتىپ، پۇلىنى يېزىمىزدىكى باشلانغۇچ مەكتەپكە ئىئانە قىلىۋەتتۇق. بۇ ئىشىمىزدىن مەهەللىدىكى چوڭلار ئىنتايىن خۇش بولدى. بىزنىڭمۇ كۆڭلىمىز بىر ئاز ئارام تېپىپ قالغاندەك بولۇپ قالدى. ئاپامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن مېنىڭمۇ مىجەزىم

بولمىغاچقا، ئىككى ئايدىن بۇيان دۇكاننى تاقاپ قويدۇ، ئالام ئېلىۋاتاتتىم.

— دۇكانغا بارمىسىڭىز بولمايدىغاندەك تۇردۇ، — دېدى بىر كۈنى ھەسەنجان جىددىي تۇستە، — ياندىكى دۇكان خوجايىنىنىڭ دېيىشىچە، قايسى كۈنى مۇھەممەت دۇكىنىڭىزنى ئايلىنىپ يۈرۈپ: «ئۇ دۇكاننى ئاچالمىسا مەن سېتىۋېلىپ گىرىم بۇيۇملىرى دۇكىنى ئاچاي» دېگۈدەك. مۇھەممەتنىڭ قانداق پىلانى باركىن بىلمىدىم، دۇكان دېگەن شۇنچە جىق تۇرسا.

مەن جىددىيلىشىپ كەتتىم. مۇھەممەتنىڭ نەپرەتلىك چىرايى كۆز ئالدىمغا يەنە بىر قېتىم كەلدى.

مەن ئۇنىڭ ئالدىدا يېقىلسام ھەرگىز بولمايتتى. شۇڭا شۇ كۈنىلا دۇكانغا باردىم. دۇكاننى بىرقۇر تۈزەشتۈرۈپ ماللارنى رەتلىدىم. مۇھەممەت مېنى كۆزىتىۋاتقاندەك قىلاتتى. يېنىدىكى خەنزۇ قىز بىلەن دۇكاننى شەرەتلەپ بىر نېمىلەرنى دېيىشكىنىنى كۆرۈپ قالاتتىم. مەن كېلىپلا قوشنا دۇكانداردىن ئۇنىڭ ھېلىقى خەنزۇ قىز بىلەن ئېچكىرىدىن مال ئەكېلىپ نۇرغۇن پايدا ئالغانلىقىنى ئاڭلىغانىدىم. مەن ئۇنىڭ دۇكىنىغا دىققەت قىلىۋاتقان ۋاقىتتا، ئۇنىڭ ئۇدۇل دۇكىنىم تەرەپكە كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تېخىمۇ جىددىيلىشىپ كەتتىم. ئۇ ئۇدۇل دۇكىنىمغا كىرىپ كەلگەندە بولسا ئۆزۈمنى بېسىۋېلىپ، ئۇنىڭغا قاراپمۇ قويماي رەختلەرنى رەتلىگەن بولۇپ تۇرۇۋالدىم.

— دۇكىنىڭىز يامان ئەمەسكەن - ھە؟ — دېدى ئۇ دۇكاننى ياراتمىغان ھالدا كۆز تاشلاپ، — لېكىن ماللىرىڭىز زاماننىڭ كەينىدە قاپتۇ. كىم ئالىدۇ بۇ نېمىلەرنى مۇشۇ كۈندە؟ قارىسام، سىز سودىغا بەك كىرىشەلمىگەندەك قىلىسىز، بولمىسا بۇ دۇكاننى ماڭىلا ئۆتكۈزۈپ بەرمەمسىز؟

— زاماننىڭ كەينىدە بولسىمۇ ئالىدىغان ئادەم يەنىلا بار، دۇكىنىم بىر ئوبدانلا مېڭىۋاتىدۇ، سىز مېنىڭ سودامغا كۆڭۈل

بولمىسىڭىزمۇ بولىدۇ، — دېدىم قوپالراق قىلىپ. لېكىن، ئۇ مۇغەمبەرلەرچە كۈلدى.

— يۇرت كۆرمىگەندە سىز، بولمىسا ھەسەندەك پاھىشىۋازغا خۇددى ھەسەلگە چاپلاشقان چىۋىندەك ئۆزىڭىزنى ئاتمىغان بولاتتىڭىز. توۋا دەيمەن، ئەينى چاغدا سىزنىڭ رەسىمىڭىز ئۇنىڭ خوتۇنىنىڭ ئۆلۈمىگە سەۋەبچى بولغان. ئەمدى سىز ئۇنىڭغا خوتۇن بولۇپ ئۇنىڭ ئالدىدىكى قەرزىڭىزنى يۆيىدىغان بوپسىز.

ئۇنىڭ نامەردلەرچە قىلغان گېپىدىن قۇسقۇم كەلدى. ئۇ ھەسەنجان بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمىزگە ھەسەت قىلىۋاتقان ئىدى. مەن بۇنى پەملەپ پەيتنى ئۆتكۈزۈۋەتمىدىم.

— ھېلىمۇ مەن سىزدىن ياخشىكەنمەن. ھېچبولمىسا، ھەسەلدەك تاتلىقىنى تېپىپ چاپلىشىپتىمەن، بەزىلەردەك گېزەندىگە ئۆزۈمنى ئاتماي. ھەممە ئادەم ئۆز خىلىنى تاپىدىكەن دېسە.

مۇھەممەتنىڭ قارامتۇل چىرايى ئاۋۋال قارىداپ، ئاندىن يالغان كۈلكە پەيدا بولدى. ئۇنىڭ كۈلكىسى ماڭا يىغلاۋاتقاندەك بىلىندى.

— بوپتۇ، كۆرىمىزغۇ تېخى، سىزدەك قولىدا پىچاق تۇتالايدىغان خوتۇننى تاپماق ئاسان ئەمەس، ھېچبولمىسا، ھەسەنگە قارانچۇق بولسىڭىزمۇ ئارتۇقلۇق قىلمايدىغۇ؟

ئاچچىقىم كېلىپ ئۇنى كېلىشتۈرۈپ تىللاي دەپ تۇرغاندا دۇكانغا خېرىدار كىرىپ قالدى. مۇھەممەت چىقىپ كەتتى. نېمىشقىدۇر ئۇنىڭ گەپلىرى ئىچىمگە سىغماي تۇراتتى. كەچتە بولغان ئىشلارنى ھەسەنجانغا سۆزلەپ بەردىم. ئۇ ماڭا تەسەللى بەردى. ئۇ بۈگۈن ئاچىسىنىڭ يېنىدىن قىزلىرىنى ئەكەلگەن بولۇپ، بىر ـ بىرىدىن چىرايلىق ئىككى قىز كىشىنىڭ ئامراقلىقىنى قوزغايتتى. قىزلارمۇ مەندىن قىلچە تارتىنمىدى. شۇ كۈنى مەن بالىلارنى ئېلىپ قالدىم. شۇ كېچە مەن قىزلارنى يېنىمدا ئېلىپ يېتىپ، ئۇلارنى ئۆز قىزىمدەك ھېس قىلدىم.

مەن ھەسەنجان بىلەن ئىككىمىزنىڭ ئايرىلماس بىر يېقىن باغلى-نىپ قالغىنىمىزنى ھەقىقىي تونۇپ يەتتىم. ئەتىسى قۇلاقلاردىن ئايرىلغۇم كەلمەي، «ئۇلار يېنىمدا بىر ھەپتە تۇرسۇن» دەپ يەنە ئېلىپ قالدىم. شۇنىڭدىن كېيىن بالىلار بىلەن يۈرۈپ ۋاقىتنىڭ قانداق ئۆتكەنلىكىنى تۇيماي قالدىم. بالىلارمۇ ماڭا ئىچىكىپ قالغان بولۇپ، دادىسى «ئەكەتەي» دېسە زادىلا ئۇنىمىدى. بالىلار مېنىڭ يېنىمدا بولغاچقا، ھەسەنجانمۇ تولىراق بىزنىڭ ئۆيدە ئىدى، بەزىدە دۇكانغا بىللە باراتتۇق. بۇنى كۆرگەن مۇ-ھەممەت تاتىرىپ بىر قىسىملا بولۇپ قالاتتى. بۇنداق چاغلاردا مەن خۇش بولاتتىم. ھەسەنجان «كىچىككەك رېستوران ئاچمەن» دەپ ئالدىراش ئىدى. بىز دوستلىرىمىزنىڭ دەۋتى بىلەن توي قىلىدىغان بولدۇق. لېكىن، سىڭلىمنىڭ يېشىمۇ يىگىرمە ئىك-كىگە بېرىپ قالغان بولغاچقا، ئۇنى ئۆيلاشماي ئۆزۈم توغرۇلۇق باش قاتۇرۇشقا كۆڭلۈم ئۇنىمىدى. بىر كۈنى سىڭلىم قايتىپ كەلگۈچە ساقلاپ ئولتۇردۇم.

— سىڭلىم، تۇرمۇش ئىشىڭنى ئويلىشىدىغان چاغمۇ بو-لۇپ قالدى، — دېدىم سىڭلىمنىڭ ئۆزىنى ئەپقېچىشىغا يول قويماي، — مەن دوستۇڭ ھەم ئاپاڭنىڭ ئورنىدا. كۆڭلۈڭگە پۈككەن بىرەرى بولسا دېگىن!

سىڭلىم قىزىرىپ كەتتى. مەن ئۇنىڭ تۇرقىدىن لايىقى بارلىقىنى سېزىۋالدىم.

— ئاچا، مەنمۇ ساڭا دەي دەپ تۇرغان، — دېدى ئۇ تىرنى-قىنى تاتىلاپ، — بىللە ئوقۇغان ئاقسۇلۇق بىر ساۋاقدىشىم بار ئىدى. ئۇنىڭ ئاپىسىدىن باشقا ھېچنېمىسى يوق ئىدى. ئوقۇشقا بېرىپ ئىككىنچى يىلى ئاپىسىمۇ تۈگەپ كەتتى. بىز بىر-بىرىمىزنى بەك ياخشى كۆرەتتۇق. ئوقۇش پۈتتۈرگەندە ئۇنىڭ مەندىن باشقا تارتىشىدىغان ئادىمى بولمىغاچقا مەن بىلەن بىللە كەلگەن، ھازىر بىللە ئىشلەيمىز.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكى ئادرېسى

خۇشاللىقتىن بېشىم كۆككە يەتكىلى تاس قالدى.

— نېمىشقا ئاپام بار چاغدا دېمەيسەن؟ بولمىسا، ئاپامۇ سەندىن خاتىرجەم بولاتتى. ھېلىمۇ ياخشى بولدى، سىلەر توي قىلىشنى دېيىشتىڭلارمۇ؟

— ئۇ ئالدىراپ قالدى. ياتاقتا يېتىپ ئۇنىڭغا تاماق ئېتىش تەس كېلىدىكەن. ئۇ تويىمىزنى تېزرەك قىلايلى، ئاچچىغىمىز بىلەن كۆرۈشۈك دېگەن.

مەن سىڭلىمنىڭ گېپىدىن ئۇلارنىڭ ئىشىنىڭ تەييار بولۇپ قالغانلىقىنى پەملىدىم. كېلەركى يەكشەنبىدە ئۇ يىگىتنى باشلاپ كېلىدىغان بولدى. بۇ ئىشنى ئاڭلاپ ھەسەنجانمۇ خۇش بولدى. مەن جىددىي ھالدا سىڭلىمنىڭ توي تەييارلىقىغا چۈشتۈم. سىڭلىمنىڭ تويىنى تازا ھەشەمەتلىك قىلىشنى ئويلاپ ئىچ - ئىچىمدىن خۇشال بولاتتىم. يەكشەنبە كۈنى سىڭلىمنىڭ لايىقىنى كۆرۈپ تېخىمۇ خاتىرجەم بولدۇم. يىگىت ئىنتايىن ئەدەپلىك بولۇپ، ماڭا يېقىپ قالدى. ئۇنىڭمۇ بۇ يەردە تۇغقىنى بولمىغاچقا، ھەممە گەپنى ئاشكارا دېيىشىپ، توي كۈننى بىر ئايدىن كېيىن قىلىدىغان بولۇپ كېلىشتۇق. مەن سىڭلىمنىڭ چېھرىدىكى خۇشاللىققا قاراپ ئىختىيارسىز ئۆزۈمنىڭ تۇنجى تويى بولغان ۋاقتىنى ئويلايتتىم. توي كۈنى يېقىنلاشقانسېرى مەن جىددىيلىشىپ كەتتىم. تويغا ئاتاپ شۇنداق جىق نەرسە ئالغان بولسامۇ يەنە كەمدەك قىلاتتى. سىڭلىم ۋە ئۇنىڭ يىگىتى ئەخمەتجان تويغا بىر ھەپتە قالغاندا، ھەسەنجاندىن گەپ كىرگۈزۈپتۇ. ئۇلارنىڭ دېيىشىچە، تويىنى رېستوراندا ھەشەمەتلىك قىلغۇسى يوقكەن، «تويغا ئاتىغان پۇلنى مەكتەپىمىزدىكى نامرات بالىلارغا بەرسەك!» دەپتۇ. مەن دەسلەپتە ئۇلارنىڭ دېگىنىگە قايىل بولمىغان بولسامۇ، كېيىن بالىلىق چاغلىرىمنى ئەسلەپ يەنىلا سىڭلىمنىڭ رايىغا باقتىم. تويىنى دوستلىرىمىزنى چاقىرىپ ئاددىيلا قىلدۇق. تويغا كېتىدىغان ئالتە مىڭ سوم پۇلنى ئەخمەتجان-

نىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويدۇم. ھەممىمىز شۇنداق خۇشال ئى-
دۇق. مەن يالغۇز قالغاچقا، ھەسەنجان بىلەن توي خېتى ئېلىپ
نىكاھ قىلىپلا ئۇنىڭ ئۆيىگە كۆچۈپ كەلدىم. شۇ ھەپتە پەيشەنبە
كۈنى ئادىتىمىز بويىچە ئاپامنىڭ قەبرىسىنى يوقلاشقا چىقتۇق.
شۇ باھانىدە ھەلىمە ئانامنىمۇ يوقلاشنى كۆڭلۈمگە پۈكۈپ نەرسە-
كېرەك سېتىۋالدىم. ئاۋۋال ئاپامنىڭ قەبرىسىگە بېرىپ بۇغداي
چاچتىم، ئاندىن ھەلىمە ئانامنىڭ ئۆيىگە كەلدۇق. ئۇ بىزنى
كۆرۈپ خۇشال بولۇپ كەتتى. بىز سەل كەچ قالدۇق. ناھىيىگە
قايتىپ كەلگەن چېغىمىزدا ئاللىقاچان قاراڭغۇ چۈشكەنىدى. ئەمە-
دى ئۆيگە كىرىپ تۇرۇشىمىزغا روشەنگۈلنىڭ ئېرى ئۆيگە جىد-
دىي تېلېفون بېرىپ، بىزنىڭ تېزدىن دۇكانغا بېرىشىمىزنى ئېيت-
تى. نېمە ئىشلىقىنى بىلمەي دۇكانغا چاپتۇق. دۇكانغا يېقىنلاش-
قاندا دۇكاندىن قويۇق ئىس كۆتۈرۈلۈپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ
تېخىمۇ جىددىيلىشىپ كەتتۇق. بىز يېتىپ كەلگەندە دۇكان
ئەتراپىغا نۇرغۇن ئادەملەر ئولىشىۋالغان بولۇپ، دۇكاننىڭ كۆي-
گەن تورۇسلىرى چۈشۈپ كەتكەنىدى. ھېلىمۇ ياخشى، ئوت
ياندىكى دۇكانغا تۇتۇشۇشتىن ئىلگىرى ئۆچۈرۈۋېلىنغانىدى. مەن
دۇكاندىن كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان ئىسقا قاراپ نېمە قىلىشىمنى بىل-
مەي قالدىم. كۆز ئالدىمدىكى رېيالغا ئىشەنمەي ئاچچىق بولۇپ
كەتكەنىدى. ھەسەنجان بىردەمدە ساقچىخانىدىن ئادەم چاقىرىپ
كەلدى. ساقچىلار دۇكاندىن ئايرىلغان ۋاقتىمىزنى ۋە بىرمۇنچە
ئىشلارنى سوراپ خاتىرىلەنگەندىن كېيىن ئوت كېتىش سەۋەبىنى
ئېنىقلايدىغان بولۇپ بىزنى قايتۇرۇۋەتتى. مەن: «بۇ كېلىش-
مەسلىكنى مۇھەممەت قىلدىمىكىن؟» دەپ گۇمان قىلاتتىم.
بىراق، ئۇنىڭ بىرقانچە كۈن ئىلگىرى ئىچكىرىگە مالغا كەتكەنلى-
كىنى ئاڭلىغان بولغاچقا قانداق ئويلىشىمنىمۇ بىلمەيتتىم. ساق-
چىلار ئېنىقلاپ يۈرۈپ بىرىنىڭ دېرىزە ئارقىلىق قەستەن ئوت
قويغانلىقىنى دەلىللىدى، لېكىن ئوت قويغۇچى ئازراقمۇ ئىز

قالدۇرمىغان بولغاچقا گۇمانلىق ئادەم يوق ئىدى. ھەسەنجانمۇ «بۇنى مۇھەممەت قىلدى» دەپ قارىسىمۇ، پاكىت بولمىغاچقا ئامالسىز ئىدى. شۇ ئىشتىن كېيىن ھەسەنجان مېنى تىجارەت قىلىشتىن توستى. مەنمۇ بەك چارچاپ كەتكەچكىمۇ ئارام ئېلىشىنى لايىق كۆردۈم. دۇكان خوجايىنىغا دۇكاننى قايتا رېمونت قىلدۇرۇپ ئۆتكۈزۈۋەتتىم. ئەمدى كۈنلىرىم ئىككى قىزىمغا قاراش بىلەن ئۆتىدىغان بولدى. ئۆزۈممۇ خېلى يەڭگىللەپ قالغاندەك بولدۇم. ھەسەنجان خاتىرجەم ھالدا رېستوراننى تېخىمۇ كېڭەيتىۋالدى.

سودا ياخشى بولغاچقا ھەممىمىز خاتىرجەم ئىدۇق. ھەش-پەش دېگۈچە بىر قانچە ئاي تېزلا ئۆتۈپ سىڭلىمنىڭ تۇغۇتى يېقىنلىشىشقا باشلىدى. سىڭلىمنىڭ كۈندىن-كۈنگە يوغىناۋاتقان قورسىقىغا قارىسام بېشىمغا بىر غەم چۈشەتتى. ئەندىشە قىلىپ كېچىلىرى قارا بېسىپ ئويغىنىپ كېتەتتىم. ھەر قېتىم سىڭلىمنىڭ يوغان قورسىقىنى ئاپام سىلاۋاتقان ھالدا چۈشەيتتىم. كۆڭلۈمدە: «ئاپامنىڭ روھى يار-يۆلەك بولۇپ سىڭلىمنىڭ تۇغۇتى ئاسان بولغۇدەك» دەپ ئويلايتتىم. لېكىن، سىڭلىمنىڭ دوختۇر ھېسابلاپ بەرگەن ئاخىرقى ئېيىدىكى تەكشۈرۈشىنىڭ نەتىجىسى مېنىڭ ئەندىشەمنى تېخىمۇ ئاشۇرۇۋەتتى. سىڭلىممۇ نېمە قىلىشىنى بىلمىگەندەك بىر قانچە كۈنگىچە چىرايى ئېچىلمىدى.

— غەم قىلىپ كەتمە، — دېدىم ئۇنىڭ كەيپىياتىنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن، — دوختۇر توغرا يۆلىنىشتە ھەرىكەت قىلىپ بەرسەڭ بالا تۇغۇلىدۇ دېدىغۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە تېخى بىر ئاي بار. بەك بولمىسا ئوپېراتسىيە قىلدۇرارمىز. دوختۇر سېنىڭ ئەھۋالىڭغا ماس كېلىدىغان ئەڭ بىخەتەر ئۇسۇل بولسا ئوپېراتسىيە قىلىش دەيدۇ. ئارتۇق ئىشنى خىيال قىلماي تەييارلىق قىل! بۇنچىلىك ئىشقا غەم قىلىپ كېتىشنىڭ ئورنى يوق.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكىر ئادرېسى

— شۇنداقتىمۇ قورقىدىكەنمەن، ئاچا، ناۋادا...

— بۇ دېگەن كىچىككىنە بىر ئوپېراتسىيە تۇرسا، ھەرگىز قورقما. بۇدرۇققىنا ئوغۇل بالىغا ئانا بولاي دېگەندىمۇ كىچىك بالىدەك ئۇمچىيىپ يۈرسەڭ ياراشمايدىكەن.

مېنىڭ گەپلىرىم سىڭلىمنىڭ ئەنسەنچىسىنى ئاشۇردىمۇ، خىيالى ئېچىلىپ قالدى. لېكىن، دوختۇرنىڭ ماڭا دېگەن گەپلىرى ھەر ۋاقىت قۇلىقىمغا ئاڭلىنىپ مېنى بىئارام قىلاتتى. دوختۇر سىڭلىمدا قان ئازلىقىنى، ئوپېراتسىيە قىلدۇرماقچى بولساق ئۇنىڭغا ماس كېلىدىغان قان تەييارلاپ قويۇشۇمىزنى ئېيتقانىدى. شۇڭا، سىڭلىمنىڭ يولدىشى بىلەن دوختۇرخانىغا بېرىپ سىڭلىمغا ئۇقتۇرماي قان تەكشۈرتتۇق. مېنىڭ قان تىپىم ئۇنىڭغا ماس كېلىدىكەن، يەنە سىرتتىن قان تىپى سىڭلىمنىڭكىگە ئوخشاش كىشىدىن بىرنەچچىنى تېپىپ پۇل بېرىپ قويدۇق، ئاندىن سىڭلىمنىڭ ئۇنىمىغىنىغا قويماي ئىككى ھەپتە بۇرۇن بالىنىستىغا ياتقۇزدۇم. لېكىن، سىڭلىم بالىنىستقا كىرىپ ئىككى كۈن ئۆتۈپلا ماڭا ئالدىدىن قان كېلىۋاتقانلىقىنى ئېيتتى. مەن قورقۇپ بۇ ئەھۋالنى دەرھال دوختۇرغا ئېيتتىم. دوختۇرلار جىددىي تەكشۈرۈشكە باشلىدى. تەكشۈرۈش نەتىجىلىرى چىققۇچە تىت - تىت بولۇپ تۇرالماي قالدىم. ئىككى كۈن ئۆتۈپ قان تېخىمۇ كۆپىيىشكە باشلىدى. مەن مەسئۇل دوختۇرنى ئىزدىدىم.

— تەكشۈرۈشتىن قارىغاندا، سىڭلىڭىزنىڭ بالىسى تەتۈر بولۇپلا قالماي، بالا بىلەن بالا ھەمراھىنىڭ ئورنىمۇ توغرا ئەمەسكەن. نورمال ئەھۋالدا بالا داس بوشلۇقىغا تۆۋەنلىگەنچە بالا ھەمراھى ئۈستىگە، بالىنىڭ بېشى ئاستى تەرەپكە توغرىلىنىدۇ. سىڭلىڭىزنىڭ قورسىقىدىكى بالا بولسا ئۈستى تەرەپتە كۆرۈنۈۋاتىدۇ. قان كېلىشىنىڭ سەۋەبىمۇ شۇنىڭدىن. بۇنداق ئەھۋالدا ئوپېراتسىيە قىلساق كۆپ مىقداردا قان ئېقىپ، ئۇنىڭ ھاياتىغا خەۋپ يېتىشى مۇمكىن، شۇڭا ئاۋۋال داۋالاش ئېلىپ بېرىپ،

قانني توختاتقاندىن كېيىن ئاندىن ئوپېراتسىيە قىلىمىز.

دوختۇرلار ھېلىدىن ـ ھېلىغا ئوكۇل ئالماشتۇرۇپ ھەر خىل ئاماللارنى قىلىپ باققان بولسىمۇ، سىڭلىمدىن كېلىۋاتقان قانلار كۆپىيىشكە باشلىدى. ھەممىمىز جىددىيلىشىپ نېمە قىلىشىمىزنى بىلمەيتتۇق. سىڭلىمنىڭ ئالدىدا يىغلاپ سىلىشتىن ئۆزۈمنى ئاران تۇتۇپ يۈرەتتىم. سىڭلىمنىڭ يېنىدىن ئايرىلماي تۇرۇۋاتقان مەسئۇل دوختۇر تۆتىنچى كۈنى بىزگە سىڭلىمنى ئوپېراتسىيە قىلىدىغانلىقىنى، كېرەكلىك قان تەييارلىشىمىزنى جىددىي ئۇقتۇردى. بىز بىرقانچەيلەن قان بېرىشكە تەييارلىنىپ دوختۇرنىڭ يېنىغا كىردۇق.

— دەرھال ئوپېراتسىيە قىلىنىساق بولمىغۇدەك، بالىنى قۇتقۇزۇپ قېلىشقا بىرنېمە دېيەلمەيمىز. ئانا ـ بالىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن تىرىشىپ باقايلى. سىلەر دەرھال مۇناسىۋەتلىك رەسمىيەتلەرنى بېجىرىپ كېلىڭلار!

ھەش ـ پەش دېگۈچە نۇرغۇنلىغان جەدۋەللەرگە ئىمزا قويۇپ بولدۇق. ئوپېراتسىيىگە كىرىشتىن ئىلگىرى سىڭلىمنىڭ قوللىرىنى چىڭ تۇتۇپ مەدەت بەردىم. ئوپېراتسىيە ئاياغلىشىپ دوختۇرلار بوۋاقنى بىزگە تۇتقۇزغاندىن كېيىن، بىزگە يەنە قان كېرەكلىكىنى ئۇقتۇردى. بىز دەرھال خەلق قوراللىق بۆلۈمىدىكى رەھبەرلەر بىلەن ئالاقىلىشىپ مۇراجىئەت قىلدۇق. ئەسكەرلەر دەرھال يېتىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ قانلىرى بىردەمدىلا سىڭلىمنىڭ تومۇرىدا ئېقىشقا باشلىدى. بىر تەرەپتىن قاتتىق ھاياجانلانسام، يەنە بىر تەرەپتىن نېمە دېيىشىمنى بىلمەيتتىم. سىڭلىمنىڭ قانسىز چىرايىغا قاراپ ئىختىيارسىز ياش تۆكەتتىم. ھەر ھالدا سىڭلىمنىڭ ئەھۋالى تۇراقلاشتى. ھەممىمىزنىڭ كۆڭلى ئارامىغا چۈشۈپ سىڭلىمغا قويۇپ قويغاندەك ئوخشىشىدىغان بالىنى قولدىن ـ قولغا ئېلىپ، خۇشاللىقىمىز ئىچىمىزگە سىغماي قالدى. سىڭلىممۇ بالىنى كۆرۈپ ئىنتايىن خۇشال بولدى.

www.uyghurkitap.com

بىراق، ئۈچ كۈندىن كېيىن تۇيۇقسىز سىڭلىمدىن يەنە قان كېلىشكە باشلىدى. ئەمدىلا ئارامىغا چۈشكەن كۆڭلىمىز يەنە پاراكەندىچىلىك ئىچىدە قالدى. دوختۇرلار ئوپېراتسىيىدىن كېيىن قان كېلىشنىڭ ئىنتايىن خەتەرلىكلىكىنى ئېيتقاندا، ھەممىمىز تۇرالماي قالدۇق. دوختۇرلارنىڭ مەسلىھەتى بويىچە جاماەتكە قان بېرىش توغرۇلۇق مۇراجىئەتنامە چىقاردۇق. ئىككى سائەتتىن كېيىن قان بەرگۈچىلەر كېلىشكە باشلىدى. سىڭلىمغا نۇرغۇن قان سېلىنغان بولسىمۇ، بىر تەرەپتىن ئېقىپ تۇرغاچقا چىرايى بارغانچە سارغىيىشقا باشلىدى. دوختۇرلارمۇ جىددىيلىشىپ كەتتى، ئۇلارنىڭ چىرايىدىن بىلىنىپ تۇرغان ئامالسىزلىقنى كۆرۈپ مېنى قورقۇنچلۇق خىياللار قىيناپتتى. خۇدايىمدىن، ئاپامنىڭ روھىدىن ئۇنى ئۆز پاناھىدا ساقلاشنى تىلەيتتىم. بىراق، بارلىق تىرىشچانلىقىمىز، بارلىق ئارزۇ - ئۈمىدلىرىمىز، تىلەكلىرىمىز خۇدانىڭ قولىقىغا يەتمىدىمۇ، ئىككىنچى كۈنى سىڭلىم ھوشىدىن كەتتى. دوختۇرلار بىرنېمىلەرنى قىلىپ ھوشىغا كەلتۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن سىڭلىمنىڭ گەپ قىلغۇدەك مادارى قالمىغانىدى. ئۇنىڭ نۇرسىز كۆزلىرى قىيا ئېچىلىپ بىرنېمىنى ئىزدەيتتى. ئۇنىڭ ياندىكى كارىۋاتقا تىكىلىپ قالغىنىنى كۆرۈپ بالىنى ئۇنىڭ يۈزىگە يېقىن تۇتتۇم. ئۇ بالىنى شۇنداق ئۇزۇن پۇراپ كەتتى، ئاندىن كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇۋالدى. ھەرقانچە قىلىپمۇ ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالمىدىم. بوۋاقنى يۈزۈمگە يېقىپ ھۆكرەپ يىغلىۋەتتىم. سىڭلىم قايتا ھوشىغا كەلمىدى. يورۇق ئاسماندا چاقماق چېقىلدى. دەھشەتلىك بوران گۈرۈلدەپ جاھان قىزىللىققا تولدى.

— دوختۇر، قاراپ بېقىڭە، ئۇ ھوشىغا كەلگەندەك قىلىدۇ.

«تاراق - تۇرۇق» ئاۋازلاردىن نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلەلمىدىم. خىيالىمدا: «سىڭلىم ھوشىغا كەپتۇ» دەپ ئويلايتتىم. مەن سىڭلىمنىڭ يېنىغا بارماقچى بولۇپ يۈگۈردۈم،

ليكىن پۇتلىرىم جانسىز بولۇپ لوكولداپ قالغانىدى. سىڭلىمنى ئىزدىدىم. كۆز ئالدىم غۇۋالىقتىن ئاستا ـ ئاستا سۇزۇلۇپ ئاۋۋال دوختۇر، ئاندىن ھەسەنجان، سىڭلىمنىڭ يولدىشى كۆرۈندى. مەن سىڭلىمنى كۆرەلمىدىم. ئاۋۋال كۆرگىنىم ئۇلارنىڭ بېشىدىكى دوپپا، ئاندىن بېلىدىكى ئاق بولدى. جاھان يەنە بىر قېتىم ئۆزگەردى. كۆزلىرىمدىن لۆمۈلدەپ ياش ئاقتى.

— ئۆزىڭىزنى تۇتۇۋېلىڭ، لەيلىگۈل، — دېدى ھەسەنجان يۈزۈمنى سىلاپ تۇرۇپ، — ھېلىمۇ سىز ھوشسىز ياتقىلى بەش كۈن بولدى، رەھمەتلىكنى ساقلىيالمىدۇق، بالىغا سىز بولمىسىڭىز بولمايدۇ، شۇڭا ئۆزىڭىزنى ئاسراڭ.

مەن كۆزۈمنى چىڭ يۇمدۇم. يۈرىكىم ھېلىلا يېرىلىپ كېتىدىغاندەك ئاغرىيتتى. «ئەجەبا، جاھان بىزدەك ئاجىزلارغا شۇنداق تارمىدۇ؟ ئاھ، خۇدا! سىڭلىمنىڭ بەختلىك ئائىلىسىنى ۋەيران قىلغۇچە مېنىلا ئېلىپ كەتسەڭ بولماسمىدى. بىز ئالدىڭدا نېمە گۇناھ قىلدۇق؟ نېمىشقا كەلگۈلۈك بىزگىلا كېلىدۇ؟ ئەمدىلا يورۇق دۇنياغا كۆز ئاچقان بوۋاقنى ئانىسىز قويۇشقا كۆڭلۈڭ قانداق ئۇنىدى؟ نېمىشقا ھەممىمىزنى بىراقلا ئېلىپ كېتىپ ئازابتىن قۇتقۇزمايسەن!»

پىغانلىرىم يىغام ئارقىلىق چىقاتتى. سىڭلىمنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرىدا باش بولۇپ تۇرالمىغىنىم، بۇ دۇنيانىڭ خوۋلۇقىنى كۆرمەي كېتىپ قالغان ئاپام، ئاكام، سىڭلىمنىڭ ئۆلۈمى، بۇ دۇنيانىڭ رەھىمسىزلىكى قوشۇلۇپ نىمجان ئادەمگە ئايلىنىپ قالغانىدىم. مەن شۇ ياتقانچە يېرىم ئاي ئۆرە بولالمىدىم. ياشلىرىم قۇرۇپ، يېرىم ئاي ئىچىدە كۆزلىرىم تارتىلىپ باشقىچە ئادەمگە ئايلىنىپ قالدىم. ھەر قېتىم سىڭلىمنىڭ بالىسىنى كۆرگەندە، بىمەھەل كېتىپ قالغان تۇغقانلىرىمنى ئويلاپ ئازابلىناتتىم. ئىككى قىزىم ۋە سىڭلىمنىڭ توختىماستىن سۈت ئىزدەپ يىغلايدىغان ئوماق ئوغلىلا مېنى ئۆزىگە تارتىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ-

دىن باشقا ھەممە نەرسە مېنى قىزىقتۇرالمايتتى. بالىسىنىڭ چىققاندىن كېيىن، ئاۋۋال سىڭلىم، ئاپام، ئاكاملارغا ئاتاپ چوڭ نەزىر قىلدىم، ئاندىن ئۇلارنىڭ تۇپراق بېشىغا بېرىپ قۇرئان ئوقۇتتۇم. سىڭلىمنىڭ قەبرىسىنىمۇ ئاپام، ئاكاملارنىڭ قەبرىسىگە يانداش قويغانىدى. شۇنىڭدىن كېيىن خېلى ئۆزۈمگە كېلىپ قالغانداك بولۇپ سىڭلىمنىڭ ئوغلىنى ئەكېلىۋالدىم. بالىنىڭ كۈندىن - كۈنگە چىرايلىق چوڭ بولۇۋاتقانلىقى مېنى سۆيۈندۈرەتتى. ئۇنىڭ تاتلىق قىلىقلىرى ئازابلىرىمنى خېلى ئۇنتۇلدۇرغانداك بولدى. ئۇنىڭغا تېخىمۇ ئامراقلىقىم كېلەتتى. ھەسەنجانمۇ، ئىككى قىزىممۇ بۇ بالىنى كۆرگەندە بارلىق ئىشلىرىنى ئۇنتۇپ كېتەتتى. بىز ئۇنىڭغا «ئۈمىدجان» دەپ ئىسىم قويدۇق.

ھەش - پەش دېگۈچە «ئەنە كۈلدى، ئەنە ئولتۇردى، ماڭدى» دەپ يۈرۈپ ئۈمىدجان بىر ياشقا كىرىپ قالدى. ئۇنىڭ ئاپىسىغا قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشىشىدىغان چىرايى ماڭا سىڭلىمنى ئەسلىتەتتى. ئۇ بىر ياشقا كىرگەندە، ئۇنى ئېلىپ يېزىغا، ئاپىسىنىڭ قەبرىسىنى يوقلاشقا چىقتۇق. سىڭلىمنىڭ يولدىشى ئوغلىغا قاراپ ناھايىتى ئۇزاق كۆز يېشى قىلدى، بالىنى قۇچىقىغا ئېلىپ ئۇزاقتىن - ئۇزاققا قاراپ كەتتى. ھەسەنجان ئىككىمىزمۇ سىڭلىم ئىككىسىنىڭ مۇھەببىتىدىن تەسىرلىنىپ خېلى ئۇزاق كۆز يېشى قىلغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ، قايتىشىمىزدا ھەلىمە ئاپامنى يوقلاپ كېلىش ئۈچۈن قوشنا مەھەللىگە باردۇق. بۇ مېنىڭ تۇغقانلىرىمدىن قالسا ئەڭ يېقىن كىشىم ئىدى. ھەر قېتىم كەلسەك ئۇنى يوقلاشنى ئۇنتۇمايتتۇق. موماي خېلىلا قېرىپ كەتكەن بولسىمۇ، كۆزى يەنىلا روشەن ئىدى. ئۇ بىزنى كۆرۈپ خۇشاللىقتىن كارۋاتتىن يىقىلىپ چۈشۈشكە تاسلا قالدى.

— كۈنلەر ناھايىتى تېز ئۆتىدىكەن، قىزىم، — دېدى ئۇ

ئۇمىدجانىنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ، — مانا بۇ بالىمۇ بىر-دەمدىلا چوڭلا بولۇپ كېتىپتۇ. ئادەم دېگەننىڭ ئۆمرىگە بىرنېمە دېگىلى بولمايدىكەن. مانا مەن قاچان ئەزرائىلغا يالۋۇرمەنكىن، دەپ ئولتۇرىمەن. تېخى ئون گۈلنىڭ بىرى ئېچىلمىغان قىزنى ئېلىپ كەتكىنىنى ئويلىسام، كۆڭلۈم بۇزۇلۇپ نامىزىمدا خۇداغا نالە قىلىپ كېتىمەن. ھەرنېمە بولسا مەندەك قېرى ئاناڭلارنى ئۇنتۇپ قالماپسىلەر. خۇدايىم بەرىكەت بەرسۇن سىلەرگە.

— پات - پات يوقلاپ تۇرساق بولاتتى، ئارىلىق يېقىن بولمىغاندىكىن، ھە دېگەندە ئۆيدىن چىققىلى بولمايدىكەن، — دېدىم مومايغا ئۆزرە ئېيتىپ.

— ھە راست، قىزىم، سىلەرگە دېمەي دېگەن، لېكىن تۈنۈگۈندىن باشلاپ: «لەيلىگۈل قاچان بۇ ياققا ئۆتۈپ قالاركىن؟» دەپ يولىڭىزغا قاراپ قالدىم. دادىڭىز توغرۇلۇق ئاڭلاشنى خالىمايسىز، شۇنداقتىمۇ دېمىسەم بولمىدى. ھازىر ئۇنىڭ كۈنى بەكلا تەس بولۇپ قالدى. بۇلتۇر ئۇنىڭ كېسىلى ئېغىرلاشقانلىقىنى بىلگەن ھېلىقى قاشلىقچى خوتۇن ئۇنى ئۆيدىن ھەيدەپ چىقارغان ئىدى. بىچارە تېنەپ - تەمتىرەپ يۈرۈپ قىشنى چىقاردى، كېسىلى بارغانچە يامانلىشىپ كەتكەن چاغدا كەنتتىن ئۇنىڭ ئەھۋالىنى يېزىغا يوللاپتىكەن، ئۇلار ئۇنى ساناتورىيىگە ئاپىرىپ قويغانىمىش. خۇدايىمنىڭ ئارغامچىسىنىڭ بۇنچە ئۇزۇنلۇقىغا ھەيرانمەن، بالىلىرىم. ئەينى چاغدا ئۇ شۇ خوتۇننى دەپ ھەممىدىن كەچكەن نوچى ئەر ئىدى. مانا ئەمدى ئۆزى تاشلىنىپ قالدى. سىلەرگە سالغان زۇلۇمنى ئەمدى ئۆزى كۆرۈۋاتىدۇ. بولسا سەدىقىنىڭ ئورنىدا ئۇنىڭغا كىچىككىنە بىرنېمە بېرىپ كەتكەن بولساڭلار بوپتىكەن. ھازىر توپا بىلەن تەڭ بولۇپ ياتارمىش.

دادام توغرۇلۇق ھېچنېمىنى ئاڭلىغۇم يوق ئىدى. ئۇ مېنىڭ قەلبىمدە ئاللىقاچان ئۆلگەنىدى. ئاپامنىڭ ۋاپاتىدىن كې-

يىن ، دادامنىڭ ئىسمىغا ئوخشىشىدىغان ئىسمىنى ئاڭلىساممۇ قۇلاقلىرىمنى ئىتتىۋالغۇم كېلەتتى. ھەلىمە ئانامنىڭ كېيىن ئاڭلاپ ئىپادە بىلدۈرمىدىم. ئۇنىڭغا كۆڭلۈمدىكى نۇرغۇن گەپ-لەرنى دېگۈم كەلگەن بولسىمۇ دېيەلمىدىم. بىز خوشلىشىپ قايتتۇق.

— دادىڭىزنى يوقلاپ قويامدۇق؟ — دەپ سورىدى كېتىۋې-تىپ ھەسەنجان مەندىن.

— مېنىڭ دادام يوق!

گەپنى بەك چىڭ دەۋەتتىممۇ، ھەسەنجان دەماللىققا گەپ قىلمىدى. بىردەم ماڭغاندىن كېيىن ئۇ يەنە مېنى توختاتتى.

— ماڭا قاراڭ، لەيلىگۈل، دادىڭىزغا ئۆچلۈكىڭىزنى بىلى-مەن، لېكىن بۇ دۇنيادا ئەسكى بولسىمۇ دادىڭىزلا قالدى. ھېچ-بولمىسا، يوقلاپ بولسىمۇ ئۆتەيلى، مەنمۇ دادىڭىزنىڭ قانداق ئادەملىكىنى كۆرۈپ باقاي!

— مەن بارمايمەن، ئەگەر بارغۇڭىز بولسا ئۆزىڭىز بېرىپ كۆرۈپ كېلىڭ!

مەن ئىختىيارسىز ئۇمىدجاننى باغرىمغا بېسىپ يىغلاپ كەت-تىم. ھەسەنجان بىردەم تۇرغاندىن كېيىن، سىڭلىمنىڭ يول-دىشىنى ئېلىپ يېزىلىق ھۆكۈمەتكە بارىدىغان يولغا قايرىلدى. مەن بالىنى باغرىمغا باسقان پېتى خىيالغا غەرق بولۇپ ئولتۇرۇپ كېتىپتىمەن، لېكىن قايسى ئىشنى خىيال قىلغىنىمنى ئۆزۈممۇ بىلمەيتتىم. ئىككى قىزىم ئۆستەڭ بويىدا قىن - قىنىغا پاتماي ئويناۋاتاتتى. خېلى ئۇزۇندا ھەسەنجانلار قايتىپ كەلدى. بىز گەپ قىلىشماي بېكەتكە كەلدۇق. تاكى ئۆيىمىزگە كەلگۈچە ھېچ-بىرىمىز چىش يېرىپ گەپ قىلمىدى.

— بىر ئىشنى دېسەم خاپا بولارسىزمۇ؟ — دېدى بىر كۈنى ھەسەنجان بالىنى ئۇخلىتىپ قويۇپ ياتاي دەپ تۇرغىنىمدا.

— خاپا بولمىمەن، — دېدىم چېچىلىشىپ، — ئادەتتە سىز

مەن خاپا بولمايدىغان گەپنى سورىماي قىلىۋېرىسىز ئەمەسمۇ؟
— ياﺋاللا، يىشۇدەك تاپقۇر بولۇپ كېتىپسىز جۇمۇ؟ — دېدى ئۇمۇ كۈلۈپ تۇرۇپ، — بىراق بۇ قېتىم سورىمايلا دېگەن بولاي ئەمىسە.
— ئاۋۋال دەپ باقامسىز؟ — دېدىم مەنمۇ ئۇنىڭ مېنى خاپا قىلىدىغان گېپىنىڭ نېمىلىكىنى بىلىشكە قىزىقىپ.
— دادىڭىزنى ئەكېلىۋالايلىمىكىن دېگەن.
ئورنۇمدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتىم.
— مەن قوشۇلمايمەن، — دېدىم زەردە بىلەن، — ناۋادا دادامغا مۇناسىۋەتسىز نېمە ئىش بولسا مەيلى، لېكىن ئۇ گەپنى قايتا تىلغا ئالماڭ!
— مەنمۇ بۇ ئىشنى قايتا - قايتا ئويلىنىپ دەۋاتىمەن. قايسى كۈنى ئۆزىڭىز كۆرگەن بولسىڭىز بىلەتتىڭىز. ئۇنىڭ كۈنى ئاز قالغاندەك تۇرىدۇ. «مېنى يېزىدىن كەلگەن كادىر ئوخشايدۇ» دەپ قالدىمىكىن، «يۆتىلىمگە دورا بېرىڭلار، كاندىيىم يىرتىلىپ كېتىدىغاندەك قىلىدۇ» دەيدۇ. مەن ئەللىك سوم بەردىم، ئۇ يىغلاپ تۇرۇپ رەھمەت ئېيتىپ كەتتى. ئۇ راستىنلا ھەلىمە ئانام دېگەندەك كۈننى كۆرۈۋېتىپتۇ. ئادەم دېگەن شۇنداق نەرسە، باشقا كەلمىگۈچە ھېچنېمىنىڭ قەدرىنى بىلمەيدىغان. بىلەمسىز، سىز ئۇنىڭغا ئۆچ بولۇڭ ياكى ئۇ قانچىكى رەزىل بولسۇن، ھازىر ئۇ بىر تىنىقىلا قالغان ئۆلۈك. ئۆلۈككە ئاداۋەت تۇتقان نەدە بار. كۆڭلىڭىزنى كەڭرەك تۇتۇڭ! ئاخىرقى نەپەسدە بولسىمۇ كۈننىڭ سېرىقىنى كۆرسۇن. بۇ سىزنىڭمۇ مەسئۇلىيىتىڭىز.
— ئۇچۇ، ئۆز ۋاقتىدا مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىپتىكەنما؟
بولدى، ھەسەنجان، تالاشمايلى. گەپنى ئوچۇقلا دېسەم، ئەگەر ئۇنى ئەكېلمەن دېسىڭىز بۇ ئۆيدىن مەن كېتەي.
ئىككىمىزنىڭ سۆھبىتى ئۈزۈلدى. ھەر ئىككىمىز ئېغىر

تىنىپ يېتىشتۇق. بىر قانچە كۈن ئۆتتى. بۇ جەرياندا ھەسەنجان نېمىشقىدۇر كەم سۆزلىشىپ كەتتى. ئۇ دېگىنىنى قىلمىدىغان ئادەم بولغاچقا، بۇ قېتىم ئۇنىڭ بىر ئىغىز گېپىم بىلەنلا بولىدى قىلغىنىدىن سەل ھەيران قالدىم. بىر كۈنى ئۇ ئەتىگەندە چىقىپ كەتكەنچە چۈشلۈك تاماققىمۇ كەلمىدى. ئۇنى ساقلاپ تاماقنى كېيىنرەك يېدۇق. قاچىلارنى يىغىشتۇرۇپ بىردەم ئارام ئالاي دەپ ياستۇقنى تارتىشىمغا بىر پارچە قەغەز ئالدىمغا چۈشتى. مەن ئۇنى ئېلىپ ھەسەنجاننىڭ نەرسىسى بولسا ئېلىپ قويۇش ئۈچۈن قاتلاۋېتىپ ئۆز ئىسمىمنى كۆرۈپ قالدىم ـ دە، دەرھال خەتنى ئوقۇشقا باشلىدىم:

«لەيلىگۈل، سىزگە دېمەيلا كەتتىم. مېنى كەچۈرۈڭ! ئىنساني بۇرچۇم دادىڭىزنىڭ توپا بىلەن تەڭ بولۇپ يېتىشىنى كۆرۈپ تۇرۇپ، ماڭا تۆشەكلەر ئۈستىدە راھەتلىنىپ يېتىشقا يول قويمىدى. مەيلى نېمە بولمىسۇن، بىز ساۋابلىق ئورنىدا ئۇنى بېقىشىمىز كېرەك، بىلەمسىز؟ ئادەم ئۆلۈم ئالدىدا ھەممىدىن بەك غېرىبسىنارمىش. بەلكىم دادىڭىز شۇ تاپتا سىلەرگە قىلغانلىرىنى ئويلاپ ئازابلىنىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن. ئاكىڭىز، ئاپىڭىز، سىڭلىڭىزنى ئۇزاتتۇق، ھەممىسىنىڭ كۆزى ئوچۇق كەتتى. قىزلىرىنىڭ ئاپىسىمۇ، ئاپامىمۇ شۇنداق كۆزى يۇمۇلماي كەتكەن ئىدى. ئەمدى دادىڭىز بولسىمۇ كۆزىنى يۇمۇپ لەھەتكە كىرسۇن. بىز ئۆچمەنلىك ئۈستىدىن غالىب كېلىپ مېھرىبانلىق بىلەن دۇنيانى ئىللىتايلى.

ھەسەنجان»

نېمە قىلىشىمنى بىلمەي خەتنى تۇتقىنىمچە ئولتۇرۇپ قالدىم. كەچ كىرگۈچە ئىچىم سىقىلغاندەك، بىر يەرلىرىم ئاغرى-

ۋاتقاندەك بىئارام بولۇپ كەتتىم. كەچتە ئۇلار كەلدى. ماشىنى-
نىڭ سىگنالىنى ئاڭلاپمۇ ئۇنىڭ ئالدىغا چىقمىدىم. ئۇ كۆتۈرۈپ
كىرگەن گەۋدىگە قاراپ ئۆز كۆزۈمگە راستتىنلا ئىشەنمەي قال-
دىم. بەستلىك، كۈچتۈڭگۈر دادام شۇ تاپتا كىچىك بالىدەكلا
بولۇپ قالغانىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىكى سوغۇق نۇرنىڭ ئورنىنى
بىر خىل مەيۈسلۈك قاپلىغان بولۇپ، ئىسكىلىتتىن پەرقسىز
ئىدى. ھەسەنجان ماڭا جاي راسلاشنى ئىشارەت قىلدى. مەن
كۆرپە سېلىپ، ياستۇق قويدۇم. ھەسەنجان ئۇنى ئاۋايلاپ ياتقۇ-
زۇپ قويدى.

— ھازىر ھېچنېمە دېمەڭ، بەلكىم ئۇ بولالماي قالغان بولسا
كېرەك.

مەن گەپ قىلمىدىم. دادامغا يات بولغان ھەسەنجانىنىڭ قىلى-
ۋاتقان ئىشىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا ئارتۇق گەپ قىلىشقا تىلىممۇ
بارمايتتى. نېمىشقىكىن، ئۆزۈممۇ بىلمەي سۇ ئىسسىتىپ ئە-
كىردىم. ھەسەنجان دادامنىڭ بەدىنىنى سۈرتۈپ تازىلىدى. دادام
تىلدىنمۇ قالغانىدى. ئۇ كۆزلىرىنى مەندىن ئۈزمەيتتى. ئۇنىڭ
كۆزىدىن توختىماي ياش قۇيۇلۇپ تۇراتتى. يۆتەل تۇتقان چاغ-
لىرىدا كۆكىرىپ كېتەتتى. بىز ئەتىسى ئۇنى دوختۇرغا ئېلىپ
باردۇق. دوختۇرلار بىرقۇر تەكشۈرۈپ بېقىپلا بالنىستقىمۇ ئال-
مىدى. نېمىشقىكىن، دادامنىڭ شۇ نىمجان تۇرقىغا قاراپ ئۇ-
نىڭغا بولغان ئۆچمەنلىكىم تارقاپ كەتكەندەك، قانداقتۇر بىر
مەجبۇرىيەتنىڭ تۈرتكىسىدە دادامغا ئىچ ئاغرىتىدىغان بولۇپ قال-
دىم. ئۇنىڭ گېلىدىن ئۆتىدىغان سۇيۇق - سەلەڭ تاماقلارنى
ئېتىپ بەردىم. گەرچە ئۇ كۆپ ئىچەلمىسىمۇ، ھەر قېتىم تاماق-
تىن كېيىن ئۇنىڭ ئېغىزىنى مىدىرلىتىۋاتقانلىقىنى، كۆزىدىن
ياش سىرغىپ چىقىۋاتقانلىقىنى كۆرەتتىم. دادام ئۆز ۋىجدانى
ئالدىدا ئازابلىنىۋاتاتتى. دادام شۇنداق يېتىپ يىگىرمە كۈندىن
كېيىن جان ئۈزدى. جان ئۈزۈش ئالدىدا شۇنداق قىينالدىكى،

خۇدا ئۇنىڭ قىلمىشلىرىنى بىرمۇبىر كۆزىگە كۆرسىتىۋالغانىدى، بىرقانچە كۈن جان تالاشتى. بىز ئۇنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرىنى لايىقىدا قىلىپ ئاپاملارغا يېقىن جايغا دەپنە قىلدۇق. كۆز ئالدىمدا چوقچىيىپ تۇرغان كونا ـ يېڭى تۆت قەبرە ماڭا نۇرلۇق ئازابلارنى قالدۇرغانىدى. شۇنىڭغىمۇ تۇرۇپ ـ تۇرۇپ يۈرىكىم ئاغرىيدىغان بولۇپ قالغانىدى.

كۈنلەر ئۆتكەنچە تۇرمۇشنىڭ رىتىمى بىلەن يەنە ئۆز ئىشىمىزغا كىرىشىپ كەتتۇق. ئۇمىدجاننىڭ تاتلىق تىللىرى چىقىپ بىزنى «دادا، ئاپا» دەپ چاقىرالايدىغان بولدى. ئۇرۇمچىدە ھەسەنجاننىڭ بۇرۇن تىجارەت قىلغاندا ئالغان بىر يۈرۈش ئۆيى بولغاچقا، يازدا ئائىلە بويىچە ئۇرۇمچىگە بېرىپ ئارام ئالغاچ كېسەل كۆرسەتمەكچى بولدۇق. قىزلىرىمىز بۇنى ئاڭلاپ خۇشال بولۇشۇپ كەتتى. بىرنەچچە كۈن تەييارلىق قىلىپ يولغا چىقتۇق. يول بويى ھەسەنجان باللارغا قىزىقارلىق ھېكايىلەرنى سۆزلەپ بېرىپ، ئۇلارنى خۇشال قىلىۋەتتى. مەنمۇ باللارغا قاراپ سۆيۈنۈپ كەتتىم.

ئۆزۈمنى دۇنيادىكى ئەڭ بەختلىك كىشىدەك، بۇرۇندىن بەختىنىڭ پەيزىنى سۈرۈپ كەلگەندەك بارلىق غەم ـ قايغۇلىرىم ئۇنتۇلۇپ كەتتى. ھەسەنجاننىڭ قىلچە كىبىر ـ تەمەننادىن خالىي ساددا مىجەزى، باللارچە قىلىقلىرىغا قاراپ مۇھەممەت ئېسىمگە كېلىپ قالدى. ئىككىسىنى سېلىشتۇرۇپ كەتتىم. خېلى ئۇزاق خىيال سۈرگەن بولسام كېرەك، باللارنىڭ قىيقاس ـ چۇقانى مېنى ئېسىمگە كەلتۈردى.

— ئەجەب چوڭقۇر خىيالغا چۆكۈپ كەتتىڭىزغۇ؟ — دېدى ھەسەنجان باللار ئۆز ئويۇنلىرىغا چۈشكەندە، — خىيالىڭىزنى بۇزۇۋەتمەي دەپ گەپ قىلىشقىمۇ پېتىنالمىدىم. نېمىنى خىيال قىلدىڭىز؟

— سىلەرنىڭ خۇشاللىقىڭلارغا قاراپ، تۇرۇپلا ئىلگىرىكى

ئىشلار ئېسىمگە كېلىپ قالدى. يىللار نېمىدېگەن تېز ئۆتكەن؟
ئويلىسام ئۆزۈمنى مىڭ ياشقا كىرگەندەك سېزىمەن، — دېدىم
خىيالىمنى ھەسەنجاندىن يوشۇرۇشنى لايىق كۆرمەي، — لېكىن،
ئارىلىقتا ئۆتكىنى پەقەت بىرقانچە يىللا، خالاس. مۇشۇنداق كۈن-
گە، سىزدەك ياخشى ھەمراھقا ئېرىشكىنىمگە ئىشەنگۈم كەلمەي-
دۇ. تۇرۇپلا كۆنلەر كەينىگە يېنىپ كېتىدىغاندەك، كۆز ئالدىم-
دىكى بەختلىك تۇرمۇش غايىب بولۇپ كېتىدىغاندەك تۇيۇلىدۇ.
ھەر خىل ئادەملەرگە يولۇقتۇم، نۇرغۇن تەجرىبىلەرگە ئىگە
بولدۇم، لېكىن يەنىلا بىر خىل خاتىرجەمسىزلىك تۇرۇپ-
تۇرۇپ مېنى بىئارام قىلىدۇ، نېمىدىن خاتىرجەم بولالمايۋاتقان-
لىقىمنىمۇ بىلمەيمەن.
— نۇرغۇن ئىشلار بېشىڭىزدىن ئۆتكەچكە شۇنداق بىلىنگەن
گەپ. ھازىرقى تۇرمۇشىمىزنىڭ مەڭگۈ ئۆزگەرمەيدىغانلىقىغا،
مېنىڭدەك ھەمراھىڭىزنىڭ يېنىڭىزدا پەرۋانىدەك چۆرگىلەپ يۈ-
رىدىغىنىغا ئىشەنسىڭىز بولىدۇ. ناۋادا سىزلا مەندىن چانمىسى-
ڭىز، بۇ تۇرمۇش مەڭگۈ مۇشۇنداق داۋاملىشىدۇ. ئارتۇق ئىش-
لارنى ئويلىماڭ. مەيلى بىز قانداق شارائىتتا تونۇشقان بولايلى
ياكى قانداق ئادەملەر تۇرمۇشىمىزدا مەۋجۇت بولغان بولسۇن،
بىز يەنىلا شۇ شارائىتتا، شۇ كىشىلەر ئارىسىدا قانداق ياشاشنى
بىلىۋالدۇق. قەدىر - قىممىتىمىزنى پۇل - بايلىقتىن ئەمەس،
ساپ مېھىر - مۇھەببەت، كىشىلەر ئارا بولغان شەخسىيەتسىز
مېھىر - شەپقەتتىن، ساپ ئىنسانىي پەزىلەتتىن ئىزدەپ تاپتۇق.
مۇشۇنىڭ ئۆزىلا بىزنىڭ ئۆتكەن ھاياتىمىزدىن مەڭگۈ ئۆكۈنمەي-
دىغانلىقىمىزنى ئىپادىلەپ تۇرۇپتۇ. مەيلى قانداقلا قىيىنچىلىق
بولسۇن، ئەمدى بىز تاپقان شۇ يولدىلا بولساق چوقۇم تېخىمۇ
ياخشى كۈنلەرگە ئېرىشەلەيمىز. بەزىدە مەندىمۇ شۇنداق ھېسسى-
يات پەيدا بولۇپ قالىدۇ، ئەتراپىمىزدا يۈز بېرىۋاتقان ئىشلارغا،
ئەتراپىمىزدا مەنپەئەت ئۈچۈن يامان يولدا مېڭىۋاتقان كىشىلەرگە

قارىسام ھەممىنى ئۇنتۇيمەن. ئۆزۈمنى ئۇلاردىن كۈچلۈك، غالىب سېزىمەن.

ھەسەنجاننىڭ گەپلىرى يۈرىكىمنى تىترىتىپ ئىختىيارسىز ھاياجان ئىچىدە قالدىم. ئۇ كۆزۈمگە باشقىچە كۆرۈنۈپ كەتتى. كۆز چاناقلىرىمدا لىغىرلاپ قالغان ياشنى تەستە توختىتىپ ئۇنىڭغا رازىمەنلىك ۋە چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن قاراپ باش لىڭشىتتىم.

— ھە راست، بەلكىم سىز تېخى بىلمىدىڭىز، قايسى كۈنى رېستوراندىن يېنىپ كېلىۋاتسام نۇرغۇن كىشىلەر مۇھەممەتنىڭ دۇكىنىنى ئالدىدا يىغىلىۋاپتۇ، كېيىن بىلسەم ھەممىسى قەرز ئىگىلىرى ئىكەن. مۇھەممەت ھېلىقى بىزنىڭ دۇكانغا ئوت كېتىشنىڭ ئالدىدا كەتكەنچە قايتىپ كەلمەپتۇ. خەقنىڭ نۇرغۇن پۇللىرىنى ئېلىپ كېتىپتىكەنمىش. شۇ كۈنى قەرز ئىگىلىرى ئۇنىڭ دۇكىنىدىكى ماللارنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىر ئوقەتچى ئاغىنىمىز بار ئىدى. ئۇنىڭ دېيىشىچە، ئۇ ئەينى چاغدا يېتىلەپ يۈرگەن قىز «ئىچكىرىدىن مال يۆتكەيمىز» دەپ ئۇنى گۇاڭجۇغا ئاپىرىپتىكەن، ئۇنىڭ نۇرغۇن پۇللىرىنى ئېلىپ بىر ئاخشامدا غايىب بوپتىمىش. بىچارە بىر قانچە ئاي سەرگەردان بولۇپ يۈرۈپ ئاران كېلىۋاپتۇ، لېكىن نەدىلىكىنى ھېچكىم بىلمەيدىكەن. قەرز ئىگىلىرى سوتقا ئەرز قىپتىكەن، بەلگىلىك مۇددەت ئىچىدە مۇھەممەت كەلمىگەچكە دۇكاندىكى ماللارنى بىر تەرەپ قىلىپ قەرز ئىگىلىرىگە بۆلۈپ بېرىپتۇ. شۇنىڭغا قارىسام، ئادەم دېگەن «پۇل تاپتىم» دەپ ھەددىدىن بەك ئېشىپ كەتسىمۇ نەس باسىدىغان گەپكەن. ھېلىقى چاغدا دۇكانغا ئوت كېتىشنىڭ سەۋەبىنى ئۇنىڭدىن كۆرگەن ئىدۇق. بىز توغرا مۆلچەرلەپتىكەنمىز. قوشنا دۇكاندىكى ئايالنىڭ ئوغلى ئىچكىرىدىكى بىر تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇيتتى ئەمەسمۇ؟ ھېلىقى كۈنى ئۇ بالا ئاپىسىنىڭ غەللە پۇلىنى دۇكاندا

قويۇپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ كېچىدە دۇكانغا كەپتىكەن، پۇلنى ئېلىپ چىققاندا دۇكاننىڭ كەينىدىن بىرەيلەننىڭ چىقىپ ئۇدۇل-دىكى دۇكانغا كىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ سەل گۇمان قىلغاچ كېتىپ قاپتۇ، كېيىن ئاپىسىدىن ئوت كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ شۇ كۈندىكى ئىشلارنى دەپ بېرىپتىكەن، ئۇ ئايال ئوغلىنىڭ دېگەن-لىرىنى ساقچىغا مەلۇم قىپتۇ. ساقچىلار جىنايەتچىنىڭ مۇھەم-مەت بىلەن چېتىشلىقى بار دەپ قارايدىكەن. مەن تېخى ئۇ قايتىپ كەلسە دۇكانغا ئوت كېتىشىنىڭ سەۋەبىنى قايتا تەكشۈرتەيمىكىن دەپ ئويلىغان. ئەمدى ئۇمۇ تۇگىشىپتۇ. «ھەركىم قىلسا ئۆزى-گە، نەيزە تىقار كۆزىگە» دېگەندەك بولىدىغان جاھانكەن بۇ.

— ۋاي بولدىلا، ھەسەنجان، — دېدىم ئۇنىڭ دۇكاننى قايتا تىلغا ئېلىشىنى خالىماي، — ئۇنىڭ پېشكەللىككە ئۇچرىشى ئۆزىنىڭ قارا نىيىتىدىن بولدى. بىز ئۇنىڭ پۇلىغا قاراشلىق بولمىغاندىكىن. مانا ئەمدى باشقىلاردىن جاجىسىنى يەپتۇ. ئۇن-داق ئىشلارنى دېيىشمەيلى. ئويلىسام ئۇنىڭ قىلغان شۇملۇقلى-رىدىن نەپرەتلىنىمەن.

پاراڭ بىلەن بولۇپ، ئاپتوبۇسنىڭ بېكەتكە كىرگىنىنى تۇي-مايلا قاپتۇق. بالىلار «كەلدۇق، كەلدۇق» دەپ توۋلىشىپ پارد-ىگىمىزنى توختاتتى. بىز نەرسىلەرنى يىغىشتۇرۇپ ئاپتوبۇستىن چۈشكەندە، ھەسەنجاننىڭ ئۆيىمىزدە ئولتۇرۇۋاتقان ئائىلىسى ئالدىمىزغا چىققانىكەن. بىز ئۇنىڭ ماشىنىسىدا ئۆيگە تېزلا يې-تىپ كەلدۇق. ئۇزاق يول يۈرۈشتىن كېيىن ئىچكەن ھاردۇق ئېشى بىزنى بوشىتىپ ئۇزاق پاراڭلاشمايلا يېتىپ قالدۇق.

ئەتىسى سەھەردە ناشتىدىن كېيىنلا بالىلارنىڭ جېدىلى باش-لاندى. شۇنىڭ بىلەن ھەممىمىز بىللە سىرتقا چىقتۇق. بالىلار باغچىلاردا قىس - قىسىغا پاتماي ئوينىدى. بۇنداق ئويۇنلار تاكى بىر ھەپتىگىچە داۋام قىلدى. كېيىن بالىلارمۇ ئويناۋېرىپ ھاردى-مۇ، «سىرتقا چىقايلى!» دېسەك ئۇنىمايدىغان بولدى. بىز شۇن-

www.uyghurkitap.com

دىلا ئەر ـ ئايال ئىككىمىز دوختۇرخانىغا كېلىپ، كېسەل كۆرۈ-تىش پۈرسىتىگە ئېرىشتۇق. ئومۇمىيۈزلۈك بەدەن تەكشۈرۈشنى بىرقانچە كۈن داۋام قىلىپ ئاخىر نەتىجە چىقتى. ئىككىلىمىزنىڭ چوڭ كېسىلى يوق بولۇپ، مېنىڭدە ئازراق يۈرەك ئاجىزلىق كېسىلى بايقالدى. كېرەكلىك دورىلارنى ئېلىپ قايتماقچى بولدۇق.

— ئۈرۈمچىگە كېلىپ بىرەر ۋاخ تاماقنى ئايرىم يەپ باقماپ-تىمىز. بۈگۈن بالىلار بولمىغاندىكىن، ئۈرۈمچىنىڭ ئەڭ ياخشى تېز تاماقخانىلىرىنىڭ بىرىگە كىرىپ رومانتىك تاماق يەپ باقما-دۇق؟ — دېدى قايتىشىمىزدا ھەسەنجان.

— قېرىغاندا رومانتىك ئولتۇرۇشنى كىم قويۇپتۇ بىزگە. ئۇ ئىشلارنى ئەمدى بالىلارغا قويۇپ بەرسەك بولار، — دېدىم مەن چاقچاق قىلىپ.

— بىزنىڭ رومانتىك كۈنلىرىمىز ئەمدى باشلاندى. مەن تېخى ئۆزۈمنى بارغانچە ياشىرىپ كېتىۋاتقاندەك سېزىۋاتقان بو-لۇپ قالدىم دەڭا. سىز ئاڭلىغانمۇ، چەت ئەللىك يەتمىش ياشلىق موماي بىلەن سەكسەن نەچچە ياشلىق بوۋاينىڭ چىركاۋدا توي مۇراسىمى ئۆتكۈزگەنلىكىنى گېزىتلەرگە باستىغۇ؟ بىزمۇ شۇن-داق قىرىپ كەتسەكمۇ ئۆزىمىزنى ياش چاغلاپ يۈرۈۋەرسەك بولمىدىمۇ؟

بىز خۇشال ـ خۇرام ھالدا بىر تېز تاماقخانىغا كىردۇق، تاماقخانا ناھايىتى كۆركەم بېزەلگەن بولۇپ، قەدىمكى پادىشاھلار-نىڭ ئوردىسىنى ئەسلىتەتتى. بىز دېرىزىگە يانداپ قويۇلغان ئىك-كى كىشىلىك كىچىككىنە شىرەگە كېلىپ جايلاشتۇق، بىرنەچچە خىل قورۇما بۇيرۇتۇپ ئۈرۈمچىنىڭ گۈزەل مەنزىرىسى توغرۇ-لۇق پاراڭغا چۈشتۇق. تاماق ناھايىتى تېزلا تەييار بولدى. تاماق يەۋېتىپ ھەسەنجان سىرتقا قاراپ ئولتۇرۇپ قالدى. مەنمۇ ئۇ قارىغان تەرەپكە بويۇنداپ قارىدىم. بىر مۇلازىم يىگىت جۇلدۇر

كىيىملىك بىرەيلەننى ھەدەپ تىللىغاچ مۇرىسىدىن ئىتتىرىپ يۇرەتتى.

— مۇشۇنداق مەدەنىي شەھەرنىڭ قىياپىتىنى بۇزۇپ قەلەندەرلەر يۈتلىشىپ يۇرىدىكەن دېسە؟ — دېدىم كوچىدىكى تىلەمچىلەرنى ئويلاپ.

— توختاپ تۇرۇڭ، ئەجەب تونۇش كۆرۈنىدۇ، قاراپ باقاي!

مەن بىرنېمە دەي دېگۈچە، ھەسەنجان ئورنىدىن تۇرۇپ سىرتقا چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ مۇلازىم يىگىتكە بىرنېمە دېگىنىنى، ئاندىن يېنىدىن پۇل چىقىرىپ ئۇنىڭغا بەرگىنىنى دېرىزىدىن كۆرۈپ تۇردۇم. مۇلازىم ھەسەنجانغا بىرنەچچە زىخ كاۋاپ ۋە سۇلياۋ خالتىغا قاچىلانغان ئىككى توخۇ كاۋىپىنى ئۇزاتتى، ھەسەنجان ئۇنى ھېلىقى كىشىگە تۇتقۇزدى، كېيىن ئاشقان پۇلنىمۇ ئۇنىڭغا بېرىۋەتتى. ھېلىقى كىشى جايىدا موكىلا ئولتۇرۇپ كاۋاپنى ئاچ كۆزلۈك بىلەن يېيىشكە باشلىدى.

— كىمكەن ئۇ؟ — دېدىم ھەسەنجان قايتىپ كىرگەندە، — بىر مۇنچە پۇل بېرىۋەتتىڭىزغۇ، سەدىقە بەرمەكچى بولسىڭىزمۇ ئۇنداق بەش ئەزايى ساق تۇرۇپ تىلەمچىلىك قىلغانلارغا بەرمەسلىكىڭىز كېرەكقۇ؟

— ئاۋۋال تاماق يەڭ، ئاندىن مەن سىزگە ئۇنىڭ كىملىكىنى دەپ بېرەي، — دېدى ئۇ تاماققا قول سۇنۇپ. مەن ئارتۇق گەپ قىلماي تامىقىمنى يەۋەردىم.

— مۇھەممەتكەن، — دېدى تاماقتىن كېيىن ھەسەنجان تەرلىرىنى سۈرتۈپ تۇرۇپ، — قاراڭ، ئۇنىڭ تۇرقىغا، مەن سەل ئوخشاتقاندەك قىلىپ چىقىپ قارىسام راستىلا شۇكەن. قارىغاندا، تاماق يېمىگىلى بىرقانچە كۈن بولغاندەك قىلىدۇ، قورسىقىنىڭ كوركىرىشى ئاڭلىنىپلا تۇرىدۇ. شۇنىڭغا ساۋابلىق قىلىپ قوياي دېدىم.

مەن ئاغزىمنى ئېچىپ ئولتۇرۇۋپلا قالدىم. ھەسەنجاننىڭ گېپىگە ئىشەنمىگەندەك سىرتقا — ھېلىقى ئادەم ئولتۇرغان جايغا قارىدىم. ئۇ توخۇنىڭ پاچىقىنى كۈچ بىلەن چايناۋاتاتتى. كۆزلىرىمگە ھەيران قالدىم. گەرچە ئۇنىڭ تۇرقى ئۆزگەرگەن بولسىمۇ، قارامتۇل چىرايى، تېز - تېز قاراشلىرى ئۆزگەرمىگەن ئىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىنىڭ نۇرى قاچقان بولۇپ، ئېڭەك سۆڭەكلىرى تومپىيىپ چىقىپلا قالغانىدى. ئۇنىڭ هازىرقى تۇرقىغا قاراپلا، «بىر چاغلاردا قونچاقتەك قىزلارنى كەينىگە سىلىۋېلىپ گىدىيىپ يۈرگەن بايۋەچچە ئىدى» دىسە، مەندىن باشقا ھېچكىم ئىشەنمەيتتى. تۇرۇۋپلا، ئېسىمگە تۇرمىدىكى جەننەتخان دېگەن نۇرغۇن سۆزلەر كەلدى. توۋا، ئۇ كەلگۈسىگە نېمىدېگەن توغرا باھا بەرگەن - ھە؟ مانا كۆز ئالدىمدىكى ئىشلار دەل ئۇنىڭ دېگىنىدەك تۇراتتى. مەن ھەيرانلىق ئىلكىدە ئورنۇمدىن تۇرۇپ ھەسەنجانغا ئەگىشىپ سىرتقا چىقتىم. بىز ئۇنىڭ يېنىدىن ئۆتكەندە، ئۇ بىزگە قاراپ - قويۇپ قولىدىكى توخۇ پاچىقىنى قوينىغا تىقتى. ئۇنىڭ ئەنسىز قاراشلىرى ۋە قىلىۋاتقان ھەرىكەتلىرى نېرۋىسىدىن كەتكەنلىكىنى ئىپادىلەپ تۇراتتى.

— توۋا! ھەسەنجان، ھېچ ئىشەنگۈم كەلمەيۋاتىدۇ. زىيان تارتقان نۇرغۇن كىشىلەرمۇ ياشاۋاتامدۇ؟ قاراڭە، ئۇنىڭ بولۇپ قالغىنىنى؟ — دېدىم ھەيرانلىقىمنى باسالماي.

— مەن كەلگۈچە دېدىمغۇ؟ ئۇنداق ئادەملەر تۇرمۇشنىڭ يولىنى پۇل تېپىش دەپلا قارايدىغانلار، ئۇلارنىڭ بىلىدىغىنىمۇ پۇل تېپىشنىڭ يولى. ئۇلار ياشاش يولىنى بىلمەيدۇ. پۇلدىن ئايرىلسىلا ئۇلارنىڭ يۈرىكىمۇ، روھىمۇ يوقايدۇ. ناۋادا ئۇ پۇللۇق بولغان چاغدا ئازراق دەسمايىنى توغرا يولغا سالغان بولسا، مۇشۇنداق قىيىن كۈندە ئۇنى قۇتقۇزۇپ قالاتتى.

ئىككىلىمىز بىئاراملىق ئىچىدە قايتىپ كەلدۇق. كۆز ئالدىمغا مۇھەممەتنىڭ ھالىتى كېلىۋېلىپ شۇ كېچىسى تۈزۈكرەك-

مۇ ئۇخلىيالمىدىم. بىرقانچە كۈندىن كېيىن بىز يۇرتقا قايتتۇق. ھېرىپ كەتكەچكىمىكىن، بالىلار قايتقۇچە ئۇخلاپلا كەلدى. بىز ئون نەچچە سائەتتىن كېيىن يۇرتىمىزغا كەلدۇق. بالىلارنى ئېلىپ ئاپتوبۇستىن چۈشكەن چاغدا ئۇپۇق قىزىرىپ، ئاسمانىنىڭ شەرق تەرىپى قىزىل شايى رومالغا ئوخشىشىپ قالغانىدى. ھاۋا ئالاھىدە ياخشى بولغاچقىمۇ، ئىختىيارسىز شەرق تەرەپكە قاراپ تۇرۇپ قالدىم.

— پۇت - قوللارنى رۇسلىغاچ پىيادە ماڭامدۇق؟ — دېدى ھەسەنجان نەرسىلەرنى تونۇش كىراكەشنىڭ ھارۋىسىغا بېسىپ بولۇپ مەن قارىغان تەرەپكە قارىغاچ.

— شۇنداق قىلايلى، ئەتىگەننىڭ ساپ ھاۋاسىدىن ھۇزۇرلانغاچ دەريا بويىغا بېرىپ قۇياشنىڭ چىقىشىنى كۆرۈپ قايتايلى، — دېدىم مەن بىر خىل ھاياجان بىلەن. ھەسەنجان بېشىنى لىڭشىتتى.

بىز بالىلارنى يېتىلەپ ناھىيە بازىرىدىن ئانچە يىراق بولمىغان دەريا بويىغا تېزلا يېتىپ كەلدۇق. بۇ چاغ دەل قۇياش ئۇپۇق پەردىسىنى يىرتىپ نومۇسچان قىزدەك يېرىم چىققان چاغ ئىدى.

— قاراڭ، قۇياشنىڭ ئاستا - ئاستا كۆتۈرۈلۈشى نېمىدېگەن گۈزەل! بۇرۇن ئاپام بىلەن ھەر قېتىم قۇياشنىڭ چىقىشىنى تاماشا قىلاتتىم. بەزىدە ھاياجاندىن نەپەسلىرىمىز بىر - بىرىمىزگە ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

— راستتىنلا پەيزى بولىدىكەن، تېخى مېنى رومانتىك دەپ كېتەتتىڭىز. ئەسلى بىرىنچىسى سىز كەنسىز ئەمەسمۇ؟ مەن تېخى قۇياشنىڭ بۇنچە چىرايلىق چىقىدىغانلىقىدىن خەۋەرسىز كەنمەن. بۇنىڭدىن كېيىن بۇنداق ياخشى پۇرسەتتە مېنىمۇ بىللە ئېلىۋېلىڭ جۇمۇ!

ھەسەنجانمۇ قۇياش ئۇپۇق پەردىسىنى تولۇق قايرىپ چىققۇچە قاراپ تۇردى. قۇياش تولۇق يۇمىلاق ھالەتكە كەلگەندىن كېيىن،

كۈچلۈك نۇر ئەتراپنى قاپلاپ كۆزلىرىمىزنى قاماشتۇرۇۋەتتى. بىز باللارنى يېتىلەپ ئاستا قەدەملەر بىلەن يولغا چىقتۇق. ئىككىمىز ئۇزۇنغىچە گەپ قىلماي ماڭدۇق.

ئۆيگە كەلگەندىن كېيىن نەرسىلەرنى يىغىشتۇرۇپ باللارنى يۇيۇندۇردۇم. ئۇلار: «ساۋاقداشلىرىمىزنىڭ ئۆيىگە بارىمىز!» دەپ جىدەل قىلىپ تاماقنىمۇ قارىماي چىقىپ كەتتى. ھەسەنجانمۇ: «رېستوراننى كۆرۈپ كېلەي!» دەپ چىقىپ كەتتى. ئۆزۈم يالغۇز بىردەم ئولتۇرغاندىن كېيىن يۇيۇندۇم، ئاندىن باللار كەلگۈچە بىردەم ئارام ئېلىش ئۈچۈن ياستۇققا بېشىمنى قويدۇم. كۆزۈم ئەمدىلا ئۇيقۇغا بېرىۋېدى، چۈش كۆرۈپتىمەن، چۈشۈمدە ئاپام، ئاكام، سىڭلىم ھەممىسى بارمىش. ئاپام ماڭا «دەريا بويىدا قۇياشنىڭ چىقىشىنى تاماشا قىلىۋاتىمىز» دېگۈدەك. مەنمۇ ئۇلار بىلەن ئۇپۇققا قارىغۇدەكمەن. ئەتراپ قىزىللىققا تولغانمىش. قۇياش ئالتۇندەك جۇلالىنىپ چىققانمىش. قۇياش يۇمىلاق ھالەتتە كۆرۈنگەندە، ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئاپام بىلەن سىڭلىم پەيدا بولۇپ قالغۇدەك. ئاپام سىڭلىمنىڭ چېچىنى ئۆرۈۋاتقانمىش. ئاكام يېنىمدا چۆچەكنى توتۇپ تۇرارمىش. مەن ھەيران بولۇپ ئاپامغا: «سىلەر قاچان چىقىۋالدىڭلار!» دەپ توۋلاپتىمەن. ئاپام كۈلۈپ تۇرۇپ: «بىز نۇرۇڭلا قۇياشقا قوشۇلۇپ كەتكەن، سېنىڭ جىسمىڭنى ئىللىتقان بىزنىڭ مېھرىمىز» دەپتۇمىش. بىر كەمدە يېنىمدا دادام پەيدا بولغۇدەك. دادام: «ئاپاڭلار مېنى ئالماي كېتىپتۇ» دەپ يىغلاۋاتقانمىش. بىر يەردە مۇھەممەتمۇ بارمىش، ئۇ قۇياشقا قاراپ: «ئەخمەقلەر! قۇياش، ئۇپۇق دەپ كېتىشكىنىنى، ئۇلار نېمىگە ھېساب، بۇ يەرگە كېلىڭلار! ياخشى نەرسە دېگەن مانا بۇ يەردە!» دەپ بىر تۇتام پۇلنى قۇياشقا قارىتىپ ئېتىۋاتقانمىش. پۇللار قۇياشنىڭ كۈچلۈك تەپتىدىن كۆيۈپ كۈلگە ئايلىنىۋاتقۇدەك. مەن مۇھەممەتنىڭ كۈل دۈۋىسى ئارىسىغا

چۆكۇپ كېتىۋاتقىنىغا قاراپ قالغۇدەكمەن. ئاپام، ئاكام، سىڭىلىملار قۇياش بىلەن تەڭ ئۆرلەۋاتقانمىش. دادام: «توختاڭ-لار!» دېگىنىچە يۈگۈرۈپ كېتىپ بارغۇدەك.

مەن چۆچۈپ ئويغاندىم. سائەت ئاللىقاچان ئوندىن ئاشقان-دى. مەن سىرتقا چىقىپ تىكلىنىپ بولغان قۇياشقا قارىدىم. دەل شۇ چاغدا ھەسەنجان قايتىپ كەلدى.

— قۇياشقا قاراپ تۇرۇپسىزغۇ تېخىچە؟ كۆيۈپ كەتمەڭ يەنە. قۇياش ئەتە يەنە چىقىدۇ، مەن بىللە بېرىپ سىزگە تاماشا قىلىشىپ بېرىمەن. تېز بولۇڭ، قورساق ئاچقىلى تۇردى.

مەن ئۇنىڭغا مېھىر بىلەن قارىدىم. ئىككىمىز بىردەم قارى-شىپ تۇرغاندىن كېيىن ئىختىيارسىز كۈلۈشۈپ كەتتۇق. ئاندىن ئاشخانىغا كىرىپ تاماققا تۇتۇش قىلدىم.

«توغرا، قۇياش كۈندە چىقىدۇ، — دەپ ئويلىدىم ھەسەنجان-نىڭ كۆكتات ئادالاۋاتقان تۇرقىغا قاراپ سۆيۈنۈپ، — مۇشۇنداق ئەتىلەر مەڭگۈ تۈگىمەيدۇ. قۇياشنىڭ چىقىشى بىر قانۇنىيەت بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ گۈزەللىكىنى پەقەت ئۇنى ھەقىقىي كۆ-زى بىلەن كۆزىتەلەيدىغان كىشىلەرلا كۆرەلەيدۇ. مەڭگۈلۈك ئە-تىلەرنى يورۇتىدىغان قۇياشنىڭ گۈزەللىكىنى مەن، ھەسەنجان ۋە بىزگە ئوخشاش نۇرغۇنلىغان كىشىلەر كۆرەلىسە، قۇياش ئۆزى-نىڭ خاسىيەتلىك نۇرى بىلەن پۈتۈن زېمىننى، شۇ زېمىندىكى بارلىق مەۋجۇداتلارنىڭ يۈرىكىنى ئىللىتسا نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى - ھە!»

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېكىتى ئادرېسى

# ئۈچىنچى سوت

سوتنىڭ چاقىرىق قەغىزىنى تۇتقىنىمچە جايىمدا ئولتۇرۇپ
قالدىم. خۇددى مۇشۇ قەغەز مېنىڭ بارلىقىمنى يوق قىلىۋېتىدى-
غاندەك يۈرىكىم ئېغىپ كەتتى. مەن ئېرىمنىڭ قىلىۋاتقان ئىش-
لىرىنى بىلسەممۇ، لېكىن ئۇنى ھەممە نەرسىنى قايرىپ قويۇپ
ئەرز قىلىدۇ، دەپ ئويلىمىغانىدىم. مەن ئۆزۈمنى تۇتۇۋېلىپ،
قەغەزدىكى خەتلەرنى ئوقۇشقا باشلىدىم. ئېرىمنىڭ دېيىشىچە،
مەن ئۇنىڭغا ئاياللىق مەجبۇرىيىتىمنى ئادا قىلماپتىمەن. ئائىلى-
مىزدە جېدەل ـ ماجىرا ئۈزۈلمىگەچ، بىر ـ بىرىمىزگە مۇھەب-
بىتىمىز قالمىغانلىقى ئۈچۈن سوتنىڭ ئاجراشتۇرۇشىنى تەلەپ
قىپتۇ. مەن ئېرىمنى شۇ تاپنىڭ ئۆزىدە تونۇغاندەك، ئىلگىرى
ئۇنى بىلمەيدىغاندەك ھالەتكە كېلىپ، ئۇنىڭدىن يىرگىنىپ كەت-
تىم. «ئۇنىڭ بىلەن ئاجراشمايمەن» دەپ شۇنچە ۋاقىتنى بىھۇدە
ئۆتكۈزگىنىمگە پۇشايمان قىلدىم. ئىشخانىدىن قانداق چىققىنىم-
نى، نەگە بېرىشىمنى بىلمەيتتىم. خۇددى باشقىلار مېنى مەسخى-
رە قىلىۋاتقاندەك، مېنىڭ يارىماسلىقىمدىن كۈلۈۋاتقاندەك خى-
جىللىق ئىچىدە ۋۇجۇدۇم ۋاژىلداپ كۆيمەكتە ئىدى. دېمىسىمۇ،
بىزنىڭ يېشىمىزدىكىلەر ئائىلىسى ئۈچۈن بارلىقىنى قۇربان قى-
لىۋاتقان چاغلاردا «ئاجرىشىمىز!» دەپ سوتقا بېرىپ يۈرۈش
نېمىدېگەن سەت ئىش ـ ھە؟ بىراق، ئىش بۇ يەرگە كەلگەندە
نېمىمۇ دېيەلەيتتىم. ھېچبولمىغاندا، سوتقا بېرىپ «ئاجراشماي-
مەن!» دېگەن جاۋابنى بولسىمۇ بېرىشىم كېرەك. بولمىسا،
ئېرىم ئىككىمىزنىڭ جېدىلى يەنە تۈگىمەيتتى.

ئۆيگە كېلىشكە ئالدىرىمىدىم. مېنى نۇرغۇن شېرىن ئارزۇ-ھەۋەسلەرگە سالغان، تۇرمۇشنىڭ گۈزەللىكىدىن شادلاندۇرغان، ناتىۋان بىر قىزدىن بىر ئايالغا، ئاخىرى بېرىپ ئوتتۇرا ياشلىق بىر ئانىغا، ئانا بولغاندىمۇ ئائىلە ئۈچۈن، بالا ئۈچۈن بارلىقىنى ئاتىۋەتكەن ئانىغا ئايلاندۇرغان ئاشۇ ئۆي تۈنجى قېتىم ماڭا ناتونۇش بىلىندى. ئۆزۈمنى خۇددى شۇ ئۆيگە بۇرۇندىنلا بىر مېھماندارچىلىققا كېلىپ ئۇزاق ئولتۇرۇپ قالغاندەك ھېس قىلدىم. توي قىلغان يىگىرمە يىلدىن بېرى تۇنجى قېتىم يېگانە قالغاندەك، بارىدىغان يېرى يوق بىر ساياققا ئايلىنىپ قالغاندەك مېنى غېرىبلىق باستى. يىغلىغۇم كەلدى، لېكىن يىغلىيالمىدىم، ئىچىمدە بىر نەرسە پارتلاپ كېتىدىغاندەك قىلاتتى. ئېغىر لاشقان قەدەملىرىم يەنىلا مېنى ئۆيۈم تەرەپكە تارتتى. شۇ تاپتا ئۆيدە ئالتە ياشلىق كىچىك قىزىم قەلبىنۇر بىلەن ئون ئالتە ياشلىق چوڭ قىزىم ئىلمىنۇر مېنىڭ ئىسسىق تامىقىمنى ساقلاپ ئولتۇراتتى. بالىلىرىمنى ئويلاپ يەنىلا ئۆيگە ئالدىرىدىم.

ئۆيگە كەلگىنىمدە كىچىك قىزىم قەلبىنۇر ئىشىك ئالدىدا ئويناۋاتقانىكەن. ئۇ مېنى كۆرۈپلا چىرايىنى بىرقىسمىلا قىلىپ قالدى. ئۇنىڭ چىرايىدىن مەن ئۇنىڭغا ۋەدە قىلغان بىر ئىشنى ئۇنتۇپ قالغانلىقىمنى بىلىپ دەرھال ئۇنىڭدىن ئەپۇ سورىماقچى بولدۇم.

— ئاپا، سىز ماڭا «قىز بالا يالغان ئېيتسا بولمايدۇ» دەيتتىڭىز. ئۆزىڭىز يالغانچى ئىكەنسىزغۇ؟ ساۋاقدىشىم كېلىپ سىزنىڭ يوقلۇقىڭىزنى كۆرۈپ كېتىپ قالدى. مەن ئۇنىڭغا: «ئاپام كەچتە پولۇ ئېتىدۇ، سېنى باشلاپ كەل دېگەن!» دەپتىكەنمەن. بەك خىجىل بولدۇم، — دېدى قەلبىنۇر دۇمسايغان ھالدا.

— مەن ئەتە چوقۇم ئېتىپ بېرەي، قىزىم. بۈگۈن ئىدارىدە ئىش چىقىپ قالدى، — دېدىم ئۇنى بەزلەپ.

www.uyghurkitap.com

— ئاچام تاماق قىلىۋاتىدۇ، — دېدى قەلبىنۇر ئاشخانىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ. مەن دەرھال چاپىنىمنى سېلىپ ئاشخانىغا كىردىم. ئىلمىنۇر كۆكتات ئادالاۋاتقانىكەن.

— ئەكەل، بالام، ئۆزۈم قىلاي. سەن سىڭلىڭنى ئەكىرىپ يۇيۇندۇرۇپ قويغىن، — دېدىم ئۇنىڭ قولىدىكى كۆكتاتنى ئېلىۋېلىپ.

— كەچ قالدىڭىزغۇ، ئاپا، قەلبىنۇر: «پولۇ!» دەپ غەلۋە قىلىپ بېشىمنى ئوچاق قىلىۋەتتى. يا مەن ئېتىشنى بىلمەيدىكەنمەن. مىنىڭ تەستە ئالداپ سىرتقا ئوينىغىلى چىقىرىۋەتكەنىدىم.

— ئىدارىدە ئىش چىقىپ قالدى، بولمىسا، ئېسىمدە بار ئىدى.

شۇ گەپلەرنى دەۋېتىپ يىغلىۋېتىشكە تاسلا قالدىم. ئەمەلىيەتتە، بۈگۈن ئىدارىدە ھېچ ئىش قىلمىغانىدىم. مەن تېزلا تاماقنى تەييار قىلدىم. بالىلار بىلەن تاماقنى يەپ بولغاندىن كېيىن، قاچىلارنى يۇيۇپ جايىغا سېلىۋەتتىم. ئادىلنى ساقلىشىمنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى. ئۇ بىر بولسا تاڭ ئاتقاندا، بىر بولسا يېرىم كېچىدە كېلەتتى. ئۇنىڭ بۇ ئۆيدە تاماق يەيدىغان كۈنلىرى ناھايىتى ئاز ئىدى. قىزلىرىم تاپشۇرۇقلىرىنى ئىشلەپ بولغاندىن كېيىن تېلېۋىزور كۆرمەكچى بولۇشتى. شۇ تاپتا بىر-بىرىدىن چىرايلىق بۇ ئىككى قىزىمغا قاراپ يۈرىكىم ئېچىشماقتا ئىدى. «چوپچوڭلا بولۇپ قالغان بالىلارنىڭ ئالدىدا ئاجرىشىمىز دېگەن گەپنى قانداقمۇ دېگىلى بولار؟ ئۇلار كىمنىڭ خاتا، كىمنىڭ توغرىلىقىنى ئايرىيالارمۇ؟ بىزدىن نەپرەتلىنەرمۇ؟...»

— ئاپا، نېمە بولدىڭىز؟

چوڭ قىزىمنىڭ گېپىدىن چۆچۈپ كەتتىم. دەرھال يېشىمنى ئېرتىۋەتمەكچى بولۇۋېدىم، ئۈلگۈرەلمەي قالدىم. خۇددى بايىدىن بىرى چىقالماي قالغان ياشلىرىم ئۆز جايىنى تاپقاندەك ئۆزۈمنى قانچە قىلسامۇ تۇتالمىدىم.

— جېنىم قىزىم، ئاپاڭنى چۈشىنەمدىغانسەن. ساڭا نېمە دېسەم بولار، — دېدىم ئېسەدەپ تۇرۇپ، — ناۋادا، دادىڭ بىلەن ئىككىمىز ئاجرىشىپ قالساق، سەن كىمنى تاللار بولغىيتتىڭ، قىزىم؟

— ئۇنداق دېمەڭ، ئاپا. سىز «ھەرقانچە خورلۇق تارتساممۇ ئاجراشمايمەن» دەيتتىڭىزغۇ؟ دادام ئىككىڭلار ياخشى بولمىساڭلارمۇ مەن بىر پۈتۈن ئائىلىمىز بولۇشىنى ئارزۇ قىلىمەن. بىلىمەن، ئاپا. سىز ئازابلىنىۋاتىسىز، مەن نۇرغۇن ساۋاقداشلىرىمنىڭ دادىلىرىنىڭ ئاياللىرىغا شۇنداق كۆيۈنىدىغانلىقىنى، مېھرىبانلىق قىلىدىغانلىقىنى كۆرگەندە سىزنى ئويلاپ قالاتتىم، ئائىلىمىزدە دادام سىزگە كۆيۈنۈپ باقمىدى. بىزنىڭ كۆرىدىغىنىمىز سىزنىڭ كۆكەرگەن يۈز-كۆزلىرىڭىز بىلەن دادامنىڭ سىزگە بولغان قوپاللىقى ئىدى. مەن ساۋاقداشلىرىمنىڭ ئاتا-ئانىسى توغرۇلۇق دېيىشكەن گەپلىرىنى ئاڭلاشنى خالىمايتتىم. نېمىشقا دېسىڭىز، ئۇلارغا سۆزلەپ بەرگۈدەك ئىشلار ئائىلىمىزدە يوق ئىدى. جېنىم ئاپا، نېمىلا بولمىسۇن، بىزنى يېتىم قىلماڭلار، دادامغا يالۋۇراي، ئۇ ئەمدى سىزنى ئۇرمىسۇن!

ئىلمىنۇرمۇ ھۆڭرەپ يىغلاپ كەتتى. بىزنىڭ يىغلىشىۋاتقىنىمىزنى كۆرگەن كىچىك قىزىممۇ ئۇمچەيگەن پېتى كېلىپ بوينۇمغا ئېسىلدى. مەن دەرھال ياشلىرىمنى سۈرتۈپ ئۇلارغا كۈلۈمسىرەپ قارىدىم.

— بولدى، باللىرىم، ھېچ ئىش يوق. قېنى، ياخشىراق قانالنى قويۇڭلار، تېلېۋىزور كۆرەيلى، — دېدىم ئۇلارنىڭ كەيپىياتىنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن.

— مەن مۇنداقلا دەپ قويدۇم، قىزىم، — دېدىم مەن يەنە ئىلمىنۇرنىڭ قىزارغان كۆزىگە قاراپ، — ئەمەلىيەتتە، داداڭلار ئۇنچە ئەسكى ئەمەس. ئۇنىڭ ماڭا كۆيۈنگەن چاغلىرى بولغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

سەنمۇ بىلمەسەنغۇ، قىزىم. ئالتە ـ يەتتە ياش چاغلىرىڭدا دادىڭ سېنى پاتمىغا مىندۈرەتتى، مەن ئەگىشەتتىم، ھەر كۈنى قورۇنى نەچچە ئايلىنىپ چىقاتتۇق. دادىڭ پولۇ ئېتىشكە ئۇستا ئىدى. مەن پولۇ ئېتىشنى دادىڭدىن ئۆگەنگەن. ئادەم يېشى چوڭايغانچە سەپرا مىجەز بولۇپ قالىدىغان گەپكەن. مەنلا بولسام، سىلەر ھەرگىز بويۇن قىسىپ قالمايسىلەر، بالىلىرىم.

قىزلىرىمنىڭ چىرايى خېلى ئېچىلدى. نېمىشقىدۇر مەنمۇ سەل يېنىكلەپ قالغاندەك بولۇپ قالدىم. كۆز ئالدىمغا ئادىل ئىككىمىزنىڭ يېڭى توي قىلغان چاغلىرى كېلىۋالدى.

ئۇ چاغلار ھەقىقەتەن كۆڭۈللۈك ئىدى. ئىككىلىمىز خىزمەتكە چىقىپ ئۇزاق قالمايلا تونۇشقان ھەم ئىختىيارسىز بىر ـ بىرىمىزنى ياخشى كۆرۈپ قېلىشقان بولغاچقا، توي قىلىش ۋاقتىنى كېيىنگە تارتمايلا تويىمىزنى قىلغانىدۇق. مەن تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ ۋاقىتلىق ئىشلەۋاتقان چاغلىرىمدا، ئادىل ئوتتۇرا تېخنىكومنى پۈتتۈرۈپ ئىدارىمىزگە تەقسىم قىلىنغانىدى. ھەر ئىككىمىزنىڭ مائاشى يۇقىرى بولمىسىمۇ، تويدىن كېيىنكى كۈنلىرىمىز خۇشاللىق ئىچىدە ئۆتەتتى. ئادىل ئىككىمىز بىر ـ بىرىمىزنى بەكمۇ ياخشى كۆرۈشەتتۇق، خىزمەت ئارىلىقىدا بىر ـ بىرىمىزنىڭ ئىشخانىسىغا چىقىپ بىرەر ـ يېرىمدەم پاراڭلىشىۋالمىساق ئىشىمىز ئاينىمايتتى. ئىدارىدىكى ھەممەيلەننىڭ ئىككىمىزگە مەستلىكى كېلەتتى. توي قىلىپ ئىككىنچى ئېيىلا بويۇمدا قالدى. بۇ ئىش ئائىلىمىزگە نىسبەتەن تېخىمۇ زور خۇشاللىق ئاتا قىلدى. ئادىل ئىككىمىز بىكار قالساق بالىمىزنى قانداق تەربىيىلەش توغرۇلۇق مۇلاھىزە قىلاتتۇق، بالىغا ئىسىم تاللاپ ھارمايتتۇق. ئادىلنىڭ ئەمدىلا يوغىناشقا باشلىغان قورسىقىمنى سىلاپ، بالىنىڭ تىنىقىنى ئاڭلاش ئۈچۈن قۇلىقىنى قورسىقىمغا يېقىۋاتقانلىقىنى كۆرگىنىمدە، ئۆزۈمنى چەكسىز بەخت قوينىدا ئەللەيلىنىۋاتقاندەك، دۇنيادا مەندىن باشقا

بەختلىك ئىككىنچى بىر ئىنسان يوقتەك ھاياجانلىناتتىم. ئادىلنىڭ تەبئىي بۇدۇرچاچلىرىنى سىلاپ ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭ ماڭا مەڭگۈ ھەمراھ بولۇشىنى تىلەيتتىم.

ئاي - كۈنۈم توشۇپ چوڭ قىزىم تۇغۇلغاندا ئائىلىمىز تېخىمۇ شادلىققا چۆمدى. مەن ئارزۇ قىلغىنىمدەك قىز بوۋاققا ئېرىشكىنىم ئۈچۈن خۇش بولسام، ئادىل دادا بولغىنى ئۈچۈن خۇش ئىدى. مەن خۇددى ئۆزۈمنى باشقىچە ئادەمدەك سېزەتتىم. ئەمدى مەن بىر ئانىغا ئايلانغانىدىم. مېنىڭ زىممەمدىكى ۋەزىپە تېخىمۇ ئېغىر ھەم بۈيۈك ئىدى. ئەمدى مەن ئاياللىق بۇرچۇمدىن باشقا، ئانىلىق بۇرچۇمنىمۇ تولۇق ئادا قىلىشىم، ياخشى ساداقەتمەن ئايال، مېھرىبان ئانا بولۇشۇم كېرەك ئىدى. بۇلارنى ئويلىسام، ئۆزۈمنى چەكسىز كۈچ - قۇۋۋەتكە تولغاندەك ھېس قىلاتتىم. كۈنلەر ھەش - پەش دېگۈچە ئۆتۈپ، بالىمىز ئۈچ ئايلىق بولدى. قائىدە بويىچە ئەمدى ئىشقا بېرىشىم كېرەك ئىدى، لېكىن ئادىلنىڭ تەلىپى بويىچە ئىشتىن بىر مەزگىل توختاپ بالىغا قارايدىغان بولدۇم. بىر مەزگىلدىن كېيىن ئائىلىمىز ئىقتىسادىي جەھەتتە بىز ئويلىمىغان دەرىجىدە قىيىنچىلىققا دۇچ كەلدى. بىر ئادەمنىڭ مائاشى قورساقنى تويدۇرغىنى بىلەن، بالىنىڭ ھەر خىل چىقىملىرىغا يېتىشمەي، ئايدىن - ئايغا قەرز بولۇشقا باشلىدۇق، ئۇنى ئاز دېگەندەك تۇيۇقسىز بالىنىڭ پۈتۈن بەدىنىنى قىپقىزىل ئەسۋە قاپلاپ كەتتى. بالىنى داۋالىتىش ئۈچۈن يەنە بىرمۇنچە قەرز بولدۇق. شۇڭا، ئادىل باش كۆتۈرمەي ئىشلەيتتى، ئىشتىن سىرتقى چاغلاردا باشقا ئىدارىلەرنىڭ ماتېرىياللىرىنى تەرجىمە قىلىپ بېرىپ ئانچە - مۇنچە پۇل تاپاتتى، لېكىن بۇنداق ئىش دائىم بولمايتتى. مەن پۈتۈن زېھنىمنى بالىغا ھەم ئائىلىمىزگە قاراتقان بولۇپ، «ئادىلنىڭ خاتىرجەم ئۆگىنىشى ھەم خىزمەت قىلىشى ئۈچۈن شارائىت يارىتىپ بەرسەم» دەپ تىرىشاتتىم. بالىمىز بىر ياشقا كىرگەن

يىلى بىز مەسلىھەتلىشىپ مەن ئىشلەيدىغان بولدۇم. ئىدارىمىز مېنىڭ يەنە ۋاقىتلىق ئىشلىشىمگە قوشۇلدى. شۇنىڭ بىلەن بالىنى ئاپامنىڭ قېشىغا ئاپىرىپ قويۇپ ئىشقا چۈشتۈم. مانا ئەمدى ئاز بولسىمۇ يۈكىمىز خېلى يەڭگىللەپ قالدى. شۇ كۈنلەردە ئادىل مېنىمۇ ئۆگىنىشكە دەۋەت قىلدى. مەن كىچىلىرى ئۇنىڭ بىلەن تەڭ ئۆگىنىش قىلىپ، خېلى كۆپ نەرسىلەرنى بىلىۋال-دىم. بالىمىز ئىككى ياشقا كىرگەن يىلى ئىدارىمىزگە ۋاقىتلىق خىزمەتچىلەرنى ئوقۇشقا ئەۋەتىش ئارقىلىق ئۇلارنى رەسمىي كادىرلىققا ئېلىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش كەلدى. بۇ ئىشنى يەنىلا ئەڭ ئاۋۋال ئادىل ماڭا يەتكۈزدى.

— ئىمتىھان بېرىپ بېقىڭ بولمىسا، — دېدى ئۇ مېنىڭ ئىككىلىنىپ قالغىنىمنى كۆرۈپ، — ئىمتىھاندىن ئۆتۈپ قالسى-ڭىز كېيىن رەسمىي كادىر بولىسىز ئەمەسمۇ؟

— بىراق، بالا تېخى كىچىك تۇرسا، — دېدىم مەنمۇ ئۆزۈمنىڭ ئەندىشىسىنى ئېيتىپ، — مېنىڭغۇ، ئوتتەك ئوقۇغۇم بار ئىدى، لېكىن بالىغا چىدىيالماي قالارمەنمىكىن، دەپ قال-دىم.

— بالىغا ئاپام قاراپ تۇرغاندىكىن خاتىرجەم بولۇپ ئىمتى-ھان بېرىپ بېقىڭ. ئۆتۈپ قالسىڭىز بىر ئامال قىلارمىز. شۇنداق قىلىپ، ئاخىر ئۇ مېنى ئىمتىھان بېرىشكە قايىل قىلدى. دادام - ئاپاملارمۇ مېنى ئىمتىھان بېرىشكە رىغبەتلەن-دۈردى. ئىككى ھەپتىدىن كېيىن ئىمتىھان بەردىم. ئىمتىھاننى كۆڭۈلدىكىدەك بەرگىنىم ئۈچۈن ئۆتۈپ كېتىشكە ئىشەنچىم بار ئىدى، لېكىن كۆڭلۈمنىڭ بىر يەرلىرىدە ئەندىشە بار ئىدى. ئىككى يىل ئۆيدىن ئايرىلىپ ئوقۇشقا بەرداشلىق بېرەلمەسلىكىم-دىن قورقاتتىم. دەل شۇ كۈنلەردە ئىدارىمىزگە يەنە بىر ھۆججەت چۈشۈپ، ئوتتۇرا تېخنىكومنى پۈتتۈرگەنلەر خىزمەتتىن ئايرى-لىپ مەخسۇس كۇرسقا ئىمتىھان بېرىپ ئوقۇسا بولىدىغانلىقىنى

ئۇقتۇردى. شۇنىڭ بىلەن ئادىل بىرىنچى بولۇپ تىزىمغا ئالدۇ-رۇپ ئىمتىھانغا قاتناشتى. ئىككىمىزنىڭ مەكتەپكە قوبۇل قىلىنى-غانلىق ئۇقتۇرۇشىمىز ئارقا ـ ئارقىدىن قولىمىزغا تەگدى.

— ئادىل، مەن ئوقۇمايمەنمىكىن، — دېدىم بىر كۈنى ئۇنىڭ-غا، — ھەر ئىككىمىز كەتسەك بالىمىز يالغۇز قالغۇدەك، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىقتىسادىي جەھەتتىن قىيىنىلىپ قالغۇدەكمىز، شۇڭا سىز بارسىڭىز، كېيىن يەنە پۇرسەت كەلسە مەن بارسام بولارمى-كىن؟

— بولمايدۇ، — دېدى ئۇ قەتئىي قىلىپ، — مەن بارمىسام بولىدۇ، چۈنكى مېنى ھېچكىم بۇ ئىداردىن چىقىرىۋېتەلمەيدۇ، لېكىن سىز دېگەن ۋاقىتلىق ئىشلەۋاتقان ئادەم. ئالىمادىس، «ئۆيۈڭگە كەت» دېسە، كەتمەي ئامال يوق، شۇڭا كېيىنلىكى-مىزنى ئويلىغاندا سىز بېرىپ ئوقۇڭ. مەن مۇنداقلا ئىمتىھان بېرىپ باققان.

مەن ئۇنىڭ يالغان ئېيتىۋاتقانلىقىنى سەزدىم. چۈنكى، ئۇ-نىڭ ئۇلۇغۋار غايىلىرىنىڭ بارلىقىنى، مۇشۇنداق پۇرسەت ئۈ-چۈن ئىزچىل ئۆگىنىش قىلىپ كېلىۋاتقىنىغا بىرقانچە يىل بول-غىنىنى بىلەتتىم.

— ياق، سىز بېرىپ ئوقۇڭ، مەن دېگەن ئايال كىشى، كېيىن خىزمەتتىن قالسام سىزنىڭ تامىقىڭىزنى ئەتسەممۇ ھې-ساب. لېكىن، ئەر كىشىگە مۇقىم كەسىپ مۇھىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە نەچچە يىلدىن ئۆگەنگەنلىرىڭىزنى مۇنداقلا زايە قىلىۋەت-سىڭىز بولمايدۇ. يەنىلا سىز بېرىپ ئوقۇڭ.

ئىككىمىز ئوقۇش توغرۇلۇق ئۇرغۇن قېتىم تالاش ـ تار-تىش قىلغاندىن كېيىن، بۇ مەسىلىنى يەنىلا ئاتا ـ ئانام ھەل قىلدى. ئۇلار بالىنى بىز ئوقۇش پۈتتۈرگەنگە قەدەر بېقىپ تۇرىدىغان بولۇپ، ھەر ئىككىلىمىزنى ئوقۇشقا دەۋەت قىلدى. بالامغا قىيالمىغان بولساممۇ، لېكىن مەندىكى ئوتتەك ئوقۇش

www.uyghurkitap.com

ئىستىكى يەنىلا غالىب كەلدى. شۇنداق قىلىپ، ئىككى ئايدىن كېيىن ئىدارىدىكى بارلىق رەسمىيەتلەرنى تۈگىتىپ، ئاپتونوم رايونلۇق ئەدلىيە مەكتىپىگە ئوقۇشقا كەلدۇق. ئادىل ئىككىمىز ئىككى سىنىپتا ئىدۇق. بىزگە ئوخشاش ئوقۇشقا كەلگەنلەردىن سىنىپىمىزدا يەنە بىر جۈپ ئەر-ئايال بار بولۇپ، بىز مەسلىھەتلىشىپ مەكتەپكە يېقىنراق جايدىكى كونا بىر بىنادىن بىر ئۆينى ئىككى جۈپ ئەر-ئايال بىرلىشىپ ئىجارىگە ئالدۇق. مەكتەپتە ئوقۇش ماڭا شۇنداق مەنىلىك بىلىندى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئادىل ئىككىمىز بىللە ياشاۋاتقان بولغاچقا كۈنىمىز تېخىمۇ مەنىلىك ئىدى.

— سىنىپىمىزدىكى بىرقانچەيلەن بەك زېرىكىپ كەتتۇق، كەچتە ئۆيۈڭلارغا بارىمىز دەيدۇ، — دېدى بىر كۈنى چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن بىللە تۇرۇۋاتقان ئاتۇشلۇق ساۋاقدىشىمىز مەخپۇزە، — دېمىسىمۇ، بىرقانچە ئايدىن بېرى بىزغۇ ئەر-ئايال بىللە تۇرۇۋاتىمىز. ئۇلارغا تەس دەڭا، ئائىلىسىنى سېغىنىپ بىر بولۇپ كەتتى ئۇلار.

— ياخشى بوپتۇ، — دەپ سۆز قاتتى ئېرى تاشپولاتمۇ، — بىزمۇ كۆك-مۈك پاراڭلاشمىغىلى ئۇزاق بولدىغۇ، ئادىل، ھە؟

— شۇنداق، كەچتە ئىككىڭلار بارلىق ھۈنىرىڭلارنى چىقىرىپ ئۇلارنى ھەيران قالدۇرۇڭلار، — دېدى ئادىلمۇ قوشۇلۇپ.

شۇنداق قىلىپ مەخپۇزە ئىككىمىز چۈشتىن كېيىنكى بىر سائەتلىك دەرسنى تاشلاپ كەچلىك ئولتۇرۇشقا تەييارلىق قىلىشقا باشلىدۇق. گەرچە بىزدە ئانچە كۆپ پۇل بولمىسىمۇ، ھەر ھالدا بىر ئائىلىنىڭ ئادەتتىكى قورۇمىلىرىغا بىرقانچە خىل سوغۇق سەيلەرنى قوشۇپ ئاددىيلا بىر ئۈستەل قورۇما تەييارلىدۇق. كەچتە ئۇلار كېلىپ مەخپۇزە ئىككىمىزنى داڭلاپ ئۇچۇرۇپلىۋەتتى.

ئولتۇرۇش باشلىنىپ بىردەمدىلا سورۇن قىزىپ كەتتى.

ئەرلەر ئىچىۋاتقان هاراق كاللىسىغا تەپكەندىن كېيىن، ئۇلار ئاياللارنىمۇ ئىچىشكە زورلاپ تۇرىۋالدى. كىمدۇر بىرى ئىككى بوتۇلكا قىزىل هاراق تېپىپ كىرىۋېدى، سورۇن قايناپلا كەتتى. ئەزەلدىن هاراق ئىچىپ باقمىغانلىقىدىم ئۇچۇن مەن «ئىچمەيمەن!» دەپ تۇرىۋالدىم. باشقا ئاياللار ئۇنى - بۇنى دېگەچ ئىچىشتى.

— قاراڭە سىزنى، — دېدى ئادىل مېنى نېرى تارتىپ، — باشقىلارمۇ ئىچىۋاتقاندىكىن سىزمۇ ئىچىڭە، سىزنىڭ ئۇلاردىن كەم يېرىڭىز بولمىغاندىكىن.

— بىراق، سىز هاراق ئىچكەن ئاياللارنى ياقتۇرمايتتىڭىزغۇ؟

— قاراڭە ئاۋۇلارنىڭ شوخلىشىپ كەتكىنىنى! كېلىڭە، مەن سىزگە بىر رومكا تۇتاي!

ئادىل مېنى سۆرىگەندەك قىلىپ ئۇستەلنىڭ ئالدىغا ئەكېلىپ بىر رومكىغا «لىققىدە» هاراق قۇيۇپ قولۇمغا تۇتقۇزۇپ قويدى. ئۇنىڭغا ئاچچىقىم كېلىپ تۇرسىمۇ، لېكىن كۆزۈمنى يۇمۇپ تۇرۇپ ئىچىۋەتتىم. كېيىن تانسا ئويناشتۇق. ئادىل هە دېسە سىنىپىدىكى ماھىبەر ئىسىملىك چىرايلىق قىزنى تانسىغا تارتىپ ئوينىدى. هاراقنىڭ كۈچىمۇ ياكى ئۇلارنىڭ هەرىكىتى چەكتىن ئېشىپ كەتتىمۇ، كۆڭلۈم ئاشلىقىم تۇتۇپ كەتتى. سورۇن تارقىلىپ كەتكۈچە چىشىمنى چىشلەپ ئولتۇردۇم. ئۇلار كەتكەندىن كېيىن ئادىل بىلەن سوقۇشۇپ قالدىم.

— تومپاي، — دېدى ئادىل قاپىقىنى تۈرۈپ، — قاراڭە باشقا خوتۇنلارنىڭ ئېچىلىپ كەتكىنىنى، سىزنىڭ چىرايىڭىزنىڭ ئوساللىقىغا قاراپ مەن خىجىل بولۇپ كەتتىم. ئۇ دېگەن تېخى قىز بالا. ياخشى ئۆتكەندىكىن دەپ چاقىرىپ قويغان، سىزنىڭ بۇنداق قورساقلىقىڭىزنى بىلگەن بولسام چاقىرماسكەنمەن.

— ئوتتۇزدىن ئاشقۇچە ئەرگە تەگمىگەندىكىن بىر يېرىنىڭ

پېيىزى گىچ ـ گىچتۇ ھەرقاچان. بولمىسا، ئەر كىشىنىڭ ئالدىدا غىلجىڭلاپ يۈرمەسىدى. مېنىڭ ئورنۇمدا سىز بولسىڭىز قانداق قىلاتتىڭىز كىنتاڭ؟!

— راستتىنلا كۆزى كىچىك بېشەم خوتۇننىڭ ئۆزىكەن سىز، — دېدى ئادىل تامغا قاراپ يېتىپ، — مەن سىزنىڭ بۇندىقلىقىڭىزنى ئەمدى بىلدىم.

ئىچىمگە شۇنداق بىر يىغا كەلدىكى، ئادىلنىڭ گېپى ماڭا مۇشت بىلەن ئۇرغاندىنمۇ بەكرەك تەسىر قىلدى. خۇددى ئۇ مېنى «سەن ماھىبەرگە تەڭ بولالمايسەن!» دېگەندەك بىلىنىپ ئىختىيارسىز يىغلاپ تاشلىدىم. شۇ كۈنى ئىككىلىمىز ماي تارتىشىپ ياتتۇق. كېيىن، «مەن بەك ئارتۇق ئويلاپ كەتكەن ئوخشايمەن!» دەپ ئۆز ـ ئۆزۈمگە تەسەللى بەردىم. كېيىنچە ئۆيىمىزدە بۇنداق ئۇلتۇرۇشلار تولا بولىدىغان بولدى. ھەر قېتىمدا ئادىلنىڭ سىنىپدىكىلەردىن ماھىبەر كەلمەي قالمايتتى. بۇ قىز بىلەن ھەر ھالدا چىقىشىپ قالدۇق. شۇنداق قىلىپ، ئوقۇشىمىز ئىككىنچى يىلىغا قەدەم قويغاندا سىنىپىمىزدىكى بەزى ئاياللاردىن ماھىبەر بىلەن ئادىل توغرۇلۇق بەزى مىش ـ مىش پاراڭلارنى ئاڭلاشقا باشلىدىم. ئاياللىق كۆڭلۈم بىلەن ئېيتقاندا، ئادىلنى باشقىلاردىن قىزغىناتتىم. بولۇپمۇ، ماھىبەردەك چىرايلىق قىزلار ئەرلەر ئۈچۈن ئەڭ خەتەرلىك ئىدى. مەن بۇ ئىشلارنى ئادىلدىن سورىسام، ئۇ قاتتىق رەنجىپ كەتتى. مەن ئادىلغا ئىشىنەتتىم، شۇڭا باشقىلارنىڭ گەپلىرىنى بەكمۇ راستقا چىقىرىۋەتمەيدىم، لېكىن يوشۇرۇن ئۇلارنى كۆزىتىپ باقتىم. ماڭا ئۇلارنىڭ باشقا مۇناسىۋىتى باردەك بىلىنمىدى. نېمىلا دېگەنبىلەن ئادىل ئىككىمىز تۇرمۇشنىڭ قىيىن ئۆتكەللىرىدىن بىللە ئۆتۈۋاتقاندۇق. شۇڭا، «ئۇنى تەتۈر قىيىنسام بولمايدۇ!» دەپ قارايتتىم.

يىللار ھەش ـ پەش دېگۈچە ئۆتۈپ كەتتى. ئىككى يىللىق

ئوقۇشىمىز تاماملىنىپ قايتىپ كېلىپ ئىشقا چۈشتۇق. شۇنىڭ بىلەن مەكتەپتىكى ئىشلار بىر كۆڭۈللۈك ئەسلىمىگە ئايلىنىپ قالدى. شۇ كۈنلەردە ئائىلىمىز يەنىلا شۇنداق خاتىرجەم ئىدى، لېكىن مەن ئادىلدا بىر يېڭىلىقنى بايقىدىم. ئۇ ئىلگىرى ئۆزىنىڭ يۈرۈش - تۇرۇشىغا ئانچە ئەھمىيەت بېرىپ كەتمەيتتى، بارلىق زېھنىنى خىزمەت ۋە ئۆيگە قارىتاتتى. ھازىر ئۇ ھەر كۈنى ساقىلىنى پاكىز قىرىپ، رەتلىك كىيىنىپ يۈرەتتى، بەزىدە ئۆزىگە يېڭى كىيىملەرنى سېتىۋالاتتى. ئىلگىرى مەن بىرەر پايپاقىنى ئېلىپ بەرمىگۈچە پايپىقىنىمۇ يەڭگۈشلىمەيدىغان ئادىلدىكى بۇ ئۆزگىرىشلەردىن بەزىدە كۆڭلۈمدە ھەر خىل گۇمانلارنى قىلىپ باقاتتىم. كېيىن، مەنمۇ ئۇنىڭ رەتلىك يۈرۈشىنى خالايدىغان بولۇپ قالدىم. مەن ئىككىنچى قىزىمغا ئېغىر ئاياغ بولغاندا، ئۇ ئىدارىمىزنىڭ رازۋېدكا ئەترىتىنىڭ باشلىقى بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئائىلىمىز بۇرۇنقىدەك كۆڭۈللۈك بولماي قالدى. ئۇ تولا ھاللاردا ھەر خىل دېلولار بىلەن سىرتتا يۈرەتتى، بەزىدە بىرقانچە كۈن ئۆيگە كەلمەيمۇ قوياتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۆينىڭ بارلىق ئېغىر - يېنىك ئىشلىرى مېنىڭ زىممەمگە يۈكلەندى. بالىنى تۇغۇپمۇ تۈزۈك ئارام ئالالمىغاچقا، سالامەتلىكىممۇ بارغانچە ناچارلىشىپ كەتتى. ئادىل ئىككىمىزنىڭ ئارىلىقىنىڭ بارغانچە يىراقلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلاتتىم. بەزى كېچىلەرى يالغۇز تورۇسقا قاراپ يېتىپ، ئىلگىرىكى كۈنلەرنى ئەسلەپ قالاتتىم. لېكىن، ئۇنىڭ قايسىبىر چاغلاردا ھارغىن ھالەتتە ئۆيگە كىرىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرگىنىمدە ھەممە غەم - غۇسسىلىرىم تارقىلىپ، خۇشاللىقتىن نېمە قىلىشىمنى بىلمەي قالاتتىم. ئۇنىڭ ئۈچۈن قولۇمدىن كېلىدىغان بارلىق ئىشلارنى قىلاتتىم. ئۇنىڭ چىرايىدىكى رازىمەنلىكنى كۆرگەن ۋاقتىمدا ئۆزۈمنىڭ ھارغىنلىقى قاياققىدۇر يوقاپ كېتەتتى. بىز شۇنداق ئالدىراش يۈرۈپ ئون تۆت يىلنى بىللە ئۆتكۈزدۇق. دەل مۇشۇ

ئون تۆت يىل توشقان كۈنى بىزنىڭ باراقسان كۆكلەۋاتقان ئائىلىمىزگە كۆز كېلىپ يوپۇرماقلار سارغىيىپ تۆكۈلۈشكە باشـ لىدى. مەن ئېرىمنىڭ باشقىچە بىر ئادەم بولۇپ قالغانلىقىنى سەزدىم. بۇنى ھېس قىلغان ۋاقتىمدا مەن تولىمۇ كىچىك ئىكەنمەن. ئۇ كۈنى ئادىل ئىشلەيدىغان بولغاچقا كەچلىك تاماق ئاپارغانىدىم. دىجورنىلىق ئۆيىدە ئادىل بىر قانچە خىزمەتدىشى بىلەن قارتا ئويناپ ئولتۇرغانىكەن، مەن كىرگەن ۋاقتىمدا ئۇ ماڭا شۇنداق غەلىتە سەپسالدىكى، خۇددى بىر ناتونۇش ئادەمگە ئۇچراپ قالغان ناتىۋان قىزدەك نەگە قارىشىمنى بىلمەي قالدىم. ئۇ مېنىڭ باش ـ ئايىغىمغا بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن خۇشـ ياقمىغاندەك قولۇمدىكى تاماق قاچىسىنى ئېلىپ ئۈستەلگە «جاققىدە!» قويۇپ قويدى.

— ئىسسىقىدا يەۋېلىڭ، — دېدىم مەن ئۇنىڭغا تاماقنىڭ سوۋۇپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ.

— تاماق كۆتۈرۈپ كەلگىنىڭ نېمىسى؟ — دېدى ئۇ زەردە بىلەن، — تاماق دېگەن بازاردا تۇرسا.

مەن چۆچۈپ كەتتىم، ئون تۆت يىلدىن بېرى ئۇ مېنى تۇنجى قېتىم سەنلەۋاتاتتى. مەن ئەتراپتىكىلەردىن خىجىل بولۇپ گەپ قىلمىدىم. باشقىلار مېنىڭ چىرايىمنىڭ باشقىچە بولۇپ كەتكىنىـ نى بىلدىمۇ، بىر ـ بىرلەپ چىقىپ كېتىپ، دىجورنىلىق ئۆيىدە ئىككىمىزلا قالدۇق.

— تاماقنى يېمىسىڭىز ئەكىتەيمۇ؟ — دەپ سورىدىم ئۇنىڭ تاماقنى قاراپمۇ قويمىغىنىدىن كۆڭلۈم بىرقىسما بولۇپ.

— ئەكەت! — دېدى ئۇ تېخىمۇ قوپاللىق بىلەن.

— نېمە بولدىڭىز، ئەجەب سەنلەپ كەتتىڭىزا؟ بىر ئىشنى خاتا قىلمىغاندىمەن، — دېدىم مەنمۇ ئاچچىقىم كېلىپ.

— سەن دېدىمما؟ — دېدى ئۇ خۇددى ئەمدى ئېسىگە كەلـ گەندەك، — ھېلىلا تاماق يەۋالغان، باشقا ئىش يوق.

— ئەمىسە شۇنداق دېسىڭىزلا بولىدىكەنغۇ؟
— لېكىن، قاراڭە ماۋۇ كىيىملىرىڭىزگە، سىز مۇشۇنداق كىيىپ سۆرىلىپ يۈرسىڭىز خىزمەتداشلىرىم نېمە دەيدۇ؟
مەن دەرھال كىيىمىمگە قارىدىم. «كەچ بولغاندىكىن» دەپ ئۆي ئىچىدە كىيىدىغان كىيىمىم بىلەن ساپما كەشىمنى كىيىپلا چىققاندىم، لېكىن كىيىمىمنى ئۇنچە رەتسىز دەپ كەتكىلى بولمايتتى.
— شۇنىڭغا خاپا بولغانمىدىڭىز، كېچە بولغاندىكىن خەق قاراپ يۈرمەس دېگەنىدىم،— دېدىم ئۇنىڭ ئەسلىدە كىيىمىمگە خاپا بولغىنىنى بىلىپ.
— سىز كېچە ـ كۈندۈز ئوخشاشلا تۇرمامسىز؟! كۈندۈزى پەقەتلا ئايىغىڭىز ئالمىشىدۇ. ئىدارىدىكى خوتۇنلار ماڭا نەچچە قېتىم ئايالىڭىز بەك ئاددىي ـ ساددا دەپ كەتتى. سىزمۇ بىر ئايال بولغاندىكىن، ئەتراپىڭىزدىكىلەرگە ئۆزىڭىزنى سىلىشتۇ-رۇپراق يۈرۈڭ!
مەن گەپ قىلماي تاماق قاچىسىنى ئېلىپ يېنىپ چىقتىم.
«توۋا! مېنىڭ ئەينى چاغدىكى ئېرىم شۇمۇدۇ؟ مەن ئۇنى خاتىر-جەم خىزمەت قىلسۇن، دەپ بارىنىمۇ ـ يوقىنىمۇ چاندۇرماي ئۆتتۇ-ۋاتىمەنغۇ، مۇشۇ بىرقانچە يىلدىن بېرى ئۇ باللارنى ئەركىلىتىپ باقتىمۇ، بىرەر قېتىم يەسلىگە ئاپىرىپ ـ ئەكېلىپ باقتىمۇ؟ بىرەر قېتىم سېنىڭ ھالىڭ قانداق دەپ سوراپ باقتىمۇ؟ ھېيت ـ بايرامدا نېمەڭ كەم دەپ سوراپ باقتىمۇ؟ توغرا، مەن باشقىلاردەك مودا كىيىملەرنى كىيەلمىدىم، ھەش ـ پەش دېگۈچە ئوتتۇز ئالتە ياشلىق ئايالغا ئايلاندىم. ‹ئەمدى مېنىڭ ئائىلەمدىن باشقا ئويلايدىغان نېمەم بار؟›، دەپ بارلىقىمنى ئائىلىگە سەرپ قىلدىم. مەن خاتا قىلدىممۇ؟ خاتا بولسا نېمىنى خاتا قىلدىم؟ زادى نېمىنى؟ ...»
شۇ خىياللار بىلەن ئۆيگە قانداق يېتىپ كەلگىنىمنىمۇ بىل-

مەي قاپتىمەن. كېچىچە كۆزۈمگە ئۇيقۇ كەلمىدى. ئادىلنىڭ سۆزلىرىنى ھەربىر ئويلىسام يۈرىكىمنى خۇددى بىر پىچاق بىلەن تىلىغاندەك ئېغىر ئازاب ئىچىدە قالدىم. نېمىشقىدۇر ئۆ-لىمىزگە نامەلۇم بىر شۇم قول سوزۇلۇۋاتقاندەك تەشۇش ئىچىدە ئورنۇمدىن تۇرۇپ، كىيىم ئىشكاپىدىكى كىيىملەردىن تارتىپ بارلىق تارتمىلارنى بىرقۇر ئاختۇرۇپ چىقتىم. خىيالىمدا ئۇنىڭ يانچۇقىدىن بىرەر ئايالغا مۇناسىۋەتلىك نەرسە تېپىۋالىمەن، دەپ ئويلايتتىم، لېكىن شۇنچە ئاختۇرۇپمۇ ھېچنېمە تاپالمىدىم. بىر تۇرۇپ، ئۆزۈمنى ئەخمىقانە ئىش قىلىۋاتقاندەك ھېس قىلسام، بىر تۇرۇپ چوقۇم شۇنداق قىلىش زۆرۈردەك ئويلايتتىم. مەن يەنىلا ئاختۇرۇشقا تېگىشلىك بىرەر جاي قالغاندەك خاتىرجەم بولالمايتتىم. توۋۇقسىز كۆزۈم كىتاب ئىشكاپىغا چۈشتى. ئىش-كاپنىڭ ئالدىغا بېرىپلا ئەڭ ئاۋۋال ئېرىم بۇلتۇر كۆتۈرۈپ كېلىپ بىر قانچە كۈن ئوقۇغان «ئويغانغان زېمىن» ناملىق رومان كەلدى. مەن دەرھال كىتابنى قولۇمغا ئېلىپ ۋاراقلىدىم. كىتابى-نىڭ ئارىلىقىدا بىر كونۋېرت بار ئىدى، مەن ئۇنى ئېلىپ ئاچ-تىم. كۆزلىرىمگە ئىشەنمەي قالدىم. كونۋېرتتا ئادىلنىڭ ئون يىل ئىلگىرىكى ساۋاقدىشى ماھىبەرنىڭ سۈرىتى تۇراتتى. سۈرەتنىڭ ئاستىدىكى چېسلادىن ئۇنىڭ بۇلتۇر ئەتىيازدا چۈشكەن رەسىم ئىكەنلىكىنى بىلدىم. كونۋېرتتا باشقا نەرسە يوق ئىدى. مەن باشقا كىتابلارنى ئاختۇرۇپ ھېچنېمە تاپالمىدىم. ئۇ سۈرەت ھېچنېمىنى ئىپادىلەپ بېرەلمەيتتى. شۇ كۈندىن بېرى، مەن باشقىچە ئادەم بولۇپ قالدىم. خىزمەت ۋاقتىدا باشقىلارغا ئۆزۈمە-نى سىلىنىشتۇرۇپ كېتەتتىم. ئادىل خۇددى ماڭا قارىغاندا باشقا ئاياللارغا بەكرەك تىكىلىپ قارايدىغاندەك، ئۇلارغا قارىغان ۋاق-تىدا كۆزلىرى نۇرلىنىپ كېتىدىغاندەك بىلىنىپ رەشك ئوتىدا قىينىلىشقا باشلىدىم.

بىر كۈنى ئۇ يىغىن ئېچىۋاتقان پۇرسەتتە ئۇنىڭ ئىشخانىسى-



www.uyghurkitap.com

غا كىردىم. مەن ئۆزۈمگە يات بولغان گۇمانخورلۇق بىلەن ئۇنىڭ
تارتمىلىرىنى ئاختۇرۇپ، ئۇ يەردىن بىرقانچە پارچە خەت تېپى-
ۋالدىم. ئىشخانامنىڭ ئىشىكىنى ئىچىدىن تاقاپ ئولتۇرۇپ خەت-
لەرنى ئوقۇدۇم. خەتلەرنىڭ ھەممىسى ماھىبەرنىڭ ئىدى. ئۇ
خېتىدە ئادىل ئىككىسىنىڭ ئوقۇۋاتقان چاغدىكى شېرىن مىنۇت-
لىرىنى ئېسىدىن چىقارمىغانلىقىنى، ئىككىسىنىڭ بىللە بولغان
چاغلىرىنى مەڭگۈ قەدىرلەيدىغانلىقىنى، ئادىلنىڭ ئۆزىنى ياخشى
كۆرىدىغانلىقىغا چەكسىز ئىشىنىدىغانلىقى ھەم يېقىندا ئېرىدىن
ئاجرىشىپ كەتكەنلىكىنى، پۇرسەت بولسا ئادىل بىلەن يەنە بىللە
بولۇشنى خالايدىغانلىقىنى يازغانىدى. خەتلەرنىڭ ئاخىرىنى
ئوقۇشقا بەرداشلىق بېرەلمىدىم. كۆز ئالدىم قاراڭغۇلىشىپ كەت-
تى. بۇ مەن كۈتمىگەن ئاقىۋەت ئىدى. مەن ئادىل ئىككىسىنىڭ
مۇناسىۋىتى بار، دەپ باشقىلاردىن ئاڭلىسام ھەرگىز ئىشەن-
مەيتتىم. لېكىن شۇ تاپتا ئىشەنمەي ئامالىم يوق ئىدى. دېمەك،
ئۇلار نەچچە يىلدىن بېرى ئالاقىلىشىپ تۇرغانىدى. مەن خەتلەرنى
ئېلىپ ئۆيگە قايتىپ كەلدىم. نېمە قىلىشىمنى بىلمەيتتىم.
كېچىچە خىيال قىلىپ، بۇ خەت توغرۇلۇق گەپ قىلماي بىر
مەزگىل قاراپ باقماقچى بولدۇم. مەن بۇ ئىشتا تەنتەكلىك قىل-
سام بولمايدىغانلىقىنى بىلەتتىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئادىلنىڭ بۇ
ئىشنى شۇنچە يوشۇرۇن قىلغىنىغا قارىغاندا، ئۇ بۇ ئىشنى مېنىڭ
بىلىپ قېلىشىمدىن ئەندىشە قىلغانىدى. بۇ يەنىلا ئادىلنىڭ
قەلبىدە مېنىڭ يەنە ئورنۇم بارلىقىنى ئىسپاتلايتتى، ئۇ بۇ
ئائىلىنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىشىنى خالىمىغان ئىدى. شۇڭا بېشەم-
لىك قىلسام ئەكسىچە ئاقىۋەت يۈز بېرىشى مۇمكىن ئىدى. مەن
چىشىمنى چىشلەپ دەردىمنى ئىچىمگە يۇتتۇم. ئائىلەمنىڭ
پۈتۈنلۈكى ئۈچۈن نېمىلا قىلسام رازى ئىدىم. مەن نەچچە كېچە
ئويلىنىپ قەددىمنى رۇسلىماقچى بولدۇم. ئۆيدە، ئىشخانىدا
بۇرۇنقىدەك غەمسىز قىياپەتكە كىرىۋالىدىغان بولدۇم. بىر قانچە

قىتىم ئادىلنىڭ ئىشخانىسىدا بىر نەرسە ئىزدەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم، ئۇ خەتلەرنى ئىزدەيتتى.

— نىمە ئىزدەۋاتىسىز؟ — دېدىم بىر كۈنى ئۇنىڭ يەنە خەتنى ئىزدەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ.

— بىر ھۆججەت بار ئىدى، — دېدى ئۇ چاندۇرماي، — تاپالمايۋاتىمەن. ھە راست، مەن چۈشتە قايتمايمەن، بىرى تاماققا چاقىرغان.

مەن گەپ قىلمىدىم. ئۇنىڭ چۈشتە ئۆيگە بارمىغىنىغا بىر-قانچە كۈن بولغانىدى. مەنمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولۇشنى خالىمايدىغان بولۇپ قالغاندەك ئىدىم. نىمىشقىدۇر، ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغان چاغلاردا ئۇنىڭ بارلىق ھەرىكەتلىرى ساختىدەك بىلىنەتتى. ئادىلمۇ كۆڭلىدە بىر ئىشنى سەزگەندەك ماڭا تىكىلىپ قارىمايتتى. كۆز ئالدىمدا ماھىبەر بىلەن ئادىللا بار ئىدى. ماڭا مەنسۇپ بولغان بەختنى تارتىپ كەتكەن ماھىبەرگە نەپرىتىم شۇنچىلىك كۈچلۈك ئىدىكى، ئۇ يېقىن بولسا بىرىپ ئەدىپىنى بەرگۈم كىلەتتى. بىراق، ئارىلىقىمىز نەچچە يۈز كىلومېتىر كىلەتتى. بىر تۇرۇپ، ئۇنىڭ تۇرمۇشىنى بىلىپ باققۇم كىلەتتى. شۇ خىيال بىلەن تېلىفون دەپتىرىمنى ۋاراقلاپ يۈرۈپ مىنىڭ تەستە غۇلجىلىق ساۋاقدىشىمنىڭ ئادرېسىنى تاپتىم. ئاۋۋال تېلىفون بىرىپ ئۇلاردىن ئەھۋال سورىغان بولدۇم، ئاندىن ماھىبەرنىڭ گېپىنى چىقىرىۋېدىم، ئۇلار ئۇنىڭ ئەھۋالىنى تەپسىلىي دەپ بەردى. ماھىبەر توي قىلىپ ئۇزاق قالماي ئاجرىشىپ كەتكەنچە قايتا ياتلىق بولماپتۇ، ھازىر قىزى بىلەن بىللە تۇرىدىكەن، تۇغقانلىرى لايىق تونۇشتۇرسىمۇ قايتا ياتلىق بولۇشقا ئۇنىماپتۇ.

مەن بۇلارنى ئاڭلاپ، ماھىبەرنىڭ ئادىلنى ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدىم. چۈنكى، بىر ئايال بىرىگە ھەقىقىي كۆڭۈل بەرسىمۇ، ئىككىنچى بىر ئادەم ھەرقانچە ياخشى بولسىمۇ كۆڭۈل بىرەلمەيتتى. بەلكىم ئۇ ئادىلنى ساقلاۋاتقان بولۇشى

ياكى ئادىل بىلەن بولغان ئاشۇ شېرىن مىنۇتلىرىنى بىر ئۆمۈر ئۆزىگە ھەمراھ قىلىشنى خالاپ قالغان بولۇشى مۇمكىن ئىدى. مەن بۇلارنى ئويلىغانچە ئۇنىڭغا شۇنچە ئۆچلۈكۈم كەلدى.

بىر كۈنى ئىشتىن كېلىپ، ئۆينىڭ ئىچىدىكى تاماكا ئىسىدىن ھەيران قالدىم. ئادىل ساپادا ياتقىنىچە ئۈزمەي تاماكا چېكىۋاتاتتى. ئۇ مېنىڭ كىرگىنىمنى تۇيمىدىمۇ ياكى تۇيسىمۇ قارىغۇسى كەلمىدىمۇ، جىمجىت ياتاتتى. مەن ئۇنىڭغا گەپ قىلماقچى بولۇپ توختاپ قالدىم. چاي ئۈستىلىدە قايسى كۈنى مەن تېپىۋالغان بىرقانچە پارچە خەت چېچىلىپ تۇراتتى. خەتلەرنى كۆرۈپ يۈرىكىم بىرقىسىملا بولۇپ يىغلىغۇم كەلدى. ئۆزۈمنى تۇتۇۋېلىپ ھېچنېمە بولمىغاندەك ئاستا ئۈستەلنىڭ ئالدىغا بېرىپ بىردەم قاراپ تۇرغاندىن كېيىن خەتلەرنى بىر - بىرلەپ رەتلەشكە باشلىدىم. ئادىل كېلىپ خەتلەرنى ئىزدىگەن، خەتلەرنى مېنىڭ ئىشكاپىمدىن تاپقاندىن كېيىن مېنىڭ كېلىپ ئۆزى بىلەن سوقۇشۇشۇمنى كۈتۈپ تۇرغان بولسا كېرەك، سەل ئۆرە بولۇپ مېنىڭ ھەربىر ھەرىكىتىمگە جىمجىت قاراپ تۇردى. نېمىشقىكىن، كۆز يېشىمنى تۇتۇۋالالماي قالدىم، كۆز ياشلىرىم ئۈستەلگە تاراملاپ تۆكۈلۈشكە باشلىدى. مەن خەتلەرنى يىغىشتۇرۇپ ئىشكاپقا سالدىم. ئادىل بىر ئېغىز گەپ قىلمىدى. مەنمۇ ئارتۇق گەپ قىلماي تاماق ئەتتىم. تاماقنى باللار بىلەن يېدۇق. مەن ھېچقانداق ئىش بولمىغاندەك، خىزمەت ياكى باشقا ئىشلار تېمىسىدا گەپ تېپىپ باقتىم، لېكىن ئۇ مېنى ھازىرلا كۆرۈۋاتقاندەك ماڭا ھاڭۋاقتىلاردەك قاراپ قالدى. ئۇمۇ خەت توغرۇلۇق ماڭا بىر ئېغىز چۈشەنچە بەرمىدى. مەنمۇ ئۇ ئىشلارنى قايتا تىلغا ئالمىدىم. بىر ھەپتە شۇنداق بىر - بىرىمىزنى كۆزىتىپ ئۆتتۇق. تۇيۇقسىز ئادىلدا سەل ئۆزگىرىش بولدى. ئۇ سىرتتا تولا تاماق يېمەيدىغان بولدى. شۇنداق قىلىپ، ئائىلىمىزدە مېھماندەك ئۆتۈشكە باشلىدۇق. ئۇمۇ، مەنمۇ سىپايىلىشىپ كەتكەن بولۇپ،

بارلىق ھەرىكىتىمىز بىر - بىرىمىزگە سۇنئىي تەسىر بېرىشە كېرەك ، ھەرقانچە قىلىپمۇ بۇرۇنقى خۇشاللىقنى ئەسلىگە كەلتۈ- رەلمىدىم. بۇ خىل بۇرۇقتۇرمىلىقتا ئاخىر ئادىل بەرداشلىق بېرەلمىدى بولغاي، گەپنى ئۆزى ئاۋۋال تەشتى.

— ماھىبەرنىڭ خىيتىنى سىز ئىلىۋالغان تۇرۇپ نېمىشقا ماڭا دېمەيسىز ؟ — دېدى ئۇ بىر كۈنى.

— ناھايىتى بىرنەچچە پارچە خەتنىڭ ئىشىكەنغۇ؟ — دېدىم پەرۋاسىز قىياپەتكە كىرىۋېلىپ.

— سىز مېنى نېمە قىلسۇن دېمەكچى، — دېدى ئۇ بىر دىنلا تېرىكىپ، — ھەممە ئىشنى بىلگەن تۇرۇپ بەخىرامان يۇرۇۋېلە- شىڭىز مېنى تەتۈر قىينىغىنىڭىز ئەمەسمۇ؟ سىز تولا ئۆزىڭىزنى ئالىيجاناب قىلىپ كۆرسەتمەڭ، مېنىڭ زادى چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى. سىزنى بۇنداق شەخسىيەتچى دەپ ئويلىمىغانىدىم.

ئۇنىڭ مېنى بۇنداق خاتا چۈشىنىۋېلىشىنى كۈتمىگەن ئى- دىم، شۇڭا مەنمۇ كۆڭلۈمدىكىنى دەۋەتتىم:

— سىزمۇ ماھىبەر بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتىم يوق دې- يەلمەيسىز شۇنداقمۇ؟ «قورققان ئاۋۋال مۇشت كۆتۈرۈپتۇ» دې- گەندەك، سىزنىڭ بۇ نېمە دېگىنىڭىز ئەمدى.

— مېنىڭ سىزگە ئۇ ئىشلارنى چۈشەندۈرۈش مەجبۇرىيىتىم يوق، مەن نەچچە يىلدىن بېرى ئائىلەمگە مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلمىدىم دېيەلەيمەن.

— توغرا، سىز ئائىلىڭىزگە مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلمىدى- ڭىز ، لېكىن مېنىڭ مۇھەببىتىمگە، سىز ئۇچۇن بەرگەن بەدەل- لىرىمگە يۈز كېلەلەمسىز؟ سىزنى خاتىرجەم خىزمەت قىلسۇن دەپ مەن نېمە كۈنلەرنى كۆرمىدىم، قىينالساممۇ بار - يوقنى چاندۇرماي كەلدىمغۇ، نېمىشقا بۇ ئىشلارغا كۆرىڭىزنى يۇمۇۋالە- سىز، ماھىبەردىن قالغۇدەك نەرىم بار مېنىڭ؟

— ئۇنى ئۆزىڭىزدىن كۆرۈڭ. باشقىلارنىڭ خوتۇنلىرىمۇ



www.uyghurkitap.com

سىزگە ئوخشاشلا بالا بېقىپ، بىر ئۆينىڭ يۈكىنى ئەرلىرى بىلەن تەڭ كۆتۈرۈپ يۈرۈۋاتىدۇ. مېنىڭ ئالدىمدا ئۇ ئىشلارنى پەش قىلماڭ. ئۇ دېگەن بىر ئايال قىلىشقا تېگىشلىك ئىش. لېكىن ئۆزىڭىزگە قاراپ بېقىڭ، مەيەرگە كېلىڭ! — ئۇ مېنىڭ بىلىكىمدىن تۇتۇپ تام ئىشكاپىنىڭ ئەينىكى ئالدىغا ئىتتىرىپ ئەكېلىپ، ئېغىزىنى قۇلىقىمغا يېقىن ئەكەلدى، — قاراڭ تۇرقىڭىزغا، سىزنىڭ نەرىڭىز بىر كادىرغا، يەنە كېلىپ بىر باشلىقنىڭ ئايالىغا ئوخشىسۇن. سىزنىڭ مۇشۇ كۈنىڭىزمۇ مەن بولمىسام بولمايتتى. مەن سىزنى ئوقۇتمىسام بەلكىم بۇ چاغقىچە توپاچاڭغا مىلىنىپ ئائىلە ئايالى بولۇپ ئولتۇراتتىڭىز، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى سىزگە مەن بەرگەن. سىز ئەمدى ئەينەككە قارىغاچ ياخشى ئويلىنىڭ، مېنىڭ بۇنداق بۇرۇقتۇرما ئۆيدە تۇرغۇدەك يېرىم قالمىدى.

ئادىل بىلىكىمدىن قولىنى بوشىتىپ مېنى بىرنى سىلكىۋەتكەندىن كېيىن چاپىنىنى ئېلىپ سىرتقا چىقىپ كەتتى. بۇ ئىش ماڭا شۇنداق ھار كەلدىكى، ھۆڭرەپ يىغلىغۇم كەلدى، لېكىن يەنىلا يىغلىيالمىدىم. ئىچىمدە نىمىدۇر بىرنەرسە تەۋرەيتتى، بىرنەرسە يۈرىكىمنى غاجىلايتتى، بىرنەرسە مېڭەمگە قوزۇق قاققاندەك ئاۋاز چىقىراتتى، بىرنەرسە مېنى ئاسمانغا ئېلىپ چىقىپ يەرگە ئاتاتتى. كۆكرەك قەپىسىم خۇددى ھازىرلا يېرىلىپ كېتىدىغاندەك چىڭقىلاتتى. بۇ خورلۇق، بۇ ھاقارەت، بۇ تەڭسىزلىك مېنى بۇ دۇنيادا بار بىلەن يوقنىڭ ئارىلىقىدىكى ئادەمدەك بىردەمدىلا نىمجان ھالەتكە ئەكېلىپ قويدى. مەن ئەينەكتىكى ئەكسىمگە سەپسېلىپ قارىدىم. مەن يەنىلا ئاددىي - ساددا، مەن ئەينەكتە، ئەينەك مېنىڭ كۆزۈمدە، دۇنيا مېنىڭ كۆزۈمدە پىرقىرىماقتا ئىدى. مەن ئاخىر بەرداشلىق بېرەلمەي جايىمدا ئولتۇرۇپ قالدىم. ئادىلنىڭ شۇنچە ئوقۇمۇشلۇق تۇرۇپ، مەن شۇنچە تىرىشىپ قولغا كەلتۈرگەن ئېغىر - بېسىقلىقىمنى ساختىلىق

www.uyghurkitap.com

دەپ قارىغىنىغا ئىشەنگۈم كەلمەيتتى. مەن ئۇنى ھېچبولمىسا ماڭا كىچىككىنە بولسىمۇ چۈشەنچە بېرىدۇ، ماھىبەر بىلەن بولغان ئىشلارنى ئۆتمۈش دەيدۇ، دەپ ئويلىغانىدىم، لېكىن ئۇ ئۇنداق دېمىدى. ئەكسىچە، ئۇنىڭ نەزىرىدە مەن ئۇنىڭغا ماس كەلمەيتىمەن. مەن شۇ چاغدىلا ئۇنىڭغا ھېلىقى چاغدا تاماق ئاپارغان ۋاقتىمدا دېگەن سۆزىنىڭ چىن يۈرىكىدىكى سۆزلەر ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ مەندىن ئاللىقاچان كۆڭلى قالغانلىقىنى، ئىككى بالا ئۈچۈن مۇشۇ تۇرمۇشنى تەۋەككۇل دەپ تۇتۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ يەتتىم. ئون ئالتە يىل دېگەن ئاز ۋاقىت ئەمەس، مەن ناۋادا ئاشۇ ۋاقىتنى ئۇنىڭغا ھەم ئائىلىمىزگە ئاجراتمىغان بولسام، بەلكىم مەنمۇ نۇرغۇن ئۆتۈكلارنى قازىنىشىم مۇمكىن ئىدى. ئەمدى قانداق قىلىشىم كېرەك؟

ئويلىغانچە ئاچچىقىم كېلەتتى. ئۇنىڭ مېنى ئەينەكنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بارغاندىكى سوغۇق چىرايى، مەنسىتمەسلىك نەزىرى بىلەن قاراۋاتقان كۆزلىرىدىن ماھىبەرنىڭ سىيماسىنى كۆرگەندەك، ئۇنىڭغا ئۆچلۈكۈم كەلدى. بىراۋنىڭ ئائىلىسىنى ۋەيران قىلىپ، باللىرىنى يېتىم قىلىشقا كۆڭلى ئۇنىغان شۇ قارا نىيەت ئايالغا خۇدادىن مىڭ قېتىملاپ ئۆلۈم تىلىدىم. مانا شۇ كۈندىن باشلاپ ئائىلىمىزدىكى خاتىرجەملىك يوقالدى. مەن كۈندە يالغۇز ئاچچىق يۇتۇپ ئولتۇراتتىم. ئىشخانىغا بارغاندا ئادىل ئىككىمىز خىزمەت مۇناسىۋىتى بىلەن پاراڭلاشمىساق، ئۇ ماڭا چىش يېرىپ گەپ قىلمايتتى. خىزمەتداشلىرىمدىن نومۇس قىلىپ ئارىمىزدىكى ئىشلارنى ھېچكىمگە تىنالمايتتىم.

— ئاپا، ئۇخلىمامسىز؟

چوڭ قىزىم ئىلمىنۇرنىڭ ئاۋازىدىن چۆچۈپ سائەتكە قارىدىم، سائەت بىر بولاي دېگەندى. كىچىك قىزىم ئاللىقاچان قىڭغىر - سىڭغىر يېتىپ ئۇيقۇغا كەتكەندى.

— ماقۇل، بالام، سەن ئۇخلاۋەرگىن، مەن سىڭلىڭنى

ئوخشاپ يانقۇزۇپ قويۇپ ئاندىن ياتاي، — دېدىم ئۇيقۇدىن كۆزىنى ئاچالمايۋاتقان قىزىمغا قاراپ، ئاندىن كىچىك قىزىمنى جايىغا ئەكېلىپ ياتقۇزغاندىن كېيىن ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ ياتتىم. كۆزۈمگە ئۇيقۇ كېلىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. يەنە ئاشۇ كۆڭۈلسىز ئىشلار كۆز ئالدىمغا كېلىۋالاتتى. مەن ئىشلارنىڭ بۇنچە يامانلىشىپ كېتىشىنى كۈتمىگەنىدىم. مەڭگۈ ئېسىمدىن چىقمايدىغان ئاشۇ كۆرۈنۈشنى ھەربىر ئويلىسام ئۆزۈمنى شۇنچە يارىماس سانايتتىم.

شۇ چاغلاردا ئادىلنى ئىدارىدىن يىراقراق بىر تارماق ئىدارىگە ئىدارە باشلىقى قىلىپ ئەۋەتتى. مەن: «بىر مەزگىلدىن كېيىن بەلكىم ياخشىلىنىشىپ قالارمىز» دېگەن ئۈمىدتە خېلى ۋاقىت ئۇنى كۈتتۈم. ئۇ پات - پات ئىدارىگە يىغىنلارغا كېلەتتى. بۇنداق چاغلاردا ئۆيىگە بېرىپ بالىلارنى كۆرۈپ، ئۇلارغا ئاز - تولا پارچە - پۇرات يېمەكلىكلەرنى ئېلىپ بەرگەندىن كېيىن لازىمەتلىك نەرسىلىرىنى ئېلىپ كېتەتتى. ئەتىيازنىڭ بىر كۈنى ئەمدىلا ئۆيگە كېلىپ تۇرۇشۇمغا ئۇنىڭ تېلېفونى سايرىدى. ئۇ تېلېفونىغا قاراپلا ياتاق ئۆيگە كىرىپ كەتتى. كۆڭلۈمدە ئۇنى تۇتۇپ قېلىپ ياخشىراق پاراڭلىشىپ باقماقچى ئىدىم، شۇڭا ئۇنىڭ گېپىگە دىققەت قىلدىم. ئۇنىڭ «ماقۇل، سەل تۇرۇپ باراي!» دېگەن گېپىنىلا ئاڭلىيالىدىم، ئۇ چاپىنىنى ئېلىپ ماڭماقچى بولۇۋېدى، كىچىك قىزىم ئەگەشتى.

— قىزىم، يىراقتىن بىر ئاغىنەم كېلىپ مېنى ساقلاپ تۇرۇپتۇ، مەن بېرىپ كېلەي، سىزگە ياخشى نەرسىلەردىن جىق ئالغاچ كېلەي، بولامدۇ؟— دېدى ئۇ خۇددى مېنى ئاڭلىسۇن دېگەندەك. لېكىن، قىزىم ئۇنىڭ پۇتىنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ يىغلاشقا باشلىدى.

— ياق، ياق، مېنىمۇ ئاپىرىسىز، ماڭا قورچاق ئېلىپ بېرىسىز، دادا. مەن سىز بىلەن بىللە بارىمەن.

ئۇ ھەرقانچە قىلىپمۇ بالىنى ئۆزىدىن ئاجرىتالمىغاندىن كې-يىن ئۇنى سىلكىۋەتتى.

— مەن دېدىمغۇ، ئۇ يەرگە كىچىك بالا بارسا بولمايدۇ دەپ، ئۆتە بۇ ياقتا، ھېلى بىكار مەندىن تاياق يەيسەن!

قىزىم مىشىلداپ يىغلىغىنىچە بارمىقىنى چىشلەپ تۇرۇپ قالدى. مەن ئۇنىڭغا گەپ قىلاي دېگۈچە ئۇ بىنادىن چۈشۈپ كەتتى.

— بولدى، قىزىم. يىغلىما، قورچاقنى ساڭا مەن ئېلىپ بېرەي، — دېدىم قىزىمنى بەزلەپ.

— بىزنىڭ سىنىپتا بالىلارنىڭ دادىسى ئېلىپ بېرىپتۇغۇ، ئاپا، نېمىشقا دادام بىزگە ئېلىپ بەرمەيدۇ. مەن دادام ئېلىپ بەرگەنگە ئامراقتىم.

مەن قىزىمنى ئۇنى ـ بۇنى دەپ ئاران گوللىدىم. بالىلارغا تاماق بېرىپ بولغاندىن كېيىن نېمىشقىدۇر ئادىلنىڭ نەدە ئىكەن-لىكىنى بىلىپ باققۇم كەلدى، لېكىن ئۇنىڭ ئۆزىگە تېلېفون بېرىشتىن ئەنسىرەپ قالدىم، ناۋادا يېنىدا باشقا ئادەم بولسا ماڭا قوپاللىق قىلىپ قويسا ئائىلىمىزدىكى سەتچىلىك بىلىنىپ قالات-تى. شۇڭا مەن ئۇ دائىم بىللە يۈرىدىغان دوستىغا تېلېفون قىلدىم.

— بايا كۆرۈشكەن. ئۇ: «بىر دوستۇم كەلگەن» دەپ ئەتىرگۈل مېھمانخانىسىغا كەتتى، — دېدى ئۇ ماڭا، — «بۈگۈن ئىدارىگە قايتمەن!» دېگەندەك قىلغان.

نېمىشقىدۇر پەقەت خاتىرجەم بولالمىدىم. تۇيغۇم مېنى ئا-شۇ مېھمانخانىغا بېرىپ بېقىشقا ئۈندەيتتى، خۇددى ئۇ يەردە ماھىيەر ئىككىسى باردەكلا بىر خىل كۈچ مېنى شۇ ياققا سۆرەيت-تى. مەن ئۆزۈممۇ ھېس قىلمىغان بىر خىل قەتئىيلىك بىلەن بالىلارغا ئىشلارنى تاپىلاپ قويۇپ سىرتقا چىقتىم. ئەتىرگۈل مېھمانخانىسى ئۆيىمىزگە يىراق ئىدى. مەن تاكسى توسۇپ خېلى

بىر كەمدە ئۇ يەرگە كەلدىم. مېھمانخانا ئىشىكىگە كېلىپلا بىر-قىسما بولۇپ قالدىم. ئۇ يەرگە كىرىپ، «ئۇلارنى نەدىن تاپار-مەن؟» دېگەندەك بىر خىل ئەندىشىدە قايتىپ كەتمەكچى بولۇپ توختاپ قالدىم، لېكىن كىنولاردىكىدەك باش مۇلازىمەت سۇپى-سىدىن سۈرۈشتۈرمەكچى بولۇپ زالغا كىردىم. مۇلازىمەتچى قىزنىڭ يېنىغا بېرىپ بىر مېھماننى ئىزدىمەكچى ئىكەنلىكىمنى ئېيتتىم.

— ئادىل بەكرى، 205 ـ ئۆي، — دېدى مۇلازىمەتچى قىز كۈلۈمسىرەپ، — ئۇ ئەپەندى ئايالى بىلەن ھېلىلا قايتىپ كەل-گەن. بولمىسا، تېلېفون قىلىپ ئۇنىڭغا دەپ قويايلى، سەل ساقلاپ تۇرامسىز؟

مېڭەمگە بىرى زىخ تىققاندەك ئاغرىپ كەتتى. شۇنداقتىمۇ، چاندۇرماي مۇلازىمغا رەھمەت ئېيتتىم.

— بولدى، ئۇنداقتا مەن ئۇلارنى ئەتە ئىزدەي، كەچتە ئاۋارە قىلىپ قويغۇدەكمەن، — دېدىم ـ دە، كەينىمگە ياندىم. سىرتقا چىقىپ ئاممىۋى تېلېفوندىن باش مۇلازىمەت سۇپىسىغا تېلېفون بېرىپ 205 ـ نومۇرلۇق ئۆينى ئۇلاپ بېرىشنى ئېيتتىم. تېلې-فون ئۇلىنىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا قارشى تەرەپتىن ئايال كىشىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى.

— ۋەي! كىمنى ئىزدەيسىز؟

نېمىشقىكىن، تىلىم ھەربىر كەلىمەي بوغۇزۇمغا بىر نەر-سە قاپلىشىپ قالغاندەك بولۇپ قالدىم. ئارقىدىن ئادىلنىڭ «كىمكەن؟» دېگەن گېپى، ئايالىنىڭ «ۋايتاڭ، گەپ قىلمىدى» دېگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. تۇرۇپكا قولۇمدىن چۈشۈپ كەتتى. تۇيغۇم مېنى ئالدىمىغان ئىدى. ئۇ ئايالنىڭ ماھىبەردىن باشقا ئادەم بولۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. مۇلازىم قىزنىڭ تالونىدا ئۇ ياتاق ئەتىگەندە بۇيرۇتۇلغانىدى. شۇ تاپتا بىر خىل ۋەسۋەسە مېنى ئۇ يەرگە كىرىپ جېدەل چىقىرىشقا دەۋەت قىلاتتى، يەنە

بىر خىل كۆچ مېنى ئۆزۈمگە هاي بېرىشكە ئۈندەيتتى. بىر ئايال ئۈچۈن ئۆز ئېرىنىڭ باشقا ئايال بىلەن بىللە بولۇۋاتقانلىقىنى بىلىشتىن ئارتۇق خورلۇق بولمىسا كېرەك، شۇ تاپتا ماڭا ھەممە نەرسە مەنىسىز تۇيۇلماقتا ئىدى. مەن ئۆزۈمنى بىر مەيدان ئويۇن قويۇپ بولۇپ سەھنىدىن چۈشكەندەك، ھەممە ئادەم ئارتىستەك بىلىنىپ زادى نېمىنىڭ ھەقىقىيلىكىنى بىلەلمەي قالغانىدىم. تېلېفون بوتكىسىغا يۆلىنىپ قانچىلىك ئولتۇردۇمكىنتاڭ، ئېسىمگە كەلگىنىمدە سائەت ئاللىقاچان ئوندىن ئاشقانىدى. مەن مېھمانخانا ياتىقىغا يەنە تېلېفون قىلدىم، بۇ قېتىم تېلېفوننى ئادىل ئالدى. گەپ قىلمىدىم، ئۇ غۇدۇرىغىنىچە تېلېفوننى قويۇۋەتتى. ئۆيگە قانداقلارچە يېتىپ كەلگىنىمنى بىلمەيتتىم. شۇ كۈنى كېچىچە كىرپىك قاقمىدىم. كۆز ئالدىمدا ئۇلارنىڭ ھەر خىل قىياپەتلىرى نامايان بولاتتى. بۇ كېچە مەن ئۈچۈن تولىمۇ ئۇزۇن ھەم ئازابلىق بىر كېچە بولدى. ئەتىسى ئەتىگەندە بالىلارنى مەكتەپكە ماڭدۇرۇۋېتىپ ئىشقا ماڭغاچ مېھمانخانىغا يەنە تېلېفون قىلدىم.

— ۋەي، سىز پەرىدەمۇ؟ — دېدىم مەن قەستەن ئۇ ئايالنىڭ كىملىكىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن، — مەن ئۇنى مۇھىم بىر ئىش بىلەن ئىزدەيتتىم.

— خاتا ئۇرۇپسىز، — دېدى بىر ئايال سىپايىلىك بىلەن.

— باش ئاپپاراتتىن سورىسام پەرىدەنى شۇ ياتاقتا دېگەنىدى، — دېدىم مەن يەنە.

— ياق، مەن پەرىدە ئەمەس، ماھىبەر. ئۇلار خاتا كۆرۈپ قالغان ئوخشايدۇ. قايتا سوراپ باقامسىز؟

مەن ئۇنىڭغا قايتا ـ قايتا رەھمەت دەپ خوشلاشتىم. شۇئان ئىشقا بارماي ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشمەكچى بولۇپ يەنە ئىككىلىنىپ قالدىم. ئىشخانىغا كېلىپ ھېچ ئىش قىلماي ئويلىنىشقا باشلىدىم. ئۇزاق ئويلانغاندىن كېيىن يەنىلا سەۋر قىلىشنى لايىق

تاپتىم. چۈنكى، ئادىل ئىككىمىزنىڭ مۇناسىۋىتى ھەرقانچە يامان
بولغاندىمۇ، تېخى ئۆيىمىز بوزۇلۇش ھالىتىگە يەتمىگەنىدى. مەن
ئىككىمىزنىڭ مۇشۇنداق ئۆتۈۋاتقان مەزگىلىدە جېدەل چىقار-
سام، ئادىل چوقۇم ماڭا ئاجرىشىش تەلىپىنى قويماي قالمايتتى.
ناۋادا ئۇ بىر مەزگىل ھاۋايى - ھەۋەسكە بېرىلىپ كەتكەن بولسا
مەلۇم ۋاقىتتىن كېيىن تۈزىلىپ قېلىشى، مېنىڭ سەۋرچان-
لىقىمدىن تەسىرلىنىپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى. شۇ ئارقىلىق
مەن ئائىلەمنى ساقلاپ قالاتتىم. مەن يەنىلا شۇ خىيال بىلەن
ماھىبەر بىلەن كۆرۈشۈشتىن ۋاز كەچتىم. يەنە بىر ئويلىسام،
ماھىبەرنىڭ شۇنچە ئۇزاق يولنى بېسىپ بۇ يەرگە ئادىل بىلەن
كۆرۈشكىلى كەلگىنىنىڭ ئۆزىلا ماھىبەرنىڭ ئادىل ئۈچۈن ھېچ-
نېمىدىن يانمايدىغانلىقىنى ئىسپاتلايتتى. بۇلارنى ئويلىسام ئۇ-
نىڭدىن يىرگىنەتتىم. لېكىن، باللىرىم ئۈچۈن يۈرىكىمنى غا-
جىلاۋاتقان ئازابقا بەرداشلىق بەرمىسەم بولمايتتى. ھېس قىلى-
شىمچە، ماھىبەر ئىككى كۈندىن كېيىن قايتىپ كەتتى. بىراق،
ئادىل ئىدارىسىدىكى ياتىقىغا كۆچۈپ كەتتى. مانا شۇنىڭدىن
باشلاپ بىزنىڭ ئارىلىقىمىز بارا - بارا يىراقلىشىشقا باشلىدى.
ئارىلىقىمىز يىراقلاشقانچە ئۇنى سېغىناتتىم، ئىلگىرىكى بەخت-
لىك كۈنلەر كۆز ئالدىمغا كېلىۋالاتتى. ناۋادا ئۇ قايتىپ كەلسە،
ئۇنىڭ بارلىق ئىشلىرىنى كەچۈرۈۋەتكۈم، ئۇنى قايتىدىن بۇرۇن-
قى ئادىلغا ئايلاندۇرغۇم كېلەتتى. باللىرىمنىڭ غەلۋە قىلىشى
بىلەن بىرقانچە قېتىم ئادىلنىڭ ياتىقىغا باردىم. ئۇ ماڭا يا قوپال
ئەمەس، يا ئىللىق ئەمەس، بىر خىللا نەزەردە قاراپ قويدى.
ئۇ باللارنى ئەركىلىتىپ، ئۇلارنى يېزىنىڭ كىچىك بازىرىغا
ئېلىپ بېرىپ ئويناتتى. قايتىپ كېلىدىغان چاغدا نېمىشقىدۇر
ئۇنىڭ مېنى تۇتۇپ قېلىشىنى، بىرەر ئاخشام بولسىمۇ ئۇنىڭ
بىلەن قونۇپ قېلىشنى، ئۇنىڭ بىلەن يۈزتۇرانە پاراڭلىشىشنى
ئويلاپ كەتتىم. بىراق، ئۇ مېنىڭ «كېتەيلى» دېگىنىمدىن مەق-

ستىمنى بىلىپ قالغاندەك، «باللىرىم، ئەمدى قايتىڭلار، داداڭلارنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى بار» دېدى. بۇنىڭدىن ئۇنىڭ بىزنى كېتىشكە دەۋەت قىلىۋاتقانلىقىنى بىلىپ، كۆزۈم قىيمىغان ھالدا ئۇنىڭ ياتقىدىن قايتىپ چىقتىم. ئۇ بىزنى بېكەتكە ئەكىلىپ قويدى...

— ئادىل، — دېدىم ئۇ كېتىشكە تەمشىلىۋاتقاندا، — بىز ياخشىراق پاراڭلىشىپ باقساق بولامدۇ؟

— كېيىنچە بىر گەپ بولار، — دېدى ئۇ كەسكىن قىلىپ، — باللار بار يەردە بىرنېمە دېيىشمەيلى.

مەن ھېچنېمە دېيەلمىدىم. ئۇنىڭ مەن بىلەن پاراڭلاشقۇسى يوقلۇقى «مانا مەن» دەپ چىقىپ تۇراتتى. مەن باللارنى ئېلىپ ئاپتوبۇسقا چىقتىم. ئىچىمگە پاتمايۋاتقان يىغامنى مىڭ تەستە بېسىپ تۇراتتىم. «تۇۋا! مەن ئۇنىڭ ئالدىدا نېمە خاتالىق ئۆتكۈزگەندىمەن، ئۇنىڭ ماڭا بولغان مۇھەببىتى راستىنلا قالمىغانمىدۇ؟ ئۇمۇ ماڭا ئوخشاش باللارنى دەپ جىمجىت تۇرۇۋالغانمىدۇ؟ ناۋادا ئۇنىڭ ماڭا مۇھەببىتى قالمىغان بولسا ئەلۋەتتە مەن ئۇنىڭ ئۈچۈن ئارتۇقچە ئادەم ھېسابلىنىمەن. مەن ئۇنى راستىنلا تەسىرلەندۈرەلمىسەمنمۇ؟ ياق، مەن ئۇنى چىن دىلىمدىن ياخشى كۆرگەن ئىكەنمەن، ئۇنىڭ ئۈچۈن بەدەل تۆلەشتىن قورقماسلىقىم، ئاخىرقى ئۈمىدىنىڭ نۇرى ئۆچكىچە تىرىشىشىم كېرەك. مەندە ھېچقانداق بەدەل تەلەپ قىلمايدىغان بېغىشلاش روھى بولغاندىلا ئۇنى تەسىرلەندۈرەلىشىم، ئۇنىڭ تۇرمۇشىدىكى باشقا ئايال‌لارغا قارىغاندا مېنىڭ يەنىلا ئۇنى ھەممىدىن بەك قەدىرلەيدىغانلىقىمنى ھېس قىلدۇرالىغان ۋاقتىمدا ئاندىن ئۇنىڭ قەلبىدىكى بۇرۇنقى ئورنۇمنى ئەسلىگە كەلتۈرەلىشىم مۇمكىن.»

مەن شۇ ئۈمىدلەر بىلەن ئۆزۈمنى روھلاندۇرۇپ كېلىۋاتاتتىم. ھەر ھەپتىدە بىر قېتىم باللارنى ئۇنىڭغا كۆرسىتىش

مەقسىتىدە ئۇنىڭ يېنىغا باراتتىم، كىرلەشكەن كىيىملىرىنى ئەكېلىپ يۇيۇپ دەزماللاپ ئاپىرىپ بېرەتتىم. ئۇ بۇنىڭغا ھېچنېمە دېمەيتتى. خۇددى بۇ ئىشلارنى قىلىشىم زۆرۈردەك، چوقۇم قىلىنسام بولمايدىغاندەك كىرلەشكەن ئىچ كىيىملىرىدىن تارتىپ ھەممىنى مەن كۆرىدىغان يەرگە يىغىپ قوياتتى. يىغىپ ئېلىپ ماڭغىنىمنى كۆرگەندە ئىچ كىيىملىرىنى بولسىمۇ ئېلىپ قالمايتتى. مەن ئۆزۈمنىڭ مۇھەببىتى، ئائىلەمنىڭ بەختى ئۈچۈن ئۇنىڭ ھەرقانداق ئىشىنى ئېغىر ئالمايتتىم. بىر يەكشەنبە كۈنى ئۇنىڭ يۇيۇلغان كىيىملىرىگە دەزمال سېلىۋاتقان ۋاقتىمدا تۇيۇقسىز تېلېفون كېلىپ قالدى. قولۇم ئىشتا بولغاچقا ئىلمىنۇرنى تېلېفوننى ئېلىشقا بۇيرۇدۇم.

— ئاپا، سىزنى ئىزدەيدىكەن، — دېدى قىزىم تۇرۇپكىنى قويماي تۇرۇپلا.

— ۋەي، ياخشىمۇسىز! — دېدىم قارشى تەرەپكە.

— پەرىما؟ — دېدى قارشى تەرەپ ئىنچىكە ئاۋازدا. ئۇنىڭ ئاۋازىدىن تېخى كىچىك قىزدەك قىلىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ پەرىزات دېگەن ئىسمىمنى بۇنداق ئاتىشىدىن ھەم ئاچچىقىم كەلدى، ھەم كۆڭلۈم نېمىدۇر بىر شۇملۇقنى تۇيغاندەك چۆچۈپ كەتتىم.

— ئۆزىڭىز كىم؟ — دېدىم مەنمۇ قايتۇرۇپ.

— مېنىڭ كىملىكىمنى سورىماي ۋاقتىدا خېتىڭنى ئېلىپ ئۆيىڭنى بوشات! يۇزى قېلىن خوتۇن! يارىپىلىمىدەك ئادىلغا چاپلىشىپ نېمە قىلىسەن ئىززىتىڭنى ساقلىماي! نەچچە يىل بولدى مانا قوپار، ئەنە قوپار دەپ كۈتكىلى. چاشقاندەك مۈكۈپ ياشاشتىن تويۇپ ساڭا دەۋاتىمەن، مەيلى قايسىڭ بولۇش مېنىڭ ئادىل بىلەن ئۆي تۇتۇۋاتقىنىمغا ئىككى يىلدىن ئاشتى. مېنى تولا كولدۇرلىتىمەن دېيىشسەڭ، مەن ئۇنداق ئەخمەق ئەمەس.

بېشىم پىرقىراپ يىقىلىپ كېتىشكە ئاز قالدىم. مۇشۇ ياشقىچە مەن ھېچكىمدىن بۇنداق ھاقارەت ئاڭلاپ باقمىغانىدىم. مەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يەنىلا ئۆزۈمنى تۇتۇۋالدىم.

— ماڭا قاراڭ، سىڭلىم، — دېدىم ئۇنى كىچىك قىزلىق پەرەز قىلىپ، — نېمە ئىش بولسا ئالدىرىماي دەڭ، بۇ مېنىڭ ئۆيۈم، بىراۋنىڭ مېنى كەت دېيىشكە ھەققى يوق. سىز ئادىلنىڭ نېمىسى بولۇشتىن قەتئىينەزەر مەن ئادىلنىڭ قانۇنلۇق ئايالى، بۇنى ھەممە ئادەم بىلىدۇ. بۇنداق بېشەملىك بىلەن ئادەم تىللىسىڭىز قانداق بولىدۇ؟ قارىغاندا، كىچىك قىزدەك تۇرىسىز، ئاۋۋال ئىززىتىڭىزنى سىز ساقلاڭ.

— كىم بېشەمكەن؟ — دېدى قىز، — ئادىل ماڭا: «ئاجرىشايلى دېسەم بېشەملىك قىلىپ ئۇنىمىدى» دېدىغۇ؟ نېمىشقا ئۇنىڭغا چاپلىشىۋالىسىز.

— نېمە... ؟ ئادىل ماڭا ھېچقاچان ئاجرىشىش توغرۇلۇق گەپ قىلىپ باقمىدى. ئۇ سىزنى ئالداپ قويۇپتۇ. مېنىڭچە، ئۇنىڭغا چاپلىشىۋالغان مەن ئەمەس، بەلكى سىزدەك قىلىسىز. سىزگە دەپ قوياي، مەن ئادىل بىلەن ھەرگىز ئاجراشمايمەن، سىزمۇ مېنى ھېچنېمە قىلالمايسىز.

— ئەمىسە... ئەمىسە مەن قانداق قىلىمەن؟ — قىز ئەسەبىيلەشكەن ھالدا يىغلاپ كەتتى. مەن ئۇنىڭ نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قالغانلىقىنى بىلىپ دەرھال ئۇنىڭ روھىي دۇنياسىغا ھۇجۇم قىلدىم.

— قانداق قىلاتتىڭىز، ئايالى بار ئەردىن ئۆزىڭىزنى تارتىسىز. بولمىسا، ئۇستىڭىزدىن ئەرز قىلىمەن.

— بىراق، مېنىڭ بالام بار تۇرسا... ھۇ... ھۇ... !!

مەن تېلېفون تۇرۇپكىسىنى قويۇۋەتتىم. كاللامدا ھەر خىل خىياللار ئەگىيتتى: «ئادىل راستتىنلا باشقىلار بىلەن ئۆي تۇتۇۋالغانمىدۇ؟ بىراق، ئۇ تېخى يېقىندىلا ماھىبەر بىلەن كۆرۈشكەن ئىدىغۇ؟ ياق، ئۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. چوقۇم ئادىل ئاجرىشىشقا ئۆزى ئېغىز ئاچالماي ئويۇن ئويناۋاتقان گەپ. ئۇنىڭ

ئاجراشقۇسى بولسا دېيەلمىگۈدەك ئادەم ئەمەس. ئەگەر راستتىنلا ئايرىم ئۆي تۇتۇۋالغان بولسا ئۇ بالا ئادىلىنىڭمىدۇ ياكى ئۇ بالىسى بار جۇۋانمىدۇ؟»

خىياللىرىم چىگىشلىشىپ ئاخىرىنى چىقىرالمىدىم. بىر تۇرۇپ، ھېلىقى قىزنى «قېيىن ئەھۋالغا يولۇقتىمىكىن؟» دەپ ئويلايتتىم. بولمىسا، ئىككى يىل ئايرىم ئۆي تۇتقان ئادەم خەتەرگە تەۋەككۈل قىلىپ ئۆزىنى ئاشكارىلاپ يۈرمەس ئىدى. مەن ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ ھېلىقى قىز بىلەن كۆرۈشۈپ ئەھۋالنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ كېلىشنى نىيەت قىلدىم. بىراق، ئۇ قىزنىڭ يا ئىسمىنى، يا تۇرالغۇسىنى بىلمەيتتىم. مەن دەرھال تېلېفوننىڭ نومۇر ساقلاش ئۈسكۈنىسىگە قاراپ ھېلى كەلگەن نومۇرنى ئاختۇرۇپ تاپتىم، ئاندىن قايتۇرۇپ تېلېفون ئۇردۇم. تېلېفوننى بىر ئەر كىشى ئالدى.

— خاپا بولماي بايا تېلېفون بەرگەن قىزنى چاقىرىپ قويغان بولسىڭىز، — دېدىم ئاۋازىمنى ئامال بار يېقىملىق چىقىرىشقا تىرىشىپ.

— ۋاي، خېنىم! بۇ دېگەن ئاممىۋى تېلېفون، بايىدىن بېرى نۇرغۇن ئادەم تېلېفون بەردى، قايسىبىرى سىلىنى ئىزدەيدىغان قىزكىن؟ — دېدى ھېلىقى كىشى خۇشياقمىغاندەك قىلىپ.

— بايا بىر قىز مۇشۇ تېلېفوندا تېلېفون ئۇرغان. ئۇ قىز تېخى يىغلاپ كەتتىغۇ؟ ئۇ مېنىڭ سىڭلىم ئىدى، قېيىنچىلىقتا ئۇچراپتۇ، سىلىنى مالال قىلىدىغان بولدۇم، خاپا بولماي چاقىرىپ قويغان بولسىڭىز؟

— ھە، ئىبادەتنى دېسىلە بولمامدۇ، كىمكىن دەپتىمەن تېخى. ئۇ ئۆيگە بىرىپ بولدىمىكىن، ئارىلىق خېلى يىراق ئىدى.

— بولمىسا، ماڭا ئۇنىڭ ئۆيىنىڭ ئادرېسىنىلا دەپ بېرەملا - يا، ئۇنى ئۆزۈم ئىزدەپ باراي، — دېدىم مەنمۇ قاملاشتۇرۇپ.

— قارىغاندا، سىڭىللىرىنىڭ يېنىغا كېلىپ باقاپتىكەنلا-دە؟ ناھىيە بازىرىغا كىرىپ «ئالتۇن دەۋر» سودا سارىيىنىڭ يان تەرىپىگە كەلسىلە مېنىڭ بوتكام بار. كەلسىلە سىلىنى ئۆزۈم باشلاپ ئاپىرىپ قوياي، — دېدى ئۇ كىشى قىزغىن ھالدا. مەن ئۇنىڭغا قايتا - قايتا تەشەككۈر ئېيتىپ خوشلاشتىم. شۇ كۈنى ئىدارىدىن ئىككى كۈنلۈك رۇخسەت سوراپ، ئۆيدىكى ئىشلارنى قىزىمغا تاپىلاپ قويغاندىن كېيىن يولغا چىقتىم. يول بويى يۈرىكىم سېلىپ خۇددى ئوغرىلىق قىلىۋاتقان ئادەمگە ئوخشاش ئەندىشە ئىچىدە قالدىم. ئىككى سائەتتىن كېيىن مەن مەنزىلگە يېتىپ كەلدىم. كىچىككىنە ناھىيە بازىرىدىن ھېلىقى دۇكاننى تېزلا تاپتىم. كوسا، چىرايى ياغلاپ قويغاندەك پارقىراپ تۇرىدىغان دۇكاندارغا ئۆزۈمنى تونۇشتۇرغاندىن كېيىن، ئۇ خۇشاللىق بىلەن مېنى يۈز مېتىر يىراقلىقتىكى چوڭ بىر دەرۋازا ئالدىغا ئەكېلىپ قويدى.

— مۇشۇ قورۇدا ئولتۇرىدۇ، — دېدى ئۇ قورۇنى ئېگىمكى بىلەن ئىما قىلىپ، — سىرتتىن كەلگەن بىرنەچچەيلەن مۇشۇ قورۇدىن ئۆي ئىجارە ئالغان، ھويلىغا كىرىپ بىرىنچى ئۆيگە كىرسىڭىز بولىدۇ.

مەن دۇكاندارغا مىننەتدارلىقىمنى بىلدۈرۈش نىيىتىدە ئەللىك سوم پۇلنى ئۇنىمىغىنىغا قارىماي تۇتقۇزۇپ قويدۇم. دۇكاندار كەتكەندىن كېيىن مەن ھويلىغا كىردىم. ھويلىدا ئىككى ياشلاردىكى بىر قىز ئويناۋاتاتتى. قىز شۇنداق چىرايلىق ئىدىكى، خۇددى سىزىپ قويغان سۈرەتكىلا ئوخشايتتى. مېنىڭ ئۆزىگە قاراپ تۇرغىنىمنى كۆرگەن قىز يۈگۈرگەن پېتى بىر ئۆيگە كىرىپ كەتتى. قىزنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ، دۇكاندار دېگىنىدەك ئىبادەتنىڭ ئۆيى ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ يۈرىكىم «قارت-تىدە!» قىلىپ كەتتى. مەن قىز كىرىپ كەتكەن ئۆينىڭ ئىشىك پەردىسىنى قايرىپ ئۆي ئىچىگە قارىدىم.

— كىمۇ؟

مەن ئالدىمدا تۇرغان قىزغا قاراپ كۆزۈمگە ئىشەنمەي قالدىم. مەن يول بويى خىيال قىلغان ئىبادەت بىر هازازۇل چوكان ئىدى. بىراق، ئالدىمدىكى بۇ قىز جىق بولسا يىگىرمە ئىككى ياشتا ئىدى. ئۇنىڭ سوزۇك چىرايى، قايرىلىپ تۇرىدىغان كىرپىكلىرى ھەم مۇلايىم قوي كۆزلىرىدىن بىر خىل سەبىيلىك چىقىپ تۇراتتى. ھېلى كۆرگەن قىز ئىبادەتنىڭ كۆڭلىكىنىڭ كەينىدىن قاراپ تۇراتتى. ئىككىسىنىڭ چىرايىنىڭ قويۇپ قويغاندەك ئوخشىشىدىغانلىقىغا قاراپ ئۇنىڭ قىزى ئىكەنلىكىگە ئىشەندىم.

— ئىبادەتنىڭ ئۆيى مۇشۇمۇ؟ — دېدىم ئامال بار ئاۋازىمنى سىلىق چىقىرىپ.

— ھەئە، بىرەر ئىشىڭىز بارمىدى؟ — دېدى ئىبادەت قىزنى قۇچىقىغا ئالغاچ.

— مەن پەرىزات.

ئۇ شۇنداق چۆچۈپ كەتتىكى، يوغان كۆزلىرى تېخىمۇ چوڭىيىپ، چىرايى باشقىچە تۇس ئالدى، كۆزلىرىنى مەندىن ئېلىپ قېچىپ قىزنىڭ مەڭزىگە يۈزىنى يېقىۋالغاندىن كېيىن مېنى ئۆيگە تەكلىپ قىلدى. مەن ئۆيگە كىرىپ ئىككى كىشىلىك كونا ساپادىن ئورۇن ئالغاندىن كېيىن ئۆيگە سەپسالدىم. ئۆيدە ئىككى كىشىلىك كونا ياغاچ كارىۋات ۋە مەن ئولتۇرۇۋاتقان ساپادىن باشقا تۇرمۇشقا لازىمەتلىك نەرسىلەر ھەم كىچىك بالىنىڭ ئويۇنچۇقلىرى بولۇپ، ئاددىي بىر ياتاققا ئوخشايتتى.

— چاي ئىچىڭ! — دېدى ئۇ ماڭا بىر پىيالە چاي قويۇپ. مەن ئۇ قىزغا قارىغانچە ئۇ ماڭا شۇنچە بىچارە كۆرۈنۈپ كەتتى. ماڭا چاي قويۇۋاتقان ۋاقىتتا ئۇنىڭ قوللىرىنىڭ تىترەۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدىم. ئۇ خۇددى گۇناھ ئۆتكۈزۈپ قويغان كىچىك بالىغىلا ئوخشايتتى.

www.uyghurkitap.com

— بۇ ئۆيدە ئۆزىڭىز يالغۇز تۇرامسىز؟ — دېدىم مەن ئاردىكى جىمجىتلىقنى بۇزۇپ.

— ھەئە، قىزىم ئىككىمىز تۇرىمىز.

— سىز بۇ يەرلىك ئەمەسما؟ نېمە خىزمەت قىلىسىز؟

— ماي قاچىلاش پونكىتىدا ئىشلەيمەن.

ئۇنىڭ ئاۋازى بارغانچە پەسلەپ كەتتى.

— ئىككىمىز پاراڭلىشىپ باقساق بولامدۇ؟ سىزنىڭ تېلې-فونىڭىزدىن مەن سىزنى يولدىن چىققان بىرى ئوخشايدۇ، دەپ ئويلىغان. بىراق، مېنىڭچە سىز ياخشى قىزدەك تۇرىسىز. مەن سىزنىڭ ئاچچىقىڭىزنىڭ ئورنىدا ئىكەنمەن. ئىشلارنى ماڭا بىرقۇر سۆزلەپ بەرسىڭىز بولامدۇ؟ — دېدىم مەن ئۇنىڭغا.

بىردىنلا ئۇ مىچىلداپ يىغلاشقا باشلىدى. ئاپىسىنىڭ يىغلاۋاتقانلىقىنى كۆرگەن قىزمۇ يىغلاشقا ئۇمچەيدى.

— سىڭلىم، مەن سىز بىلەن قانداقتۇر ئۇرۇشقىلى كەلمى-دىم، پەقەت ئادىل ئىككىڭلارنىڭ مۇناسىۋىتىنىڭ زادى نەدىن نەگىچە ئىكەنلىكىنى بىلسەملا بولدى. قارىسام، سىزمۇ قىيىن ئەھۋالدا قالغاندەك تۇرىسىز.

— راست دەيسىز، مەن ھەقىقەتەن قىيىنلىپ قالدىم. مەن بۇ ئەھۋالغا چۈشۈپ قالمىغان بولسام، ھەرگىز سىزگە تېلېفون ئۇرمىغان بولاتتىم، — دېدى ئۇ بېشىنى تۆۋەن قىلىپ، — ئەمدى بۇ يەرگە كەلگەندە سىزدىن يوشۇرۇپ ئولتۇرمايمەن. مەن ئەس-لىي شەھەردە ھاممامنىڭ ئۆيىدە تۇراتتىم، بۇ يەرگە كەلگىلى ئىككى يىلدىن ئاشتى.

— ئاتا - ئانىڭىز يوقمۇ؟ — دېدىم ھەيران بولۇپ.

— يوق، ھېلىقى كۈنى مەن بەك ھاياجانلىنىپ كەتكەن ئوخشايمەن. سىزگە قوپاللىق قىلىپ تېلېفون بەرگىنىمگە پۇشاي-مان قىلىمەن. ئەمدى سىز كەلدىڭىز، مەن ئىشنى باشتىن سۆزلەپ بېرەي.

ئۇ مۇگدەشكە باشلىغان بالىسىنى كارىۋاتقا ئاۋايلاپ ياتقۇزۇپ قويغاندىن كېيىن پىيالەمدىكى چاينى قايتا يەڭگۈشلەپ قويدى، ئاندىن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— ئېسىمنى بىلسەم، ئاتا - ئانام تۇگەپ كېتىپتىكەن. مېنى هاماملار بېقىپ چوڭ قىلدى. هامامىنىڭ ئۆيىدە مەندىن باشقا تۆت بالا بار ئىدى. مەن ئۇلارنىڭ بالىسىغا قاراپ ۋە باشقا ئۆي ئىشلىرىغا ياردەملىشىپ ئوقۇشسىز قالدىم. مەن ئون توققۇز ياشقا كىرگەن يىلى هاماملار مېنى يىراق بىر يېزىدىكى تۇغقىنىدىمىزنىڭ ئوغلىغا ياتلىق قىلىدىغان بولدى. مەن ئاق - قارىنى بىلىپ قالغاچقا بۇ تويغا رايىم يوق ئىدى، لېكىن هاماملار مېنىڭ دېگىنىمگە كۆنمەيتتى. مەن كىچىكىمدىن ئۇلارنىڭ دېگەنىنى قىلىپ چوڭ بولغاچقا، نارازىلىقىمنى ئاشكارا دېيەلمەيتتىم. بۇ ئىشلارنى قوشنىمىزنىڭ قىزىغا دەپ بەردىم، ئىككىمىز ياخشى ئۆتەتتۇق. ئۇ بىر كۈنى ماڭا بىر يەرگە بېرىپ ئويناپ كېلىشنى ئېيتتى. مەن هامامدىن تەستە رۇخسەت سوراپ، ئۇنىڭ بىلەن بىللە چىقتىم. ئۇ مېنى بىر رېستورانغا ئەكەلدى. ئۇ يەردە ھېلىقى دوستۇم بىلەن تونۇشسا كېرەك، بىر قانچە ئەر ۋە بىر قانچە قىز بار ئىدى. مەن ئادىل بىلەن شۇ يەردە تونۇشقان. ئۇ باشقا ئەرلەردەك چاكىنا چاقچاقلارنى قىلمايتتى، ئۆزىنى تەمكىن تۇتاتتى. مەن باشقا ئەرلەرگە قارىغاندا ئۇنى خېلى دۇرۇس كۆردۈم. شۇنىڭ بىلەن ئىككىمىز ئۇنى - بۇنى دېيىشىپ تونۇشۇپ قالدۇق. بىر قانچە قول تانسا ئوينىدۇق. تارقىلىدىغان چاغدا ئۇ ماڭا تېلېفون نومۇرىنى بەردى، دوستۇم ئىككىمىزنى ئۆيگە ئاپىرىپ قويۇپ كەتتى. كېيىن، ئۇ دوستۇم بىلەن ئىككىمىزنى بىر قانچە قېتىم مېھمان قىلدى. بىز ئۇبدانلا چىقىشىپ قالدۇق. نېمىشقىكىن، كۆڭلۈمدە ئۇنى خىيال قىلىدىغان بولۇپ قالدىم. بەزىدە ئۇنىڭ ئېرىم بولۇپ قېلىشىنى ئۈمىد قىلاتتىم. لېكىن، ئۇنىڭ ئائىلىسى توغرۇلۇق بىر نەرسە بىلمەيتتىم. بىر

كۆنى مەن گەپ ئارىلىقىدا ئۇنىڭدىن ئائىلە ئەھۋالىنى سورىسام، ئۇ ماڭا: «ئايالىم ئىككىمىز ئاجرىشىپ كەتكەن» دېدى. ئېيتمىشقىنىن، مەن ئۇمىدلىنىپ قالدىم. بارا - بارا ئۇنى راستىنلا ياخشى كۆرۈپ قالدىم. ئۇنى سېغىناتتىم، ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولۇشنى ئويلايتتىم. لېكىن، بىز پەقەت ئۇ خالىغان چاغدا كۆرۈشەلەيتتۇق. كېيىن ئۇ ماڭا ئۆزىنىڭ مېنى ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىنى ئېيتتى. خۇشلۇقۇمنى قانداق يوشۇرۇشنى بىلەلمەي قالدىم. ئۆزۈمنى خۇددى بەختىمنى تاپقاندەك ھېس قىلدىم. شۇنىڭ بىلەن ئىككىمىز ئارىلاشتۇق. ئۇ ماڭا كۆيۈنەتتى، ھەر-قانداق ئىشتا مېنىڭ دېگىنىمنى يىرمايتتى، شۇڭا ئۇنىڭغا چەك-سىز ئىشىنەتتىم. ھامىلىلار يېزىغا تۇغقان يوقلاشقا كەتكەن بىر كۈنى مەن ئۇنىڭ دىجورنىلىق قىلىدىغان ئۆيىدە قونۇپ قالدىم. شۇنىڭدىن كېيىن بىز پۇرسەت تاپساقلا بىللە بولىدىغان بولدۇق. كېيىن مەن ئۆزۈمنىڭ ھامىلىدار بولۇپ قالغانلىقىمنى بىلدىم، شۇنىڭ بىلەن ئۇنى ئىزدەپ بۇ ئىشنى ئېيتتىم.

— مەن سىزنى دوختۇرغا ئاپىراي! بالىنى چۈشۈرۈۋېتىپ تۇرايلى، تويدىن كېيىن بالىلىق بولساقمۇ ئۈلگۈرىمىز، — دېدى ئۇ. ئاندىن مېنى شەھەرنىڭ چېتىگىرەك جايلاشقان بىر شەخسىي ئامبۇلاتورىيىگە ئېلىپ باردى. لېكىن، دوختۇر بالىنىڭ دورا بىلەن چۈشۈرۈش ۋاقتىدىن ئېشىپ كەتكەنلىكىنى، ئالتە ئايغا توشقاندا ئاندىن چۈشۈرۈشكە بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى. بىز ئامال-سىز قايتىپ كەلدۇق.

— قورقماڭ، مەن چوقۇم ئامالىنى قىلىمەن، — دېدى ئۇ مېنىڭ يىغلاۋاتقانلىقىمنى كۆرۈپ.

— بۇ ئىشنى ھامىمام ئۇقۇپ قالسا مېنى ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىدۇ، — دېدىم مەن ئەندىشە بىلەن.

— ھامىمىڭىز ئۇقمايدۇ، بىر ئامال قىلىپ يوشۇرۇڭ. مانا قاراڭ، ھازىر ئۈچ ئاي بوپتۇ، ئۈچ ئاي دېگەندە ھېچكىم بىلىپمۇ

يۈرمەيدۇ. يەنە ئۈچ ئايدىن كېيىن مەن سىزنى دوختۇرغا ئاپىرد-
مەن، — دېدى ئۇ مېنى بەزلەپ.

مەن ئۇنىڭ گەپلىرىگە ئىشەندىم ھەم خاتىرجەم بولدۇم. شۇنىڭدىن كېيىن ئادىل نەچچە ئاي سىرتقا چىقىپ كەتتى. بۇ جەرياندا بىز تېلېفوندا ئالاقىلىشىپ تۇردۇق. كېيىن بۇ ئىشنى ھاممام ۋە ئۇنىڭ ئېرى بىلىپ قالدى. ئۇلار مېنى بىرقانچە قېتىم ئۇردى ھەم بالىنىڭ دادىسىنى دەپ بەرسەم ئۇنىڭ ئەدىپىنى بېرد-دىغانلىقىنى ئېيتىشتى. مەن ئۇلارغا بالىنىڭ ئادىلنىڭ ئىكەن-لىكىنى قەتئىي دېگىلى ئۇنىمىدىم. كېيىن بۇ ئىشنى ماڭا ئەلچى بولغان تۇغقىنىمىزمۇ بىلىپ يەتتى. ئۇلار توينى بىكار قىلدى. شۇ كۈندىن باشلاپ ھامماملار مېنى يامان كۆرۈشكە باشلىدى ھەم ئۇزاق ئۆتمەي مېنى ئۆيدىن ھەيدەپ چىقاردى. مەن بىر مەزگىل بىر »ئاشخانىدا ئىشلەپ جېنىمنى باقتىم. كېيىن ئادىل قايتىپ كېلىپ ماڭا ئىنتايىن ھېسداشلىق قىلدى. ئەمدى مېنىڭ ئادىل-دىن باشقا ھېچقانداق يېقىن كىشىم قالمىغانىدى، شۇڭا مەن ئۇنىڭغا توي قىلىشنى ئېيتتىم. ئۇ دەماللىققا بىر نېمە دېمىدى. كېيىن مەن ئۇنىڭ توي قىلغان ھەم بالىلىرى بارلىقىنى ئۇقتۇم. ئۇ مېنى ياخشى كۆرگەچكە مېنىڭ ئۇنىڭغا قارىماسلىقىمدىن ئەن-دىشە قىلىپ يالغان ئېيتقانلىقىنى، ئايالى بىلەن ئىككىسىنىڭ مۇناسىۋىتىنىڭ ياخشى ئەمەسلىكىنى، بىر مەزگىل چىداپ تۇر-سام ئاندىن مەن بىلەن توي قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. مەن نېمە قىلارىمنى بىلمەي قالغانىدىم. شۇڭا يەنىلا ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە بۇ ناھىيىگە كېلىپ، ئۇنىڭ بىر تونۇشى ئارقىلىق ماي قاچىلاش پونكىتىدا ۋاقىتلىق ئىشلىدىم. كېيىن بالا ئالتە ئايلىق بولدى. بالا ھەر قېتىم قورسىقىمدا يىنىك تەۋرىگەن ۋاقىتتا مەن ئۇنىڭغا چىدىمايتتىم، بالىنى تۇغقۇم بار ئىدى. ئۇ كۈنلەردە مەن ئادىل-نىلا ئويلايتتىم، ئۇنىڭ ئائىلىسى، كېيىنكى تۇرمۇشۇم توغرۇ-لۇق ھېچ نەرسە خىيالىمغا كەلمەپتىكەن. كېيىنكى كۈنلەردە

www.uyghurkitap.com

ئادىل ماخا ئاز ـ تولا تۇرمۇش پۇلى ئەۋەتىپ تۇردى ھەم تېلېفوندا پات ئارىدا ئائىلىسىدىكى ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىپ بولىدىغانلىقى توغرىسىدا ۋەدىلەرنى بېرىپ تۇردى. مەن ئۇنىڭغا بالىنى تۇغقۇم بارلىقىنى ئېيتتىم، ئۇ قەتئىي قوشۇلمىدى. ئىككىمىز ئۇرۇشۇپ قالدۇق. كېيىن مەن مۇشۇ قورۇنىڭ ئىگىسىگە بولغان ئىشلارنى دەپ بېرىۋىدىم، ئۇ ئايال ماخا يول كۆرسىتىپ: «بالىنى تۇغسىڭىز ئۇ چوقۇم سىزنى ئالىدۇ، بەك بولمىغاندا ئەرز قىلىسىز!» دېدى. مېنىڭ بېشىمدىن ئىش ئۆتمىگەچكە ئىككىلىنىپ يۈرۈپ ئاي ـ كۈنۈم توشۇپ قالدى. قوشنامنىڭ ياردىمىدە تۇغدۇم. ئادىل مېنى يوقلاپ تۇردى. مەن نېمىلا بولمىسۇن، ئادىلنىڭ مېنى تاشلىۋەتمىگىنىگە خۇش ئىدىم. ئۇ قىزىمىزغا سوۋغاتلارنى ئەۋەتىپ تۇردى. مەن ئۇنىڭدىن ھەر قېتىم قاچان توي قىلىدىغانلىقىمىزنى سورايتتىم. ئۇ: «ئاز قالدى، چىداپ تۇرۇڭ، لېكىن بۇ مەخپىيەتلىكنى بىز توي قىلىشتىن ئىلگىرى ھېچكىم بىلمىسۇن!» دەيتتى. مەن ئۇنىڭغا ئىشەنچ باغلاپ يۈرۈپ بالا بىر ياشقا كىرىپ قالدى. مەن ئۇنى كۈتۈپ ساراڭ بولاي دېگەنىدىم. كېيىن ئۇ مېنى ئانچە ئىزدىمەيدىغان بولۇپ قالدى. مەندە بىر خىل قورقۇنچ پەيدا بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭغا بىر قانچە قېتىم تېلېفون قىلدىم. ئۇ ماخا: «ئايالىم ئاجراشقىلى ئۇنىمىدى!» دېدى. شۇ چاغدىلا مەن ئۆز-زۈمنىڭ بۇ يولنى خاتا ماڭغانلىقىمنى ھېس قىلدىم. پۇشايمان قىلسامۇ ئورنىغا كەلمەيتتى. پەقەت ئۆزۈم سۆيگەن كىشى بىلەن بىللە بولۇش ئۈچۈن ھەرقانداق ئىشنى قىلىشقا رازى ئىدىم. ئادىل ئايالى بىلەن ئاجرىشىشنى كەينىگە سۈرگەنچە تۇيۇقسىز مەندە گۇمان پەيدا بولدى. شۇڭا مەن ئۇنى ھېلىقى كۈنى چاقىرتتىم. ئۇ كەلگەندە كېچە سائەت بىردىن ئاشقانىدى. مەن ئۇنىڭغا ئازراق چىچىلدىم. بىردىنلا ئۇ مېنى بىر شاپىلاق ئۇردى. مەن ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشىنى كۈتمىگەنىدىم. ئۇ ماخا: «بۇنىڭدىن

كېيىن مېنى ئىزدىمە، ئايالىم ئاللىقاچان ئىككىمىزنىڭ مۇناسىـ
ۋىتىنى بىلىپ بولدى. ئەمدى سېنى ئىزدىيەلمەسلىكىم مۇمـ
كىن» دېدى ھەم ماڭا ئىككى مىڭ سوم پۇل بېرىپ ئەتىسى
قايتىپ كەتتى. مەن ئۇنىڭدىن ئايرىلالمايتتىم، بالامغا دادا كېـ
رەك ئىدى. مەن چوقۇم ئۆز بەختىمنى ئۆزۈملا قولغا كەلتۈرەـ
لەيمەن، دەپ ئويلايتتىم. شۇڭا ئۆز خىيالىمدا ئادىل ئاجرىشالىـ
سىلا ئۇنىڭ بىلەن بىر ئۆيگە كىرىشىم مۇمكىن ئىدى. شۇنىڭ
بىلەن سىزگە ئۆچلۈك قىلىشقا باشلىدىم، شۇ سەۋەبتىن سىزگە
ھېلىقى تېلېفوننى ئۇرغان. بىراق، ئادىلنىڭ مېنى يەنە ئىزدەپ
كېلىشىدىن ئۈمىدىم ئۈزۈلدى. ھېلىقى كۈنى ئۇ ئالدىراپ تېلېـ
فوننى ئۇنتۇپ قېلىپ كېتىپتۇ. ئۇ كېتىپلا ئۇنىڭ تېلېفونى
سايراپ كەتتى. ئېلىپ قارىسام، بىرى يوللىغان قىسقا ئۇچۇر
ئىكەن. خەنزۇچىنى بىلمىگەچكە قورۇ خوجايىنىنىڭ قىزىنى
چاقىرىپ ئوقۇتۇپ باقتىم. ئۇنىڭدا بىرىنىڭ ئۇنى سېغىنغانلىقى
ھەم سائەت نەچچىنىڭ ئاپتوبۇسىدا يولغا چىقىدىغانلىقى، يولغا
چىققان ھامان ئۇنىڭغا خەۋەر بېرىۋېتىشى، ئۇنى تۆت كۆزى
بىلەن كۈتىدىغانلىقى يېزىلغانىكەن. ئاخىرىغا «ئاشىق» دەپ ئىـ
سىم قويۇپتۇ. مەن بۇنىڭدىن ئادىلنىڭ بۇنچە ئالدىراپ مېڭىشىدا
ئۇنىڭ باشقا بىر ئايال بىلەن كۆرۈشىدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم.
مەن: «ئۇ ئايالنى سىزمىكىن؟» دەپ پەرەز قىلدىم، لېكىن
ئۇچۇر يوللىغۇچى بۇ شەھەردىن ئەمەسكەن. شۇڭا نېمە قىلىشىمـ
نى بىلمەي قالدىم.

مەن ئىبادەتنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلىغانچە قۇلاقلىرىمغا ئىشەنـ
گۈم كەلمەيتتى. ئادىلنىڭ يۈرىكىنىڭ بۇنچە يوغىناپ كەتكىنىگە
ئىشەنمىسەممۇ پولاتتەك پاكىت ئالدىمدا ئىدى. يۈرىكىم خۇددى
بوراندا قالغان كۆزىكى يوپۇرماقتەك تىترەيتتى. مەن بۇ يەرگە
كېلىشتىن ئىلگىرى، مېنىڭ بەختىمگە چاڭ سالغان بۇ ئايالغا

ھېچبولمىسا ۋىجدانى كۆيگۈدەك بىر ـ ئىككى ئېغىز گەپ قىلىشۋا-
لارمەن، دەپ ئويلىغان ھەم بىر تۇرۇپ، شۇ ئايالنى كۆرگەندە
ئۆزۈمنى قانداق تۇتارمەن، دەپ ئەندىشە قىلغانىدىم. نەزىرىم-
دىكى بۇ قىزغا نىسبەتەن باشقا ئاياللارغا ئوخشاشلا بىر خىل
رەشك ئوتى بولسىمۇ، لېكىن مەن بۇ قىزنى ئۇنچە گەپ يېمەيدى-
غان بىمەنە قىز كۆرمىدىم. كىچىككىدىن يېتىملىكتە چوڭ بول-
غاچقىمۇ، ئۇ خۇددى يولۋاسقا ئۇچرىغان قوزىدەك تۈگۈلۈپ كەت-
كەنىدى. مەن قىزغا قاراپ بىردىنلا ئۇنىڭغا ئىچىم ئاغرىدى.
بېشىغا كۈن كەلگەن، نېمە قىلىشىنى بىلمەي قالغان بۇ قىزنى
ئادىل سالاپەتلىك بىلەن ئۆزىگە رام قىلىۋالغان، مۇھەببەتنىڭ
نېمىلىكىنى ئەمدى بىلىشكە باشلىغان بۇ قىز ئادىلنى راستىنلا
ياخشى كۆرۈپ قالغان، ئادىل ئۇنىڭ مۇھەببىتىدىن پايدىلىنىپ
كەتكەنىدى. ئەمەلىيەتتە، بۇ قىز ئادىلغا تاسادىپىي يولۇقۇپ
قالمىغان بولسا، سەھرادىكى ئاشۇ يىگىتكە تېگىپمۇ ئۆز بەختىنى
تاپقان، بۇنداق جاپالىق كۈنگە قالمىغان بولاتتى.

— ئادىل قاچان كېلىپ كەتتى؟ — دەپ سورىدىم مەن بۇ
قىزدىن بەكرەك ئادىلنىڭ زادى نەگە بارىدىغانلىقىنى بىلمەكچى
بولۇپ.

— ئالدىنقى كۈنى، — دېدى قىز تېخىمۇ پەس ئاۋازدا، —
تۈنۈگۈن ئۇنىڭ تېلېفوننى بىر شوپۇردىن ماڭدۇرۇۋەتتىم. مەن
قىسقا ئۇچۇر يوللانغان تېلېفون نومۇرىنى يېزىپ قويغان. بەل-
كىم، ئۇ شۇ يەرگە كەتكەن بولۇشى مۇمكىن.

قىز يېنىدىن كىچىككىنە قەغەزنى ئېلىپ ماڭا سۇندى. مەن
قەغەزدىكى نومۇرغا قاراپ قويۇپ يانچۇقۇمغا سالدىم، ئاندىن
يېنىك پۇشۇلداپ ئۇخلاۋاتقان بالىغا قارىدىم. بالىنىڭ بىر يەرلىـ-
رى ئادىلغا ئوخشايتتى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئالقىنىنى ئېگىكى ئاس-
تىغا قويۇۋېلىشى ئادىلنىڭكىگە قويۇپ قويغاندەك ئوخشايتتى.
نېمىشقىدۇر ئىچىمدە ئاچچىق بىر ئېقىم كۆيۈپ ئۆتتى.

— سىڭلىم، مانا مەن ئالدىڭىزدا ئولتۇرۇپتىمەن، مېنىڭمۇ سىزنىڭكىگە ئوخشاشلا بالام بار، يەنە كېلىپ ئىككى قىز. مەيلى سىز ئىلگىرى نېمە مەقسەتتە ئادىل بىلەن ئارىلاشقان بولۇڭ، ئالدى بىلەن كېيىنكى ئاقىۋەتنى ئويلىشىپ كۆرۈشىڭىز كېرەك ئىدى. مانا ئەمدى بىر باللىق بوپسىز. سىز مەڭگۈ مۇشۇنداق ئۆتمەكچىمۇ؟ سىز ئەمدى نېمە قىلىشنى ئويلاۋاتىسىز، — دېدىم مەن قىزنىڭ مەقسىتىنى بىلىپ باقماقچى بولۇپ.

— مەن باشتا ئۇنىڭ ئايالى بارلىقىنى بىلگەن بولسام ھەرگىز بۇ يولدا ماڭمايتتىم. مەن پەقەت ھامماملار تاپقان يىگىتكە تېگىشكە رازى بولمىغانلىقىم ئۈچۈن ئادىل بىلەن ئارىلىشىپ قالغان. كېيىن ھامىلىدار بولۇپ قالغاندا بۇ يولدىن يېنىشقا ئامالىم بولمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بالىنى تۇغۇپ قويدۇم. شۇڭا نېمە قىلىشىمنى بىلمەي ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى. قايسى كۈنى ئادىل بىلەن ئۇرۇشۇپ قالدىم، ئۇ: «بالىنى دەپ ئەرز قىلساڭ قىل! بالىنى كىمدىن تاپقىنىڭنى خۇدا ئۆزى بىلىدۇ» دېدى. شۇڭا مەن ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي سىزگە تېلېفون قىلغان. ئەمدى مېنىڭ ھېچقانداق چىقىش يولۇم قالمىدى. پونكىتتىن ئالىدىغان تۆت يۈز كوي پۇل تۇرمۇشۇمنى قامداشقا يەتمەيدىكەن، كۆڭلۇم خاتىرجەم بولمىغاچ بۈگۈن ئىشقىمۇ بارمىغان. مېنىڭ ئائىلىڭىزنى بۇزۇش نىيىتىم يوق ئىدى، بولمىسا مەن بۇ ياقا يۇرتقا كېلىپمۇ يۈرمەيتتىم. ئادىل: «ئايالىم بىلمىسۇن» دەپ مېنى مۇشۇ يەرگە ئەكېلىپ قويغان. ئادىلنىڭ بالىدىن تانغىنىنى كۆرۈپ، «مەنمۇ ئۇ قورققان ئىشنى قىلاي!» دەپ ئويلاپ سىزگە تېلېفون قىلدىم. بولمىسا مەن ھەرگىز بۇنداق يامان ئاتاقتا قېلىشنى خالىمايتتىم.

مەن گەپنىڭ ئاخىرىنى قانداق چۈشۈرۈشنى بىلەلمەي قالدىم. ئاياللىق ئورنىدا تۇرۇپ بۇ قىزنىڭ ئاجىزلىقىغا ئىچىم ئاغرىيتتى؛ مۇھەببەت نۇقتىسىدا تۇرۇپ بۇ قىزغا ئاچچىقىم

كېلەتتى. نېمىلا بولمىسۇن، ئائىلەمنىڭ بۇزۇلۇشىدا، ئادىلنىڭ مېنى باشقا ئاياللار بىلەن سېلىشتۇرۇشىدا بۇ قىزنىڭمۇ مەلۇم مەسئۇلىيىتى بار ئىدى. ئاخىرى مەن قىزغا ھېچنېمە دېمەسلىك قارارىغا كەلدىم.

— بوپتۇ، سىڭلىم، مەن قايتاي. مېنىڭ تېخى سىز بىلەن تەڭلىشەي دەپ قالغان قىزىم بار، ئۇلار مېنى ساقلاۋاتىدۇ. ناۋادا سىز ئادىمىلىك ئورنىدا تۇرۇپ ياخشىراق ئويلانسىڭىز نېمە قىلىشنى بىلىۋالالايسىز. مېنىڭ باللىرىممۇ دادىغا موھتاج.

مەن گېپىمنى دەپ بولۇپلا ئىشىككە قاراپ ماڭدىم. ئىبادەت ئورنىدىن قانداق تۇرغان بولسا شۇ پېتى تۇرۇپ قالدى. مەن ئۇدۇل بېكەتكە بېرىپ ئاپتوبۇسقا چىقتىم. كونا ئاپتوبۇس جالاقـ شىپ ئورنىدىن قوزغالدى. شۇ تاپتا ئۆزۈمنىڭ نەدىلىكىنى ئويلاشقا قۇربىم يەتمەيتتى. مەن چوڭ بىلگەن، سىغىنغان، باغـ رىمغا قايتۇرۇپ كەلمەكچى بولغان ئادىل كۆز ئالدىمدا باشقىچە بىر ئادەم بولۇپ تۇيۇلماقتا ئىدى، ئۇنىڭدىن نەپرەتلىنەتتىم. مەن ئۇنىڭ ماڭا ۋاپاسىزلىق قىلغىنىدىن رەنجىگەن بولساممۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئائىلىگە بولغان مەسئۇلىيەتچانلىقىدىن ئانچە ـ مۇنچە رازى ئىدىم. بىراق، ھازىر ئۇنىڭ قىلمىۋاتقىنى جەمئىيەت ئالدىدا يۈز ـ ئابرۇيىنىڭ چۈشۈپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن قىلىۋاتقان بىر قاتار مەجبۇرىيەت ئىكەنلىكى ئېنىق ئىدى. ئۇ ئۆز ئىستىقبا- لىغا ئەزەلدىن كۆڭۈل بۆلەتتى. ئۇنىڭ بۇ ئىشلىرى جەمئىيەتكە چىقسا ئۆزىنىڭ كېيىنكى ئىستىقبالىغا تەسىر يېتىدىغىنىنى ئوبـ دان بىلەتتى. شۇڭا ئۇ ھەممە ئىشنى شۇنداق چىرايلىق ھېچـ كىمگە بىلدۈرمەي قىلغانىدى.

شەھەرگە كەلگەن ۋاقتىمدا ئاللىقاچان قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتـ كەنىدى. مەن ھارغىن ھالەتتە ئۆيگە يېنىپ كەلدىم. ئىككىلا قىزىم ئالدىمغا يۈگۈرۈپ چىقىشتى.

— ئەتىگەن دادامدىن تېلېفون كەلدى، ئاپا، — دېدى چوڭ

قىزىم ئىلمىنۇر، — بىر قانچە كۈنلۈك كاماندىروپكىغا چىقىپ كېتىپتۇ، ھەپتە ئاخىرى كەلگۈدەك. سىزنى سورىغانتى، دوستى-نىڭ سىڭلىسىنىڭ تويىغا كەتكەن دېدىم.

— شۇنداقمۇ؟ — دەپ قويدۇم قىزىمنىڭ قولىدىكى پىيالى-نى ئېلىۋېتىپ، — تاماقنى قانداق قىلدىڭلار؟

— چۈشتە سىرتتىن يېگەن. «سىزنى كېلىدۇ» دەپ كەچتە سۇيۇقئاش ئەتتىم. ھازىرلا ئەپچىقايمۇ يا سەل تۇرۇپ يەمسىز؟

— سەل تۇراي، قىزىم. سىلەر ئۆگىنىشىڭلارنى قىلىۋې-رىڭلار، ئاشنى ئۆزۈم ئۇسۇپ ئىچەي!

قىزلىرىم ئۆيلىرىگە كىرىپ كەتتى. شۇ تاپتا كۆڭلۈم تاماققا تارتمايتتى. خىيالىمغا ئىبادەت ھەم ئۇنىڭ قىزى كېلىۋالدى. مېنىڭچە، ئادىل ئەمدى ئۇنى ئىزدىمەيتتى. ئۇ ئەمدى قانداق قىلار؟ ئۆزى ئۆتكۈزگەن كىچىككىنە سەۋەنلىك تۈپەيلى قىزى بىلەن سەرگەردان بولۇپ يۈرەرمۇ؟ ئۇنى ئادىلدەك قانچىلىغان ئەرلەر بوزەك قىلار؟ قىزى چوڭ بولغاندا دادىسىنىڭ كىملىكىنى سورىسا ئۇ نېمە دەر؟ بەلكىم ئۇمۇ قىلغان ئىشى ئۈچۈن ئۆمۈر بويى پۇشايمان قىلىشى مۇمكىن.

خىياللىرىمنىڭ ئايىغى چىقمىغاندەك ئەمەس ئىدى. مەن يانچۇقۇمدىن ھېلىقى تېلېفون نومۇرىنى چىقاردىم، بۇ چوقۇم ماھىبەرنىڭ تېلېفون نومۇرى ئىدى. مەن تېلېفوننى قولۇمغا ئېلىپ ئۆرۈپ باقماقچى بولدۇم، لېكىن تېلېفون نومۇرىنى بىر-قانچە قېتىم بېسىپ يەنە توختاپ قالدىم. ئەمدى قانداق قىلىشنى بىلمەيتتىم. تۇرۇپلا ئۇنىڭدىن ئاجرىشىپلا تۈگەشمەكچى بولاتت-تىم. بىراق، باللىرىم كۆز ئالدىمغا كەلسىلا بۇ خىيالىمدىن نومۇس قىلاتتىم. نەپسىم يېتىشمەيۋاتقاندەك بىر خىل يېقىم-سىزلىق مېنى بىئارام قىلاتتى، ھەرقانچە قىلسامۇ تولدۇرۇپ نەپەس ئالالمايتتىم. ئېرىمنىڭ شۇ تاپتا باشقىلارنىڭ قوينىدا بەخىرامان ئەيش - ئىشرەت قىلىۋاتقانلىقىنى كۆز ئالدىمغا كەل-

www.uyghurkitap.com

تۇرسەم، بۇ جاھان ماڭا قاپقاراڭغۇ بولۇپ كۆرۈنەتتى. ئۆزۈمنىڭ بارلىق خۇشاللىق يىراقلاپ كەتكەندەك، تۇرمۇشنىڭ خۇشاللىقلىرىدىن ھوزۇر ئالمىغىنىمغا بىر قانچە ئەسىر بولغاندەك، ئاشۇ قاراڭغۇلۇق ئىچىدىن كىچىككىنە گۈزەللىكنى بايقاشقىمۇ ئاجىزلىق قىلاتتىم. بارلىق تىرىشچانلىقلىرىمنىڭ، دەردىمنى ئىچىمگە يۇتۇپ ئۆتكەن كۈنلىرىمنىڭ، كەڭ قورساقلىقىمنىڭ، ئائىلەم ئۈچۈن بىرىشكە تەييار بولغان قۇربانلىقلىرىمنىڭ بارغانچە ئاجىزلاپ ئاخىرقى بىر چەككە بېرىپ قېلىش ئېھتىماللىقى ماڭا بۇ ئائىلىدىن ئايرىلىپ قېلىش خەۋپىنى ھېس قىلدۇراتتى. شۇ تاپتا ئادىلغا نىسبەتەن بۇرۇنقىدەك سېغىنىش ئوتىنى ئىزدەپ باقاتتىم، بۇ ئوت بارغانچە سۇسلىشىپ، ئۇنىڭ ئورنىنى بىر خىل يىرگىنىچ، نەپرەت ئىگىلىمەكتە ئىدى.

مەن كەيپىياتىمنى ياخشىلاش ئۈچۈن سىرتقا چىقتىم، كوچىدا كوچا چىراغلىرى جىمىرلايتتى. دۇكانلار، ئاشخانىلاردىن چىقىۋاتقان ھەر خىل مۇزىكا ئاۋازى، كېچىلىك بازاردىكى تەنزىچىلەرنىڭ خېرىدار چاقىرغان ئاۋازلىرى كېچە مەنزىرىسىگە ئۆزگىچە ھاياتىي كۈچ بەخش ئەتكەنىدى. مەن كوچا ئايلىنىشتىنمۇ زېرىكتىم. نېمىشقىدۇر بىرەر جاينى تېپىپ ئۈنلۈك تۇۋلىغۇم ياكى يىغلىغۇم بار ئىدى، بەلكىم شۇنداق قىلسام يەلكەمنى بېسىپ تۇرغان دەردلىرىم يېنىكلەپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى، بىراق مەن يەنىلا يىغلىيالمىدىم. بەزىدە ئۆزۈمگە ھەيران قالاتتىم، ئىلگىرى ئادىلنىڭ كۆزىنى يوغانراق كېرىپ قويۇشى ياكى ئۈنلۈكرەك گەپ قىلىشىمۇ ماڭا ھار كېلىپ يىغلاپ كېتەتتىم. ئۇ چاغلاردا ئادىل نېمە قىلىشىنى بىلمەي قالاتتى، ئۇ مېنىڭ ئىنتايىن بەختلىك چاغلىرىم ئىدى. كېيىنچە ھەرقانچە دەرد تارتساممۇ يىغلىيالماس بولۇپ قالدىم. تۈگىمەس خورلۇق، سوغۇق نەزەرلەر، جانىنى ئالىدىغان بۇرۇقتۇرمىلىق باسقان تۇرمۇش ئىچىدە تۇرۇپمۇ دەردلىرىمنى چىقارغۇدەك مۇۋاپىق ئامال تاپالمايتتىم،

ھەممە نەرسە مەندىن ياتلاشقاندەك كۆز ياشلىرىممۇ چىقمايتتى. مەن ئەزەلدىن تەقدىرىمدىن ئاغرىنىپ باقمىغانىدىم. ئۆزۈمنىڭ ئۈمىدۋارلىقى، تىرىشچانلىقى بىلەن ئۆزۈمگە تەۋە بولغان نەرسىلەرنى تۇتۇپ قالىمەن، دەپ ئويلايتتىم. لېكىن، تەقدىر دېگەننى ئىرادىنىڭ بويسۇندۇرالمايدىغانلىقىنى بارا ـ بارا تونۇپ يەتمەكتە ئىدىم.

ئادىل بىر ھەپتىدىن كېيىن قايتىپ كەلدى. ئۇنىڭ چىرايى باشقىچە نۇرلىنىپ كەتكەن بولۇپ، خۇشاللىقى كۆزىدىن چىقىپ تۇراتتى. ئۇ قايتىپ كەلگەن كۈنى ئۆيدە باللار يوق ئىدى. مەن يەكشەنبە بولغاچقا، «موماڭلارغا ياردەملىشىڭلار!» دەپ يېزىدىكى قېيناناملارنىڭكىگە ئەۋەتكەنىدىم.

— باللارچۇ؟ — دەپ سورىدى ئادىل كېلىپلا.

— «ئانامىلارنى يوقلاپ كېلىڭلار!» دېگەن. ئەتە قايتىپ كېلىدۇ، — دېدىم مەنمۇ ئادەتتىكىچىلا، — ھازىر كېلىشىڭىزمۇ ياكى ئىدارىگە بېرىۋېتىپ كەلدىڭىزمۇ؟

— ھازىرلا كېلىشىم، ئىدارىگە ئەتىلا باراي دەيمەن، — دېدى ئۇ خۇشياقمىغان ھالدا.

— ئادىل، باللارنىڭ يوق ۋاقتىدا بىز ياخشىراق پاراڭلىشىپ باقساق بولماسمۇ؟ — دېدىم مەن نەچچە كۈندىن بېرى ئويلىغانلىرىم بويىچە.

— نېمىنى؟

ئۇ ھېچنېمە بىلمىگەن قىياپەتتە ماڭا «لەپپىدە» قارىدىيۇ، كۆزلىرىنى يەنە ئېلىپ قاچتى.

— ئارىمىزدا دېيىشىدىغان نۇرغۇن ئىشلار بار، سىز ئىبادەتنى قانداق قىلماقچى؟

— قايسى ئىبادەتنى؟ — دېدى ئۇ يەنە مۇغەمبەرلەرچە.

— مېنى بىلمىدى دەپ قالماڭ. سىز ھازىر يوشۇرغىنىڭىز بىلەن كېيىن يوشۇرۇپ قالالمايسىز. مەن سىزنى ئەر دەپ يۈرۈپ-

تىكەنمەن، ئەر كىشى دېگەن قىلغان ئىشىغا ئىگە بولۇشى كېرەك!

— نېمە دەيسىز، مەن قايسى ئىشىمغا ئىگە بولغۇدەكمەن؟ ئارىمىزدا دېيىشكۈدەك گەپ يوق، مەن ئارام ئالىمەن.

ئۇ شۇنداق دېگىنىچە ياتاق ئۆيگە ماڭدى. مەن ئۇنىڭغا ياندىشىپ ئۆيگە كىردىم.

— ماڭا قاراڭ، ئادىل، — دېدىم ئامال بار ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشۇپ قالماسلىق ئۈچۈن، — كېيىنكى تۇرمۇشىمىز مۇشۇنداق ئۆتەمدۇ؟

— مېنىڭ كېيىنكى تۇرمۇشۇمدا ئويلىغىنىم بار، سىز تولا ئارتۇق ئىشقا كۆڭۈل بۆلمەي سىڭگەن نېنىڭىزنى يەڭ!

— توغرا، مەن ھېلىمۇ ئاربلاشمىدىم، ئۆز خاھىشىڭىز بويىچە ياشاپ كەلدىڭىز، ھەتتا سىرتتا باشقا ئاياللار بىلەن ئۆي تۇتۇپ، بالا تېپىپمۇ ئۇلگۇردىڭىز، نېمىشقا ئاربلاشمىغۇدەكمەن؟ ئالدىمىزدىكى باللار سىزنىڭ باللىرىڭىزدۇ؟ ئۇلار ئۈچۈن تۇرمۇشىمىزغا كۆڭۈل بۆلگىنىم خاتا بوپتىما؟

ئەمدىلا يېتىشقا تەمشەلگەن ئادىل ئورنىدىن «شاققىدە» تۇرۇپ كەتتى.

— نېمە ئۆي؟ نېمە بالىكەن ئۇ؟ بايقاپ گەپ قىلىڭ جۇمۇ!

— ئەمسە ئىبادەت بىلەن ئۇنىڭدىن بولغان قىزىڭىزنى نېمە دەيسىز؟ مەن دېمىسەممۇ بۇنى كىشىلەر ھامان بىلىدۇ. ھېچبولمىسا، نىكاھسىز بولسىمۇ تېپىپ قويغان بالىڭىزغا مەسئۇل بولىشىڭىز كېرەكتۇ!

«چاڭ!» قىلىپ تەگكەن تەستەكتىن يىقىلىپ چۈشۈشكە ئاز قالدىم.

— سەن تولا ھازازۇللۇق قىلما! — دېدى ئۇ غەزەپتىن تىترەپ تۇرۇپ، — ئىككى باللىنى دېمىسەم، مەن بۇنداق ئۆيدىن جاق تويغان. سەن مېنى ئىبادەت ئارقىلىق قورقاتماقچى بولساڭ

خاتالىشىپسەن، ئۇ بالا مېنىڭ ئەمەس، ئىبادەت بىلەن قانداق ئۆتسەم ئۇنىڭغا ئارىلىشالمايسەن.

— ئىسىت، سەن بىلەن ئۆتكەن كۈنۈم. سەندەكمۇ ئەر بولامدۇ؟

— رازى بولمىساڭ خېتىڭنى ئال!

ئادىل ئاخىرى كۆڭلىدىكى گېپىنى قىلىۋەتتى. بىز خېلى ئۇزاققىچە تاكاللاشتۇق، ئۇرۇشتۇق، ئۇ مېنى بىرقانچە شاپىلاق ئۇرۇۋەتتى، لېكىن مەن يەنىلا يىغلىيالمىدىم. شۇنىڭدىن باشلاپ ئارىمىزدا راستتىنلا جېدەل ـ ماجىرا باشلىنىپ كەتتى. ئۇنى كۆرۈشنى خالىمايتتىم، لېكىن ئىدارە ئۇنى يىراق يېزىدىن قايتۇرۇپ ئەكېلىپ مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى قىلىپ قويدى. بۇ كۈنلەردە ئۇ تېخىمۇ ئېھتىياتچان بولۇپ كەتكەن بولۇپ، ئىدارىدە ماڭا ئارىمىزدا ھېچ ئىش بولمىغاندەك مۇئامىلە قىلاتتى. مەنمۇ ئائىلىمىزدىكى سەتچىلىكنى خەققە دېيىشنى خالىمايتتىم. بارا ـ بارا قىزلىرىمىزمۇ مۇناسىۋىتىمىزنىڭ ياخشى ئەمەسلىكىنى بىلىپ قالدى. بىرقانچە قېتىم ئۇ بالىلار ئالدىدا مېنى قەستەن ئۇرۇپ كەتتى. بالىلارمۇ دادىسى بار يەردە چوڭ‌راق تىنالمايدىغان ھالەتكە كېلىپ قالدى. شۇ كۈنلەردە ئادىل مەن ئۈچۈن ياتلا بىر ئادەمگە ئايلىنىپ قالغان بولۇپ، ئۇنى كۆرۈشنى خالىمايتتىم. ئۇمۇ ئۆيگە كەمدىن ـ كەم كېلەتتى. كەلگەن چاغلىرىدا يوق باھانىلەر بىلەن جېدەل چىقىراتتى. بەزىدە بويىغا يېتىپ قالغان قىزىمىزنىڭ ئالدىدا بەزى گەپلەرنى دېيىشتىن ئۆزۈمنى تارتىپ، دەردىمنى ئىچىمگە يۇتاتتىم. ئاۋادا ئىككى قىزىم بولمىسا، مۇشۇ ئۆيدىن بېشىمنى ئېلىپلا چىقىپ كەتسەم، بۇرۇقتۇرمىچىلىقتىن قۇتۇلسام دەيتتىم. لېكىن، ئاشۇ بالىلار مېنى مۇشۇ ئۆيگە مەھكەم باغلاپ تۇراتتى. پات ـ پات مەن ئىبادەتنى ئويلاپ قالاتتىم. ئۇنىڭ ئاشۇ ئاجىز ياپراقتەك تىترەپ تۇرغان سىيماسى ئېسىمگە كېلەتتى. ئۇنىمۇ ئۆزۈمگە ئوخشاش ھېس قىلاتتىم.

شۇنىڭدىن كېيىن ئىبادەتنى كۆرمىگەن بولسامۇ، ئۇ قىزىم-
نىڭچە ئەمدى ئادىل بىلەن ئارىلاشمايدىغاندەك ھېس قىلالاتتىم.
چۈنكى، ئادىلنىڭ ھازىرقى كۈنلىرى ئويۇن - تاماشا بىلەن
ئۆتەتتى. ئۇنىڭ ئويۇن - تاماشىسىدا قىز - ئاياللار كەم ئەمەس
ئىدى. كۆزۈم بىلەن كۆرمىسەممۇ باشقىلاردىن ئاڭلاپ تۇراتتىم.
شۇنداق قىلىپ، بىر يىل ئۆتۈپ قېينانا - قېيناتام يىگىرمە كۈن
ئىچىدە ئارقا - ئارقىدىن قازا قىلدى. مەن چوڭ كېلىدىن
بولغانلىقىم ئۈچۈن ئۇلارنىڭ نەزىر - چىراغ ئىشلىرى بىلەن ئون
نەچچە كۈن يېزىدا تۇرۇپ قالدىم. ئادىل بولسا ئۈچ نەزىردىن
كېيىنلا «يىغىنىم بار» دەپ كەتكەنچە يەتتە نەزىرگىمۇ كەلمىدى.
مەن ئىشلارنى بېسىقتۇرۇپ قايتىپ كەلگەندە ئىداردىكىلەردىن
ئۇنىڭ سىرتقا كەتكەنلىكىنى ئۇقتۇم. ئۇنىڭ ۋاپاسىزلىقىنى بۇ-
رۇنلا بىلگەچكە، ئۇنىڭ بۇ قىلىقى ماڭا غەيرىي بىلىنمىدى.
ئەمەلىيەتتە، ئۇ چوڭ ئوغۇل بولغاچقا ئاتا - ئانىسىنىڭ قىرىق
نەزىرىگىچە چوڭ ئۆيىنى يوقلاپ تۇرۇشى، ئازنا، پەيشەنبە كۈنلە-
رى كىچىك نەزىر قىلىپ ئاتا - ئانىسىنىڭ تۇپراق بېشىغا بېرىپ
دۇئا قىلىشى كېرەك ئىدى. ياش چاغلىرىمدا چوڭلار: «ئاتا -
ئانىسىغا كۈيۈنمىگەن، ۋاپا قىلمىغان ئەرلەر ئاياللىغىمۇ ۋاپا قىلى-
مايدۇ ھەم كۈيۈنمەيدۇ» دېسە ئانچە ئېرەن قىلمىغانىدىم. ئەمدى
ئويلىسام بۇ راست ئىكەن. ئادىل ئەزەلدىن مېنىڭ زورۇم بىلەن
بارمىسا ئاتا - ئانىسىنى يوقلىمايتتى، ئاتا - ئانىسى ئۇنى چوڭ
بالا دەپ بەكلا ئامراق بولغاچقا ئانچە ئېغىر ئېلىپمۇ كەتمەيتتى.
بۇ قېتىم ئۇنىڭ تاغدەك ئاتىسى بىلەن مېھرىبان ئانىسىدىن ئايرى-
لىپمۇ كۆزىدىن بىر - ئىككى تامچە ياش چىقمىغىنىنى كۆرۈپ
ھەيران قالدىم. ئەسلىي ۋاپادارلىق بىلەن كۆيۈم ئادەمنىڭ تەبى-
ئىتىدە يېتىلىدىغان نەرسە ئىكەن. مەن شۇلارنى ئويلىغانچە ئا-
دىلغا تېخىمۇ بىر قىسما قارىغۇم كېلەتتى. ئۇنىڭ نەزىرىدە بالا،
ئائىلە دېگەن نەرسە يوق ئىدى. ئۇنىڭ بىلەن يەنە داۋاملىق بىر

ئىدارىدە ئىشلەشنى خالىمايتتىم. شۇڭا ئىدارە رەھبەرلىكىنى تولا ئىزدەپ يۈرۈپ، ئۆيگە يېقىنراق بىر رايونلۇق ساقچىخانىغا ئال-ماشتىم. بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىن ئۆزۈمنى خېلى ئازادە ھېس قىلىدىغان بولدۇم. كۇندۇزلىرى «ئادىلغا ئۇچرىشىپ قالارمەن-مۇ؟» دېگەن ئەندىشىدىن خالىي بولۇپ، ئۆزۈم خالىغان ئىشلار-نى قىلالايتتىم. بىر كۈنى ئەمدىلا ئىشتىن كېلىپ تۇرۇۋۇپتىم، قىزىم ئىلمىنۇر يىغلامسىراپ كىرىپ كەلدى. ئۇ بۇ يىل ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بېرەتتى. ئۇنىڭ كەيپىياتىنى كۆرۈپ، «بى-رەر ئىشقا يولۇقتىمىكىن؟» دەپ يۈرىكىم باشقىچە سىيلىپ كەت-تى.

— نېمە بولدىڭىز، قىزىم؟ — دېدىم دەرھال ئۇنىڭ سوم-كىسىنى ئالغاچ، — بىر ئىش بولدىما؟

— دادامنىڭ نېمە قىلغىنى بۇ، ئاپا؟ — دېدى ئۇ كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ، — بۈگۈن تەكراردىن كېيىن مۇئەللىم بىزنى «نېر-ۋاڭلارنى ئارام ئالدۇرۇۋېلىڭلار» دەپ ئىككى سائەتلىك سەيلىگە ئې-لىپ چىققان. ئۇ يەردە دادامۇ بار ئىكەن.

— قايسى ئورۇنغا ئاپارغان؟

— مەكتىپىمىزنىڭ يېنىدىكى «ئاق قۇ ساياھەت باغچىسى»غا. دادام كۇپكۇندۇزدە بىر مۇنچە ئەر-ئاياللار بىلەن تاللىق ئاستىدا ھاراق ئىچىشىۋېتىپتىكەن، بالىلارنىڭ ھەممىسى كۆر-دى. ئۇ بىر قىزنى قۇچىقىغا ئېلىۋاپتۇ. مەن ئىزادىن ئۆلەي دېدىم. بالىلارنىڭ ھەممىسى: «ئىلمىنۇر، قارا، سېنىڭ داداڭ بار ئىكەن!» دېيىشىپ كەتتى. مېنى ئەمدى ساۋاقداشلىرىم نېمە دەيدۇ، ئاپا، مەسخىرە قىلىدۇ.

— بولدى، قىزىم. باشقا ئىشلارنى ئويلىما. داداڭ مەست بولۇپ قالغان ئوخشايدۇ.

مەن ئىلمىنۇرغا بىرنېمىلەرنى دەپ چۈشەندۈرمەكچى بولۇ-ۋېدىم، ئۇ ياتاق ئۆيىگە كىرىپ كەتتى. ئۇنىڭغا دادىسىنىڭ يامان

گېپىنى قىلىپ بېرەلمەيتتىم، ئۆزۈمنىڭ ئاداۋىتى ئۈچۈن بالى-
لارنىڭ قەلبىدىكى دادىسىنىڭ ئوبرازىغا تەسىر يەتكۈزسەم بول-
مايتتى. نېمىلا بولمىسۇن، ئۇلار دادىسىنىڭ ناشايان ئىشلىرىنى
بىلمەي چوڭ بولغىنى ياخشى ئىدى. شۇڭا، مەن قىزىمغا ئارتۇق
گەپ قىلمىدىم. پات ـ پات دادىسى كەلگەندە ئۇنىڭ خۇيلىنىپ
قالىدىغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ شۇ كۈندىكى ئىشلارنى ئۇنتۇيال-
مايۋاتقانلىقىنى ھېس قىلاتتىم. شۇ كۈنلەردە مىجەزىم شۇنداق
ئۆزگىرىپ كەتكەن ئىدىكى، ئېشىمغا چىۋىن قونسىمۇ ئۇر-
كۈتمىگۈدەك دەرىجىدە پەرۋاسىز ئىدىم. ئادىل بىلەن كارىم بول-
مايتتى، ئۇنىڭ ئۈچۈن تاماق ئېتىشىنىمۇ، تاماق ساقلاشنىمۇ
ھاجىتى يوق ئىدى. ئۇمۇ مېنىڭ مۇشۇنداق مۇئامىلە قىلىشىمى-
دىن خۇش بولغاندەك، پەقەت بولمىغاندا، ئۆيگە كېلىپ بىرەر
ئاخشام قونۇپ كېتەتتى. باشقا چاغلاردا نەدە، نېمە ئىش قىلىۋات-
قانلىقىنى بىلمەيتتىم ھەم بىلىشنىمۇ خالىمايتتىم. شۇنداق كۈن-
لەردە ئادىلنىڭ سوتقا سۇنغان ئەرزىنى تاپشۇرۇۋالدىم.
«مۇشۇ ياشتا سوتقا نېمە دەپ بارارمەن؟ — دەپ ئويلايتتىم
قىزىمنى باغرىمغا باسقىنىمچە، — خەقلەر نېمە دەر؟ ئادىلنى
بۇنداق قارامىلىققا ئۈندىگەن نەرسە زادى نېمىدۇ؟ ئۇ مۇشۇ يېشىدا
قايتا تۇرمۇشلۇق بولغان تەقدىردىمۇ قانچىلىك بەختلىك بولۇپ
كېتەر؟ ئەڭ ياخشىسى ئۇنىڭ بىلەن يارانشاي.»
مەن شۇ خىياللار بىلەن تاڭنى ئاتقۇزدۇم. ئەتىسى ئىدارىگە
بېرىپ ئۇنىڭ ئىشخانىسىغا كىردىم.
— كەپقاپسەنغۇ؟ — دېدى ئۇ باشقىچە نەزەردە قاراپ.
— ئەرزىڭىزنى قايتۇرۇۋېلىڭ، بولامدۇ؟ — دېدىم چانقىمى-
غا پاتماي تۇرغان يىغىمنى مەجبۇرىي يوشۇرۇپ، — بالىلارنىڭ
ئالدىدا سەتلەشمەيلى.
— ئەمىسە قانداق قىلىمىز؟ ئۆزۈڭ بىر نېمە دەپباقە قېنى؟
ئۇ كۆرەڭلىك بىلەن ھەشەمەتلىك چۆرگىلىمە ئورۇندۇقىنى

كەينىگە بىرنەچچە پىرقىراتقاندىن كېيىن كۆزۈمگە تىكىلىپ قارىدى.

— زادى ئاجراشمىساق بولمامدۇ؟ — دېدىم تەستە.

— مەن بىر قارارغا كېلىپ بولدۇم. ئەگەر سوتقا بېرىشتىن خىجىل بولساڭ، خەلق ئىشلار ئىدارىسىگە بارساقمۇ بولىدۇ. مەن ئەھەدكە دەپ قويغان (ئەھەد ئۇنىڭ خەلق ئىشلار ئىدارىسىدىكى دوستى ئىدى)، كېلىشىپ بارساقلا بولىدۇ.

— بالىلارنى بولسىمۇ ئويلاڭ. بالىلار چوپچوڭلا بولۇپ قالغاندا ئۇلارغا نېمە دەپ چۈشەندۈرىمىز. مەن بىلەن بىللە ئۆتكىڭىز بولمىسا مەن سىزنى زورلىمايمەن. بىز ئۆي ئايرىپ تۇرساقلا بولىدۇ. ئەڭ ياخشىسى يەنىلا ئاجراشمايلى، بولامدۇ؟

— سەن ماڭا بىر ئۆمۈر ئەسكى پايتىمىدەك سۆرىلىپ ئۆتمەكچىمۇ؟ مەن قوشۇلمايمەن. ھېلىمۇ مەن ئاشۇ سۆرۈن چىرايىڭغا قاراپ نەچچە يىلنى ئۆتكۈزدۈم. ئەمدى چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى. ئۇنىمىساڭ ئىختىيارىڭ، سوتتا كۆرۈشەيلى.

ئەمدىلا بىر نەرسە دېمەكچى بولۇۋېدىم، ئىشخانىغا بىرەيلەن كىرىپ گېپىمنى دېيەلمىدىم. ئۇ ئاخىرقى قارارىنى جاكارلاپ بولغاندەك ماڭا قاراپ قويدى. مەن ئۇنىڭ مېنى قوغلاۋاتقانلىقىنى بىلىپ، ئورنۇمدىن تۇرۇپ چىقىپ كەتتىم. ئىشخانىغا كەلگىچە نەچچە يەردە پۇتلىشىپ كەتتىم. خۇددى ئاجرىشىدىغانلىقىمىزنى ھەممە ئادەم بىلىپ بولغاندەك، بېشىمنىمۇ كۆتۈرەلمەيتتىم. بىرنەچچە كۈن شۇنداق ئەنسىز ئۆتتۇم. نومۇس كۈچى يۈرىكىمنى كۆيدۈرەتتى. بالىلارغا ھەر قېتىم قارىسام ئۇلار مېنى ئەيىبلەۋاتقاندەك بىلىنەتتى. مېنىڭمۇ ئۆزۈمگە تۇشلۇق قانۇن ـ نىزاملاردىن خەۋىرىم بار ئىدى. شۇڭا بىرقانچە كۈن ماتېرىيال كۆرۈپ باقتىم. ناۋادا مەن سوتقا چىقىشتىن قورقماي، سوتتا «ئاجراشمايمەن!» دەپ تۇرۇۋالسام، «ئاياللارنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى قوغداش قانۇنى» بويىچە مېنى مەجبۇرىي ئاجراشتۇر-

مايتتى. شۇنىڭ بىلەن ئادىلنىڭ چالمىسىمۇ سۇنغا چېلىشاتتى. مەن ئويلاپ ئاخىرى سوتقا بېرىشنى قارار قىلدىم. سوت ئېچىلىدىغان كۈنى يۈرىكىم سالغان هالدا سوت زالىغا دەل ۋاقتىدا يېتىپ كەلدىم. ئادىل مەندىن بۇرۇن كېلىپ بولغانىكەن. تەلىيىمگە سوتچى ئايال ئىكەن، بۇنى كۆرۈپ ئۆزۈمنى ئەركىن تۇتۇشقا تىرىشىپ باقتىم. سوت ئۆزىنىڭ تەرتىپى بويىچە ئېلىپ بېرىلىۋاتاتتى. ئادىل ماڭا مەن ئەزەلدىن قىلىپ باقمىغان بىرمۇنچە قالپاقلارنى كىيدۈرۈپ ئاجرىشىشتىكى ئاساسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. مەنمۇ ئاجراشماسلىقتا چىڭ تۇردۇم. بىرىنچى قېتىملىق سوت بىزنى ئاجراشتۇرمىدى. ئادىلنىڭ غەزەپلىك چىرايىدىن ئۇنىڭ ماڭا قانچىلىك ئۆچلۈك قىلىۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولاتتى. سوتتىن چىقىپلا، ئىككىمىز ئىككى تەرەپكە كەتتۇق. ئىككىنچى قېتىملىق سوتتىمۇ «چوقۇم ئاجراشتۇرمايدۇ» دەپ ئويلايتتىم. لېكىن، ئىككىنچى قېتىم سوتچى ئۇنى — بۇنى سورىغاندىن كېيىن نىكاھدىن ئاجرىشىشقا شەرتىمىز توشىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. مەن هەيران قالدىم. مەن كۆرگەن ماتېرىياللار بويىچە بولغاندا، بۇ ئاجراشتۇرۇش قانۇنغا ئۇيغۇن كەلمەيتتى. مەن گەپ قىلماي يېنىپ چىقىپ بەلگىلەنگەن مۆهلەتتە نارازىلىق ئەرزى سۇندۇم. هەممە ئۇرۇنۇشلىرىم بىكار كەتتى. سوتتا ئىككى قىزىمىزنى هەربىرىمىزگە بىردىن ئايرىغان چاغدا ئامالسىز مەن باللارنىڭ هەر ئىككىلىسىنى ئۆزۈم باقىدىغانلىقىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ تۇرۇۋالدىم. ئادىلمۇ ئۇنىڭغا چوڭ قىزىمنى ئايرىغانلىقىدىن نارازى بولۇپ، «كىچىكىنى ئالىمەن!» دېدى. مەن بولسام، «هەر ئىككىلىسىنى ئۆزۈم باقىمەن» دەپ تۇرۇۋالدىم. سوتچىلار بىزنى كېلىشتۈرەلمەي مەسلىھەتلىشىش ئۈچۈن كىرىپ كەتتى. ئىش بۇ دەرىجىگە يەتكەندە ماڭا مال — مۈلۈكنىڭ لازىمى يوق ئىدى. پەقەت ئىككى قىزىم بىلەن باش تىققۇدەك بىر ماكان

بولسىلا ئاخىرقى ئۆمرىمنى شۇلار بىلەن ئۆتكۈزۈشكە رازى ئىدىم.

— سوت ئىككى تەرەپ بالا مەسىلىسىدە كېلىشەلمىگەچكە، بالىلارنى نەق مەيدانغا چاقىرىپ بالىلارنىڭ رايى بويىچە ئايرىشنى قارار قىلدى. قانداق قارايسىلەر!

بېشىمدىن بىر چېلەك سوغۇق سۇ قۇيغاندەك ئەندىكىپ كەتتىم. مۇشۇ مەيدانغا بالىلارنى باشلاپ كېلىش ئۇلارنىڭ يۈرىكىدە ساقايماس بىر جاراھەت قالدۇراتتى. ئۆز ئاتا - ئانىسىنىڭ «ئاۋۇنى ئالىمەن! ماۋۇنى ئالمايمەن!» دېيىشىنى ئاڭلاش بالىلارغا قانچىلىك زەربە بولىدىغانلىقىنى ئانا بولغان مەنلا بىلەتتىم. كۆز ياشلىرىمنى تۇتالماي قالدىم. يۈرىكىمنى بىرى ئامبۇردا قىسقاندەك ئاغرىپ كەتتى. كۆز ئالدىمغا بالىلىرىمنىڭ سوتچىلارنىڭ ئالدىدا تىرنىقىنى تاتىلاپ تۇرغان بىچارە قىياپىتى كېلىشىگىلا خىيالىمدىكى بۇ مەنزىرىگە بەرداشلىق بېرەلمىدىم.

— مەن ئۇنىڭ تەلىپىگە قوشۇلىمەن، سوتچى، — دېدىم يىغىدىن بوغۇلغان ئاۋازىم بىلەن، — بالىلارنى چاقىرماڭلار، مەن ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە كىچىك قىزىمنى ئۇنىڭغا بېرەي.

مەن ھۆڭرەپ يىغلىۋەتتىم. سوتچى ئايالنىڭمۇ كۆزىدىن لىغىرلاپ قالغان ياشنى كۆردۈم، ئۇ قانداقتۇر بىر ئامالسىزلىقىنى بىلدۈرمەكچى بولغاندەك لەۋلىرىنى «چىڭگىدە» چىشلىۋالغانىدى. مەن سوتچىنىڭ سوتنىڭ ئاياغلاشقانلىقىنى جاكارلىشىنى كۈتمەيلا «جاۋابكار» دېگەن ئورۇندىن چۈشتۈمىيۇ، ئورنۇمدا داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدىم. قىيا ئوچۇق ئىشىك تۈۋىدە قىزىم ئىلمىنۇر سىڭلىسىنى يېتىلىگەن پېتى قاراپ تۇراتتى. يۈرىكىم «شۇرررىدە» ئېرىپ كەتكەندەك تىلىم بوغۇزۇمغا قاپلىشىپ قالدى. مەن قىزىمنىڭ قولىدىكى سوتنىڭ چاقىرىق قەغىزىنى كۆرۈپ ھەممىنى چۈشەندىم. مەن سوتقا كېلىشتىن ئىلگىرى ئۇنى كۆرۈپ بىخەستەلىك بىلەن ساپاغا تاشلاپ قويغانىكەنمەن. مەن

نېمە قىلىشىمنى بىلمەي بىر سوتچىغا، بىر ئاسلىغا قارىدىم. ئادىلنىڭ باللارغا قارىغان چىرايىدىن ھېچنېمىنى بىلگىلى بولمايتتى.

— ئاپا، دادا، نېمىشقا ئاجرىشىسىلەر؟ نېمىشقا بىزنى يېتىم قىلىسىلەر، بىز سىلەرگە موھتاج ئىدۇققۇ، دادا، ئاجراشماڭ، بولامدۇ؟

ئىلمىنۇرنىڭ ئاۋازى زالدا ئەكس سادا بولۇپياندى، كۆز ياشلىرىمنى تۇتالماي قالدىم. مەن يۈگۈرگەن پېتى بىرىپ ئىككى قىزىمنى باغرىمغا باستىم.

— نېمىشقا كەلدىڭلار، باللىرىم؟ نېمىشقا ئاپاڭلارنى بۇنچە تەڭلىكتە قويۇسىلەر، نېمىشقا؟

باللارمۇ ماڭا ئەگىشىپ ھۆڭرەپ يىغلاشقا باشلىدى. مەن ئۇلارنى تارتىپ زالدىن ئاچىقىپ كەتمەكچى بولدۇم. ئىلمىنۇر قولۇمنى سىلكىپ ئاجراتتى. ئۇ ئالدىغا بىرقانچە قەدەم مېڭىپ سوتچى ئايالغا مىختەك تىكىلىپ قارىدى.

— نېمىشقا ئۇلارنى ئاجراشتۇرىسىلەر؟ سىلەرنىڭ باللىرىڭلار يوقمۇ؟ نېمىشقا بىزدەك يېتىم بولۇش ئالدىدىكى باللارنىڭ زارىنى ئاڭلاپ باقمايسىلەر؟ سىلەر بەك ئەسكىكەنسىلەر! جىنىم سوتچى، ئۇلارنى ئاجراشتۇرماڭ، بىز ئۆتۈنۈپ قالايلى...

مەن ئۇنىڭ گېپىنىڭ ئاخىرىنى دېگىلى قويماي تارتقۇچلاپ زالدىن ئېلىپ چىقتىم. ئۇنىڭ «نېمىشقا ئاجراشتۇرىسىلەر؟ سىلەرنىڭ بالاڭلار يوقمۇ؟» دېگەن ئاۋازى پۈتۈن كارىدورنى بىر ئالدى. مەن ئۇلارنى ئۆيگە ئەكەلگەندە ئىلمىنۇرنىڭ يىغىدىن كۆزلىرى قىزىرىپ كەتكەنىدى. باللارنىڭ ھالىنى كۆرۈپ يۈرىكىم لەختە ـ لەختە قان بولۇپ كەتتى. شۇ كېچىسى ھەممىمىز تۈزۈك ئۇخلىمىدۇق. كىچىك قىزىمنى ئادىلنىڭ باقىدىغانلىقىنى ئويلىسام يۈرىكىم ئېچىشاتتى. مەن بىر ئامال قىلىپ، ئادىلغا يالۋۇرۇپ بولسىمۇ بالىنى ئۆزۈمنىڭ يېنىدا ئېلىپ قېلىشنى

ئويلىدىم. ئەتىسى ئادىل كېيىم - كېچەكلىرىنى ئالغىلى كەلگەن-دە، ئۇنىڭغا ئۆزۈمنىڭ ئويىنى ئېيتتىم.
— بالىنى گەرچە سىزگە ئايرىغان بولسىمۇ ئۇ تېخى كىچىك. يەنىلا مەن بىر مەزگىل قاراي، بولامدۇ؟ — دېدىم كۆز يېشى قىلىپ، — مېنى بالىلىرىمدىن ئايرىۋەتمەڭ، سىزدىن ئۆتۈنۈپ قالاي!
— بولمايدۇ! بالىنىڭ نەرسىلىرىنى يىغىشتۇرۇپ بەر! بۇ-گۇنلا ئاچامنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىۋېتىمەن، — دېدى ئۇ كەسكىن هال-دا.
— قەلبىڭنىڭ ئايرىلالمايدىغانلىقىمنى بىلىسىز. ئۇ ھا-زىرغىچە مەن بىلەن بىللە ياتىدۇ. ھېچبولمىسا، بىر - ئىككى يىل مەن قاراپ بېرەي، ئاندىن ئەكېتىڭ.
— ماقۇل، ئۇنداقتا سەن بالىنىڭ ئىككىلىسىنى ئالىمەن دېسەڭ بوپتۇ، سېنىڭ تەلىپىڭنى قاندۇراي. لېكىن ئىككى بالى-نى سەن ئالساڭ ئۆينى ماڭا قالدۇرۇپ قويىسەن.
شۇ تاپتا ئۇ ماڭا «بويۇڭ بىلەن تەڭ ئالتۇن بېرىسەن» دېسىمۇ، تېپىشقا رازى ئىدىم. شۇڭا مەن ھېچنېمىنى ئويلىمايلا ماقۇل بولدۇم.
— ماقۇل، «كېيىن بالا ئۈچۈن دەۋا قىلمايمەن!» دەپ خەت بېرىڭ. مەنمۇ ئۆينى سىزگە ئۆتۈنگەنلىكىم ئۈچۈن ھازىرلا ھۆججەت يېزىپ بېرىمەن.
ئۇ گەپ قىلماي قەلىمىنى چىقىرىپلا بىر پارچە ھۆججەت يازدى. ئىككىمىز يازغانلىرىمىزنى ئالماشتۇرۇپ كۆرۈپ رازى بولغاندىن كېيىن، ئۇ چىقىپ كەتتى. يېنىك تىندىم. نېمىلا بولمىسۇن، ئىككى قىزىم بۇنىڭدىن كېيىن مېنىڭ يېنىمدا بولات-تى. گەرچە ئادىلنىڭ كىچىك قىزىمىزنى دەستەك قىلىپ تۇرۇپ ئۆينى تارتىۋېلىش ئويى ئېنىق بولسىمۇ، بۇ ئۆيگە ئازراقمۇ تارتىشمىدىم. ئەتىسىدىن باشلاپ بىزنىڭ ئاجرىشىپ كەتكەنلىكى-

مىز ئىداردە بىر بولدى. ھەممەيلەن كۈتۈلمىگەن بىر ئىشقا دۇچ
كېلىپ قالغاندەك ھەيرانلىق بىلەن قارايتتى، ھەر بىرىلىرى بى-
رەز قىلىشاتتى. بەزىلىرى ھەيرانلىقتا مەندىن سوراپ كېتەتتى.
مەن ئۇلارغا ھېچنېمە دېمەيتتىم. پەقەت ئاجراشقىنىمىز راست
دەپلا قوياتتىم. بەزىلەر ئادىلدىن ئاڭلىغان نۇرغۇن گەپلەرنى
مەندىن سوراپ باقاتتى، مەن ئۇلارغا ئارتۇقچە چۈشەندۈرۈپ ئول-
تۇرمايتتىم. بەزى ئىشلارنى قانچە چۈشەندۈرگەنچە كىشىلەر ئۇنى
راست دەپ قالاتتى، شۇڭا مەن يەنىلا دەردىمنى ئىچىمگە يۇتات-
تىم. بەزى چاغلاردا مەن راستىنىلا ئائىلەمنىڭ بۇزۇلۇشىدا
مېنىڭمۇ مەسئۇلىيىتىم باردەك ئويلايتتىم. ئەينەككە قاراپ سا-
ئەتلەپ ئولتۇرۇپ كېتەتتىم. سۇيى قاچقان ئالمىدەك سولاشقان
يۈز - تېرەم، پېشانەم ۋە كۆز جىيەكلىرىم ئەتراپىغا چۈشكەن
قورۇقلار ھەم ئۇچامدىكى ئاددىي كىيىملەر مېنى ئادىلنىڭ ئاچچ-
ىسىدەك كۆرسىتىپ تۇراتتى. مەن ئۆزۈمنىڭ ئەڭ چوڭ خاتالى-
قىمنى شۇندىلا ھېس قىلدىم. ئەسلىي مەن ئۆي تۇتۇشقا، بالا
بېقىشقا زىيادە ئەھمىيەت بېرىپ، ئۆزۈمگە ئازراقمۇ ئەھمىيەت
بەرمەپتىمەن. مەن ئەسلىي بۇ ئىشلىرىمدىن ئادىل خۇش بولىدۇ،
مېنى مۇۋەپپەقىيەت قازانغاندا ئەرنىڭ كەينىدىكى ۋاپادار ئايال
دەپ بىلىپ مېنى چوڭ بىلىدۇ، ماڭا ئۆز مۇھەببىتى ئارقىلىق
جاۋاب قايتۇرىدۇ، دەپ خاتا ئويلىغانىكەنمەن. ھەرقانداق بىر
ئەرنىڭ گۈزەللىكنى ھەممىدىن ئاۋۋال بايقىيالايدىغانلىقى ھەم
گۈزەللىككە ھەممىدىن بەك سەزگۈر ئىكەنلىكىنى ئويلىغان ۋاق-
تىمدا تولىمۇ ئەپسۇسلاندىم. لېكىن، ئەمدى تامامەن كېچىككەن
ئىدىم، ھەرقانچە قىلساممۇ بۇزۇلغان ئائىلەمنى قايتۇرۇپ كېلەل-
مەيتتىم. ھەرقانچە ياسانساممۇ ئادىلنىڭ نەزىرىدىكى گۈزەللەر-
نىڭ ئورنىنى ئالالمايتتىم، قورۇلغان چىرايىم تۈزەلمەيتتى.
ئەينەككە قارىغانچە كۆڭلۈمنى بىر خىل مىسكىنلىك قاپلايتتى.
لېكىن، كۆز ئالدىمدا بىر - بىرىدىن چىرايلىق ئىككى قىزىم

بار بولغاچقا، ئۇلار ماڭا تەسەللى بولاتتى، ئۇلار مېنىڭ خۇشاللىقىم ھەم بارلىقىم ئىدى.

بىز ئاجراشقىلى ئىككى ئاي بولغان كۈنى ئەمدىلا ئىشتىن قايتىپ كېلىپ تۇراتتىم، ئىشىك چېكىلدى. ئىشىكنى ئېچىپ يۈرىكىم بىرقىسمىلا سىيلىپ كەتتى. ئىشىك ئالدىدا سوتنىڭ بىرنەچچە خادىمى تۇراتتى. مەن ئۇلارنى ئۆيگە باشلىدىم. ئۇلار كىرىپلا سومكىسىدىن بىر پارچە ئۇقتۇرۇشنى چىقاردى.

— بىز سوتنىڭ ئىجرا كوللېگىيىسىدىن، ئېرىڭىز سىزنىڭ ئۆينى ئۆتۈنۈپ بېرىش توغرىسىدىكى ھۆججىتىڭىز بىلەن ئۆينى بىكارلاتقۇزۇپ بېرىش توغرىسىدا ئەرز قىلغانىكەن. سوت بۇ ئەرزنى قوبۇل قىلدى ھەم سىزنىڭ بەلگىلەنگەن مۇددەت ئىچىدە ئۆينى قايتۇرۇپ بېرىشىڭىزگە قارىتا بۇ قارارنى يەتكۈزدۇق، — دېدى بىرى ئۇقتۇرۇشنى ماڭا سۇنۇپ، — قول قويۇپ بېرىڭ!

مەن گەپ قىلماي ئۇلارغا ئىمزا قويۇپ بەردىم. ئۇلار كەتكەندىن كېيىن ئۇقتۇرۇشنى كۆرۈپ نېمە قىلىشىمنى بىلمەي قالدىم. چۈنكى، بەلگىلەنگەن مۆھلەت ئۈچ كۈن بولۇپ، ئۆينى بىكار قىلمىسام مەجبۇرىي ئىجرا قىلىنىدىكەن. بېشىمغا بىر قاپاق سوغۇق سۇ قۇيغاندەك بولدۇم. ئۈچ كۈن ئىچىدە بىرەر يەردىن ئۆي تاپقان بىلەنمۇ كۆچۈپ ئۈلگۈرگىلى بولمايتتى.

— داداڭ بىزنى ئۆينى بىكارلىسۇن دەپتۇ، — دېدىم ئىلمىنۇر قايتىپ كەلگەندە، — ئەتىدىن باشلاپ ئۆي ئىزدىسەم بولمىدىغان ئوخشايدۇ.

— ئۈچ كۈنگىچە ئۈلگۈرەلەرمىزمۇ، ئاپا، نەگىمۇ كۆچەرمىز؟

— مەن تېخى قىشنى بىنادا چىقىرۋالساق، ئاندىن مۇۋاپىق ئۆي چىقسا كۆچەرمىز، دەپتىكەنمەن. بولمىسا، ئەتە ئىدارىگە بېرىپ داداڭغا دەپ باقايمىكىن ـ يا، ئۆيدە ئولتۇرغىنىمىزغا داداڭغا ئىجارە تۆلىسەك ياز كەلگەندە بىر گەپ بولارمىكىن،

— بوپتۇلا، ئاپا، دادامغا بۇ ئۆي ئىككى بالىسىنى ئۇنتۇۋار ئوخشايدۇ. سىزغۇ مەيلى، ھېچبولمىسا، «ئىككى بالام قىشتا قانداق قىلار؟» دېمەي ئۆينى بىكار لاتقۇزغاندىكىن ئۇنىڭغا يالۋۇرۇپ يۈرمەك. مەن بۇرۇن دادامدىن شۇنداق پەخىرلىنەتتىم. ئەمدى ئويلىسام دادام بەك رەھىمسىز ئىكەن، ئاپا، مەن دادامنىڭ سىزگە سالغان زۇلمىنى، بىزگە قىلغان ۋاپاسىزلىقىنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمايمەن. سىڭلىمغۇ كىچىك، بىر ئىشلارنى ئانچە بىلىپ كەتمەيدۇ. مەن ھازىر ئون سەككىزگە كىرەي دەپ قالدىم، ھەر قانداق ئىشلارنىڭ تېگىگە يېتەلەيمەن. شۇ تاپتا مەن دادامدىن قانچىلىك نەپرەتلىنىدىغانلىقىمنى ئىپادىلەپ بېرەلمەيمەن. مەنمۇ ساۋاقداشلىرىمغا دەي، ئۆينى تەك ئىزدەيلى، چىقىپ قالسا دەرھال كۆچۈپ كېتەيلى، ئاپا. مېنىڭمۇ بۇ ئۆيدە تۇرغۇم يوق.

قىزىم ئۆز كۆڭلىدىكى گەپلەرنى دەۋېتىپ يىغلاپ كەتتى. بىچارە قىز مەن دېمىگەن بىلەن دادىسىنىڭ بەزى ئىشلىرىنى بىلىپ قالغانىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە دادىسىنىڭ نۇرغۇن يولسىزلىقلىرىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەچكە، ئۇنىڭ قەلبىدە دادىسىنىڭ بۈيۈك ئوبرازىمۇ تۆۋەنلەپ كەتكەنىدى. مەن ئۇنىڭغا نېمە دەپ تەسەللى بەرسەم مۇۋاپىق بولىدىغانلىقىنىمۇ بىلمەيتتىم.

— ئۆتكەن ئىشلارنى ھەممىمىز ئۇنتۇپ كېتەيلى، — دېدىم قىزىمغا تەسەللى بېرىشنىڭ ئەڭ مۇۋاپىق ئۇسۇلىنى تاپقاندەك، — ھەركىم قىلسا ئۆزىگە، بالام، بىزنىڭ كۈنىمىزمۇ ئۆتىدۇ، داداڭغا ياخشى كۈنلەر مەڭگۈ نېسىپ بولىۋەرمەس، ئۇنىڭمۇ بىزگە يالۋۇرىدىغان كۈنلىرىمۇ كېلەر. ئاللاتائالا بەندىلىرىنى يارانقاندا ھەممىمىزنى تەڭ قىلىپ يارانقان. بۇ دۇنيادا كۆچ تالىشىپ ئاجىزلارنى بوزەك قىلغانلارنى خۇدايىم ھەرگىز كەچۈرمەيدۇ. سەن يەنە داۋاملىق ئوقۇيدىغان بالا، شۇڭا ئارتۇق ئىشلارنى ئويلاپ زېھنىڭنى چاچما. بىر كۈنلەردە ئاپاڭنىڭ دېگىنى توغرا

ئىكەن، دەپ قالىسەن. ئىككىڭلارلا بولساڭلار بىزنىڭ كېيىنكى
كۈنىمىز چوقۇم خۇشال ئۆتىدۇ. ئاۋۋال ئۆي تېپىپ كۆچۈۋالغان-
دىن كېيىن قالغان ئىشلارنى دېيىشەيلى، قىزىم!
ئىلمىنۇرنىڭ چىرايى خېلى ئېچىلدى. شۇ كۈنى مەن پەقەت
ئۇخلىيالمىدىم. ئادىلنى بۇنداق ئۆزگەرتىۋەتكەن نەرسىنىڭ زادى
نېمىلىكىنى ئويلاپ تېگىگە يېتەلمەيتتىم. مەن ئويلاۋېرىپ ئاخى-
رى ئۇنىڭ قىلغان بارلىق ئىشلىرىدا بىر پىلان بارلىقىنى تونۇپ
يەتتىم. ئەسلىي ئۇ سوتقا بارمايمۇ ئاجراشقىلى بولىدىغان ئىشنى
سوتقا سۆرەپ ئەكىرىپ مېنى قىيىن ئەھۋالدا قويدى. قەلبىنۇرنى
تالىشىش ئارقىلىق مەندىن ئۆينى تارتىۋالماقچى بولدى. ئەمەلى-
يەتتە، ئۇنىڭ مۇشۇ ئورنى بىلەن مەندىن ئۆي تالاشمىسىمۇ
ئۇنىڭغا چوقۇم بۇنىڭدىن ياخشى ئۆي تېگەتتى. مەن ئۇنىڭ ئۆز
پۇشتىدىن لاي - كېسەكتىن ياسالغان يۇز كۋادرات مېتىرلىق
ئۆينى ئارتۇق كۆرگىنىدىن ئۇنىڭغا بولغان نەپرىتىم ھەقىقەتەن
ئېشىپ بارماقتا ئىدى. ئەتىسىدىن باشلاپ ئۆي ئىزدەپ ئايغىمى-
نىڭ چەمى چۇشۇپ قالاي دېدى. ئادىلنىڭ يولسىزلىقىدىن غەزەپ-
لەنگەن دادام ئۇنىڭ ئەدىپىنى بېرىمەن، دەپ تۇرۇۋالغانتى، مەن
يالۋۇرۇپ يۇرۇپ تۇتۇپ قالدىم.
— تۇزكور نائەھلىيگە قىلغان ياخشىلىقىمىز ئازمۇ
بىزنىڭ، — دەپ قاينايتتى دادام، — قارا، ئەمدى بىر ئەمەلنى
تۇتار - تۇتماي ئەل - جامائەت ئالدىدا قىزىمنى ئۆيدىن ھەيدەپ
چىقارغىنىنى. خەپ، خۇدايىم جاجاڭنى بېرەر!
دادامنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئىنى - سىڭىللىرىمنىڭ ھەممىسى
ئۆي ئىزدەشكە باشلىدى. ئۆينى تاپقان ۋاقتىمىز دەل سۇرۇك
ۋاقتىنىڭ توشقان كۈنىگە توغرا كەلدى. ئۆي تاپقان خۇشاللىقىمدا
ئۆيدىكى لازىمەتلىكلەرنى يىغىشتۇرۇش ئۇچۇن ساقچىخانا باشلى-
قىدىن ئىككى كۈنلۈك رۇخسەت سوراپ ئۆيگە كەلدىم. ئىشىككە
ئەمدى ئاچقۇچ سالاي دېيىشىمگە، ئىشىك ئېچىلىپ ئىلمىنۇرنىڭ

غەمكىن چىرايى كۆرۈندى. مەن ئۆيگە كىرىپ تېخىمۇ ھەيران قالدىم. قايسى كۈنى كەلگەن بىر قانچەيلەن دېپەيدەك قوللىرىنى كىرىشتۇرۇپ تۇرغانىكەن.

— قېنى ئولتۇرۇڭلار، — دېدىم كۇلۇمسىرەشكە تىرىشىپ، — ئۆينى ھېلىلا تاپتىم. ھازىردىن باشلاپ يىغىشتۇرساق ئەتە چۈشكىچە كۆچۈپ بولىمىز.

— ئەتە چۈشكىچە بولسا بولمايدۇ، ئۇقتۇرۇشتا ئېنىق يېزىلغان. ئىككى سائەتكىچە كۆچۈپ بولمىساڭلار نەرسە ـ كېرەكلىرىڭلارنى بىز سىرتقا ئاچىقىۋېتىمىز!

— بولىدۇ، ئۇكىلىرىم، مانا ھازىردىن باشلايلى!

ئۇلار خۇددى شەھەر ئالغان نوچىلاردەك بىر ـ بىرىگە ئىشارە قىلىشىپ چىقىپ كېتىشتى. ئېلىمنۇر ئىككىمىز نەرسىلەرنى بوغچا ـ بوغچا قىلىپ چىگىشكە باشلىدۇق، «رەتلەيمىز» دېسەك ئۇلار دېگەن ۋاقىتتا ئۇلگۇرگىلى بولمايتتى. بىردەمدىلا ئۆيدىكى پەردە، گىلەملەرنى چۇشۇرۇپ، ئۆينى يالىڭاچلاپ قويدۇق. مەن ئىنى ـ سىڭىللىرىمنى ياردەمگە چاقىردىم، ئۇلار ئەمدى كېلىپ تۇرۇشىغا ھېلىقى بىرنەچچەيلەن يەنە كەلدى.

— بىزمۇ توشۇيلى، — دېدى بىرى ئۆز ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىۋاتقاندەك.

ئۆيگە ئاپىرىۋېتىپ كېلىشكە ئۇلگۇرمىگەچ، نەرسە ـ كېرەكلەر سىرتقا توشۇلۇپ يول بويىغا دۆۋىلەندى. نەرسە ـ كېرەكلەر تولۇق توشۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، مەن ئۆينىڭ ئاچقۇچىنى سوت خادىملىرىنىڭ قولىغا تۇتقۇزدۇم. ئىنىمنى كىرا ماشىنىسى ئەكېلىشكە بۇيرۇپ، ئۆزۈم ئېلمنۇر بىلەن نەرسىلەرگە قاراپ قالدىم. مەن ئادىل تەرىپىدىن بۇنداق قوغلىنىپ كېتىدىغىنىمنى ھەرگىزمۇ خىيالىمغا كەلتۇرمىگەنىدىم. شۇ تاپتا قاپساپ كەلگەن ياشلىرىمنى مەجبۇرىي ئىچىمگە يۇتۇپ، قىزىمنىڭ ئالدىدا مەغرۇر قىياپەتكە كىرىۋالغان ئىدىم.

— ئاپا، قاراڭە، دادام كېلىۋاتىدۇ.

مەن ئىلمىنۇرنىڭ گېپىدىن چۆچۈپ، ئۇ كۆرسەتكەن تەرەپ-كە قارىدىم. ئادىل نېمىگىدۇر ئالدىراپ كېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ بىلەن سوڭدىشىپ كېلىۋاتقان ئايالنى «سوتچىكىلەر ئوخشايدۇ» دەپ ئويلىدىم.

— بىز ئىشىمىزنى قىلىۋېرەيلى، ھەرقاچان، ئۆينى كۆر-گىلى كەلدى بولغاي، — دېدىم ئىلمىنۇرغا ھەم نەرسىلەرنى ئۇيان - بۇيان يۆتكەشكە باشلىدىم. مېنىڭ بۇ ھالدا ئۇنىڭغا كۆرۈنگۈم يوق ئىدى. مەن ئۇلارنى ئۇدۇل ئۆيگە كىرىپ كېتىدۇ، دەپ خىيال قىلغانىدىم، لېكىن ئۇلار كېلىپ بىزنىڭ يېنىمىزدا توختىدى. ئۆزۈمنىڭ يەردە ياكى ئاسماندا تۇرۇۋاتقىنىمنى بىلمەيتتىم.

— ئۆي تولۇق بىكار بولدىمۇ؟ — دېدى ئۇ باشلىقلارغا خاس سالاپەت بىلەن.

مەن بېشىمنى تەستە كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا قارىدىمىيۇ، كۆزۈم ئۇنىڭدىن ھالقىپ يېنىدا تۇرغان ئايالغا چۈشتى، ئۇ ماھىبەر ئىدى. گەرچە سەل سەمىرىپ قالغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ كۆكۈچ كۆزلىرىنى مەڭگۈ ئۇنتۇپ قالمايتتىم. ئىچىمدە تۇيۇقسىز پەيدا بولغان رەشك ئوتى ۋۇجۇدۇمنى كۆيدۈرۈپ ئۆتتى، مەن دەرھال ئۆزۈمنى تۇتۇۋېلىشقا، ئالدىمدا تۇرغان مۇشۇ ئايال ئالدىدا ئۆ-زۈمنىڭ غۇرۇرۇمنى ساقلاشقا تىرىشتىم.

— بولدى، ئاچقۇچنى سوتچىكىلەر ئەكەتكەن، — دېدىم ئاۋا-زىمنى مىڭ تەستە سالماق چىقىرىپ.

— ھىم، — دېدى ئۇ بىلگەنلىكىنى ئىپادىلەپ، ئاندىن ماھىبەرگە بۇرۇلدى، — ئۆينى ئەتىلا كۆرەمسىز، بولمىسا.

— مەيلى، — دېدى ماھىبەر كۈلۈمسىرەپ.

ئۇلار كېتىشتى. ئىچىمدە بىر خىل ئاچچىق قايناپ تۇرات-تى. دادىسىنى كۆرۈپ نەگىدۇر يوقالغان ئىلمىنۇرمۇ قايتىپ كەلدى.

www.uyghurkitap.com

— ئاپا، مەن ئۇ ئايالنى دادام بىلەن بىرقانچە قېتىم كۆر-گەن، — دېدى ئىلمىنۇر ئۇلار كەتكەن تەرەپنى شەرتلەپ تە-رۇپ، — سىلەر سوتقا چىققان كۈنى مەن مەكتەپتىن بالدۇر كەلگەنىدىم. سىز ساپادا تاشلاپ قويغان چاقىرىقنى كۆرۈپ چۆ-چۈپ كەتتىم ھەم موماممىڭكىدىن ئۇكامنى ئەكېلىپ سوت مەيدا-نىغا باردىم. مەن كارىدوردا شۇ ئايالنى كۆرگەن. كېيىن دادام بىلەن بىرقانچە قېتىم ئاشخانىغا كىرىپ كېتىۋاتقان چاغدا كۆرۈپ قالدىم.

— ئۇ ئۇلارنىڭ ئۆزىنىڭ ئىشى، قىزىم. سەن ئۇنى ياخشى ئايال ئەمەسكەن، دەپ بىلسەڭلا بولىدى. قالغىنىغا خۇدايىم بار.

مەن قىزىمغا خېلى نۇرغۇن گەپلەرنى قىلماقچى ئىدىم، لېكىن شۇ ئارىدا ئىنىم بىر كىرا ماشىنىسىنى ئەكەلدى. بىز قول - قولچە نەرسە - كېرەكلەرنى ماشىنىغا بېسىپ ئۆيگە ئاپىرىۋېتىپ دادامىلارنىڭ ئۆيىگە كەتتۇق. دادام - ئاپاملار توختى-ماي ئادىلنى قارغايتتى. شۇنداق قىلىپ، ئىككىنچى كۈنى سە-ھەردىن باشلاپ ئۆيلەرنى رەتلەشكە كىرىشتۇق. بۇ ئۆي كونىراق بولسىمۇ ئازادە ئىدى. بىز نەرسە - كېرەكلەرنى جايلاشتۇرۇپ ئۆينى ياتقۇدەك ھالغا كەلتۈرۈپ بولغۇچە قاراڭغۇ چۈشۈپ كەت-تى. سىڭىللىرىم ھەم ئىنىمنى باشلاپ سىرتتىن تاماق يەپ كىرىپ، ئۇلارنى قونۇشۇپ بېرىشكە تۇتۇپ قالدىم. ھېرىپ كەت-كەچكىمۇ، كېچىچە چۈشمۇ كۆرمەي ئۇخلاپ كېتىپتىمەن. ئەتى-گەندە سىرتتىن ناشتىلىق ئەكىرىپ چاي ئىچكەندىن كېيىن، قالغان ئىشنىڭ چالىسىنى قىلىپ تۈگەتتىم. بۇ دەل جۈمە كۈنىگە توغرا كەلگەچكە، چۈشتىن كېيىن دادام بىرقانچە موللامنى چاقى-رىپ ئەكېلىپ ئۆيدە نەزىر قىلغاندىن كېيىن قۇرئان ئوقۇتۇپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن بىزنىڭ يېڭى ھاياتىمىز باشلانغان بولدى.

بىر ئايدىن كېيىن ئىلمىنۇرغا ئالىي مەكتەپ ئوقتۇرۇشى

كەلدى. خۇشاللىقتا بېشىم كۆككە يەتكۈدەك هالغا كېلىپ قالدىم. تەييارلىقلارنى پۈتكۈزۈپ ئۇنى ئۆزۈم ئۈرۈمچىگە ئاپىرىپ، مەكتىپىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ قايتىپ كەتتىم. ئەمدى چوڭ قىزىمدىن پۈتۈنلەي خاتىرجەم ئىدىم. ئۇ بۇرۇندىن تىرىشچان ھەم كۆيۈمچان قىز ئىدى. ئۇنى ھەرقانچە سېغىنساممۇ، قىيىنچىلىق تارتساممۇ ئۇنى ئۆگىنىشتىن باشقا نەرسىگە كۆڭۈل بۆلمەسلىككە دەۋەت قىلاتتىم. كىچىك قىزىممۇ خېلى بىر ئىشلارنى بىلىپ قالغانىدى، ئۇمۇ كىيىملىرىنى ئۆزى كىيىپ، مەكتەپكە ئۆزى بېرىپ، ئۆزى قايتىپ كېلەتتى. نېمىشقىدۇر، مەن ۋاقتىمنىڭ بارغانچە كۆپىيىپ قالغانلىقىنى، تۇرمۇشنىڭ ئازادىلىكىنى ھېس قىلغاندەك بولۇپ قالغانىدىم. شۇڭا تۇرۇپلا مەندىمۇ بوش ۋاقتىمدا ئانچە ـ مۇنچە ئۆزۈمگە ئەھمىيەت بېرىش تۇيغۇسى پەيدا بولۇشقا باشلىدى. ئۆزۈممۇ بەزى يىغىنلاردا ئىدارىگە بېرىپ قالسام، ئادىلنىڭ سىنچى كۆزلىرى بىلەن قاراشلىرىدىن ئەيمىنەتتىم. ئۆزۈمنى ياساپ ئۇنىڭ ئالدىدا باشقىچە قىياپەت بىلەن كۆرۈنگۈم كېلەتتى. لېكىن، بۇرۇندىن تولا ياسىنىپ ئادەتلەنمىگەچكە يەنىلا بولدى قىلاتتىم. مەندىكى بۇ تۇيغۇنىڭ قاچان پەيدا بولغانلىقىغا ئېنىق بىر نەرسە دېيەلمىسەممۇ ئادىلنىڭ تويىدىن كېيىن مەندە ئۆزۈمنى ياساپراق يۈرۈش، قەددىمنى رۇسلاش تۇيغۇسىنىڭ روشەن ئىپادىسى كۆرۈنۈشكە باشلىغانىدى.

ئادىلنىڭ تويى بىز ئۆي كۆچۈپ تۆتىنچى ئېيىغا توغرا كەلدى. ئۇ تويىنى ئىدارىنىڭ مەرىكە زالىدا ئىدارىدىكى بارلىق خىزمەتچىلەر، ئىدارە تارمىقىدىكى ساقچىخانا خىزمەتچىلىرىدىن بولۇپ يۈزدەك ئادەمنى چاقىرىپ قىلغانىدى. بىر سىستېمىدا بولغانلىقىمىز ئۈچۈن، بارمىسام ئىدارىدىكى ھەممەيلەن مېنى ئىچى تار دەپ قالاتتى. شۇڭا چىشىمنى چىشلەپ تۇرۇپ تويغا باردىم. گەرچە ئادىلدىن شۇنداق نەپرەتلەنسەممۇ، ئۇنى كۆڭلۈمدىن چىقىرىۋەتكەن بولساممۇ، لېكىن ئۇنىڭ توي باغقىنى تاپ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

شۇر ۋۇۋالغان ۋاقتىمدا كۆڭلۈم بىردىنلا يېرىم بولدى. يىغلىغۇم كەلدى، نېمىشقىدۇر خۇددى قىممەتلىك بىرنەرسىنى باشقىلار ئېلىۋالغاندەك ئىچىم ئاچچىق بولدى. شۇنداقتىمۇ، پۈتۈن توي ئاخىرلاشقۇچە بارلىق خاپىلىقىمنى ئىچىمگە يۇتتۇم. توي ئاخىرلاشقۇچە چىرايىمدا ئامال بار كۈلكە ياغدۇرۇپ ئۆزۈمنى خۇددى باشقا يات بىر ئادەمنىڭ تويىدا ئولتۇرۇۋاتقاندەك قىياپەتتە تۇتتۇم. لېكىن، كۆزۈم پات - پات ئادىلنىڭ يېنىدا بارلىق خۇشاللىقىنى زەڭگەر كۆزلىرىگە يىغىپ بەخت شادلىقىدىن پارقىراپ كەتكەن چىرايىنى ھەممىلەنگە غالىبلارچە تىكىپ ئولتۇرغان ماھىبەرگە چۈشۈپ قالاتتى. ئۇمۇ خۇددى مېنىڭ ئۆزىگە دىققەت قىلغىنىمنى بىلىدىغاندەك ماڭا قاراپ سۈسقىنە كۈلۈپ قوياتتى. مەن شۇ چاغدىلا ماھىبەر بىلەن ئۆزۈمنى سېلىشتۇرۇپ كەتتىم. ياش جەھەتتە ماھىبەر مەندىن بىر - ئىككى ياش چوڭ كېلەتتى. لېكىن، مۇشۇ تۇرقۇمدا ئۇنى مەندىن چوڭ دېسە باشقىلار ئىشەنمەسلىكى مۇمكىن ئىدى. مەن شۇ كۈنى زور غەيرەت - جىددىيەت بىلەن تويىنى تۈگىتىپ قايتىپ كېلىپ ئەينەككە قاراپ شۇنداق ئۇزاق ئولتۇرۇپ كەتتىم. دەل شۇ چاغدا مەندىمۇ ماھىبەردەك ياسىنىپ بېقىش تۇيغۇسى پەيدا بولدى. دەرھال گىرىم قۇتامنى چىقاردىم، گىرىم قىلمىغىنىمغا ئۇزۇن ۋاقىت بولغاچقىمىكىن، گىرىم بۇيۇملىرىم سەل قېتىپ قالغانىدى. شۇنداقتىمۇ، مەن ئۆزۈمگە كۆڭۈل قويۇپ گىرىم قىلدىم. بىردىنلا ئىلگىرىكى مىسكىن چىرايىمغا خېلى قان كىرىپ قالغاندەك ھېس قىلدىم. تولۇق گىرىم قىلغان ھالىتىمگە بىردەم قاراپ ئولتۇرغاندىن كېيىن گىرىمىمنى يۇيۇپ ياتتىم. كېچىچە ئىچىمنىڭ قەيەرىدۇر بىر يېرى ئاغرىۋاتقاندەك پەقەت ئۇخلىيالمىدىم. ھەرقانچە قىلسام ئادىل بىلەن ماھىبەرنىڭ بىر - بىرىگە مېھىر بىلەن تىكىلىپ قاراشلىرى كۆز ئالدىمدىن كەتمەيتتى. ئادىلنىڭ قاچانلاردىدۇر ماڭىمۇ شۇنداق مۇھەببەت بىلەن تىكىلگەن كۆزلىرىنى، شۇ چاغ-

دىكى ھاياجانلىق مىنۇتلارنى ئەسلەشكە تىرىشاتتىم، ئەمما ئۇ چاغلار تولىمۇ يىراقتا قالغانىدى. ھازىر شۇ كۆزلەرنىڭ باشقا بىرىگە تىكىلىۋاتقانلىقىنى ئويلىغىنىمدا ۋۇجۇدۇم باشقىچە بىر خىل سوغۇق ئېقىم تەسىرىدە مۇزلايتتى. ئادىلنىڭ ھەر خىل ئاماللار بىلەن ئاخىرى ماھىبەر بىلەن توي قىلغانلىقىنى بىلگەن ۋاقتىمدا تۇيۇقسىز كۆز ئالدىمغا ئىبادەت كېلەتتى. كۆڭلۇمدە: «ماھىبەر ئۆزى سۆيۈۋاتقان ئاشۇ ئەرنىڭ باشقا بىرەيلەندىن بىر بالىسى بارلىقىنى ھەم ئانا ـ بالا ئىككىسىنى رەھىمسىزلىك بىلەن سەرسان قىلىۋەتكەنلىكىنى بىلەرمۇ؟» دەپ ئويلايتتىم. شۇنىڭدىن كېيىن تۇرۇپلا خىيالىمغا ئىبادەت ۋە ئۇنىڭ ئاشۇ بىر يەرلىرى ئاپىسىغا، بىر يەرلىرى ئادىلغا ئوخشىشىدىغان چىرايلىق قىزى ئېسىمگە كېلىۋالاتتى. ئىبادەتنىڭ مەن ئىزدەپ بارغاندىكى تىترەپ تۇرغان ھالىتىنى ئويلىسام ئۇنىڭغا ئىچىم ئاغرىيتتى. ئۇنىڭ ھازىر نەدە، نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى بىلگۈم كېلەتتى. بىچا-رە، بىتەلەي قىزنىڭ رەھىمدىل بىرەر كىشىگە ئۇچراپ ئۆز بەختىنى تېپىشىنى تىلەيتتىم.

ئادىل توي قىلىپ بىر ئايدىن كېيىن ئىلمىنۇر تەتىلگە كەلدى. ئۇنىڭ بويى ئۆسۈپ تېخىمۇ چىرايلىق بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭدىن ئۆزۈمنىڭ ئەسلىدىكى چىرايىمنى كۆرگەندەك بولاتتىم. ئىككى قىزىمنى ئېلىپ كوچا ئايلانغان چاغلىرىمدا باشقىلارنىڭ بىزگە ھەۋەس بىلەن قارىغىنىنى كۆرسەم ئۆزۈمنى شۇنداق بەختلىك سېزەتتىم. ئادىلنىڭ كۆنلىرى شۇنداق ياخشى بولسا كېرەك، ئىلمىنۇرنىڭ كەلگەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپمۇ ئۇنى بىرەر قېتىم يوقلاپ ياكى بىرەر ۋاخ تاماققا چاقىرىپمۇ قويمىدى. ئىلمىنۇر بىرقانچە قېتىم دادىسىنىڭ ئۆزىنى كۆرگەنلىكىنى ھەم گەپ قىلماي ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى دەپ كەلگەن چاغلىرىدا نېمىش-قىدۇر قىزىم ئۈچۈن ئۇنىڭدىن ئاغرىنىپ كېتەتتىم. قىزىمنىڭ تەتىل ۋاقتى توشقۇچە شۇنداق خۇشال ئۆتتۇق. ئۇ ماڭا سودا

سارىيىدىن ھازىر ئەڭ مودا بولۇۋاتقان گىرىم بۇيۇملىرىدىن بىر يۈرۈش ئېلىپ بەردى. ئۇ ماڭىدىغان كۈنى ئۇ تاللاپ ئېلىپ بەرگەن يېڭى كىيىمىم بىلەن ياراشتۇرۇپ گىرىم قىلىۋالدىم. مەقسىتىم — قىزىمغا ئۆزۈمنىڭ قەيسەرلىكىمنى، تارتقان ئازابلىرىم ئۈچۈن ئۆزۈمنى يوقىتىپ قويمىغانلىقىمنى بىلدۈرۈش ئىدى. راست دېگەندەك، قىزىم مېنىڭ تۇرقۇمغا قاراپ سەل ھەيران قالغان ھەم خۇشال بولغان ھالدا كېلىپ مېنى قۇچاقلىۋالدى.

— ئاپا، سىز بەك چىرايلىقكەنسىز، مەن سىزنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن دائىم مۇشۇنداق يۈرۈشىڭىزنى، چېھرىڭىزدىن خۇشاللىق كەتمەسلىكىنى ئارزۇ قىلىمەن، — دېدى قىزىم باغرىمغا تاشلىنىپ تۇرۇپ.

— بۇنىڭدىن كېيىن چوقۇم شۇنداق بولىدۇ، قىزىم. چۈنكى مېنىڭ پەرزەنتىم ئىككى قىزىم بار تۇرسا مەندىنمۇ خۇشال كىم بار دەيسەن، — دېدىم كۆڭلۈمدىكى گەپنى قىلىپ، — لېكىن، مېنىڭ مۇشۇ تۇرقۇمدىن بىرنەرسىنى ھېس قىلىشىڭنى ئۈمىد قىلىمەن. مەكتىپىڭگە بېرىپ تۈنجى قېتىم تېلېفون ئۇرغان ۋاقتىڭدا ماڭا ھېس قىلغانلىرىڭنى دېيىشىڭ كېرەك، بولامدۇ؟

قىزىم رازىمەنلىك بىلەن بېشىنى لىڭشىتتى. مەن ئۇنىڭ سەزگۈر كۆزلىرىدىن مەن دېمەكچى بولغان نەرسىنى ئاللىقاچان ھېس قىلغانلىقىنى بىلىۋالدىم. ئۇنىڭ بىلەن چىرايلىق ياسىنىپ داداملارنىڭكىگە بېرىپ خوشلاشقاندىن كېيىن، ئۇنى بېكەتكە ئاپىرىپ يولغا سېلىپ قويدۇم. شۇنىڭدىن كېيىن مەن ھەر كۈنى ئۆزۈمگە كۆڭۈل قويۇپ گىرىم قىلىدىغان بولدۇم. نېمىشقىكىن، كۆڭلۈم شۇنداق خۇشال، روھىم كۆتۈرەڭگۈ ئىدى. چىرايىممۇ ئۆزۈمگە بارغانچە نۇرلىنىپ كېتىۋاتقاندەك، قورۇقلىرىم ئازلاپ قالغاندەك بىلىنەتتى. چېچىم شالاڭلىشىپ ئازلاپ

كەتكەن بولسىمۇ، بۇدۇر قىلىۋېدىم، بۇمۇ ماڭا باشقىچە ھۆسن قوشتى. ئىلگىرىكىدەك تۇتۇق رەڭدىكى كىيىملەرنى كىيمەيدىغان بولدۇم. بۇنىڭ بىلەن ئىدارىدىكىلەرنىڭمۇ دىققىتى ماڭا بۇرۇلدى.

— بارغانچە چىرايلىق بولۇپ كېتىۋاتىسىز جۇمۇ، پەرىزات!

— ئەمدى راستتىنلا پەرىزاتقا ئوخشاپسىز.

ئىدارىدىكىلەرنىڭ چاقچاقلىرىغا مۇۋاپىق چاقچاق بىلەن جاۋاب قايتۇراتتىم. بىر كۈنى مۇھىم ئىش بىلەن ئىدارىگە بېرىپ قايتىشىمدا ئادىلغا ئۇچراپ قالدىم.

— نەگە ماڭدىڭ؟ — دېدى ئۇ كېرىلىپ تۇرۇپ، — «قايسى قىزدۇ؟» دەپ تونۇمىغىلى تاس قاپتىمەنغۇ سېنى.

— بىر سان بار ئىدى، شۇنى يوللاپ بېرىپ چىقىشىم، — دېدىم مەن ئۇنىڭ ئالدىدا قىلچە تەمتىرىمەي، — قىرىق ياشلىق موماينى قىزغا ئوخشاتقىنىڭغا رەھمەت.

— راستلا ياش قىزلاردەك بولۇپ كېتىپسەن، ئىلمىنۇر كەتتىمۇ؟

— كەتتى، كېيىنكى تەتىلدە كەلمەيدۇ.

— يېقىندا كاماندىروپكىغا بارىمەن، يوقلاپ قويارمەن.

مەن ئۇنىڭ بىلەن كۆپ پاراڭلىشىشنى خالىماي خوشلىشىپ يولۇمغا ماڭدىم. بۇ بىز ئاجراشقاندىن بېرى تۇنجى قېتىم كۆپرەك پاراڭلىشىشىمىز ئىدى. مەن ئۇنىڭ ماڭا دىققەت قىلغانلىقىنى ھېس قىلدىم. بەلكىم ئۇ مېنى «بۇنچىلىك قەددىنى رۇسلىيالايدۇ» دەپ ئويلىمىغان بولسا كېرەك، مەن خېلى يىراقلاپ كەتكۇچە ئۇ نېمىشقىدۇر كەينىمدىن قاراپ تۇرۇپ قالدى.

ھەش - پەش دېگۇچە ئىككى يىل ئۆتۈپ كەتتى. مەن دادامىلارنىڭ ياردىمىدە سېتىۋالغان يېڭى ئۆيگە كۆچۈۋالدىم. كىچىك قىزىم قەلبىنۇر ئون ياشقا كىرىپ قالدى، ئۇمۇ ئاچىسىغا ئوخشاش تىرىشچان ئىدى، ئۆي ئىشلىرىنى شۇنداق چىرايلىق قىلاتـ

تى. مەن يازلىق تەتىلدە ئۇنى ئېلىپ ئاچىسىنى يوقلاشقا باردىم. ئېلمىنۇر ئىزچىل ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىۋاتقانلىقى ئۈچۈن تەتىلدە ئۆيگە قايتمىغانىدى. مەن بارغاندىن كېيىن، ئۇ بىر قانچە كۈن رۇخسەت سوراپ ماڭا ھەمراھ بولدى. بىز ئۈچىمىز خۇشال ھالدا ئۈرۈمچىنىڭ بارلىق مەنزىرىلىك جايلىرىنى ساياھەت قىلدۇق. قەلبىنۇرنىڭ خۇشاللىقى ئىچىگە سىغمايتتى. بىز بىر كۈنلۈك ساياھىتىمىزنى ئاخىرلاشتۇرغان چاغدا قەلبىنۇر غەلىۋە قىلىشقا باشلىدى:

— ئاچا، ئاپا، تورت يەيلىچۇ؟ — دېدى ئۇ ئەركىلەپ تۇرۇپ، — بەك تورت يېگۈم كەپكەتتى.

— ماقۇل، سىڭلىم، مەن دائىم بارىدىغان بىر يەرگە باشلاپ باراي، ئۇ يەرنىڭ تورتى شۇنداق تەملىك.

بىز ئېلمىنۇرنىڭ باشلىشى بىلەن شۇنداق چىرايلىق بېزەلگەن بىر تورتخانىغا كىردۇق. ئېلمىنۇر تورت ۋە پارچە - پۇرات يېمەكلىكلەرنى بۇيرۇتتى. بىز پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ، بۇ يەرنىڭ يېمەكلىكلىرىنىڭ تەمىنىڭ ياخشىلىقىنى ماختاپ كەتتۇق.

— بۇ يەردە مەخسۇس تورت پىشۇرىدىغان ئۇستام بىلەن مەن تونۇش، ئۇ ئايال مۇشۇ تورتخانىغا ياللىنىپ ئىشلەيدۇ. بىز دائىم مەكتىپىمىزدە بىرەر نىڭ تۇغۇلغان كۈنى بولسا مۇشۇ يەردىن ئەرزان باھادا تورت ئاپىرىمىز، — دېدى ئېلمىنۇر ئۇنى ماختاپ تۇرۇپ، — ئۇنىڭ بىر قىزى بار، ئۇ قىزنى ھەر قېتىم كۆرسەم قەلبىنۇر ئېسىمگە كېلىدۇ. دېسەم ئىشەنمەيسىز، ئاپا، ئۇ قىزنىڭ كۆزى قەلبىنۇرنىڭ كۆزىگە قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايدۇ.

— شۇنداقمۇ؟ — دېدىم مەنمۇ ئۇ قىزغا قىزىقىپ، — بەزىدە ئوخشىشىدىغان ئادەملەرمۇ ئۇچراپ قالىدۇ.

بىز پاراڭلاشقاچ خېلى ئۇزاق ئولتۇرۇپ قالدۇق. «ئەمدى ماڭايلى!» دەپ تۇرساق، يان ئىشىكنىڭ پەردىسى قايرىلىپ، بىر ياش چوكان بەش ياشلاردىكى قىزنى يېتىلەپ چىقىپ كەلدى.

— قاراڭە، ئاپا، راست قەلبىمنۇرغا ئوخشامدىكەن؟ — دېدى ئىلمىنۇر مېنىڭ يېنىمدىن تارتىپ پەس ئاۋازدا. مەن قىزغا ئەمەس، ئاپىسىغا قاراپ تۇرۇپلا قالدىم. ئۇ چوكانمۇ سەل ھودۇققان ھالدا تۇرۇپ قالدى. ئىككىمىز بىر - بىرىمىزگە قاراپ بىرنەچچە مىنۇت تۇرۇپ قالغاندىن كېيىن، مەن ئاۋۋال ئۇنىڭغا ئېغىز ئاچتىم:

— ۋۇي، ئىبادەتكەنسىزغۇ، قانداق، ياخشى تۇرۇۋاتامسىز؟ — دېدىم قىزغىن ھالدا، — ئىلمىنۇر ھەيرانلىقىنى يوشۇرالماي قالغانىدى. ئۇ بىر ئىبادەتكە، بىر ماڭا قارىغىنىچە «جىممىدە» تۇرۇپ قالدى.

— ياخشى، ئۆزىڭىزچۇ؟ — دېدى ئىبادەتمۇ سەل ئۆزىگە كېلىپ، — بۇ ياققا ئۆتۈپ قاپسىز.

— قىزىمنى يوقلاپ چىققان. بۇ مېنىڭ چوڭ قىزىم بولىدۇ، ئۇ تېخى ھېلىلا سىزنىڭ گېپىڭىزنى قىلىپ بېرىۋاتاتتى.

مېنىڭ ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلاشقۇم بولسىمۇ، ئىبادەتنىڭ نەگىدۇر ئالدىراۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ خوشلاشتىم. مەن ئىبادەتنىڭ چىرايىدىن نېمىشقىدۇر بىر خىل مىسكىنلىكنى كۆرگەندەك بولدۇم. ئاشۇ چوڭ كەلگەن قوي كۆزلىرىدە قانداقتۇر تېگىگە يەتكىلى بولمايدىغان مۇڭ - ھەسرەت سايە تاشلاپ تۇرغاندەك قىلاتتى.

— ئاپا، سىز ئۇنى قانداق تونۇيسىز؟ — دېدى ياتاققا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئىلمىنۇر مەندىن.

— ئۇ بىر بىتەلەي قىز، بالام. ئۇنىڭ بىلەن تاسادىپىي تونۇشۇپ قالغان، كېيىن مەن ئۇنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى بىلەلمىگەنىدىم، — دېدىم مەن ئىلمىنۇرغا ئۇ توغرىسىدىكى ئىشلارنى دېگۈم كەلمىگەچ، — مەن تۆت يىل ئىلگىرى كۆرگەن ۋاقتىمدا كىچىككىنە قىز ئىدى، مانا ئوبدانلا جۇۋانغا ئايلىنىپتۇ. شۇ چاغدا ئۇنىڭ قىزى ئىككى ياشتا ئىدى. كەتكۈچە ئۇنىڭ بىلەن

www.uyghurkitap.com

پاراڭلىشىپ كەلگەچ يوقلاپ قوياي.

— قىزى راستىنلا قەلبىنۇرغا ئوخشامدىكەن؟ — دەپ سورىدى ئۇ يەنە مەندىن.

— ئوخشايدىكەن.

مەن ئىلمىنۇرنىڭ ئارتۇقچە سوئاللارنى سوراپ سىلىشىدىن ئەنسىرەپ «ھېرىپ كەتتىم» دەپ يېتىۋالدىم، خېلى ئۇزۇنغىچە ئىبادەتنىڭ چىرايىدىكى مىسكىنلىك كۆز ئالدىمغا كېلىۋالدى.

ئەتىسى بىز بازارغا بېرىپ سوۋغاتلىق ئالدۇق. رۇخسەت سورىغان ۋاقتىم توشۇپ قالاي دېگەندى. شۇڭا چۈشتىن كېيىن نەرسىلەرنى بىرقۇر جايلاشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، قەلبىنۇر بىلەن ئىلمىنۇرنى ياتاقتا قالدۇرۇپ، ئىبادەتنىڭ يېنىغا ماڭدىم. تاكسى مېنى بىردەمدىلا ھېلىقى تورتخانىغا ئەكىلىپ قويدى. مەن كەلگەن ۋاقتىمدا ئۇ ئانچە ئالدىراش ئەمەسكەن، شۇڭا ئۇ خوجايىنىدىن رۇخسەت سورىدى. ئىككىمىز تورتخانىنىڭ كىچىككىنە ئايرىمخانىسىغا كىرىپ ئولتۇردۇق.

— سىزنى ئۇچرىتىپ قالارمەن، دەپ پەقەت ئويلىماپتىكەنمەن، ھەر ھالدا ياخشى تۇرۇپسىز، — دېدىم ئۇنىڭ تېخىچە ئوڭايسىزلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، — نېمىشقىكىن، سىز بىلەن پاراڭلاشقۇم كېلىپ قالدى.

— مەنمۇ سىزنى كۆرۈپ خۇش بولدۇم. كىشىنىڭ يۇرتىدا ھەرقانچە ياخشى تۇرغان بىلەنمۇ تونۇش چىرايىنى كۆرسە ئادەم يېقىنىنى كۆرگەندەك بولۇپ قالىدىكەن. لېكىن سىز بىلەن نېمە توغرۇلۇق پاراڭلىشىشنى بىلمەيۋاتىمەن، — دېدى ئىبادەت سەل ئۆزىگە كېلىپ.

— بۈگۈن ئىككىمىز ھېچنېمىنى ئويلىماي ئاياللىق سۆھبىتىمىز بىلەن ئۆزىمىزنىڭ گېپىنى قىلىشايلى، — دېدىم مەن كۆڭلۇمدىكى گەپنى قىلىپ، — قىزىڭىزمۇ خېلى چوڭ بولۇپ قاپتۇ. سىزنى پات - پات «قانداق تۇرۇۋاتقاندۇ؟» دەپ ئويلاپ

قالاتتىم. قارىسام، خېلى ياخشى ئۆتتۈۋاتقاندەك قىلىسىز، توي قىلدىڭىزمۇ؟

— ھەر ھالدا يامان ئەمەس دېسەم بولىدۇ، توي قىلغان. بىكار ئولتۇرغۇچە تورتخانىدا ئىشلەپ يۈرۈپ بۇ ھۈنەرنى ئۆگىنىپ قالدىم، ھازىر ياللىنىپ ئىشلەۋاتىمەن. ئۆزىڭىزمۇ بىلىسىز، بىر ئايال بىر بالا بىلەن باشقىلارنىڭ كۆزىگە ئاسان سىغمايدىكەن، شۇڭا كۈچۈمنىڭ يېتىشىچە ئىشلەۋاتىمەن. سىزچۇ، ياخشى تۇرۇۋاتامسىز؟

— ياخشى، ئاجرىشىپ كەتكىلى بىرقانچە يىل بولدى. ھازىر ئىككى قىزىم بىلەن بىللە تۇرۇۋاتىمەن.

ئىبادەت ماڭا ھەيرانلىق بىلەن قاراپ قويغاندىن كېيىن گۇناھكارلارچە بېشىنى ئەگدى.

— باشقىچە ئويلاپ قالماڭ، بۇ ئىش سىز بىلەن پۈتۈنلەي مۇناسىۋەتسىز. ئۇمۇ ھازىر باشقا ئايال بىلەن تۇرۇۋاتىدۇ. مەن سىزگە ئەزەلدىن ئۆچمەنلىك نەزىرى بىلەن قاراپ باقمىغان، ھازىرمۇ شۇ. مەن پەقەت سىزنىڭ قانداق تۇرغانلىقىڭىزغا كۆڭۈل بۆلىمەن. بىر ھېسابتا ئىككىمىز تۇرمۇشتا بەختسىزلىككە ئۇچرىغان، شۇڭا سىز بىلەن پاراڭلاشقۇم كەلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە قىزىڭىزنى ئويلىسامىلا سىزنىڭ قىسمەتلىرىڭىزگە ئىچىنىپ كېتىمەن. بەلكىم، بالا ئادىلنىڭ بولغاچقا، سىزگە شۇنداق كۆڭۈل بۆلىدىغاندىمەن ياكى مەلۇم سەۋەبلەر بىزنى يېقىنلاشتۇرغاندۇ. ئىشقىلىپ، سىزنى ئويلىسامىلا بىرقىسما بولۇپ قالىمەن. شۇڭا بۈگۈن سىزنىڭ مېنى يات كۆرمەسلىكىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن.

مەن ئۇنىڭ مۆلايىم كۆزلىرىدە لىغىرلاپ قالغان ياشنى كۆردۈم. ئۇ يېشىنى يېڭى بىلەن سۈرتۈۋېدى، ئۇنىڭ بۇ تۇرقى ماڭا شۇنداق ئوماق كۆرۈنۈپ كەتتى.

— سۆزلىسەم گەپ بەك ئۇزۇن، ئاچا، — دېدى ئۇ پەس

ئاۋازدا، — شۇ چاغدا سىز كەتكەندىن كېيىن ئاھايىتى ئۇزاق ئويلاندىم. مەن شۇ چاغدا ھەقىقەتەن يېگانە قالغانىدىم. ئېنىق قىلىش، نەگە بېرىشىمنىمۇ بىلمەيتتىم. بۇ ئەھۋالىمنى كۆرگەن خوجايىن ئايال ماڭا ئادىلىنىڭ ئۇستىدىن ئەرز قىلىشنى ئېيتتى. لېكىن مەن ئۇنداق قىلالمايتتىم. ئۇنىڭ سىزدەك بىر ياخشى ئايالى بار ئىدى. مەن ئۆزۈمنى دەپ، سىلەرنىڭ ئائىلەڭلەرنىڭ بۇزۇلۇشىنى خالىمىدىم. شۇنىڭ بىلەن ئىككى ھەپتىدىن كېيىن ئادىل بىلەن كۆرۈشتۇم، ئۇ بالىدىن تاندى. مەن ئۇنىڭغا ھېچنېمە دېمىدىم، چۈنكى ئۇ بالىنى ئېتىراپ قىلمىغان يەردە ھەرقانچە بېسىم قىلساممۇ بەربىر ئىدى. شۇڭا ھەممىنى ئۆزۈمدىن كۆرۈپ، تۇرمۇشۇمنى قايتىدىن باشلاش قارارىغا كەلدىم. دائىم مەن ئىشلەيدىغان پونكىتتىن ماشىنىسىغا ماي قاچىلايدىغان بىر شوپۇر بىلەن ئۇرۇمچىگە كەلدىم، ئۇ ماڭا بىرقانچە قېتىم تەلەپ قويغان بولسىمۇ ئۇنىمىغانىدىم. بۇ قېتىم ئامالسىز ھالدا ئۆزۈم ئۇنىڭغا ماڭا باشپاناھ بولۇشنى ئۆتۈندۇم. ئۇ دەرھال قوشۇلدى. كېيىنكى ئىشلارنى ئويلاشقا قۇربىم يەتمەيتتى. ماڭا شۇ چاغدا يۆلەك بولىدىغان بىر ئادەم بولسىلا بولاتتى، شۇڭا ئارتۇق ئىشلارنى ئويلىماي ئۇنىڭ ئىجارىگە ئالغان كىچىككىنە ئۆيىگە كېلىپ ئورۇنلاشتىم. ئۇ تولا سىرتلاردا يۈرەتتى، ماڭا يامان ئەمەس مۇئامىلە قىلاتتى، لېكىن ئۇنىڭ قىزىم زۆھرەگە تۇتقان مۇئامىلىسى ئانچە ياخشى بولمىدى. بەزىدە ئۇنىڭ زۆھرەگە قارىغان چاغدىكى چىرايىدىن زۆھرەدىن زېرىككىنىدەك بىر خىل ئىپادىنى كۆرۈپ قالاتتىم. شۇنداقتىمۇ، ئۇنىڭ ئىچىمگە يۇتۇپ گەپ قىلمايتتىم. كېيىن ئۇنىڭ زۆھرەگە بولغان قوپاللىقى تۈپەيلىدىن بىرقانچە قېتىم ئۇرۇشۇپ قالدۇق، شۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋىتىمىز ئانچە ياخشى بولماي قالدى. بىر قېتىم بىر ئىش بىلەن سىرتقا چىقىپ كېتىپ قايتىپ كېلىپلا، قىزىمنىڭ بەش بارماقنىڭ ئىزى چۈشكەن مەڭزىنى تۇتۇپ يىغلاپ ئولتۇرغىنىنى كۆرۈپ قورقۇپ

كەتتىم. مەن ئۇنىڭدىن نېمە بولغانلىقىنى سورىسام، مىڭ تەستە «دادام ئۇردى!» دېيەلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ بىلەن قاتتىق ئۇرۇشۇپ كەتتۇق، شۇ كۈنى ئۇ مېنى ئۆيدىن قوغلاپ چىقاردى. مەن قانداق خورلۇققا چىدىسام چىدايتتىمكىن، قىزىمنىڭ بوزەك قىلىنىشىغا ھەرگىز چىدىمايتتىم. شۇنىڭ بىلەن شۇ كېچىسى قىزىمنى باغرىمغا باسقىنىمچە نەگە بېرىشىمنى بىلمەي كوچىدا ئايلىنىپ يۈردۈم. قىزىم بەك قورقۇپ كەتكەن بولۇپ باغرىمغا مەھكەم چاپلىشىپ كەتكەنىدى. ئۆزۈمنىڭ مۇشۇ كۈنگە قېلىشىمنى يەنىلا ئۆزۈمدىن كۆرەتتىم. بەلكىم تۇرمۇشۇمدا ئادىل پەيدا بولمىغان بولسا ياكى ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالمىغان بولسام ۋە ياكى شۇ خاتالىققا يول قويمىغان بولسام مۇشۇ كۈنگە قالمىغان بولاتتىم، دەپ ئويلاپ ئۆزۈمدىن نەپرەتلەندىم. بىگۇناھ قىزىمغا ئېچىم ئاغرىدى. قىزىمغا قارىغانچە يىغامنى باسالمايتتىم. قىزىمنىڭ تەقدىرىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلالمايتتىم. ئەتە نەگە بېرىش، كىمدىن ياردەم سوراش، بۇ ناتونۇش شەھەردە قانداق قىلىپ قىزىمنىڭ قورسىقىنى تويغۇزۇش مېنىڭ ئالدىمدىكى بىردىنبىر چوڭ ئىش ئىدى. شۇڭا، تاڭ يورۇشى بىلەن بىر چوڭراق ئاشخانىغا كىرىپ ناشتىلىق يېگەچ، خىيالىمغا ئاشخانىدا ئىشلەش كېلىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن خوجايىندىن ئادەم كېرەك ياكى كېرەك ئەمەسلىكىنى سۈرۈشتە قىلدىم. ئۇلارغا ھەق ئالمىساممۇ بالام ئىككىمىزنىڭ قورسىقى تويسىلا بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپ يالۋۇردۇم. شۇنىڭ بىلەن خوجايىن مېنىڭ بىر مەزگىل ئىشلەپ بېقىشىمغا قوشۇلدى. ئۇ خېلى ئىنساپلىق ئادەم ئىكەن، ماڭا باشقىلاردىن تۆۋەنرەك بولسىمۇ ئىش ھەققى بېكىتىپ بەردى. مەن ھەر ھالدا ياتاق، تاماقنىڭ غېمىدىن قۇتۇلغىنىمغا خۇش ئىدىم. شۇڭا ئىشلارنى ھېچنېمىگە قارىماي جان - دىل بىلەن قىلدىم. بىر قانچە ئايدىن كېيىن خوجايىن مېنىڭ ئىش ھەققىمنى ئۆستۈرۈپ بەر-

دى. شۇنداق قىلىپ، شۇ يەردە بىر يىل ئىشلىدىم. كېيىن ئاشخانا ئورنى قۇرۇلۇشقا توغرا كېلىپ قالغانلىقى ئۈچۈن ئاشخانا ئىشتىن توختىدى. مەن ئىشداشلىرىمنىڭ ياردىمىدە بىر ئېغىز- لىق ئۆي ئىجارە ئالدىم. قىزىممۇ خېلى غەرەز ئوقۇپ قالغانىدى. شۇڭا، مەن ئۇنى ئۆي ئىگىسىگە قاراشقا بېرىپ ئىش تېپىپ ئىشلىدىم. مەيلى قۇرۇلۇش ئورۇنلىرى بولامدۇ ياكى پارچە ئىش بولامدۇ، ھەممىنى قىلدىم. مەن قىزىم ئۈچۈن پۇل تېپىشىم، ئۇنى باشقىلارنىڭ قولىغا قاراتماسلىقىم كېرەك، دەپلا ئويلايت- تىم. شۇڭا قىلمىغان ئىشىم قالمىدى. بىر قانچە تونۇش قىزلار مېنىڭ جاپا تارتىپ ئېغىر ئەمگەك قىلىۋاتقانلىقىمنى كۆرۈپ تانسىخانا دېگەن يەرلەردە ئىشلەشنى، ئۇنداق يەرلەردە ئىشلىسە پۇلى ياخشى ھەم جاپا تارتمايدىغانلىقىمنى ئېيتتىشتى، لېكىن مەن ئۇنىمىدىم. مېنىڭ ئۆتكۈزگەن خاتالىقىم ئۆزۈمگە يېتەرلىك ئى- دى. جاپا تارتسامۇ، پۇلنى ئاز تاپسامۇ ئۆزۈمنىڭ ھالال ئەم- گىكى بىلەن ياشاشنى ئۇنداق يەرلەردە خېنىم بولۇشتىن ئارتۇق كۆرەتتىم. كېيىن بۇرۇنقى ئاشخانا خوجايىنىمىز مېنى تورتخانىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدى. بۇ يەرنىڭ ئىشى يېنىك ھەم ئاياللارغا ماس كېلىدىكەن، شۇڭا قىزىقىپ ئۆگەندىم. ئەسلىي ئايرىم ئىش قىلاي دېگەن، لېكىن يىغقان پۇلۇم تايىنلىق بولغاچقا ھازىرغىچە خەققە ياللىنىپ ئىشلەۋاتىمەن، بۇ يەردە ئىشلىگىلىمۇ بىر يىلدىن ئاشتى. ئىشقىلىپ، بۇ جەرياندا تارتمىغان جاپايىم ئاز قالدى، ھەتتا بەزى چاغلاردا ئۆلۈۋالماقچىمۇ بولدۇم، بىراق قىزىم ئۈ- چۈن ياشىشىم، ئۇنىڭغا بىر ئۆمۈر دادا ھەم ئاپا بولۇپ ئۆتۈشۈم كېرەك ئىدى. شۇڭا تىرىشىپ ـ تىرمىشىپ تۇرمۇشنىڭ ھەلەك- چىلىكىدە يۈرۈۋاتىمەن.

مەن ئۇنىڭ گەپلىرىنى «جىمىمدە» ئولتۇرۇپ ئاڭلىدىم. شۇ تاپتا ئۇنىڭغا ئۆز سىڭلىمغا ئىچىم سىيرىلغاندەك بىر خىل ئازاب ئىچىدە كۆز چاناقلىرىمغا تولغان ياشنى تەستە تۇتۇپ تۇرۇ-

ۋاتاتتىم.

— كېيىن قايتا تۇرمۇشلۇق بولمىدىڭىزمۇ؟ — دېدىم مەن ئۇنىڭ هازىرقى ئەھۋالىنى بىلمەك بولۇپ.

— ياق، تۇرمۇشلۇق بولۇشنى ئويلاپمۇ باقمىدىم. ئاۋۋال قىزىمنى قاتارغا قوشۇۋالاي، ئاندىن بىر گەپ بولار، هازىرچە تۇرمۇشۇم يامان ئەمەس، تاپقان پۇلۇم بىلەن ئۇنى ئوقۇتۇپ تۇرمۇشىمىزنىڭ هۆددىسىدىن چىقالايدىكەنمەن. شۇڭا قايتا تۇرمۇشلۇق بولۇشنى ئويلاشنىمۇ خالىمايمەن.

— قارىسام، چىرايىڭىز باشقىچە تۇرىدۇ، سالامەتلىكىڭىزگىمۇ دىققەت قىلىڭ، — دېدىم ئۇنىڭ تاتىرىپ، پارقىراقلىقىنى يوقاتقان چىرايىغا قاراپ، — سالامەتلىك هەممىدىن مۇھىم. قىزىڭىز ئۈچۈن سىز ساق ـ سالامەت بولسىڭىزلا ئۇنىڭ ئەتىسى هەم كەلگۈسى بولىدۇ.

— رەھمەت سىزگە، — دېدى ئۇ يېشىنى سۈرتۈپ تۇرۇپ، — سىزنىڭ مەندىن نەپرەتلەنمىگەنلىكىڭىز ئۈچۈن مەن بەك خوشال. مەن سىزگە تېلېفون قىلغان ئىشىمدىن تا هازىرغىچە پۇشايمان قىلاتتىم. مانا بۈگۈن خېلى يەڭگىللەپ قالدىم.

— يۇرتقا قايتىپ دۇكان ئاچسىڭىزمۇ بولاتتىكەن، مۇشۇنداق هۈنىرىڭىز بولغاندىكەن، — دېدىم ئۇنىڭ بۇ يەردە يەككە ـ يېگانە يۈرۈشىدىن ئەندىشە قىلغاندەك.

— مەنمۇ ئويلىغان، كېيىنچە شۇنداق قىلارمەن.

بىز نۇرغۇن پاراڭلارنى قىلىشتۇق. مەن خۇددى سىڭلىمغا نەسىھەت قىلغاندەك ئۇنىڭغا نۇرغۇن نەسىھەتلەرنى قىلدىم، ئۇنى دادىل ياشاشقا ئۈندىدىم. خوشلىشىدىغان چاغدا ئۇ مېنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ «خوش!» دەپ قويدى. ئەتىسى مەن قەلبىنۇرنى ئېلىپ يولغا چىقتىم. يۇرتقا كېلىپ بىر كۈن ئارام ئېلىپلا ئىشقا چۈشتۇم. ئىشلار ئالدىراش بولغاچقا، ئىبادەت بىلەن خېلى ئۇ-

زۇنغىچە ئالاقىلاشمىدۇق. بىرنەچچە يىل ئۆتۈپ ئىلمىنۇرمۇ ئوقۇش پۈتتۈرۈپ قايتىپ كەلدى. مېنىڭ بىراقلا ھاردۇقۇم چىققاندەك يەڭگىللەپ قالدىم. لېكىن، پات - پات ئىبادەت ئېسىمگە كېلىپ قالاتتى. مەن ئۇنىڭغا خەت يېزىپ، ئۇنى قايتىپ كېلىپ دۇكان ئېچىشقا دەۋەت قىلدىم. بىرقانچە ئاي ئۆتۈپ ئىبادەتمۇ مېنىڭ تەكلىپىمگە قوشۇلدى. ئىلمىنۇرمۇ ئىبادەتكە ئامراق بولۇپ قالغان بولۇپ، ئۇنىڭ گېپى چىقسىلا ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتاتتى. مېنىڭ پىكرىمنى ئۇمۇ قوللاپ كەتتى. ئىبادەت قايتىپ كەلگەندە ئالدىغا چىقىپ قارشى ئالدۇق. ئۇ ھامىمىسى بىلەن كۆرۈشۈشنى خالىمىغاچقا، بىرقانچە كۈن بىزنىڭ ئۆيدە تۇرۇپ قالدى. بۇ جەرياندا ئىلمىنۇر ئۇنىڭ دۇكان ئىزدىشىگە ياردەم قىلدى. ئۇنىڭغا ھەم ئەرزان، ھەم ئازادە دۇكان ئاسانلا چىقىپ قالدى، ئۇ دۇكاننىڭ بىر تەرىپىنى توسۇپ ياتاق قىلدى. كېرەكلىك ئۈسكۈنىلەرنى ئۆزى ئەكەلگەچكە ئىككى ھەپتىگە قالماي دۇكاندا ئىش باشلىدى. ئۇنىڭ قىزى قەلبىنۇر بىلەن بىر مەكتەپكە ئورۇنلاشتى. شۇ چاغدىلا مەن نېمىشقىدۇر مۇھىم بىر ئىشنى تۈگەتكەندەك يېنىك تىنىدىم. نېمىلا بولمىسۇن، ئىبادەت سەرسانلىقتىن قۇتۇلغانىدى. بىر مەزگىلدىن كېيىن تۇغقانلىرى بىلەن تېپىشسا، ئۇنىڭ سۇنغان كۆڭلى خېلى تەسكىن تېپىپ قالاتتى. ئىبادەتنىڭ سودىسى بارغانچە يۈرۈشۈپ خېلى نامى چىقىپ قالدى. بىزمۇ پات - پات ئۇنىڭ دۇكىنىغا بېرىپ تورت يەپ كېلەتتۇق. مەن ئۇنىڭغا ھامىمىسى بىلەن ئەپلىشىپ قېلىشنى ئېيتاتتىم.

— يەكشەنبە كۈنى ھاممامنى ئىزدەپ بېرىپ باقاي، دەيمەن. بىللە بېرىشىپ بېرەمسىز؟ — دېدى ئۇ بىر كۈنى ماڭا، — مەن ئاخىر سىزنىڭ گېپىڭىزنىڭ توغرىلىقىنى ھېس قىلدىم. ئۆتكەن ئىشلارنى بىراقلا ئۇنتۇپ كېتەي دەيمەن. نېمىلا بولمىسۇن، ئۇلار مېنى بېقىپ قاتارغا قوشقان. ھاممام

ياشىنىپ قالدى، يوقلاپ تۇراي دەيمەن.

— بەك ياخشى ئويلاپسىز، — دېدىم خۇشال بولۇپ، — ئۇنداقتا يەكشەنبە كۈنى بىزنىڭ ئۆيگە بېرىڭ، شۇ يەردىن بارايلى!

ئىككىمىز دېيىشكەن كۈنى ئىبادەتنىڭ ھامىسىنىڭ ئۆيىگە باردۇق. ھامىسى ئۇنى كۆرۈپلا تونۇدى ھەم بىرھازا كۆز يېشى قىلدى. بىز ئۇ يەردە چۈشكىچە مېھمان بولدۇق، چۈشتىن كېيىن موماي باللىرىنى چاقىرىپ كەلدى. ئىبادەتنىڭ نەۋرە تۇغقانلىرىمۇ ئۇنىڭ بىلەن ناھايىتى قىزغىن كۆرۈشتى. ئىبادەتنىڭ چىرايىدىكى خۇشاللىقنى كۆرۈپ، مەنمۇ بۇ ئۇچرىشىشتىن خۇشال بولدۇم. ئەمدى ئىبادەت يالغۇز ئەمەس ئىدى. ئۇ يەردىن كۆڭلۈم خاتىرجەم ھالدا قايتىپ كەلدىم. شۇ كۈنلەردە ئادىلنىڭ ئەملى ئۆسۈپ، شەھەرلىك سىياسىي قانۇن كومىتېتىغا باشلىق بولغانىدى، شۇڭا ئۇنى تولا ئۇچرىتىپ كەتمەيتتىم. ئۇنىڭ يېشى چوڭايغانچە بىر ئىشلارنى ئويلاپ قالغانمۇ ياكى باللارنى سېغىنىدىغان بولۇپ قالغانمۇ، پات - پات باللارنى كۆرگىلى كېلەتتى. بەزىدە ئىككى قىزىنى ئاپىرىپ مېھمان قىلاتتى. مەنمۇ باللارنىڭ دادىسىنى ئۆچ كۆرۈشىنى خالىمايتتىم، شۇڭا ئامال بار دادا - بالا ئۇچەيلەننىڭ كۆپرەك بىللە بولۇشىنى ئۈمىد قىلاتتىم، لېكىن ئىلمىنۇر دادىسىنى ئۆچ كۆرەتتى، ھەر قېتىم بىر ئىشلارنى باھانە قىلىپ تەستە باراتتى. ئۇنىڭ ھەر قېتىم ماھىبەر بىلەن بىللە ئۇچراپ قالغان چاغلىرىدىكى كۆرەڭلىك بىلەن قاراشلىرى جېنىمغا تېگەتتى. ئۇنىڭ كۆز جىيەكلىرىگە چۈشكەن يول - يول قورۇقلاردىن، چىرايىدىكى ھارغىنلىقتىن تېخىچە ئەيش - ئىشرەت ئىچىدە يۇرۇۋاتقانلىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇنىڭ بەزى چاغلاردا ماڭا قارىغان چاغدىكى كۆزلىرىدىن بىر خىل شەھۋەت ئوتىنى كۆرگەندەك بولاتتىم. ئىشقىلىپ، ئۇنى مىڭ قېتىم يۇيۇپ چايقىسىمۇ ئىلگىرىكى ئادىلنىڭ ئەكسىنى تېپىش مۇمكىن

ئەمەس ئىدى. شۇڭا مەنمۇ ئۇنىڭ ئالدىدا ئەمتىرنەتتىم يېتىملا بولمىسۇن، مېنى جەمئىيەتتە نۇرغۇن كىشىلەر ھۆرمەتلەيتتى، «ياخشى ئايال» دەپ تەرىپلەيتتى. يولدىن ئۆتكەن چاغلىرىمدا باشقىلارنىڭ ھۆرمەت نەزىرى بىلەن قارىغىنىنى كۆرسەم، ئۆزۈمدىن پەخىرلىنىپ كېتەتتىم. ماڭا مۇشۇنىڭ ئۆزى يېتەرلىك ئىدى. ئىلگىرى خاپىلىق تارتقان كۈنلىرىمدە ھەممە نەرسە ماڭا مەنىسىز بىلىنەتتى. ھازىر بولسا ھەممە نەرسە شۇنداق گۈزەل ھەم سۆيۈملۈك بىلىنەتتى. شۇڭا بىكار قالغان چاغلىرىمنىمۇ بوش ئۆتكۈزۈۋەتكۈم كەلمەيدىغان بولۇپ قالغانىدىم. خىزمەت ۋاقتىدا ياكى ئۆيدە بىكار بولسامىلا ھەر خىل ماتېرىياللارنى كۆرەتتىم، ئۆگىنەتتىم. بارغانچە ئۆزۈمنى مۇكەممەللىشتۈرۈشكە ھەرىكەت قىلاتتىم. ئىدارە مېنىڭ تىرىشچانلىقىمنى كۆزدە تۇتۇپ مېنى ئىشخانا مۇدىرلىق ۋەزىپىسىگە تەيىنلىدى. ئەمدى ئىشلار بۇرۇنقىدىن ئالدىراش بولۇپ كەتكەچكە، ئىبادەت بىلەن كۆرۈشىدىغان چاغلىرىممۇ ئازلاپ كەتكەنىدى. ئىشخانا مۇدىرى بولۇپ ئۇزاق بولمايلا مەن ئۇرۇمچىگە ئۈچ ئايلىق تەربىيىلەش كۇرسىغا كەلدىم. ئۆيدە ئىلمىنۇر بولغاچقا بۇ يەردە ھەممە ئىشتىن خاتىرجەم ئىدىم. كۇرس تۈگەشكە ئازلا قالغان بىر كۈنى دادامدىن ماڭا جىددىي تېلېفون كېلىپ قالدى.

— قاچانراق كېلەرسەن، قىزىم؟ — دېدى دادام بىر ئىشقا ئالدىراۋاتقاندەك، — ئاپاڭنىڭ قازاقىستاندىكى ئاچىسى كەلگۈدەك. ئۇلارنىڭ تېلېگراممىسىدا دېيىشىچە، ھەممە رەسمىيەتلىرى پۈتۈپ قاپتۇ. ئۆزۈڭ بىلىسەن، ئاپاڭ ئاچىسى بىلەن ئالتە ياش چېغىدىلا ئايرىلىپ كېتىپتىكەن. ئۇلارنىڭ كېلىدىغان گېپىنى ئاڭلاپ ئولتۇرالمايلا قالدى. ئۇ: «سېنى كەلسە ياخشى بولاتتى!» دەپلا ئولتۇرىدۇ. باشقا باللارنىڭ قولى بىر ئىشلارغا ئەپلىك ئەمەس، شۇڭا مەنمۇ سەن بولمىساڭ بولمايدىغاندەك ھېس قىلىپ قالدىم.

— يەنە بىر ھەپتە ۋاقىت بار تېخى، بولمىسا سىز ئۇلارنىڭ كېلىدىغان كونكرېت ۋاقتىنى بىلىپ ماڭا تېلېفون قىلىڭ، مەن رۇخسەت سوراپ بولسىمۇ باراي. ئاپام بەلكىم جىددىيلىشىپ كەتتى. قالغان ئىشلارنى مەن بارغاندا قىلساقمۇ ئۈلگۈرىمىز، — دېدىم دادامنى خاتىرجەم قىلىپ.

شۇ كۈندىن باشلاپ مەنمۇ نېمىشقىدۇر جىددىيلىشىپ قال- دىم. ئىلگىرى مەن ئاپامدىن ئاچىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلىغان ئى- دىم. چوڭ دادام رەھمەتلىكنىڭ بالىلىرى كۆپ، تۇرمۇشى قى- يىن بولغاچقا، ھاممام تۇغۇلغاندا ئۇنى بىر يېقىن تۇغقىنىغا بېرىۋەتكەنىكەن. ئۇلار ھاممام ئالتە ياشقا كىرگەن چاغدا غۇلجىغا كۆچۈپ كېتىپتۇ. بىر مەزگىلدىن كېيىن ئۇلار قازاقىستانغا چىقىپ كەتكەنىكەن. ئاپامىمۇ ئۇلارنىڭ قازاقىستانغا چىقىپ كەت- كىنىنى ئاڭلىغىلى خېلى يىللار بولغانىكەن. بىرقانچە يىل ئىل- گىرى ھامماملار سۈرۈشتە قىلىپ يۈرۈپ ئاپاملارنىڭ ئادرېسىنى تاپقان ھەم ئۇلارغا خەت يازغانىكەن. شۇنىڭدىن كېيىن ئاپام ئاچىسىنىڭ ھايات ئىكەنلىكىنى بىلىپ بىرقانچە كۈن كۆز يېشى قىلغانىدى. دائىم ئۆلۈپ كېتىشتىن ئىلگىرى «ئاچام بىلەن كۆرۈشۈۋالسام بولاتتى» دەپ ئارزۇ قىلاتتى. مانا ئەمدى ھاممام راستتىنلا كەلگىلىۋاتقاندا پۈتۈن جەمەت جىددىيلەشمەي قالمايت- تى. بىر ھەپتىدىن كېيىن، مەن دادامدىن ئۇلارنىڭ كېيىنكى ھەپتە يولغا چىقىدىغانلىقىنى ئاڭلاپلا دەرھال يۇرتقا قايتىپ كەل- دىم. ئاپام قويغان - تۇتقىنىنى بىلمەيلا قالغانىدى. بىز ھاممام- لارنى كۈتۈۋېلىش تەييارلىقىنى باشلىۋەتتۇق، ئەڭ ئاۋۋال ئۆي- لەرنى تازىلاپ، يوتقان - كۆرپىلەرنى يۇيۇپ ئاپتاپقا سالدۇق، ئاندىن ھەر خىل تاتلىق - تۈرۈملەرنى ئاپامنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە تەييارلىدۇق، توي بولىدىغاندەك نەچچە پەتنۇس ساڭزا سالدۇق، بارلىق تەييارلىقلار پۈتۈپ بولغاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ كېلىدىغان ۋاقتىنى سائەتلەپ كۈتۈشكە باشلىدۇق. ئاپام ئاچىسى

بىلەن ئىككىمىزنىڭ قاچانلاردىدۇر چۈشكەن رەڭسىز ئىككى سۇغۇ-
لۇق رەسىمگە قاراپ كۆڭلۈمنىڭ تېزرەك كەچ بولۇشىنى ئاقىۋەتسىز-
لىك بىلەن كۈتەتتى، بىز شۇنداق كۈتۈپ ئۇلارنىڭ كېلىشىدىغان
ۋاقتى ئاخىرى توشتى. ئايرودرومغا ئىككى سائەت بۇرۇن كەل-
دۇق. ئاپام ئاچىسىنىڭ تەقى - تۇرقىنى بىلمىگەچكە، بىز
كىچىككىنە تاختاي ياساپ ئۇنىڭغا ئاپامنىڭ ئىسمىنى ھەم هاماما-
نىڭ ئىسمىنى يازدۇق. ئايروپىلان قونۇش سۇپىسىغا كىرمەي
تۇرۇپلا ئاپام كۆز يېشى قىلىشقا باشلىدى. بىز ھەممىمىز چەت
ئەللىك ھامممىزنىڭ قايسى ئىكەنلىكىنى بىلىش ئۈچۈن بويۇن-
داپ قارايتتۇق. ئايروپىلان قونۇپ يولۇچىلار زالغا كىرىشكە
باشلىغاندا مەنمۇ جىددىيلىشىشكە باشلىدىم. «ھامامىنى ئاپامغا
ئوخشايدۇ» دەپ پەرەز قىلغاچقا، يېشى چوڭراق ئايال چىقسا
قاراپ كۆزلىرىم تېلىپ كېتەتتى. ئاخىرى ياشانغان بولسىمۇ،
تېتىك كۆرۈنىدىغان، چىرايى راستىنلا ئاپامغا ئوخشىشىدىغان
بىر ئايال ھەم ئۈچ ئەرگە كۆزۈم چۈشتى - دە، يۈرىكىم سىيلىپ
كەتتى.
— قاراڭلار، ئاۋۇ كېلىۋاتقانلار شۇمىكىن؟ — دېدىم مەن
باشقىلارغا. ھەممەيلەن مەن كۆرسەتكەن تەرەپكە قاراشتى. كېلى-
ۋاتقانلارمۇ ئۇيان - بۇيان بويۇنداپ قارىغاندىن كېيىن بىر -
بىرىگە بىز تۇرغان تەرەپنى شەرەتلىشىپ ئۇدۇل بىز تەرەپكە
كېلىشتى. دەل شۇ چاغدا ئاپامنىڭ يۈرىكى ئۆز قېرىندىشىنىڭ
شەپىسىنى سېزىپ ئۇلگۈردى. ئاپامنىڭ «ئاچا!» دېگەن ئاۋازى
بىلەن ئىككىسى بىر - بىرىنىڭ باغرىغا تاشلاندى... ئۇلارنى مىڭ
تەستە بىر - بىرىدىن ئاجراتتۇق. تۇغقانلار تونۇشتۇرۇلۇپ قۇ-
چاقلىشىپ كۆرۈشكەندىن كېيىن ئۆيگە ماڭدۇق. ئۆيدە باشقا
تۇغقانلار بىزنىڭ يولىمىزغا قاراپ تۇرغاچقا، مەن ئۇلارغا تىلې-
فون قىلىۋەتتىم. بىز كەلگەندە ھەممىسى ھويلىغا چىقىپ تۇرغا-
نىكەن، ئاپام تۇغقانلارنىڭ ھەممىسىنى بىر - بىرلەپ تونۇشتۇ-

رۇپ چىققاندىن كېيىن، مېھمانلارنى ئۆيگە باشلاپ داستىخان
سالدۇق. ئايالىلار قازان بېشىغا مەسئۇل بولسا، ئەرلەر مېھمانلار-
غا ئاتالغان قويلارنى سويۇشقا تۇتۇندى. بىردەمدىلا داستىخان
نازۇ - نېمەتلەرگە توشۇپ كەتتى. بىز قىلىدىغان ئىش قالمىغاند-
دىلا، مېھمانخانا ئۆيگە كىرىپ ئۇلار بىلەن بىللە ئولتۇردۇق.
— يۇرتۇمنى، تۇغقانلىرىمنى قانچىلىك سېغىنغانلىقىمنى
تىل بىلەن ئىپادىلەپ بېرەلمەيمەن، — دېدى ھامىمام كۆز يېشى
قىلىپ، — ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرىغىچە تۇغقانلىرىم بىلەن دىدار
كۆرۈشسەم دەيدىغان ئارزۇيۇم بار ئىدى. خۇدايىم مانا بۇگۈن
بۇ ئارزۇيۇمغا يەتكۈزۈپ، ھەرقايسىلىرى بىلەن بىر داستىخاندا
ئولتۇرۇپ غىزالىنىۋاتىمەن. بۇنىڭدىن قانچىلىك خۇش بولغى-
نىمنى دەپ بېرەلمەيمەن. ھەرقايسىلىرىنىڭ مېنى مۇشۇنداق
قارشى ئېلىشقانلىرىغا كۆپتىن - كۆپ رەھمەت!
— ئۇنداق دېمەڭ، ئاچا، — دېدى ئاپام كۆز ياشلىرىنى
سۈرتۈپ، — ھېلىمۇ پېشانىمىزگە كۆرۈشۈش پۈتۈلۈپتىكەن.
بولمىسا، قېرىنداشلار ئارماندا كېتەركەنمىز. مېنىڭ كېچە -
كۈندۈز ئويلايدىغىنىممۇ مۇشۇ كۆرۈشۈش ئىدى. ھەر ھالدا
ئاللاغا مىڭ شۈكرى دەيلى.
تۇغقانلار ئۇزاق تەكەللۇپلاردىن كېيىن خېلى ئېچىلىپ ئول-
تۇرۇشتى. كەچتە يېقىن ئەتراپتىكى تۇغقانلار قايتىپ كېتىشكەن-
دىن كېيىن، مەن قازان - قومۇچلارنى يىغىشتۇرۇپ بولۇپ،
ئۆيگە كەتكۈم كەلمەي ئىلمىنۇرنىمۇ چاقىرتىپ ئەكېلىپ چوڭ
ئۆيدە قونۇپ قالدۇق. ھامىمام ناھايىتى ئوچۇق مىجەزلىك ئايال
بولغاچقا تېزلا ئۆزلىشىپ كەتتۇق. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ قازاقىس-
تانغا چىققاندىن كېيىنكى ئېغىر كۈنلىرىدىن تارتىپ ھازىرقى
باياشاتلىققىچە بولغان ئىشلارنى سۆزلەپ بەردى. ئاپامۇ ئۆلۈپ
كەتكەن تۇغقانلاردىن تارتىپ كۆرۈشكەنگە قەدەر نۇرغۇن - نۇر-
غۇن ئىشلارنى سۆزلەپ يېرىم كېچىنى قىلغاندىن كېيىن ئاندىن

www.uyghurkitap.com

ئۇخلىدۇق. ئەتىسىدىن باشلاپ ئۆيدە يەنىلا مېھمان ئۈزۈلمىدى. ئۈچ كۈندىن كېيىن چوڭ داداملارغا ئاتاپ چوڭ نەزىر قىلدۇق. نەزىرنىڭ جامائەتلىرى تارقاپ ئىشلار بېسىققاندىن كېيىن، ئاپام مېنى ھامام بار ئۆيگە چاقىرتتى.

— ھاماڭنىڭ بۇ يەرگە كېلىشىدە تۇغقانلارنى يوقلاشتىن باشقا يەنە بىر چوڭ ئىشى بار ئىكەن، قىزىم، — دېدى ئاپام مېنى ھامامنىڭ يېنىغا باشلاپ، — بۇ ئىشتا سەن بەكرەك كۈچەپ بەرمىسەڭ بولمىغۇدەك.

— نېمە ئىش بولسا دېسىلە، ھاما، — دېدىم ئەدەپ بىلەن.

— مۇنداق ئىش ئىدى، قىزىم، — دېدى ھامام ئاپئاق ياغلىقىنى سەل كەينىگە قايرىپ قويۇپ، — بۇ ناھايىتى ئۇزۇن بولغان ئىش. شۇ تاپتا يېشىم يەتمىشكە باراي دېدى. بۇ ئىش مېنىڭ خىيالىمدىن بىر مىنۇتمۇ چىقىپ باققىنى يوق. جۇدالىقنىڭ دەردى يۈرىكىمنى لەختە ـ لەختە قان قىلىۋەتتى. ئاۋۋال تۇغقانلىرىمدىن، ئاندىن پەرزەنتىمدىن ئايرىلىپ قالدىم. يىراقتا بولسىمۇ ئۆزىمىزنى بىر ئامالللار بىلەن گوللەپ ئۆتمىدىغان گەپلەن. شۇ تاپتا قىزىمنىڭ مۇشۇ يەردىلىكىنى ئويلىساملا ئىچىمدىكى سېغىنىش ئوتى ھەسسىلەپ ئاشىدۇ. قىزىم يېنىمدىلا پەيدا بولۇپ قالىدىغاندەك ئۈمىدلىنىپ كېتىمەن. بالام، مېنىڭ مۇشۇ ئارزۇيۇمغا يېتىشىمگە ياردەم قىلىڭ. بۇ ئىشنى سىز قىلالايسىز. بىز بولساق يات ئەللەردە قېرىدۇق. جاھان ئۆزگىرىپ تۇرغۇن يېڭىلىقلار بولدى. بۇ يەردىكى ئىشلارنى سىز بىزگە قارىغاندا بەكرەك بىلىسىز. ئاشۇ قىزىمنى بىر كۆرۈۋېلىپ ئۆلۈپ كەتسەممۇ ئارمىنىم يوق ئىدى.

ھامام ئۆزىنى تۇتالماي يىغلاپ كەتتى. مەن ھامامنىڭ ماڭا دەيدىغان خېلى ئۇزۇن بىر ھېكايىسى بارلىقىنى پەملىدىم، بىر ئانا بولۇش سۈپىتىم بىلەن ئۇنىڭ شۇ چاغدىكى ھېسسىياتىنى تامامەن چۈشىنىپ يەتكەندىم. ئاپام ئىككىمىز ھامامغا تەسەللى

بىرىپ ئۇنى يىغىدىن توختاتتۇق. ھامام كۆز ياشلىرىنى يىپەك ياغلىقىنىڭ ئۇچى بىلەن سۈرتۈۋېتىپ گېپىنى باشلىدى:

— سىلەرگە بۇ ئىشلارنى يەنىلا باشتىن سۆزلەپ بېرىشىمگە توغرا كېلىدۇ. بۇ ئىش مەن ئۈچۈن شۇنچىلىك مۇھىم. ئەينى يىللاردا مەن بېقىۋېلىشقا بېرىلگەندىن كېيىن بېقىۋالغان ئاتا - ئانام مېنى ناھايىتى ئەتىۋارلىدى. ئۇلارنىڭ قىزى بولمىغاچقا، ئۇلار ماڭا ئۆز بالىلىرىدىن بەكرەك كۆيەتتى. كېيىن بىز دادام-نىڭ بىر تونۇشىنىڭ قىزىتىشى بىلەن غۇلجىغا كېتىپتىكەنمىز. مەن ئۇ يەردە خېلى ئۇزۇن تۇردۇم. مەن ئون ياشقا كىرگەن يىلى باققان ئانام كېسەل بىلەن ئۆلۈپ كەتتى. مەن ئىككى ئىنىم بىلەن دادامغا قالدۇق. تۇرمۇشىمىز ئەسلىدىلا نامرات بولغاچقا، دادام بىزنى بېقىشتا خېلى قىينالدى. كېيىن ئۇ بىر ئايال بىلەن توي قىلدى. دەسلەپ ئۆگەي ئاپىمىز بىزگە خېلى ياخشى قارىغان بولسىمۇ، كېيىن ئۇ يوق ئىشلارغا بىزنى تىللايدىغان ھەم ئۇرىدى-غان، ئېغىر ئىشلارغا سالىدىغان بولدى. دادام تولا چاغلاردا سىرتلاردا ئىشلەمچىلىك قىلغاچقا بۇ ئىشلاردىن بىخەۋەر ئىدى. بىزمۇ ئۆگەي ئاپىمىزدىن قورقۇپ دادامغا بىرنەرسە دېيىشكە پېتىنالمايتتۇق. شۇنداق قىلىپ، بىز ئۇرۇلۇپ - سوقۇلۇپ دېگۈدەك قىلىپ چوڭ بولدۇق. مەن دەل ئون يەتتە ياشقا كىرگەن يىلى ئۆگەي ئاپام دادامنىڭ قۇلىقىنى تولغاپ يۈرۈپ مېنى ئۆز-نىڭ بىردىنبىر تۇغقىنى بولغان ئىنىسىغا ياتلىق قىلدى. ئۇ كىشى مەندىن ئون نەچچە ياش چوڭ ئىدى، ھۇرۇن ھەم ھاراققا ئامراق بولغاچقا تېخىچە توي قىلمىغان ئىكەندۇق. توي بولغاندىن كېيىن، ئۇ مېنى كىچىك دېدىمۇ ياكى باشقا سەۋەبتىنمۇ ماڭا خېلى كۆيۈندى. گەرچە كۆپ پۇل تېپىپ كېلەلمىسىمۇ ھەر ھالدا ئۆينىڭ ھۆددىسىدىن چىقىپ كەلدى. لېكىن بىر كۈن ئىشلىسە، ئىككى كۈن مەست بولۇۋېلىپ جاپا سالاتتى. مەن پېشانەمگە پۈتۈلگىنى مۇشۇ ئوخشايدۇ، دەپ شۈكۈر دەيتتىم. كېيىن مەن

ئېغىر ئاياغ بولۇپ بىر قىز تۇغدۇم. بۇ چاغدا ئىبرىم خېلىلا تۈزىلىپ كەتتى. ئۇ بالىغا ئامراق ئىدى. بالا ساق يەتتە ئايلىق بولغاندا جاھان قالايمىقانلىشىپ جان باقماقمۇ تەسكە توختاشقا باشلىدى. دادامىلارمۇ تۆت جان ئادەم ئاران ـ ئاران كۈن ئېلىۋاتاتتى. كىشىلەر ئارىسىدا نەدىدۇر ئۇرۇش بولۇۋاتقانلىقى، بۇ ئۇرۇشنىڭ يۇرتىمىزغىمۇ كېلىش ئېھتىماللىقى بارلىقىنى ئاڭلاپ ئەندىشىگە چۆكۈپ كېتەتتۇق. ھەركىم ئۆز غېمى بىلەن يۈرەتتى. كېيىن بىز كىشىلەردىن چېگرا ئېچىلىپ نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ كېتىۋاتقانلىقى، ئۇ يەرگە چىققانلارنى شۇ جايدىكى ھۆكۈمەت مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇپ قويىدىغانلىقى، چىققانلارنىڭ كۈنىنىڭ ناھايىتى ياخشى ئۆتۈۋاتقانلىقى توغرىسىدىكى مىش ـ مىش پاراڭلارنى ئاڭلايدىغان بولدۇق. بىر كۈنى دادام بىزنى چاقىرىپ چېگرىدىن چىقىپ كېتىش توغرىسىدىكى ئويلىغانلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ بىزگە مەسلىھەت سالدى. بۇ مەسلىھەتكە ئۆيدىكى ھەممەيلەن قوشۇلدى. بىزمۇ چىقىپ كەتسەكلا بۇ ئېغىر كۈنلەردىن قۇتۇلىدىغاندەك، چېگرانىڭ ئۇ تەرىپىدە گۈزەل بىر ماكان بىزنى كۈتۈۋاتقاندەك ئىچىمىزگە ئوت كىرىپ كەتتى. بىز دېيىشكەن كۈنى ئائىلە بويىچە جەم بولۇپ، لازىملىق نەرسىلەرنى ئېلىپ چېگرا تەرەپكە ماڭدۇق. يېقىنلاشقانچە بۇ يەردىكى ئادەملەر توپىدىن ھەيران قالدىم، كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئالدىراش ئىدى. بەزى ياشانغانلار ھارۋىلارغا چىقىۋېلىشقانىدى. بىزمۇ ئادەملەر توپىغا قوشۇلۇپ چېگرا ئېغىزىغا يېقىنلاشتۇق. بىردىنلا ئالدى تەرەپتە پاتىپاراقچىلىق بولۇپ كەتتى. بىز نېمە ئىشلىقىنى بىلىشكە ئۈلگۈرمەيلا كىشىلەرنىڭ «چېگرا تاقالغۇدەك، تېز بولايلى! تېز ماڭ، بولە چاققان!» دېگەندەك ۋارقىراشلىرىدىن ئالدىراپ قالدۇق. دادام بىلەن ئۆگەي ئاپامنى ئىككى ئىنىمغا تاپشۇرۇپ، مەن ئىبرىم بىلەن بالىنى ئېلىپ ئۇلارنىڭ كەينىدىنلا سوڭدىشىپ ماڭدۇق.

لېكىن، بىر ـ ئىككى قەدەم ماڭمايلا كىشىلەر توپى ئارقىمىزدىن
ئىتتىرىپ يەرگىمۇ دەسسىيەلمەي قالدۇق. ئېرىم ئىگىمىز بولغاچ-
قا، بالىنى ئۇ كۆتۈرۈۋالغانىدى. كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە ئېرىم
ئىككىمىزنى بىر توپ كىشىلەر ئىتتىرىپ ئايرىۋەتتى. مەن قى-
زىمنىڭ يىغلىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ تۇراتتىم. ئېرىمنىڭ ئىسمىنى
توختىماي چاقىراتتىم. لېكىن، بۇ يەردە قۇلاققا ئۈن كىرىش
مۇمكىن ئەمەس ئىدى. مەن قانداقلارچە چېگرىدىن ئۆتۈپ كەت-
كەنلىكىمنى بىلمەي قالدىم. چېگرىدىن ئۆتۈۋالغان كىشىلەر ئۆز
تۇغقانلىرىنى ئىزدەشكە باشلىغانىدى. مەن بالام ۋە ئېرىمنى ئىز-
دەيتتىم، قىزىمنىڭ يىغا ئاۋازى قۇلاق تۈۋىمدە جاراڭلايتتى. بىر
چاغدا مېنىڭ يېنىمغا ئۆگەي ئاپام، ئىككى ئىنىم ۋە دادام كەل-
دى. ئۇلارمۇ كىشىلەر توپىدىن ئىزدەشكە باشلىدى. مەن نېمە
قىلىشنى بىلمىگەن ھالدا ئۇيان ـ بۇيان يۈگۈرەيتتىم. دادام مىڭ
تەستە مېنى پەسكويغا چۈشۈردى. تارتىشقىنىمغا ئۇنىماي باشقى-
لارغا ئەگىشىپ يۈرۈپ كەتتۇق. ئەتراپىمىزدىكى كىشىلەر چېگ-
رىنىڭ تاقىلىپ نۇرغۇن كىشىلەر ئۆتەلمەي قالغانلىقىنى دېيىش-
مەكتە، تۇغقانلىرىدىن ئايرىلىپ قالغان نۇرغۇن كىشىلەر ئاھۇ
زار قىلىشماقتا ئىدى. مەن شۇ چاغدىلا بۇ يولغا ماڭغىنىمغا
پۇشايمان قىلدىم. كېيىن بىز ئۇ يەر ـ بۇ يەردە ئىشلەمچىلىك
قىلدۇق. بۇ يەردىمۇ كىشىلەرنىڭ كۈنى ئۇنچە ياخشى ئەمەس
ئىكەن، قالايمىقانچىلىق يامراپ كەتكەنىكەن. بىز ياشاش ئۈچۈن
ھەممە ئىشنى قىلدۇق. كېيىن قازاقىستانغا بېرىپ ئۇ يەردە
ئىشلەمچى بولدۇق. چوڭ ئىنىم بىر سودىگەرگە ياللىنىپ ئىش-
لەپ سودىنىڭ ئېپىنى بىلىۋالغاندىن كېيىن ئايرىلىپ چىقتى،
بىز پۇللىرىمىزنى يىغىپ ئۇنىڭغا مەبلەغ قىلىپ بەردۇق.
بىر ـ ئىككى يىلغا قالماي ئۇنىڭ ئىشلىرى يۈرۈشۈپ قورۇ ـ
جاي سېتىۋالغۇدەك ھالغا كەلدۇق. كىچىك ئىنىممۇ ئاكىسىغا
ئەگەشتى. مەن بىر خوجايىنغا ئىشلەمچى بولدۇم. يىللار

كەينى ـ كەينىدىن ئۆتۈپ كەتتى، كۆڭلىمىزمۇ ياخشىلاندى. بۇ چاغدا دادام مېنى خېلى پۇللۇق بىر سودىگەرگە نىكاھلاپ قويدى. شۇ كۈنلەردىمۇ بالامنىڭ يىغا ئاۋازى قۇلاق تۈۋىمدىن كەتمىدى. دادام ۋە ئۆگەي ئاپام ئارقا ـ ئارقىدىن قازا قىلىپ هازىدار بولۇپ قالدۇق. كېيىن چېگرا ئېچىلدى، ئىنىلىرىم بىرقانچە قېتىم غۇلجىغا بېرىپ ئېرىمنىڭ دېرىكىنى قىلغان بولسىمۇ هېچقانداق خەۋەرگە ئېرىشەلمەي قايتىپ كەلدى. ئىككى يىل ئىلگىرى چوڭ ئىنىمنىڭ غۇلجىدىكى بىر سودىگەر دوستى ئۇنىڭغا ئېرىمنىڭ خەۋىرى يېزىلغان بىر پارچە خەت ئەۋەتىپتۇ. خەتتە دېيىلىشىچە، ئېرىم شۇ قېتىم چېگرىدىن ئۆتەلمەي قېلىپ قايتىپ كەلگەن، بالا تېخى كىچىك بولغاچقا مەھەللىمىزدىكى كىچىك بالىسى بار گۈلسۈمخان ئىسىملىك بىر ئايالغا بالىنى بېقىپ بېرىشكە بەر-گەن، ئۆزى بولسا بىر كومۇركاندا ئىشلىگەن، بالا ئىككى ياشقا كىرگەندە ئۇ كان هادىسىسىدە قازا قىلغان، شۇنىڭ بىلەن بالا گۈلسۈمخاننىڭ قولىدا قالغان. كېيىن گۈلسۈمخان ئىسىملىك بۇ ئايال بالىنى يەنە بىر تۇغقىنىغا بېرىپ ئۆزى قەشقەرگە ياتلىق بولۇپ كەتكەنىكەن. بىز بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ دەرھال ئىنىمنى ئەۋەتتۇق. ئۇ بىر ئايدەك ئىزدەپ هېچكىمنى تاپالماي قايتىپ باردى، لېكىن مەن يەنىلا ئىزدەشتىن ۋاز كەچمىدىم. ئىككى ئاي ئىلگىرى ئىنىمنىڭ هېلىقى دوستى گۈلسۈمخان دېگەن ئايال-نىڭ قەشقەر مارالبېشىنىڭ بىر يېزىسىدا ئىكەنلىكى توغرىسىدا خەت يېزىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن بىز تۇغقانلارنى يوقلاش هەم يوقال-غان قىزىمنى ئىزدەشنى مەقسەت قىلىپ بۇ يەرگە كەلدۇق. مەيلى قانچىلىك پۇل كېتىشتىن قەتئىينەزەر، مەن شۇ بالامنى بىر قېتىم بولسىمۇ كۆرۈۋېلىپ ئاندىن ئۆلۈپ كەتسەممۇ رازى ئىدىم. ماڭا مۇشۇ ئىشتا ياردەم قىلىڭ، جېنىم بالام!

هاممام توختىماي يىغلايتتى. مەن ئۇنىڭ ماڭا ئۈمىد بىلەن تىكىلگەن كۆزلىرىگە قاراپ بۇ ئىش هەرقانچە قىيىن بولسىمۇ

ئۇرۇنۇپ باققۇم كەلدى. مەن ھامامنى قايتا ـ قايتا خاتىرجەم
قىلدىم. ھامام مۇناسىۋەتلىك كىشىلەرنىڭ ئىسمى ۋە ئادرېسلى-
رى يېزىلغان بىر قەغەزنى جىلىتكىسىنىڭ يانچۇقىدىن ئاۋايلاپ
ئېلىپ قولۇمغا تۇتقۇزدى. بىرقانچە كۈن ئۆتۈپ بۇ ئىشنى ئىدارە
باشلىقىمىزغا دېۋىدىم، ئۇ ماڭا ئۆزىنىڭ غۇلجا شەھەرلىك جاما-
ئەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بىلەن ساۋاقداش ئىكەن-
لىكىنى ئېيتىپ ئۇنىڭ بىلەن ئالاقىلىشىپ بەردى ھەم نۇرغۇن
ئىشلارنى ئۇنىڭغا تاپىلىدى. مەن ئىدارىدىن رۇخسەت سوراپ
ھامامنىڭ ئىككى ئوغلىنى ئېلىپ غۇلجىغا قاراپ يولغا چىقتىم.
بىزنى غۇلجا شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسىنىڭ ئىش-
خانا مۇدىرى كۈتۈۋالدى، مەن ئۇ كىشىنى تونۇيتتۇم. بىز ئۇ-
رۇمچىدىكى كۇرستا بىللە ئوقۇغان ئىدۇق. شۇڭا ئۇ ئەھۋالنى
ئاڭلاپلا مۇناسىۋەتلىك جايلاردىكى ساقچىخانا ھەم نوپۇس تار-
ماقلىرىغا تونۇشتۇرۇش قىلىپ بەردى. بىز ئەتىسىدىن باشلاپ
ئىزدەشنى باشلىدۇق. بەزى كىشىلەر ئاللىقاچان ئۆلۈپ كەتكەن،
بەزىلىرىنىڭ تۇرۇشلۇق ئادرېسى نامەلۇم بولۇپ چىقتى. بىز
ئاخىرى نەچچە كۈن نوپۇس دەپتەرلىرىنى ۋاراقلاش، يېزىلارغا
بېرىپ سۈرۈشتە قىلىش ئارقىلىق ھامامىلار ئىگىلىگەن ئەھۋال
بىلەن ئوخشاش نەتىجىگە ئېرىشتۇق. ئەمدى قەشقەرگە بېرىپ،
گۈلسۇمخاننى تېپىشىمىز زۆرۈر ئىدى. شۇڭا ئۇنىڭ تۇغقانلىرى-
دىن تۇرۇشلۇق ئورنىنى ئېنىقلاپ قەشقەرگە باردۇق. بۇ ئايالنى
تېپىشىمىزمۇ ئاسانغا چۈشمىدى. ئۇ ئىسمىنى گۈلەمخان دەپ
ئۆزگەرتىۋالغان بولغاچقا، بۇ يەردىمۇ بىرقانچە كۈن ئىزدەپ
ئاران دېگەندە تاپتۇق. ئۇ ياشىنىپ قالغان بولۇپ، بەزى ئىشلار
ئېسىدە يوق ئىكەن، پەقەت بىر يەتتە ئايلىق بوۋاقنىڭ گېپىنى
قىلغاندىلا، ئاندىن كۆزلىرى نۇرلىنىپ كەتتى.
— ئۇ شۇنداق ئوماق قىز ئىدى. توي قىلىدىغان بولۇپ
قالمىغان بولسام ئۇنى ئۆزۈم باققان بولاتتىم. لېكىن ئىككى

بالىنى ئېلىپ باشقىلارنىڭ يۇرتىغا كەلسەم قالاق بولىدۇ دەپ ئويلاپ ئۇنى مايسەمگە بەرگەن، — دېدى ئۇ كۆزلىرىنى قىسىپ.
— مايسەم دېگەن سىزنىڭ نېمىڭىز ئىدى؟
— يىراق تۇغقان كېلەتتۇق. ئۇنىڭ بىر قىز، ئىككى ئوغلى بار ئىدى. مەن ئۇنى مايسەمگە زورلىغاندەك قىلىپ بەرگەن. ئۇزۇن يىللار بولدى، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشمىگىلى. بەلكىم ئۆلۈپمۇ كەتكەندۇ؟ ئۇ مەندىن بەش ياش چوڭ، خاتالاشمىسام ئۇ بۇ يىل يەتمىش بەش ياشقا كىردى.
بىز مومايغا پۇل بېرىپ خوشلىشىپ چىقتۇق. قولىمىزدا ھېچبولمىسا بىر ئادرېس پەيدا بولغانىدى. بىز غۇلجىغا قايتىپ كېلىپ مايسەم دېگەن ئايالنى ئىزدىدۇق. بىرنەچچە كۈن ئىزدەپ ئۇنى يىراق بىر چارۋىچىلىق رايونىدىن تاپتۇق. موماي راستتىنلا قېرىپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ قۇلىقىمۇ ئېغىر بولۇپ، كېلىشتىكى مەقسىتىمىزنى مىڭ تەستە ئۇقتۇرغان بولدۇق. لېكىن ئۇ گېپىمىز تۈگەپ تۈگىمەيلا بىزنى تىللاپ كەتتى.
— ۋۇي جىن تەگكۈرلەر، تۆت بالامنى مەن ئۆزۈم تۇغقان، توققۇز ئاي، توققۇز كۈن قورساق كۆتۈرۈپ، ئاچچىق تولغاق يەپ تۇغقان بالىلىرىم ئۇ مېنىڭ، مەھەللىدىكىلەر بىلىدۇ. مېنىڭ بالىلىرىمنى خەقنىڭ دەيدىغان نېمە ھەددىڭ بار سەنلەرنىڭ؟ ئىككىنچى بوسۇغۇمغا دەسسىگۈچى بولۇشما، بولمىسا ئىتقا تالدىتىۋېتىمەن.
— موما، بىزنى خاتا چۈشەنمىسىلە، بولمىسا، بىز شۇ بالىلىرى بىلەن پاراڭلىشىپ باقايلى. بالىلىرى نەدە؟
— ئىككىسى تاغدا، ئىككىسى ئەردە. يوقىلىش! ھېلى بىكار ئىتنى قويۇۋېتىمەن!
موماي شۇنداق دېگەچ، بىزگە قاراپ قاۋاۋاتقان بۆرە ئىتنىڭ يېنىغا ماڭدى. بىز ئامالسىز قايتىپ چىقىپ مەھەللىدىكى ياشتا چوڭراق بىرقانچەيلەندىن بۇ ئايالنى سۈرۈشتە قىلدۇق. ھەممە-

سى: «بۇ ئايال كەلگەندە ئىككى قىز، ئىككى ئوغۇل بالىنى بىللە ئەكەلگەن!» دېيىشتى. بۇ يەردىكى نوپۇس تارماقلىرىدىمۇ ئۇ بالىلار ئىچىدە بىرەرىنىڭ بېقىۋېلىنغانلىقى توغرىسىدا ئىسپات يوق ئىكەن. شۇڭا بىز يەنە قەشقەرگە بېرىشقا مەجبۇر بولدۇق. گۈلسۈمخان مومايغا يالۋۇرۇپ ئۇنىڭ ئالدىغا ئىككى مىڭ سوم پۇل قويۇپ ئاران دېگەندە غۇلجىغا ئەكەلدۇق. مايسەم موماي تۇغقىنىنى كۆرۈپ جىمىپ قالدى.

— مەن ئۇنى قۇشقاچتەك چېغىدا باققان، — دېدى موماي ئۇمچىيىپ تۇرۇپ، — ئۇ ئۆزىمۇ بېقىۋېلىنغانلىقىنى بىلمەيتتى، شۇڭا مېنىڭ ئۇ ئىشلارنى ئۇنىڭغا بىلدۈرگۈم كەلمىگەن. ھېلىمۇ ئۇنى بېقىپ قويۇپتىكەنمەن، مانا ھازىر ئۇ مېنى بېقىۋاتىدۇ، شۇنداق ۋاپادار قىز بولدى.

— ئۇنى بېقىۋالغان چاغدىكى ئىسمى نېمە ئىدى؟ — دەپ سورىدىم خاتا بولۇپ قېلىشىدىن ئەندىشە قىلىپ.

— ماھىنۇرخان ئىكەن، مەن ئۇنى ماھىبەرخان دەپ ئۆزگەرتكەن. راست، موللامۇ ئەزان توۋلاۋېتىپ بۇ بالىنىڭ بەخت- تەلىيى ئوڭ ئىكەن، دېگەن. لېكىن بىچارە قىزىم بىتە- لەي چىقىپ قالدى.

موماي كۆز يېشىنى قوپال توقۇلغان يۇڭ ياغلىقىنىڭ ئۇچى بىلەن ئېرتىۋەتكەندىن كېيىن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— مەن تېخى بۇ غوجاملارنى قىزىمنى ئەكېتەمدىكىن، دەپ- تىمەن.

— بىز قىزلىرىنى ئەكەتكىلى كەلمىگەن، پەقەت ئۇنى ئۆزى- نىڭ ئاپىسى بىلەن كۆرۈشتۈرۈپ قويساقلا بولاتتى. ئۇنىڭ ئۇس- تىگە ئۇنى سىلى نەچچە ئون يىل باققان تۇرسىلا! شۇ تاپتا ئۇنى ئۆزىنىڭ ئاپىسى كۆرۈشكە تەقەززا بولۇپ تۇرۇپتۇ. بۇمۇ بىر ساۋابلىق ئىش دېسىلە.

— ئۇنىڭ ئاپىسىنى چەت ئەلدىكەن، دەپ ئاچام دەپ بەر-

گەن. ئۇ قايتىپ كەلگەن ئوخشىمامدۇ؟
مومای بىزگە گۇمان بىلەن قاراپ تۇراتتى. مەن مومايغا بىزنىڭ ئۇلارنى ئىزدەش جەريانىمىزنى بىرمۇبىر سۆزلەپ بەرگەندىن كېيىن، ئۇ بىردىنلا جىمىپ كەتتى.
— ماھىبەرخان قىزىم نېمە دەركىن؟ — دېدى كېيىن ئىككىلىنىپ، — ئۇ ھازىرغىچە ئۆزىنى مېنىڭ قىزىم دەپ بىلەتتى.
— مۇنداق قىلايلى، — دېدىم مەنمۇ ئىككىلىنىپ، — ئاۋۋال قىزلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ، بەزى ئىشلارنى مۇۋاپىق ئۇسۇلدا دەپ باقايلى. قالغان ئىشلارنى كېيىن ئۆزلىرى دەپ بەرسىلىمۇ بولىدۇ.
— مەيلى ئەمىسە، لېكىن قىزلىرىمنىڭ ئىككىلىسى باشقا شەھەرلەرگە ياتلىق بولغان. ماھىبەرخان بالام ئالتە يىلدەك ئاقسۇدا بولدى.
مومای ئاخىرى ئامالسىز ماقۇل بولدى. مەن ئۇنىڭ قىزىنىڭ بىر تۇرۇۋاتقان شەھەردە ئىكەنلىكىدىن بىر خىل يەڭگىللىك ھېس قىلدىم.
— قىزلىرى ئۇ يەردە نېمە ئىش قىلاتتى؟
— توي قىلغان، ئېرى نەنىڭدۇر باشلىقى دەيدۇ. ئۇ ئىدارىلەرنىڭ ئىسمىنى خەنزۇچە دېگەچكە تۇتۇپ بولالمايدىكەنمەن. «سىپاجۇ» دېگەندەك بىر ئىدارىگە يۆتكىلىپ بارغان.
نېمىشقىدۇر يۈرىكىم سىيلىپ كەتتى. ئادىلنىڭ ئايالى ماھىبەردىن باشقا ئەدلىيە ئىدارىسىدە ئىشلەيدىغان ئۇنداق ئىسىملىك ئايال يوق ئىدى.
— كۈيئوغۇللىرىنىڭ ئىسمى ئادىلمۇ؟
— ھەئە، قىزىم، سىلى ئۇنى تونۇملا؟
مومايىنىڭ گېپىگە بېشىمنى لىڭشىتىپلا قويدۇم. نېمىشقىدۇر دېمىم ئېتىشمەي قالغانىدى. بىز موماي بىلەن خوشلىشىپ شەھەرگە كەلگەندىن كېيىن، كارىۋاتلىق ئاپتوبۇسنىڭ بىلىتىنى

ئېلىپ گۇلسۇمخاننى قەشقەرگە يولغا سېلىۋەتتۇق، ئاندىن ئۆزد-
مىز ئاقسۇغا قاراپ يولغا چىقتۇق. يول بويى خىيالىمغا كەلمە-
گەن ئىشلار قالمىدى.

«نېمە كارامەت بۇ؟ — دەيتتىم ئىچىمدە، — ئۆزۇمنىڭ بىر
نەۋرە ئاچىسى مېنىڭ ئىلگىرىكى ئېرىم بىلەن توي قىلغان بولۇپ
چىقتىمۇ ئەمدى. يەنە كېلىپ ئادىل بىلەن ئۇزۇن يىل ئاشنىدار-
چىلىق مۇناسىۋەتتە يۇرۇپ ئاخىر مېنى بىر تېپىك بىلەن ئۆيدىن
چىقىرىۋەتكەن ئايال مېنىڭ ئاچامىمۇ؟ ئۇنى قانداقمۇ قوبۇل
قىلاي، ئۆيدىكىلەرگە ئادىلنىڭ خوتۇنى ھامامنىڭ قىزىكەن دې-
سەم، ئۇلار بەلكىم ھوشىدىن كېتەر. توۋا، بۇ جاھاننىڭ ئىشلى-
رى نېمىدېگەن قىزىق. ئەمدى بۇ ئىشلارنى ھامامغا قانداق
دېيىش كېرەك؟ ماھىبەرگە مەن سېنى نەچچە ئاي ئىزدەپ ئاران
تاپتىم، سەن ئەسلى مېنىڭ ئاچامكەنسەن دېسەم، ئۇ قايسى ھالغا
كېلىپ قالار، ۋىجدانى ئازابلىنارمۇ؟ ئۆزى ھەيدەپ چىقارغان
ئايالنىڭ ئۆزىنىڭ نەۋرە سىڭلىسى ئىكەنلىكىگە نېمە دەر؟…»

خىياللىرىمنىڭ باش ـ ئايىغى يوق ئىدى. نېمىلا بولمى-
سۇن، ھامامنىڭ قىزىنى تاپقاندىكىن، ئۇنىڭغا دېيىشىمىز كې-
رەك ئىدى. بۇ ئەھۋالدا ماھىبەرگە ھەقىقىي ئەھۋالنى دېمەي
بولمايتتى، لېكىن ئۇنىڭغا قانداق دېيىشنىڭ ئۆزى بىر مەسىلە
ئىدى. بىز قايتىپ كېلىپ ھەممە ئەھۋالنى ھامامغا ئېيتىپ
بەردۇق. نېمىشقىدۇر ھامام شۇكلەپلا كەتتى. بىز مۇنداقلا
ئوتتۇرىغا چىقساق بەك تاسادىپىي بولۇپ قالىدىغانلىقىنى ئويلاپ،
ھامامنىڭ ئىككى ئوغلى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ بۇ ئىشنى ماھى-
بەر ئۇققاندىن كېيىن ئاندىن ئۇنىڭ بىلەن يۈز كۆرۈشۈشنى لايىق
تاپتۇق. بۇ ئويىمىزغا ھاماممۇ قوشۇلدى ھەم تونۇشۇشتىن
ئىلگىرى قىزىنى كۆرگۈسى بارلىقىنى ئېيتتى. مەن بىر كۈنى
ئىشتىن چۈشىدىغان چاغدا ھامامغا ماھىبەرنى كۆرسىتىپ قوي-
دۇم. ھامام لەۋلىرىنى چىڭ چىشلىگىنىچە ماھىبەرنىڭ ئالدى-

دىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىقىغا قاراپ يىغلاپ كەتتىم. شۇنىڭدىن كېيىن ھاممام پات - پات ماھىبەرنى كۆرۈپ كېلىدىغان بولدى. نېمىلا بولمىسۇن، ھاممامنىڭ يۈرەك يارىسى خېلى ساقايغان بولۇپ، كەيپىياتىمۇ ياخشى ئىدى. ماھىبەرنى كۆرگەن كۈنلىرى ئۇنىڭ كۆزلىرى نۇرلىنىپ كېتەتتى. بىز ھاممامنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن سوۋغات تەييارلاپ، ئىككىنچى قېتىم ماھىبەرنىڭ باققان ئانىسىنى يوقلاپ باردۇق. بۇ قېتىم موماي بىزنىڭ مەقسىتىمىزنى ئاسانلا چۈشەندى. ئۇ ماھىبەرنى چاقىرىپ ھەقىقىي ئەھۋالنى دەيدىغان بولدى. لېكىن، ئۇ يەنىلا «ماھىبەرنىڭ ئاپىسى ئۇنى ئەكېتىمەن، دېسە ئۇنىمايمەن!» دەپ تۇرۇۋالدى. بىز ئۇنىڭغا قايتا - قايتا چۈشەنچە بېرىپ ئاخىر قايىل قىلىپ قايتىپ كەلدۇق. ئەمەلىيەتتە ھامماممۇ ئۇنداق قىلالمايتتى. پەقەت ئۆز قىزى بىلەن كۆرۈشۈپ ئۇنىڭ قانداق تۇرغانلىقىنى بىلسىلا قالغان ئىشلار يەنىلا ماھىبەرنىڭ ئۆزىگە باغلىق ئىدى، ئۇمۇ ئائىلىسىنى تاشلاپ كېتەلمەيتتى. بىز قايتىپ كېلىپ بىرقانچە كۈندىن كېيىن، ماھىبەرنىڭ يۇرتىغا كەتكەنلىكىنى ئاڭلىدىم، باققان ئانىسى ئۇنى چاقىرتقانىكەن. بىز ماھىبەرنىڭ قايتىپ كېلىشىنى كۈتتۇق. شۇ مەزگىللەردە ئادىلنى تولىمۇ ئاز ئۇچرىتاتتىم، بالىلار بىلەن كۆرۈشمەكچى بولسا تېلېفون قىلىپ چاقىرىپ ئاچىقاتتى. بىر كۈنى مەن ئۇنى قەلبىنۇرنى ئۆيگە ئەكېلىپ قويۇپ قايتىشىدا ئىشىك ئالدىدا ئۇچرىتىپ قالدىم.

— قانداقراق تۇرۇۋاتىسەن؟ — دېدى ئۇ كۆزلىرىنى مەندىن ئەپقاچقاندەك قارا كۆزەينىكىنى تاقىغاچ، — «تۇغقانلار كەپتۇ» دەپ ئاڭلىغان، كەتتىمۇ؟

— ياق تېخى، ئۇلار بىر مەزگىل تۇرۇپ قالىدىغاندەك قىلىدۇ. ئايالىڭىز كۆرۈنمەيدىغۇ؟ — دېدىم مەن ئۇنى بىر ئىشلاردىن خەۋىرى باردەك ھېس قىلىپ.

— قېيناتام چاقىرىپ ئەكەتكەن، يەنە بىرقانچە كۈندىن

كېيىن كەلگۈدەك. قەلبىنۇرغا پۇل بەردىم، كىيىم ئېلىپ بەر! ئىلمىنۇرنىڭ بوينى قاتتىق چوڭ بوپتۇ، پۇل بەرسەممۇ ئالمايدۇ.

— ئىشلەۋاتقاندىكىمىن، دەپ ئالمىغاندۇ ھەرقاچان؟

ئادىل گەپ قىلماي بىر - ئىككى قەدەم مېڭىپلا يەنە توختاپ قالدى.

— سەندىن بىر گەپنى سوراي دېگەن.

— ئۇنداق بولسا بۇ يەردە تۇرماي ئۆيگە كىرەيلى، — دېدىم مەن ئۇنىڭ چوقۇم ماھىبەرگە مۇناسىۋەتلىك ئىش ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلىپ. ئۇمۇ تارتىنىشمايلا ئۆيگە كىردى. مەن داستىخان سېلىپ تاتلىق - تۈرۈملەرنى تىزىپ ئۇنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ ئولتۇردۇم.

— قازاقىستاندىن كەلگەن ھاماڭنىڭ قىزى يېتىپ كېتىپتىكەنمۇ؟ — دېدى ئۇ گەپنى ئۇدۇللا قىلىپ.

— شۇنداق، بىز بۇ بىرقانچە ئايدىن بېرى ئىزدەۋاتىمىز، — دېدىم مەن ئىزدەپ تاپقانلىقىمنى يوشۇرۇپراق.

— بۇ ئىشنىڭ ھەممىسىنى سەن قىپسەن - ھە؟

— ھامام ماڭا ھاۋالە قىلغان. نېمىلا بولمىسۇن، ھامامنىڭ ئارزۇسىنى قاندۇراي، دەپ خېلى جاپا تارتتىم.

ئادىل گەپ قىلماي ئولتۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭ شۇ تاپتا نېمە ئويلاۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى.

— بۇ ئىشنى ماھىبەردىن ئاڭلىدىم، ئەمدى قانداق قىلاي دەيسەن؟ — دېدى ئۇ ئېغىز ئېچىپ.

— مەن قانداق قىلاتتىم. ناۋادا ماھىبەر ئۆز ئاپىسىنى ئېتىراپ قىلسا، ھامام بىلەن يۈز كۆرۈشىدۇ. ھامامنىڭ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدىكى ئارزۇسىمۇ ئەمەلگە ئاشىدۇ. مەنمۇ بۇ ئىشلارنى بۇنداق بولۇپ چىقىدۇ، دەپ ئويلىمىغان. شۇڭا خاتا بولۇپ قالمىسۇن، دەپ خېلى جىق كۈچ چىقاردىم.

— ئۇنداقتا، ماھىبەر سېنىڭ ئاچاڭ بولىدىكەن - دە؟

— شۇنداق، مېنىڭچە ئۇ مېنىڭ نېمەم بولۇشىدىن قەتئىي-
نەزەر ئۆز ئاپىسى بىلەن كۆرۈشۈشى كېرەك. ھاممام قىزنى
بىلەن يۈز كۆرۈشۈپ بولسىلا قايتىدۇ. كېيىنكى ئىشلار ئۆز-
لۈكىدىن ھەل بولىدۇ.

— لېكىن، ماھىبەر ئاپىسى بىلەن كۆرۈشمىسىچۇ؟

— مېنىڭچە، مۇمكىن ئەمەس.

ئادىل خۇددى بۇ ئىشلارنى قەستەن مەن كەلتۈرۈپ چىقارغاندەك خاپا ئىدى.

— ئەتە ماھىبەرنى ئەكەلگىلى ماڭىمەن. ئۇ مېنى ئۆزىڭىز كېلىڭ، دەپتۇ، — دېدى ئۇ خوشلىشىدىغان چاغدا. نېمىشقىدۇر يۈرىكىمنىڭ بىر يېرى «چىمىىدە» قىلىپ قالدى. مەن ئۇنى ئۇزىتىپ قويۇپ، خېلى بىركەمگىچە خىيال سۈردۈم. تۇرۇپلا خىيالىمغا ئىبادەت كېلىپ قالدى. ھاممامنىڭ ئىشى بىلەن يۈرۈپ، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشمىگىلى خېلى ئۇزاق بولغانىدى. مەن ئۇنى يوقلاپ كەلمەكچى بولۇپ ئىلمىنۇرغا تېلېفون قىلدىم. ئۇ ئىشتىن چۈشۈپ ئۇدۇللا ئىبادەتنىڭ دۇكىنىغا بارىدىغان بولدى. قەلبىنۇر بولسا زۆھرە سىڭلىمنى كۆرىدىغان بولدۇم، دەپ بەكلا خوش بولۇپ كەتكەنىدى. بىز دۇكانغا كەلگەندە ئىبادەتمۇ ئىشتىن چۈشەي دەپ تۇرغانىكەن. بىزنى كۆرۈپ شۇنداق خوش بولۇپ كەتتى. مەن ئۇنىڭ چىرايىنىڭ تاتىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ ئۇنىڭدىن سورىدىم.

— مىجەزىڭىز يوقمۇ نېمە؟ چىرايىڭىزدا قان يوقتەكلا سارغىيىپ قاپسىز.

— راستلا مىجەزىم يوق، ئاچا. تۈنۈگۈن دوختۇرخانىغا بارغان، «بالىنىستىتا يات!» دەيدۇ، — دېدى ئۇ سولغۇن قىياپەتتە.

— ئۇنداق بولسا يېتىپ داۋالىنىڭ، زۆھرەگە مەن قاراي، ئاچىسى بىلەن بىللە مەكتەپكە بېرىپ كەلسىمۇ بولىدۇ ئەمەسمۇ.

پۇل دېگەننى قاچان تاپسىڭىز بولىۋېرىدۇ، سالامەتلىك مۇھىم.

— لېكىن، مېنىڭ كېسەللىم...

ئۇ گېپىدىن توختاپ لەۋلىرىنى چىشلەپ قويۇپ گەپنى باشقا ياققا بۇرىدى. مەن ئۇنى دەۋاتقان گېپىنى ئۇنتۇپ قالغان بولسا كېرەك، دەپ ئانچە ئېرەن قىلىپ كەتمىدىم. مەن ئاخىر ئۇنى بالنىستتا يېتىشقا قايىل قىلدىم. بىز پاراڭلىشىپ خېلى بىر ۋاق بولغاندا قايتىپ كەتتۇق. ئەتىسى ئۇ بالنىستا رەسمىيەتلىرىنى بېجىرىپ بولۇپ، زۆھرەنى بىزنىڭ ئۆيگە ئەكېلىپ قويدى. زۆھرەگە قارىسام ئادىل ئېسىمگە كېلەتتى. بەلكىم، ئۇ زۆھرەدەك بىر قىزنى ئۇنتۇپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن ئىدى. ئۇ ئىبادەتنىڭ بۇ شەھەردىلىكىنى ئۇقمايتتى. زۆھرەگە ئىچىم سىيرىلاتتى. ئۇنىڭ ئاتا - ئانا مېھرىگە تەشنا بولىدىغان چاغلىرى كەلگەنىدى. مەن ھەر كۈنى باللارنى مەكتەپكە يولغا سېلىپ ئىشقا باراتتىم. ئىشتىن قايتقاچ، ۋىلايەتلىك دوختۇرخانىغا بېرىپ ئىبادەتنى يوقلايتتىم. ئۇنىڭ تۇغقانلىرىمۇ ئىككى كۈندە بىر كېلەتتى. مەن ئىبادەتنىڭ بارغانچە جۇدەپ كېتىۋاتقانلىقىغا قاراپ، «ئۇنىڭ باشقا ئېغىر كېسىلى بارمىكىن؟» دەپ گۇمان قىلاتتىم، لېكىن ئۇ ئۆزىنىڭ كېسىلىنى دېمەيتتى. ئىبادەت بالنىستتا يېتىپ ئون كۈن بولغان كۈنى كەچتە دوختۇرخانىغا كېلىپلا، بىرقانچە دوختۇرنىڭ جىددىي قۇتقۇزۇش ماشىنىسىدىن ئىككىيلەننى كۆتۈرۈپ قۇتقۇزۇش بۆلۈمىگە ئەكىرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ باشقىلاردىن سورىدىم.

— ئادىل شۇجىكەن، — دېدى بىرى ماڭا، — ماشىنا ھادىسىسىگە ئۇچراپتۇ، ماشىنىدا ئايالى، قىزى، ئۆزى ھەم يەنە بىرەيلەن بار ئىكەندۇق، ئاقسۇغا ئەللىك كىلومېتىر قالغاندا يول ياقىسىغا توختىتىپ قويۇلغان يۈك ماشىنىسىغا ئۇسۇپتۇ. بىرى ئۆلگەن ئوخشايدۇ. بۇلار بەك ئېغىر يارىلىنىپتۇمىش.

— مۇشۇ باشلىقلارمىزە، شوپۇرنى بەرگەندىكىن نېمە قىلى-

دۇرۇلغا ئۆزى چىقىپ.

ئەتراپتىكىلەرنىڭ گېپى قۇلىقىمغا كىرمەيتتى. مەن دوختۇرلارنىڭ كەينىدىن جىددىي قۇتقۇزۇش بۆلۈمىگە كىردىم. لېكىن، ئۇلار قۇتقۇزۇشتا بولغاچقا بىلگىلى بولمايتتى. مەن دەرھال ئۆيگە قايتىپ ئىلمىنۇرغا ئەھۋالنى ئېيتتىم. دوختۇرخانىغا ئادىلىنىڭ ئىنىسى كەلمىگەنلىكىدىن ھەيران بولۇپ، ئۇنىڭغا بىلدۇرۇپ قويۇش ئۈچۈن تېلېفون قىلىپ ئالالمىدىم. ئادىلىنىڭ مۇشۇ بىرلا ئۇكىسى بار ئىدى. شۇڭا مەن قىزلىرىمنى ئېلىپ دوختۇرخانىغا باردىم. ئادىلىنىڭ خىزمەتداشلىرىدىن بىرقانچىسى كارىدوردا ساقلاۋاتقانىكەن. مەن ئۇلار بىلەن سالاملىشىپ بولۇپ، ئۇلاردىن يارىدارلارنىڭ ئەھۋالىنى سورىدىم.

— تېخى بىلمىدۇق، — دېدى ئۇنىڭ ئىشخانا مۇدىرى، — ئىدارىدىكى باشقىلارنى ئادىل شۇجىنىڭ چوڭ ئۆيىگە ئىشلارغا قاراشقىلى ئەۋەتكەن، ھېلىغىچە ئالىمجاننىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرىنى بىرقۇر ئورۇنلاشتۇرۇپ بولدى، بىز بۇ يەرگە كەلگىلى نەچچە سائەت بولغان، تېخىچە قۇتقۇزۇۋاتىدۇ. نېمە ئىشلار بولۇپ كەتتى ئەمدى بۇ؟

مەن ئۇنىڭ گېپىنى خاتا ئاڭلاپ قالدىممۇ، دەپ قايتا سورىدىم.

— ئالىمجانغا نېمە بوپتۇ، مۇدىر؟

— ئاكىسى بىلەن بىللە ئۈرۈمچىدىن قايتىشىدا بولغان ئىشلار بۇ ئەسلىي، رەھمەتلىك دوختۇرخانىغا ئەكېلىشكىمۇ ئۈلگۈرمەپتۇ ئەمەسمۇ؟

بېشىمدىن بىر چېلەك سوغۇق سۇ قۇيغاندەك ئەندىكىپ كەتتىم. ئالىمجان ناھايىتى كەم سۆز، ئېغىر - بېسىق چوڭ بولغانىدى. ئادىل ئىككىمىز ئاجرىشىپ كەتكەندىن بېرى پات - پات كېلىپ مېنى يوقلاپ تۇراتتى، ئېغىر - يېنىك ئىشلارنى قىلىشىپ بېرەتتى. مەن دەرھال دوختۇرخانىدىكى ئىشلارنى



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئۇلارغا قالدۇرۇپ، ئىلمىنۇرغا زۆھرە بىلەن قەلبىنۇرنى ئۆيگە ئەكىتىشنى تاپىلاپ چوڭ ئۆيگە ماڭدىم. مەن كەلگەندە بارلىق ئىشلارنى ئادىلنىڭ ئىدارىسىدىكىلەر قىلىپ بولغانىكەن. مەن شۇ يەردە قونۇپ قالدىم. ئەتىسى ئاپاملارغا خەۋەر بېرىپ ئۇلارنى چاقىرتتىم، بولغان ئىشلارنى ئۇلارغا دېيىشكە تىلىم بارمىسىمۇ ئامالسىز ئۇقتۇردۇم. ھامىمام ھوشىدىن كېتىشكە تاسلا قالدى.
ھەممىمىز بىرلىكتە ئالىمجاننىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرىنى تۈگەتتۇق. ئۈچ نەزىرى بىلەن يەتتە نەزىرلىرى بېرىلىپ بولغاندىن كېيىن دوختۇرخانىغا كېلىشكە ۋاقىت چىقتى. ۋەقە يۈز بەرگەندىن كېيىن ھامىمامنى دوختۇرخانىغا ئەكەلمەي بولمايتتى. بىز دوختۇرخانىغا كەلگەندە ئادىلنىڭ يېنىدا ئىلمىنۇر، ماھىبەرنىڭ يېنىدا ئۇنىڭ باققان ئانىسى قاراۋاتقانىكەن. موماي بىزنى كۆرۈپ ئېسىلىپ يىغلاپ كەتتى. ماھىبەرنىڭ مېڭە قىسمى ئېغىر يارىلانغانلىقتىن تېخىچە ھوشىغا كەلمىگەنىكەن. ئادىلنىڭ پۇتى ئىككى يەردىن سۇنۇپ، ئومۇرتقىسى ئاجىرىغانلىقتىن ئومۇ ئوپېراتسىيە قىلىنىپ كۆزىنى ئارانلا ئاچقۇدەك بوپتۇ. خۇدانىڭ قۇدرىتى بىلەن ماھىبەرنىڭ قىزى ساق قالغانىدى، ئۇ قىزنىڭ جەينىكى ئازراق سۇرۇلگەندىن باشقا قورقۇپ كەتكەنلىكتىن مىشىلداپ يىغلاپ ئولتۇراتتى. بىز ئاۋۋال ماھىبەرنىڭ يېنىغا كىردۇق. ھامىمام ماھىبەرگە تاشلىنىپ يىغلايتتى.
— قىزىم، كۆزىڭىزنى ئېچىڭ! مەن سىزنى ئىزدەپ ئاران تاپقاندا ماڭا بىر قاراپ قويۇڭ، قىزىم، ئۆتمىڭىزدا كۆيگەن يۈرىكىمگە، ئاران قالغان مۇشۇ قېرى جېنىمغا ئىچىڭىز ئاغرىسۇن. كۆزىڭىزنى ئېچىڭ!...
ھامىمام سېستىرالارنىڭ: «ۋاراڭ - چۇرۇڭ قىلماڭلار! بىمارغا زىيانلىق» دېگەن گېپىدىن كېيىن جىم بولۇپ ئىچىدە يىغلايتتى. ئۇنىڭ توختىماي: «خۇدا، مېنى كەچۈرگىن! ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلغىن! قىزىمنىڭ بولاق-

تەك كۆزلىرىنى كۆزۈمگە سۈرتۈۋالاي! ئىنىم يانىمغا بېسىۋالاي! ...» دېگەن گەپلىرىنى ئاڭلاپ تۇراتتىم. بۇ قىسمەتلەرگە نېمە دېيىشىمنى بىلمەيتتىم. بۇ بەختسىزلىككە قاراپ مېنىڭمۇ ئىچىمگە يىغا كىرىپ كۆز ياشلىرىمنى توختىتالمايتتىم. مەن ھامامىنى ماھىبەرنىڭ يېنىدا قالدۇرۇپ ئادىلنىڭ يېنىغا چىقتىم، ئۇ ماڭا قاراپلا كۆزلىرىنى يۇمۇپ يېتىۋالدى. مەن ئىلمىنوۇرنى كەتكۈزۈۋېتىپ ئادىلنىڭ يېنىدا ئۆزۈم قالدىم. ئادىلنىڭ بىردىنبىر يېقىن تۇغقىنى ئالەمدىن ئۆتكەن، ئۇنىڭ باشقا ئانا تەرەپ تۇغقانلىرى ئانچە ئىزدىشىپ كەتمەيتتى، ئۇلار بىرقانچە كۈندە كېلىپ يوقلاپ تۇرغىنى بىلەن ئۇنىڭ يېنىدا ئىزچىل تۇرۇپ قارىيالمايتتى. شۇڭا مەن يەنىلا ئۇلارنىڭ ھالىدىن ئۆزۈم خەۋەر ئېلىشنى توغرا تاپتىم. ماھىبەرنىڭ ئاپىسىمۇ قىرىپ قالغاچقا، كېسەل بېقىشنى ئانچە بىلىپ كەتمەيتتى، شۇڭا ماھىبەرنىڭ قىزنى ھامام ئۆيگە ئېلىپ كەتتى. مەن ئىدارىدىن رۇخسەت سوراپ، بۇ ئىككى بىمارغا قاراشقا باشلىدىم. بۇ ئارىدا ئىبادەتمۇ بىرقانچە قېتىم كىرىپ ئادىلنى يوقلىدى. ھامام ۋە ئۆيدىكىلەر ھەر كۈنى تاماق ئەكېلىپ بەرگەچ ئۇلارنى كۆرۈپ كېتەتتى. ماھىبەر ئون كۈندىن كېيىن كۆزىنى ئاچتى، لېكىن ئۇ ھېچكىمنى تونۇمايتتى. ئۇنىڭ كۆزىنى ئاچقانلىقىنى ئاڭلاپ ھەممىمىز يېنىغا كىردۇق. ئۇ بىزگە ئەنسىزلىك بىلەن قاراپ كەتتى. ئۇ ھەتتا قىزىنىمۇ تونۇمىدى. ھامام ۋە ماھىبەرنىڭ باققان ئانىسى توختىماي كۆز يېشى قىلاتتى. گەرچە ئالدىمدا يانتاق ئايال مېنىڭ يولدىشىمنى تارتىۋالغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ھازىرقى تۇرقىغا قاراپ ئۇنىڭغا بولغان ئۆچمەنلىكىم يوقاپ كەتكەندەك بولۇپ قالدىم. بۇ يەردىكى مۇھىتقا قاراپ مېنىڭ ھەققەتەن ئىچىم سىيرىلىپ كەتتى. مەن دوختۇردىن ماھىبەرنىڭ كېسەللىك ئەھۋالىنى سوراۋشتە قىلدىم. دوختۇر بۇنىڭ نورمال ئەھۋاللىقىنى، بىر مەزگىلدىن كېيىن ياخشىلىنىشقا قاراپ

يۇلىنىدىغانلىقىنى ئېيتتى. مەن دوختۇرنىڭ گېپىنى ھام-
مىلارغا يەتكۈزۈپ، ئۇلارنى خاتىرجەم قىلدىم. بىر كۈنى ئۇلا-
رنىڭ ئىككىلىسى ئۇخلاپ قالغان پۇرسەتتە ئىبادەتنىڭ يېنىغا
كىردىم. ئۇ نەرسە - كېرەكلىرىنى جايلاشتۇرۇۋاتقانىكەن.

— دوختۇرخانىدىن چىقىپ كېتەي دەيمەن، ئاچا، سىزمۇ
جاپا تارتىۋاتىسىز، زۆھرەنىمۇ سىلەر بېقىۋاتىسىلەر، — دېدى
ئۇ خىجىل بولغان ھالدا، — بەربىر ياخشىلىنالمايدىغان بولدۇم.
شۇڭا، بۇنداق ياتقاندىن كۆرە، دوختۇرخانىدىن چىقىپ سىزگە
قارىشىپ بېرەي. ئىلمىنۇرمۇ خىزمەت قىلىدۇ، ئەتىدىن باشلاپ
قەلبىنۇر بىلەن زۆھرەگە مەن قاراي!

— ساقايماي تۇرۇپ چىقىپ كەتسىڭىز بولماس؟ باللارغا
ئاپامىلار بىر ئوبدان قاراۋاتىدىغۇ؟ — دېدىم مەن ئۇنىڭغا نارازى
بولۇپ.

— بۇ مەندىكى كونا كېسەل، ئاچا. سىزگە ھەممىنى دەپبې-
رىمەن. يەنىلا چىقىپ كېتەي! كېرەكلىك دورىلارنى ئۆيدە ئىش-
لەتسەممۇ بولىدۇ.

ئىبادەت بالنىستىن چىقىپ كەتتى. مەن ئۇنىڭ ئورۇقلاپ
بىر ئۇستىخان بولۇپ قالغان گەۋدىسىگە قارىغىنىمچە تۇرۇپ
قالدىم. مەن شۇنداق ئالدىراش يۈرۈپ بىر ئاي ئۆتۈپ كەتتى.
ئادىل خېلى ياخشى بولۇپ قالغانىدى. ئۇ مېنىڭ ئالدىمدا خىجىل
بولدىمۇ ياكى باشقا سەۋەبتىنمۇ، ماڭا بىر ئېغىز گەپ قىلىپ
باقمىغانىدى. بىر ئاي توشقان كۈنى ئۇ تۇنجى قېتىم مەندىن
ئىنىسىنى سورىدى. ئۇنىڭغا دېمەي دەپ تۇرۇپ يىغلاپ سالدىم.
ئۇ بۇنىڭدىن بولغان ئىشنى ئاللىقاچان بىلىپ يەتتى. ئۇنىڭ
ياشلىرى مەڭزىگە ئېقىپ چۈشۈشكە باشلىدى. مەن ئۇنىڭغا لۆڭ-
گىنى سۇنغاچ تەسەللى بەردىم.

— بولدى، ئادىل، ئۆزىڭىزنى بېسىۋېلىڭ، بولىدىغان ئىش
بولدى، رەھمەتلىكنىڭ روھى قورۇنۇپ قالىدۇ، ئۆلگەنلەرگە

تىنچلىق، تىرىكلەرگە ھاياتلىق ئەلا. ھېلىمۇ ئۈچىڭلارنىڭ ساق قالغىنى بىر مۆجىزە.

— ھەممىنى قىلغان مەن، — دېدى ئۇ يىغلاپ تۇرۇپ. — ئۇنىڭغا «مېنى ساقلا، مەن ئەكېتىمەن» دېمىگەن بولسام بۇ ئىش بولمايتتى.

— پېشانىسىگە شۇ قىسمەت پۈتۈلگەن بولسا ئۇنىڭغا ئامال يوق، ئادىل. يەنىلا خاتىرجەم داۋالىنىپ چىقىشىڭىز كېرەك.

مەن ئۇنىڭغا نۇرغۇن گەپلەرنى قىلدىم. ئۆزۈم دېگەن گەپلەردىن ئۆزۈممۇ ھەيران قالدىم. مەن قاچانلاردا يورۇپ بۇنچىلىك گەپدان بولۇپ كەتكەندىمەن. دېگەنلىرىم شۇنچىلىك ئورۇنلۇق ئىدىكى، ئۆزۈمنى نۇرغۇن ئىش كۆرگەن موماي لاردەك ھېس قىلىپ قالدىم. نېمىلا دېگەنبىلەن گەپلىرىم ئەتراپىمدىكىلەرگە تەسەللى بولدى. ھامام، ئاپام، ماھىبەرنىڭ ئاپىسىمۇ ھەممە ئىشتا مېنىڭ ئىغىزىمغا قارايدىغان بولۇپ قالغانىدى. ماھىبەر ئورنىدىن تۇرۇپ ماڭغۇدەك بولغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ تېخىچە ئېسى يوق ئىدى. كېيىن ئۇلار ماھىبەرنى ئۇرۇمچىگە ئاپىرىپ تەكشۈرتۈپ كېلىشكە بۇيرۇدى. ئۇلارنى ئىلمىنۇر ئەكېتىپ ئۈچ كۈندە قايتىپ كەلدى. ئۇ ئەكەلگەن خەۋەر ئادەمنى ئەندىشىگە سالاتتى. ماھىبەرنىڭ كېسىلى ئادەتتىكى ئېسىنى يوقىتىش بولماستىن، بەلكى ئۇنىڭدا كېيىنچە ئىلىنىشىپ قېلىش ئېھتىماللىقى بار ئىكەن، باشقىچە ئۇنۇملۇك داۋالاش ئۇسۇلىمۇ يوقكەن. بۇ گەپنى ئاڭلاپ ھەممىمىز بىئارام بولدۇق. ئىككى ئايدىن كېيىن ئادىلمۇ بالنىستىتىن چىقتى، لېكىن ئۇنىڭ پۇتىدا گىپىس بولغىنى ھەم ئومۇرتقا ئوپېراتسىيىسى قىلىنغانلىقتىن بىر قانچە يىل چاقلىق ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇشى كېرەككەن. مەن ئۇلارنى ئۆزۈمنىڭ ئۆيىگە ئەكەلدىم. ماھىبەرنىڭ ئاپىسى كىچىك قىزىنىمۇ چاقىرتقان بولۇپ، ئۇلار ماھىبەرنى يەنىمۇ مۇكەممەل داۋالىتىش ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە ئەكەتتى. ھامامممۇ ئىككى ئوغلىنى كەتكۈزۈ-

ۋېتىپ ئۆزى ئۇلار بىلەن بىللە كەتتى. ماھىبەرنىڭ داۋالىنىش چىقىملىرىنىڭ ھەممىسىنى ھامام چىقارغىنى ئۈچۈن، ئۇلار ھامامىنى باشقىچە ھۆرمەتلەيدىغان بولۇپ كەتكەنىدى. ئادىل بولسا ئەتراپىدىكى ئىشلارغا جىمجىت ھالدا ئىپادە بىلدۈرمەيتتى. ماھىبەرنىڭ بىر نۇقتىغا تىكىلگەن كۆزلىرىدىن ئۆزىنى ئەيىبلەش تۇيغۇسى «مانا مەن» دەپلا چىقىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ چوڭ - كىچىك تەرەتكە قاچا تۇتقان ۋاقتىمدا ئۇنىڭدىكى قورۇنۇشنى بىلىپ تۇراتتىم. ئۇ بۇنداق كۈنگە قالىدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ باقمىغان بولغاچقا، ئۆزىنى مېنىڭ ئالدىمدا تولىمۇ بىچارە ھېس قىلاتتى. ئارىلىقتا ئىبادەت بىرقانچە قېتىم كېلىپ كەتتى. ئادىل ئىبادەتنى تونۇمىدى. ئىبادەت ئورۇقلاپ باشقىچىلا ئادەمگە ئوخشىشىپ قالغانىدى. ئادىل بولسا قەلبىنۇر بىلەن ئويناۋاتقان زۆھرە ۋە ماھىبەرنىڭ قىزى گۈلنۇرغا قاراپ چوڭقۇر خىياللارغا چۆمۈپ كېتەتتى.

بىر كۈنى ئەمدىلا ئىشخانىغا بېرىپ تۇرۇۋېدىم، ئىبادەتتىن تېلېفون كېلىپ قالدى. تېلېفوندا ئۇ مەن بىلەن جىددىي كۆرۈشمىسە بولمايدىغانلىقىنى ئېيتىۋېدى، جىددىيلىشىپ قالدىم. قولۇمدىكى ئىشلارنى تۈگىتىپ ئۇنىڭ دۇكىنىغا كەلدىم. ئۇ خېلىدىن بېرى دۇكىنىنى ئاچمىغانىدى. مەن ئۇنىڭ يان تەرەپتىكى ياتاق ئۆيىگە كىرگەن ۋاقتىمدا ئۇ كارىۋاتتا ئىكەن.

— ئولتۇرۇڭ، ئاچا، — دېدى ئۇ مېنى يېنىدىكى ساپاغا تەكلىپ قىلىپ، — بىرقانچە كۈن بولدى، بەكلا مىجەزىم يوق، شۇڭا سىزگە دەيدىغان گەپلىرىمنى دەۋالاي، دەپ چاقىرتقان.

— نېمە دەيدىغانسىز، سىز تېخى ياش تۇرسىڭىز، ئۆتكەندە دوختۇردىن ئالدىراپ چىقىپ كەتتىڭىز ئەمەسمۇ؟ — دېدىم مەن يەنىلا ئۇنىڭدىن نارازى بولۇپ.

— سىز بىلمەيسىز، ئاچا. مېنىڭ كېسىلىم پىششىپ قالغان كېسەل، ھەرقانچە داۋالانساممۇ بەرىبىر. شۇڭا مەن ئۇزاقتىن

بۇيان ئويلاپ يۈرگەن بىر ئىشنى سىزگە دېمەكچى ئاۋۋال مۇنچا ماقۇل بولۇڭ.

مەن ئۇنىڭ گەپلىرىدىن غەلىتىلىك ھېس قىلىپ، ئۇنىڭغا ماقۇل بولغانلىقىمنى باش لىڭشىتىپ بىلدۈرگەن بولدۇم.

— قىزىمنى سىز بېقىۋېلىڭ، بولامدۇ؟

مەن چۆچۈپ كەتتىم. ئەمدىلا گەپ قىلماقچى بولۇپ ئېغىزىمنى ئۆمەللىشىمگە ئۇ گېپىمنى بۆلدى.

— نېمە دەيدىغانلىقىڭىزنى بىلىمەن. سىزگە راست گەپنى دېسەم، مەن ئادەتتىكى ئاياللار كېسىلى ئەمەس. سىز بىلەن ئۇرۇمچىدە كۆرۈشكەن مەزگىلدە ماڭا «داس بوشلۇقى راكى» دەپ دىئاگنوز قويۇلۇپ بولغان. ئوپېراتسىيە قىلىش مەزگىلىدىن ئاللىقاچان ئۆتۈپ كەتكەنلىكتىن، بىر مەزگىل داۋالىنىپ بولدى قىلغانىدىم. كېيىن مەن قىزىمنى ئويلاپ يەنىلا داۋالىنىش نىيىتىگە كەلدىم. بىر قانچە قېتىم خىمىيىلىك داۋالىنىپ خېلى ياخشى بولغان. لېكىن، دوختۇر ماڭا بۇ ئۇسۇلنىڭ ئۆمۈرنى مەلۇم مەزگىل ئۇزارتالايدىغانلىقىنى ئېيتقان. شۇ كۈنلەردە «ئۆلۈپ كەتسەم بالامنى قانداق قىلارمەن، ئۇمۇ مەندەك كۈنگە قالارمۇ؟» دەپ ئەندىشە قىلاتتىم. كېچىلىرى قىزىمنى قۇچاقلاپ يىغلاپ كېتەتتىم. كېيىن مەن سىز بىلەن ئۇچرىشىپ نېمىشقىدۇر ئۈمىدۋار بولۇپ قالدىم. بۇ مەزگىللەردە مەن ئىزچىل دورا ئىشلىتىپ كەلدىم. مېنىڭ بۇ يەرگە كېلىشتىكى مەقسىتىممۇ قىزىمنى ئىشەنچلىك ئادەمگە — سىزگە تاپشۇرۇش ئىدى. مانا ھازىر ئۆمرۈم ئازلا قالدى. قايسى كۈنى دوختۇر ماڭا: «ئەمدى داۋالانغاننىڭ پايدىسى يوق» دېدى، شۇڭا قايتىپ چىققان. بىر قانچە كۈن بولدى، بەك ئاجىزلاپ كەتتىم. شۇڭا كۆزۈمنىڭ ئوچۇقىدا سىزگە بۇ گەپلەرنى دەۋالغۇم كەلدى، ھەرگىز رەت قىلماڭ. دۇنيادا مەن سىزدەك ئاق كۆڭۈل، سىزدەك كۆڭلى ـ كۆكسى كەڭ ئايالنى كۆرۈپ باقمىغان. سىز بولغاچقىلا



www.uyghurkitap.com

مەن ئىشەنچ بىلەن ياشاپ كەلدىم. ناۋادا، بالامنى سىزگە تاپشۇرالىسام كۆزۈم خاتىرجەم يۇمۇلاتتى.

ئۇ گەپلىرىنى دەپ بولغۇچە كۆزىدىن بىر تېمىم ياش چىقارمىدى. شۇنداق سالماق ھالدا گەپلىرىنى دەپ بولغاندىن كېيىن، ئۇلۇغ - كىچىك تىنىدى. مەن ئۇنىڭ شۇنچە قەيسەرلىكىگە ھەيران قالدىم. بىر تۇرۇپ، بۇ ئىشلارغا ئىشەنگۈم كەلمەيتتى. ئۇ تېخى ئوتتۇز بەشكە كىرمىگەنىدى. ئۇ كۆڭلۈمدىكىنى بىلگەندەك، ماڭا قاراپ كۈلۈمسىرەپ قويدى.

— مەن قىزىمغا ئاتاپ يىغقان پۇللىرىمنى بانكا كارتىسىغا سېلىپ قويدۇم. ئۇنىڭدا ئوتتۇز مىڭ يۈەن بار، مەن بۇ پۇللارنى يىغىشقا باشلىغاندىن تارتىپ ئۆزۈمنىڭ تۇيۇقسىز ئۆلۈپ كېتىشىمدىن ئەندىشە قىلاتتىم، ھېلىمۇ دوختۇرلارنىڭ دېگىنىدىن ئۇزاق ياشىدىم، مەن شۇنىڭغا شۈكرى دەيمەن.

نېمىنىشقىدۇر كۆز يېشىمنى تۇتالماي قالدىم. خۇددى ئۆلۈم ئالدىدا تۇرۇۋاتقان ئادەمدەك ئۈن سېلىپ يىغلاپ كەتتىم.

— ھەرگىز يىغلىماڭ، ئاچا. سىزدەك بىر ئاچام بولغىنى ئۈچۈن مەن بەك خۇش، مەن سىزگە ھېچقانداق ئىش قىلىپ بېرەلمىدىم، لېكىن سىز ماڭا نۇرغۇن ئىشلارنى قىلىپ بەردىڭىز، ماڭا ئادەم بولۇشنىڭ يولىنى ئۆگەتتىڭىز، ماڭا ماقۇل بولۇڭ، قىزىمنى ئېلىپ قېلىڭ، بولامدۇ؟

مەن بېشىمنى لىڭشىتتىم. تىلىمغا گەپ كەلمەيتتى، ئىبادەتنىڭ خوۋلۇق كۆرمەي ئۆتكەن ھاياتىغا، بەختسىزلىكىگە ئېچىناتتىم. كۆڭلۈمدە: «بەختلىك ئائىلىنىڭ مېھرىنى بىرەر قېتىم ھېس قىلغان بولسا ياكى بىرەر ۋاپادار يىگىتنىڭ مۇھەببىتىدىن شادلانغان بولسا تېخىمۇ ئۇزاقراق ياشىغان بولارمىكىن» دەپ ئويلايتتىم. قىسقىسى، بۇ شور پېشانە قىزنىڭ كىچىككىنە ھاياتىغا ھەممىدىن بەك ئېچىناتتىم. مەن ئۇنىڭغا بالىغا ياخشى قارايدىغانلىقىم توغرىسىدا ۋەدە بەردىم. ئۇنىڭ چىرايى بىردىنلا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكى ئادرېسى

ئېچىلىپ كەتتى. ئۇنى ئۆيگە ئەكېتەي ياكى دوختۇرخانىغا ئاپى-راي دېسەم قەتئىي ئۇنىمىدى. ئۆزىنىڭ بىر ەيلەننى تەكلىپ قىلا-غانلىقىنى، ئۇنىڭ ئۆزىدىن خەۋەر ئالىدىغانلىقىنى ئېيتىپ تۇرۇۋالدى. لېكىن، مەن ئۇ ياللىغان ئادەم كەلگۈچە كەتمىدىم. ئۇ ياللىغان قىزغا تېلېفون نومۇرىمنى بېرىپ قايتا ـ قايتا تاپىلاپ خوشلىشىپ قايتىپ كەتتىم. شۇ تاپتا، ئەتراپىمدا ماڭا مۇناسى-ۋەتلىك كىشىلەردە يۈز بېرىۋاتقان بۇ ئىشلارغا ئەقلىم يەتمەيتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ھەر كۈنى ئۇنىڭغا تېلېفون قىلىپ تۇرىدىغان بولدۇم. ئون كۈندىن كېيىن، مەن ئىبادەتنىڭ ياتىقىغا تېلېفون قىلغاندا باققۇچى قىز ئۇنىڭ ئەھۋالىنىڭ ئۆزگىرىپ قالغانلىقىنى ئېيتتى. مەن دەرھال يېتىپ باردىم. ئىبادەتنىڭ گەپ قىلغۇدەك مادارى قالمىغانىكەن. ئۇ مېنى كۆرۈپ بېشىنى لىڭشىتتى. ئۇنىڭ كۆز جىيەكلىرىدىن تارتىپ بۇرنىنىڭ ئۇچىغا سوزۇلغان سىرتقىلىقا قاراپ، مەن ئۇنىڭ ئاخىرقى دەقىقىلەرنى ئۆتكۈزۈۋات-قانلىقىنى ھېس قىلىپ دەرھال دادامنى چاقىرتتىم. دادام ئۆزى بىلەن بىللە قوشنىمىزنى ئالغاچ كەلگەنىكەن. ئۇ كىشى ئايەت سۈيى قىلىپ ئىبادەتنىڭ ئېغىزىغا تېمىتتى. بىر ـ ئىككى سائەت-لەردىن كېيىن، ئۇ يېرىم ئوچۇق تۇرغان كۆزىنى ئاستا يۇمدى. يۈرىكىم ئەنسىز سېلىپ كەتتى. دادام ئۇنىڭ بويۇن تومۇرىنى تۇتۇپلا ماڭا ئۈمىدسىز نەزەردە قارىدى. مەن ئۇنىڭ چىرايىدىكى خاتىرجەملىكنىڭ ئۆچمىگەنلىكىنى كۆردۈم. مەن ئۇنىڭ ئىشكا-پىدىن ئېڭىكلىنى چىگىدىغان لاتا ئىزدەپ ھەيران قالدىم. ئىشكاپتا ئۇنىڭ ئاخىرەتلىكىنىڭ ھەممىسى تەييار ئىدى. ئۇ ھەتتا كېپەن-لىكىنىمۇ تىككۈزۈپ قويغانىكەن. ئۇنىڭدىن باشقا، ۋەسىيەتنامى-سىنى كېپەنلىكىنىڭ ئىچىگە قويۇپ قويغانىكەن. كۆز ياشلىرىمنى تۇتالمىغان ھالدا ئالدىن تەييارلانغان نەرسىلەرنى ئالدىم، ئاندىن ئۇنىڭ تۇغقانلىرىغا خەۋەر قىلدىم. ئۇلار كېلىپ يىغلىشىپ كەت-تى، ئاندىن ئۇنى بىر نەۋرە ئاكىسىنىڭ ئۆيىگە يۆتكىدۇق. مەن

مەكتەپكە بېرىپ زۆھرەنى ئەكەلدىم. ئاپىسىنىڭ چىرايىنى ئۇنىڭغا كۆرسىتىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنى ئۆيگە ئاپىرىۋەتمەكچى بولۇۋېدىم، ئۇ ئاپىسىنى قۇچاقلاپ يىغلاپ تۇرۇۋالدى. مەن ئۆيگە بېرىپ ئىشلارنى بىرقۇر ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ قايتىپ كەلدىم. ئەتىسى ئىبادەتنىڭ مېيىتى داغدۇغىسىزلا ئۇزىتىلدى. مەن زۆھرەنى ئەكەتتىم. قىرىق نەزىرى بولغان كۈنى مەن ئىبادەتنىڭ قەبرە بېشىغا سالاسۇن قويدۇردۇم. گەرچە ئۇنىڭ بۇ دۇنيادا ھېچنېمىسى بولمىسىمۇ، ئۇنىڭ ئىزى ئۆچۈپ كەتسە بولمايتتى. زۆھرەگە ئاپىسىنىڭ روھىغا ئاتاپ دۇئا قىلىشنى ئۆگەتتىم. ئادىل نېمىشقىدۇر زۆھرەگە قىلغان كۆيۈمچانلىقىمنى چۈشەنمىگەندەك قىلاتتى. مەن بىرقانچە قېتىم ئۇنىڭغا زۆھرە توغرۇلۇق گەپ قىلاي دەپ يەنىلا دېيەلمىدىم. زۆھرە بۇرۇندىن بىزنىڭ بالىلار بىلەن ئارىلىشىپ يۈرگەچكە تېزلا كۆنۈپ كەتتى. ئادىلنىڭ پۈتىدىكى گىپىسلار ئېلىۋېتىلىپ خېلى ياخشى بولۇپ قالدى. ئۇ ھاسا تاياق بىلەن ئاستا مېڭىشنى مەشىق قىلاتتى. ماھىبەرنىڭ كېسىلىدە ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمىغاچقا، ئۇلار ئۇنى ئۈرۈمچىدىن قايتۇرۇپ كەلدى. ئۇنىڭ كېسىلى بۇرۇنقىدىنمۇ ئېغىرلىشىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن بىرنېمىلەرنى دەپ سۆزلەيتتى، بەزىدە يىغلاپ كېتەتتى. قىزىنى كۆرسە، «جىن كەلدى!» دەپ قاچاتتى. ھەممىمىز ئامالسىز قالغانىدۇق.

— مەن ئۇنى ئەكېتەي، قىزىم، — دېدى بىر كۈنى ھامىمام كۆز يېشى قىلىپ، — ئۇنىڭ ئاپىسىمۇ قوشۇلدى، شۇ يەردە داۋالىتسام ساقىيىپ قالسا ئەجەب ئەمەس.

— ئاۋۋال ئادىلغا دەپ باقايلى، ئۇ ئۇنىمىسا بولماسمىكىن؟ — دېدىم مەن ئۆزۈمنىڭ ئويلىغىنىنى بويىچە، — مەن ئادىلغا دەپ باقاي! ھامما، سىلەر ماھىبەرنىڭ ئاپىسى بىلەن سىڭلىسىنىڭ رازىلىقىنى ئېلىپ قايتۇرۇۋېتىپ تۇرۇڭلار. ئۇلار قارىغان بىلەنمۇ ئۇنىڭ كېسىلى بەرىبىر ياخشىلىنىپ قالمايدۇ.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئەتىسى مەن ئادىلغا بۇ توغرۇلۇق ئېغىز ئاچتىم.

— هامماملار ماھىبەرنى ئاپىرىپ ئۆزىمىز داۋالاتساق، ياخشى بولۇپ قالسا ئاندىن ئەكىلەرمىز، دەيدۇ. سىز قانداق قىلارسىزكىن؟

— قېينانامىلار نېمە دەپتۇ؟ — دېدى ئادىل، — مەن بۇ هالدا تۇرسام نېمىمۇ دېيەلەيمەن.

— لېكىن، سىز دېگەن ئۇنىڭ ئېرى، ئاۋۋال بۇ ئىشقا سىز قوشۇلۇشىڭىز كېرەك.

— مەيلى، ھېلىمۇ سىلەرگە كۆپ ئېغىرچىلىق سالدۇق، ئۇنىڭغا قارايدىغانغىمۇ ئادەم كېرەك، قېينانامىلارنىڭ ئەھۋالى ئانچە ياخشى ئەمەس، ئۇلار رازى بولسا مېنىڭمۇ باشقا پىكرىم يوق.

مەن ئادىلنىڭ گېپىنى هامماملارغا يەتكۈزدۈم. ئۇ ئوغۇللىرى بىلەن ئالاقىلىشىپ دەرهال رەسمىيەت بېجىرىدىغان بولدى. بىر ھەپتىدىن كېيىن هاممامنىڭ چوڭ ئوغلى كېلىپ، هامام بىلەن ماھىبەرنى ئېلىپ كەتتى. ئادىلنىڭ ماھىبەرنىڭ قىزىنى ئېلىپ قالغۇسى بارلىقىنى بىلىپ، «ئۇنى كېيىن ئەۋەتىپ بېرەيلى!» دەپ ئەپقالدىم. مەن خىيالىمدا: «ئادىل ماھىبەرنى بەك ياخشى كۆرگەنلىكتىن قىزىنى ئېلىپ قالدى» دەپ ئويلىدىم.

«ئىنسان دېگەنگە ئامەت مەڭگۈلۈك ئەمەس» دېگەن گەپ راست بولسا كېرەك. ئادىل هادىسىگە ئۇچراپ سەككىز ئاي بولغاندا، بىر دىنلا ئۇنى يوقلاپ كېلىدىغان ئىدارىسىدىكىلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلۈپ، سوتنىڭ چاقىرىق قەغىزىنى تاپشۇرۇۋالدۇق. «بالا كەلسە قوش كەپتۇ» دېگەندەك، ئادىلنىڭ ئىدارىسى ئادىلنىڭ ئۈستىدىن ئىدارىگە كەلتۈرگەن زىياننى تۆلەش توغرىسىدا ئەرز قىلغانىكەن. بىز بىكىتىلگەن كۈنى سوتقا باردۇق. ئادىل چاقلىق ئورۇندۇقتا ئولتۇراتتى. ئۇلار ئادىلنى «رەھبىرىي كادىرلار ماشىنا ھەيدىمەسلىك» دېگەن بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىل-

غان، شوپۇرنى ئالماي سىرتقا چىققان، سىرتقا چىققانلىقىنى يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلىككە ئۇقتۇرمىغان، شۇنىڭ بىلەن ھادىسە يۈز بېرىپ بىر ئادەمنىڭ ئۆلۈشىگە ھەم بەش يۈز مىڭ يۈەن ھۆكۈمەت پۇلىغا زىيان سالغان. قاتناش تارماقلىرىنىڭ دەلىللىگەن ئىسپاتىدا ھادىسە يۈز بېرىشنىڭ يەتمىش پىرسەنت جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئالىدۇ ھەم كېلىپ چىققان زىياننىڭ يېرىمىنى تۆلىشى كېرەك» دەپ ئەيىبلىگەنىدى. ئادىل ئەيىبنامىگە ھېچقانداق نارازىلىق بىلدۈرمىدى. مەن ئۇنىڭ نېمىشقا بۇنداق قىلىدىغانلىقىنى بىلەلمەي قالدىم. قايتىپ بارغاندىن كېيىن مەن ئۇنىڭدىن سورىدىم.

— نېمىشقا نارازىلىق بىلدۈرمەيسىز، ھېچبولمىسا، نارازىلىق ئەرزى بەرسەكمۇ بولاتتى ئەمەسمۇ؟

— پايدىسى يوق، — دېدى ئۇ غەمكىن ھالدا، — بۇنىڭغا ئۆزۈم ئەيىبلىك، مەن ئىلگىرى بىرقانچە ئەمەلدار بىلەن پۇت ئېتىشىپ قالغانىدىم، بۇ ئىش تۈپەيلىدىن ئۇلار مەندىن ئۆچ ئېلىۋاتقان گەپ. ھەرقانچە قىلغان بىلەن زىيان «مانا مەن» دەپ كۆرۈنۈپ تۇرسا نېمە دېگىلى بولىدۇ؟

لېكىن، مەن قايىل بولمىدىم، ئادۋوكاتلارنى ئىزدەپ، ھەر خىل قانۇنلارغا تەتبىقلاپ يۈرۈپ نارازىلىق ئەرز بەردىم. قايتا سوت ئېچىلغاندا، مەن تاللىغان ئادۋوكات ھەر خىل پاكىتلار ئارقىلىق سوتچىلارنى قايىل قىلدى. شۇنداق قىلىپ زىياننىڭ يىگىرمە پىرسەنتىنى تۆلەيدىغان بولدۇق. بۇمۇ ئادىل ئۈچۈن ئاز سان ئەمەس ئىدى. شۇ ئىشتىن كېيىن، ئۇ باشقىچە شۈكلەپ كەتتى. مەن ئۇنىڭ ۋىجدان ئازابى تارتىۋاتقانلىقىنى سەزدىم. شۇنداقتىمۇ، مەن قىلچە چاندۇرماي ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىۋەردىم. بىر يىل ئۆتكەن بىر كۈنى، مەن ئادىلنىڭ زۆھرەنى ئەركىلىتىپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ نېمىشقىدۇر ئۇنىڭغا زۆھرە توغرۇلۇق گەپ قىلغۇم كەلدى.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكى تورى ئادرېسى

— زۆھرە قەلبىنۇرغا ئوخشايدۇ - ھە؟ — دېيىشكىنىنى نەدىن باشلاشنى بىلمىگەندەك.

— راستىلا ئوخشايدىكەن، بەزى قىلىقلىرىمۇ ئوخشايدىكەن، — دېدى ئۇمۇ.

— قەلبىنۇر سىزنى تارتقان، زۆھرەنىڭ ئاپىسىنىڭ كىملىكىنى دەپ بەرسەم بەلكىم ئىشەنمەيسىز.

— ھېلىقى ئىبادەتقۇ؟ — دېدى ئۇ بەخىرامان.

— توغرا، شۇ ئىبادەت. لېكىن بۇ بالا سىزنىڭ بالىڭىز.

ئادىل خۇددى توك تەپكەندەك چۆچۈپ ماڭا تىكىلىپ قالدى.

— بەلكىم ئېسىڭىزدىن چىقىپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن، سىز ئىلگىرى ئىبادەت ئىسىملىك كىچىككىنە قىز بىلەن ئارىلاشقان، ئاندىن ئۇ قىز ئېغىر ئاياغ بولۇپ قالغاندا «ك» ناھىيىسىگە ئاپىرىپ قويغان ئىبادەت دەل زۆھرەنىڭ ئاپىسى بولىدۇ.

— ئۇ... ئۇنداقتا ھېلىقى ئايال شۇ ئىبادەتمۇ؟

— شۇنداق، تۇرمۇشنىڭ رەھىمسىزلىكى ئۇنى شۇ ھالغا كەلتۈرۈپ قويغان. ئۇنى كۆرگەن چاغلىرىڭىزدا ئۇ راستىنىلا باشقا بىر ئادەمگە ئايلىنىپ قالغان، لېكىن ئەينى چاغدا سىز تاشلىۋەتكەن قىز شۇ ئىبادەت.

ئادىل جىمىپ كەتتى. ئارىنى چىۋىن ئۇچسا ئاڭلانغۇدەك جىمجىتلىق قاپلىدى.

— شۇ چاغدا ئۇ نېمە قىلىشىنى بىلمەي قاپتىكەن. سىز ھەتتا بالىڭىزدىنمۇ تېنىپ كېتىپسىز. مەن ئۇنى ئىزدەپ بارغان ۋاقتىمدا، سىز ماھىبەر بىلەن كۆرۈشكىلى غۇلجىغا كېتىپتىكەنسىز. مەن ئەسلىي ئۇنى ئەدەپلەپ قويغىلى بارغان. لېكىن ئۇنىڭ بىچارە تۇرقىنى قاراپ ئىچىم ئاغرىپ قايتىپ كەلدىم. ئۇ نۇرغۇن جاپالارنى تارتتى. ئۇ قازا قىلىدىغان چاغدا زۆھرەنى ماڭا تاپشۇرغان.

مەن زۆھرەگە مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئۇنىڭغا

دەپ بەردىم. ئۇ تۇرۇپلا يىغلاپ كەتتى. مەن ئۇنىڭ بۇ ئىشلارنى بىلىشى ھەقلىق دەپ ئويلايتتىم.

— ئۇنداقتا سىز ھەممە ئىشلارنى بىلىدىكەنسىز، شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق.

مەن ئۇنىڭغا تەسەللى بەرمىدىم، ئۇ بىرھازا يىغلاپ جىمىپ قالدى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ زۆھرەگە تىكىلىپمۇ قارىمايدىغان بولۇپ قالدى.

— زۆھرە تېخى كىچىك، ئۇ بىلمىسىمۇ، سىز ئۇنىڭ ئۆز قىزىڭىز ئىكەنلىكىنى بىلدىڭىز، ئۇنىڭغا كۆپرەك مېھرىبانلىق قىلىڭ. دادا مېھرىنىڭ قانــداقلىقىنى ئۇمۇ بىلىپ باقسۇن، — دېدىم بىر كۈنى ئۇنىڭ كىيىم ئالماشتۇرۇشىغا ياردەم قىلىۋې-تىپ.

— مېنىڭمۇ شۇنداق قىلغۇم بار، لېكىن بىلەمسىز، مەن دېگەن بىر گۇناھكار ئىنسان. ئۇنىڭغا يۈز كېلەلمەيمەن، ھەمم-مىڭلارغا يۈز كېلەلمەيمەن. زۆھرە ھەر قېتىم قارىسا يۈرىكىم بىر قېتىم تىترەيدۇ. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن نۇرغۇن سوئاللارنى كۆرگەندەك بولىمەن. مەن راستتىنلا ھەممىڭلارغا يۈز كېلەلمەي-مەن، — دېدى ئۇ راست گېپىنى قىلىپ.

— لېكىن، كىچىككىپ تونۇغان بولسىڭىزمۇ ئۆزىڭىزنىڭ مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىشىڭىز كېرەك. بىز قانداق گۇناھ ئۆت-كۈزگەن بولايلى، بالىلاردا گۇناھ يوق، ئۇلار بەھرە ئېلىشقا تېگىشلىك ھەممە نەرسىدىن بەھرىلىنىشى كېرەك.

ئادىل خۇددى مېنى ئەمدى تونۇغاندەك بىردەم ماڭا قاراپ تۇرۇپ قالدى، ئاندىن مېنى ئارتىپلا «چىڭڭىدە» قۇچاقلىدى. مەن ھودۇقۇپ كەتتىم. ئىشىك ئوچۇق ئىدى.

— نېمە قىلىۋاتىسىز؟ مېنى قويىۋېتىڭ، بالىلار كىرىپ قالسا سەت بولىدۇ، — دېدىم ئارانلا نەپەسلىنىپ.

— مېنى كەچۈرۈڭ، بولامدۇ، پەرى؟

يۈرىكىم باشقىچە تېپچەكلەپ كەتتى. ئىلگىرى ئۇ مېنى ئەركىلىتىپ شۇنداق چاقىراتتى. بىردىنلا ۋۇجۇدۇمغا ئىللىق ئېقىم تارقالغاندەك بوشاپ كەتتىم، لېكىن دەرھال ئۆزۈمنى تۇتۇۋالدىم. ئۇ مېنى قويۇۋەتتى.

— بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدا ھېچقانداق مۇناسىۋەت يوق، ئادىل. سىز بالىلىرىمنىڭ دادىسى بولغاچقا سىزگە قولۇمدىن كېلىشىچە ياردەم قىلدىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە سىز ھازىر مېنىڭ نەۋرە ئاچامنىڭ ئېرى. ناۋادا ئۇ ساق بولغان بولسا ھەرگىزمۇ بۇ ئىشلار بولمايتتى. سىز ساقىيىپ بولغۇچە بىز ھېچنېمە دېيىشمەيلى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئىككىمىز ئانچە پاراڭلىشىپ كەتمەيدىغان بولدۇق، ئۇمۇ بارا - بارا ياخشىلىنىشقا باشلىدى.

ھەش - پەش دېگۈچە ئۈچ يىل ئۆتۈپ كەتتى. ئادىلمۇ ئاۋايلاپ ماڭغۇدەك بولدى، ھەر كۈنى بالىلار بىلەن كوچىدا ئايلىناتتى. مەن زۆھرەگە دەپ يۈرۈپ ئۇنى «دادا» دەپ چاقىرىدىغان قىلدىم. ئۇمۇ بالىلارغا باشقىچە ئامراق بولۇپ كەتتى. شۇ كۈنلەردە ھامماملاردىنمۇ ماھىبەرنىڭ خەۋىرىنى ئاڭلاپ تۇراتتۇق، ئۇمۇ ئەسلىگە كېلىشكە باشلىغانىكەن. ھامماملار بارلىق ئىشلارنى ئۇنىڭغا سۆزلەپ بېرىپتۇ. ھازىر ماھىبەرنىڭ دۆلەتكە قايتقۇسى بولمىغاچقا، ئۇنىڭ رايىغا باقمىدىغان بوپتۇ. مەن ھاممامدىن شۇ خەۋەرنى ئېلىپ ئۇزاق ئۆتمەي ماھىبەردىن بىر پارچە خەت تاپشۇرۇۋالدىم. خەتنى ئاچقان ۋاقتىمدا، ئىچىدە ئادىلغا ئاتاپ يېزىلغان ئاغزى پېچەتلەنگەن بىر پارچە خەت چىقتى. مەن ئۆزۈمنىڭ خېتىنى ئوقۇشقا باشلىدىم.

«سىزنى نېمە دەپ ئاتاشنى بىلمەيۋاتىمەن، — دەپ باشلانغانىدى خەت، — بۇ ئىشلارنى ئۇققاندىن كېيىن مەن بەكمۇ ئازابلاندىم. قانچىلىغان كېچىلەرنى خىيال بىلەن ئۆت-

كۆزگىنىمنى بىلمەيمەن. نېمىشقىكىن، ئويلىغانلىرىمنى
خەت ئارقىلىق دېيىشنى ئەڭ مۇۋاپىق ھېس قىلدىم. بىلەم-
سىز، سىزنىڭ سىڭلىم ئىكەنلىكىڭىزنى ئۇققان ۋاقتىمدا،
بۇ رېئاللىققا زادىلا ئىشەنگۈم كەلمىدى. ئاكىلىرىم سىزنىڭ
مېنى ئىزدەش جەريانىڭىزنى بىرمۇبىر دەپ بەردى. مەن
خىجىللىقتىن يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك ھالغا كېلىپ قال-
دىم. نېمىسىنى دەي، مەن سىزنىڭ ئىللىق ئائىلىڭىزنى
ۋەيران قىلىۋەتكەن. ئۇ چاغلاردا ئادىلنى ياخشى كۆرۈپ
قالغانىدىم، شۇڭا ئۆزۈمنى بەختكە ئىنتىلگۈچى ھەم شۇ
يولدا كۈرەش قىلغۇچى دەپ ساناپتىكەنمەن. مەن ھەتتا
ئادىلنىڭ تۇرمۇشىدا سىزنىڭ بارلىقىڭىزنى بىلسەممۇ ئادىل-
غا يېپىشىۋالغان ئىدىم. مەن ئادىلنى ئۆزۈمگە قارىتالايدى-
غانلىقىمغا ئىشىنەتتىم. سىزنى شۇ ئاددىي - ساددا قىياپى-
تىڭىز بىلەن يارىتالمايتتىم. تىرىشچانلىقىم نەتىجىسىدە ئا-
دىلمۇ ماڭا مايىل بولۇپ قالدى، لېكىن ئۇنىڭ مېنى چىن
دىلىدىن سۆيىدىغان - سۆيمەيدىغانلىقىغا بىر نېمە دېيەلمەي-
مەن. ئىشقىلىپ، مەن ئۇنى ئۆزۈمگە قارىتالىغىنىم، ئۆ-
زۈم ياخشى كۆرگەن ئادەم بىلەن بىللە بولغىنىم ئۈچۈن
ئۆزۈمنى غالىب سانايتتىم. بىز ئادىل بىلەن بىرقانچە يىل
ئارىلاشقاندىن كېيىن نېمىشقىدۇر ئادىل مەندىن ئۆزىنى
تارتىپ قالدى. بۇنى سىزنىڭ بارلىقىڭىزدىن دەپ بىلەتتىم.
شۇڭا سىزگە ئۆچمەنلىك قىلاتتىم. مەن: «ئادىل چىدىماي
مېنى ئىزدەپ كېلىدۇ» دەپ قارىغاچقا قەستەن باشقىلار
بىلەن توي قىلماقچى بولدۇم، لېكىن ئادىل مېنى ئىزدەپ
كەلمىدى. مەن ئويناشقاندەك قىلىپ توي قىلىپ قالدىم.
بۇ چاغدا ئادىلدىن قورسىقىمدا قالغىنىغا ئىككى ئاي بولغانى-
دى. توي قىلىپ بالا تۇغۇلماي تۇرۇپ، ئېرىمدىن ئاجرى-
شىپ كەتتىم. مەن يەنىلا ئادىلدىن مېھرىمنى ئۈزەلمىدىم.

ئۇنىڭغا قايتا ـ قايتا خەت يېزىپ يۈرۈپ يەنە ئايرىلىشىپ قالدۇق. مېنىڭچە، مەن بۇنداق يوشۇرۇنچە ئارىلىشىشتىن قانائەت ھاسىل قىلمايتتىم. ئادىل ھامان مېنى تاشلىۋېتىدىغاندەك بىلىنەتتى. شۇڭا، قانداقلا بولمىسۇن، ئۇنىڭ بىلەن توي قىلاي دېگەن نىيەتكە كەلدىم. شۇنىڭ بىلەن ئۇنى ئىزدەپ باردىم. كۆرۈشۈش قېتىم سانى كۆپىيىۋەرگەچكىمۇ ياكى باشقا سەۋەب بارمۇ، ئادىل مەن بىلەن توي قىلىدىغان بولدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇ ھەممىنى مېنىڭ دېگىنىم بويىچە قىلدى. مەن ئۇنىڭ بالىلىرىنى بېقىشنى خالىمايتتىم، شۇڭا بالىنى ئالماسلىقنى ئېيتتىم، ئۇ سىزدىن بالىنىڭ ئورنىغا ئۆيىنى ئالدى. لېكىن، مەن ئەزەلدىن ئۇنىڭ بالىنى ئۆيگە تېگىشىدىغانلىقىنى ئويلاپ باقمىغان. كېيىن ئۇ ئىشنى ئۆزىدىن ئاڭلاپ سەل ھەيران بولغاندەك قىلدىم. لېكىن، مەن ئۇنىڭ بىلەن توي قىلغاندىكىن باشقا ئارتۇقچە ئىشلارنى ئويلىمايتتىم. ئىشقىلىپ، مەن ئادىلنى سىزدىن تارتىۋالغانلىقىمنى ئۆزۈمنىڭ غەلىبىسى ھېسابلايتتىم. شۇڭا باشقىلارنىڭ ماڭا باشقىچە قاراشلىرىدىن پەرۋايىم پەلەك ئىدى. بىرقانچە يىلدىن كېيىن، مەن ئادىلنىڭ باشقا ئاياللار بىلەن ئارىلىشىپ يۈرىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ ناھايىتى ئازابلاندىم، لېكىن ئۇنى يەنىلا كەچۈرەتتىم. چۈنكى، ئۇنى شۇنچىلىك ياخشى كۆرەتتىمكى، ئۇ بولمىسا ياشىشىمنىڭ مەنىسى يوقتەك ھېس قىلاتتىم. مەن سىزنى ئۇچراتقان چاغلاردا سىزنى تولىمۇ بىچارە كۆرەتتىم. بىراق كېيىن مەن ئاپامدىن بۇ ئىشلارنى ئاڭلىدىم. ئۆزۈمنىڭ بېقىۋېلىنغانلىقىمغا ئىشەنگۈم كەلمىدى. يەنە كېلىپ، مېنى تۇغقان ئاپامنىڭ سىزنىڭ ھاممىڭىز ئىكەنلىكىنى، ئۆزۈمنىڭ سىزنىڭ بىر نەۋرە ئاچىڭىز ئىكەنلىكىمنى بىلگەن چېغىمدا ئېلىشىپ قالايلا دېدىم. مەن ئادىلنى چاقىرتتىم. شۇ چاغدا

چاقىرغىنىمغا بەك پۇشايمان قىلىمەن. بىز يۇرتقا يېقىنلاش-
قاندا ئۇرۇشۇپ قالدۇق. ئۇنىڭ كۆڭلى خاتىرجەم بولمى-
غاچقا، شۇ قېتىملىق ھادىسە كېلىپ چىقتى. مەن شۇ تاپتا
ئاشۇ قېتىمقى ھادىسىدە ئالىمجاننىڭ ئورنىدا مەن ئۆلۈپ
كەتكەن بولسام قانچە ياخشى بولار ئىدى، دەپ ئويلايمەن.
لېكىن خۇدا مېنى مۇشۇ كۈنلەرنى تارتىشقا ئېلىپ قالغان
ئوخشايدۇ. شۇ تاپتا پۇشايمان قىلساممۇ ئورنىغا كەلمەيدۇ.
مەن سىزگە، بالىلىرىڭىزغا يۈز كېلەلمەيمەن. سىز ئۆي
كۆچكەن چاغدىكى ھالىتىڭىز مەڭگۈ ئېسىمدىن چىقمايدۇ.
شۇ چاغدا سىز ماڭا قاراپمۇ قويمىدىڭىز، كۆزىڭىزدە لىققىدە
ياش بولسىمۇ ئۆزىڭىزنى شۇنداق تەمكىن تۇتتىڭىز، مەن
شۇ چاغدىكى سالماقلىق بىلەن دېگەن گەپلىرىڭىزنى ھەرگىز
ئۇنتۇپ قالمىدىم. ھەر قېتىم ئېسىمگە كەلسە، «ناۋادا
مېنىڭ ئېرىم باشقا بىر ئايالنى باشلاپ كەلسە مەن قانداق
قىلاتتىم»، دەپ ئويلايتتىم. بەلكىم، مەن پەردىشەپنى قاي-
رىپ قويۇپ تۇرۇپ ئۇنىڭ چېچىدىن ئالغان بولاتتىم. مەن
سىزنىڭ كۆزلىرىڭىزگە قاراشتىن قورقاتتىم، كۆزلىرى-
ڭىزدىكى جەسۇرلۇق مېنى ھودۇقتۇراتتى. ھازىر بولسا
تېخىمۇ شۇنداق. مەن سىزگە قاراشتىنمۇ قورقىمەن. لې-
كىن، سىز مېنىڭ ئادىلدىن بولغان قىزىمنى بېقىۋاتىسىز.
قانداق قىلسام سىزنىڭ كەچۈرۈشىڭىزگە ئېرىشەلەيدىغى-
نىمنى بىلمەيمەن. مەن يولۇققان بۇ ئىشلار مېنى ھەقىقە-
تەن سەگىتتى. مەن ئەمدىلا دۇنياغا كۆز ئاچقاندەك، ياشاش-
نىڭ نېمىلىكىنى ئەمدىلا بىلگەندەك بولدۇم. شەخسىيەتچى-
لىك مېنى بۇ كۈنگە قويدى. بىلىمەن، سىزمۇ بۇ رېئاللىق-
نى قانداق قوبۇل قىلىشنى بىلمەي قالدىڭىز. مەن ئۇزاق
ئويلىنىپ قايتماسلىقنى قارار قىلدىم. ئالدىمىزدا ئاكام
بارماقچى، ئۇنىڭدىن قىزىمنى ئەۋەتىپ بەرسىڭىز. شۇ تاپتا

www.uyghurkitap.com

مەن ئۇ يەردىكى بارلىق نەرسىلەرنىڭ ماڭا تەن ئەمەسلىكىنى
تونۇپ يەتتىم. ئەمـدى مەن مۇشۇ يەردىلا ئۆز قىلمىشىمغا
تووۋا قىلالايدىكەنمەن. ناۋادا مۇۋاپىق دەپ قارىسىڭىز، ئادىل
بىلەن ياخشىلىشىپ قېلىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن. بۇ مېـ
نىڭ سىزگە قىلغانلىرىمنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇپ بېرەلمە-
سىمۇ، چىن يۈرىكىمدىن چىقىرىپ ئېيتىلغان سۆزلەر ئە-
كەنلىكىگە ئىشىنىشىڭىزنى سورايمەن. قولىڭىزدىكى خەت-
نىڭ يەنە بىرىدە مەن قارارىمنى ئادىلغا يەتكۈزدۈم. بەلكىم
ئۇمۇ مۇشۇنداق بولۇشىنى خالايدىغان بولۇشى مۇمكىن.
قىزىمغا قارىغىنىڭىز ئۈچۈن سىزگە يەنە بىر قېتىم رەھمەت
ئېيتىمەن.»

خەتنى ئوقۇپ ئۇنىڭ ئەخمىقانە قارارىدىن كۆلگۈم كەلدى.
ئادىل مېنىڭ نەزىرىمدە ئۇنچە ئۇلۇغ ئىنسان ئەمەس ئىدى. ئۇ
مەن ئۈچۈن خۇددى ئىچىدىكى نەرسە ئېلىنىۋېلىنغان سوۋغاتنىڭ
قېپىدەك قەدىرسىز ئىدى. يۈز بەرگەن ئىشلاردا باشقىلارنىڭ
مەسئۇلىيىتى بار دېيىلگەندىمۇ، ئادىلنىڭ ھەممىدىن چوڭ ئە-
دى. ماھىبەرنىڭ مېنىڭ ئاچام بولۇپ قېلىشىمۇ ئۇنىڭ خاتالىقى
ئەمەس، تەقدىرنىڭ چاقچىقى ئىدى. تەقدىر بىز بىلەن شۇنداق
ئويناشقان ئىدىكى، بىز ئۇنىڭ قولىدا كىچىك بالىنىڭ پىرقىرد-
غۇچىدەك پىرقىراپ توختىغاندا ھوشىمىزنى بىلمەي قالغانىدۇق.
ماھىبەر ئادىلنى تاشلاپ كەتكەن تەقدىردە ياكى ئادىل ماھىبەر
بىلەن ئاجرىشىپ مېنىڭ يېنىمغا قايتىپ كەلگەن تەقدىردىمۇ،
ئادىل ئىككىمىزنىڭ تۇرمۇشىغا كەتكەن دەز پۈتمەيتتى. مەن
ئىبادەتنى ئۇنتۇيالمايتتىم. ئۈچىمىزنىڭ ئىچىدە ئىبادەت ئەڭ
بىچارە ئىدى. ئۇ ئۆزى ياخشى كۆرگەن ئادىمىنىڭ ۋەسلىگە
يەتمەي تۇرۇپ كېرەكسىز لاتىدەك چۆرۈۋېتىلگەن، ھاياتىنىڭ بو-
ران ـ چاپقۇنلىرىدا ئۇرۇلۇپ ـ سوقۇلۇپ يۈرۈپ بۇ دۇنيادىن

ئارمان بىلەن كەتكەنىدى. ئۇنىڭ جاۋابكارى ئادىل ئىدى. مەن ئادىلنىڭ ماڭا قىلغانلىرىنى كەچۈرسەممۇ، ئىبادەتكە قىلغان ئادالەتسىزلىكىنى، رەھىمسىزلىكىنى كەچۈرەلمەيتتىم. ماھىبەر بىلەن ئىككىمىزنىڭ تارتقان كۈنلىرى ئىبادەتنىڭكىگە سېلىشتۇرغاندا ھېچقانچە ئەمەس ئىدى. ئىبادەتنى ئۆيلىسىملا كۆز ئالدىمدا ئۇنىڭ ئەينى چاغدىكى تىترەپ تۇرغان ھالىتى كېلەتتى. ئۇنىڭ قوي كۆزلىرى ماڭا ئۆزىنىڭ ھېكايىسىنى داۋاملاشتۇرۇپ بېرەتتى. مەن ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن يانغان قىساسكارلارچە ئوچقۇننى كۆرەتتىم. ئەنە شۇ كۆزلەردىكى ئاجايىپ مەنىلەر مېنى ئادىلدىن شۇنچە يىراقلاشتۇرۇۋەتكەنىدى. ئۇ كۆز ماڭا ھەمراھ ئىدى.

— ماھىبەر قايتىپ كەلمەيدىكەن، — دېدى ئادىل خەتنى تاپشۇرۇۋالغان كۈنىنىڭ ئەتىسى.

— مېنىڭچە، ئۇنىڭ قايتىپ كەلگىنى ياخشى ئىدى، — دېدىم مەن.

— ئۇ سىزگىمۇ شۇ گەپنى قىپتۇمۇ؟

— ھەئە.

— سىز نېمە دېمەكچى؟

— مېنىڭ ئۇنىڭغا بىرنەرسە دېيىش خىيالىم يوق. ھەركىمنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق تاللىغان يولى بولىدۇ. ناۋادا ئۇ شۇ يولنى تاللىغان بولسا باشقىلارنىڭ پىكرى ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەرزىمەس نەرسە. مېنىڭچە، يۈز بەرگەن ئىشلارنى ئۆزىگە ئارتىۋېلىش ئاقىلانىلىك ئەمەس.

— لېكىن، ئۇ سىزنىڭ ئاچچىقىڭىز بولغاچقىلا ئۆزىنى چەتكە ئېلىشنى ئويلاشقان بولۇشى مۇمكىن.

— بەلكىم شۇنداقتۇ؟ لېكىن ئۇنىڭ نېمە ئويلىغىنى پەقەت ئۆزىگىلا ئايان، بەلكىم بىر مەزگىلدىن كېيىن ھەممە ئىشلار نورماللىشىشى مۇمكىن.

بىز شۇ يەرگىچىلا پاراڭلاشقان بولدۇق. ئەتىسى بالىلارنى

ئېلىپ ئىبادەتنىڭ قەبرىسىنى يوقلىماقچى ئىدىم. ئادىلنىڭ ئىنىز
بىلەن بىللە باردى. دۇئادىن كېيىن، زۆھرەگە ئەكەلگەن بۇغداي-
نى چېچىشنى ئېيتتىم. قەبرە بېشىغا بۇغدايلار چېچىلىش بىلە-
لەن كۆنگەن بىر توپ قۇشقاچ «گۇررىدە» كېلىپ دانغا ئۆزى-
نى ئاتتى... باللار ئالدىمىزدا، بىز كەينىدە ماڭدۇق.

— مەن ھەممىڭلارغا يۈز كېلەلمەيمەن، — دېدى ئادىل ئۆ-
زىگە سۆزلىگەندەك ئاستا پىچىرلاپ، — مەن ئۆزۈمنى خۇددى بىر
مەزگىل ھوشۇمنى يوقىتىپ ئەسلىگە كەلگەن ئادەمدەك سېزىۋا-
تىمەن.

— سىز ھەممىدىن بەك ئىبادەتكە يۈز كېلەلمەيسىز، سىز
ئۇنىڭ بارلىقىنى يوقاتقان، بەختىنى توزۇتقان. ئۇنىڭ يىغىسى-
دىن كۈلگەن ئىنسان، — دېدىم مەن سەل قوپال بولسىمۇ.

— شۇنداق، مەن ئۇ چاغدا راستتىنلا ئۇنىڭغا رەھىمسىزلىك
قىلغان، مانا ئەمدى ئۆزۈم شۇ رەھىمسىزلىكنىڭ دەردىنى تارتى-
ۋاتىمەن. تەقدىر مېنى جازالاپ مۇشۇ ھالغا چۈشۈرۈپ قويدى.
شۇ تاپتا گۇناھىمنى يۇيىدىغان يەر بولسا يۈيۈپ باشقىدىن ئادەم
بولسام دەيمەن. بىراق بەك كېچىكتىم، بەكلا كېچىكتىم، مەن
بۇرۇن، ئىنسان بار ھەرقانداق سوتتا ھەممە نەرسىنى ئاستىن-
ئۈستۈن قىلغىلى بولىدۇ، دەپ ئويلايتتىم. مانا ئەمدى يەڭگىلى
بولمايدىغان بىر سوتنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلىۋاتىمەن، ۋىجدان-
نىڭ سوتىدىن قاتتىق نەرسە يوقكەن، مۇشۇ سوتتا ئۆزۈمنى
مەڭگۈ ئاقلىيالمايدىغان ئوخشايمەن.

— ئىنسان دېگەن شۇنداق مەخلۇق، خاتالىقنى قايتا - قايتا
ئۆتكۈزۈپمۇ يەنە تۈزەلمەيدىغان. ئەمدى قايتا باشلاي دېگەندە ھەم-
مە نەرسىنىڭ ۋاقتى ئۆتكەن بولىدۇ. شۇڭا ھەر ۋاقىت ئۆزىنىڭ
قىممىتىنى تونۇپ ياشايدىغانلار پۇشايمانسىز ئۆتىدۇ.

— توغرا دەيسىز. مەن سىزدىن بىر ئىشنى سوراي دېگەن.
سىز ماھىبەرگە ئۆچمەنلىك قىلامسىز؟

— ياق!



www.uyghurkitap.com

ئادىل بىر قەدەم ئالدىغا ئۆتۈپ ماڭا ئۇدۇل قاراپ تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ ھەيرانلىقى كۆزلىرىدىن چىقىپ تۇراتتى.

— ھەيران قالماڭ، — دېدىم مەن تەمكىن ھالدا، — ئىلگىرى مەن ئۇنىڭغا ئۆچلۈك قىلغان. ھەتتا بىر ئۆمۈر ئۆچمەنلىك قىلىشىمىمۇ مۇمكىن ئىدى. لېكىن، ھازىر ئويلىسام ئادەمنىڭ تەبىئىتى ئوخشاش بولىدىكەن. ئۇ سىزگە ئېرىشىش ئۈچۈن نۇرغۇن تىرىشچانلىق كۆرسەتتى. مەن بولسام سىزنى تۇتۇپ قالىمەن، دەپ تىرىشتىم. ھەتتا ماڭا كۆڭلۈڭىز قالمىغاندا ئاجراشمايمەن، دەپ تۇرۇۋېلىپ بولسىمۇ سىزنى تۇتۇپ قالماقچى بولدۇم. ئەمەلىيەتتە مەن بىلەن ماھىبەر ئىككىمىزنىڭ مەقسىتىمىز ئوخشاشلا شەخسىيەتچىلىك بىلەن يۇغۇرۇلغان. بەلكىم مېنىڭ تىرىشچانلىقىم يېتەرلىك بولمىغاندۇ ياكى شەخسىيەتچىلىكنى بەك ئۇچىغا چىقىرالمىغان بولۇشۇم مۇمكىن. شۇڭا ئۇ سىزنى تارتىپ كەتتى. بۇ يەردە ئىككىمىزگە توغرا باھا بېرەلەيدىغان ئادەم سىز ئىدىڭىز. لېكىن سىزمۇ شەخسىيەتچىلىك بىلەن ئۆز كۆڭلىڭىزنىڭ كەينىگە كىرىپ كەتتىڭىز. شەخسىيەتچىلىك بىزنىڭ قېنىمىزغا سىڭىپ كەتكەن. كېيىنكى ئىشلار تەقدىرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى، بىزگە بەرگەن ئاگاھلاندۇرۇشى بولسا كېرەك. سىزدىن سوراپ باقاي، سىز ماھىبەرنى ياخشى كۆرەمسىز؟

ئادىل دەماللىققا گەپ قىلالماي تۇرۇپ قالدى، ئاندىن:

— مەن سىزنى بەك ئاددىي چاغلاپ قاپتىمەن، پەرى، — دېدى يىراققا تىكىلىپ تۇرۇپ، — مەن سىزنى ئەمدىلا بىلدىم. سىز راستتىنلا قالتىس ئايالكەنسىز.

— ياق، ئەمەلىيەتتە مەنمۇ بىر ئاددىي ئايال، تۇرمۇش ماڭا شۇنداق قىلىشنى ئۆگەتتى. مەن ئىلگىرى بارلىقىمنى سىزگىلا ئاتاپ ئۆتكەن. تۇرمۇشۇمدا سىزنىلا مەۋجۇت دەپ قاراپ خاتا قىلغانىكەنمەن. سىزدىن ئايرىلغاندىلا مەن ئۆزۈمنىڭ مەۋجۇتلۇقۇمنى سەزدىم. مۇشۇ مەۋجۇتلۇق ماڭا نۇرغۇن ئىشلارنى

www.uyghurkitap.com

ئۆگەتتى. ئۆزۈمنى قەدىرلەشنى، باشقىلارنى قەدىرلەشنى، ئەمگەك قورساقلىقنى، ئىشقىلىپ، نۇرغۇن ـ نۇرغۇن نەرسىلەرنى مەن ئاشۇ مەۋجۇتلۇقتىن تاپتىم.

— ئۇنداقتا، ھازىر تۇرمۇشىڭىزدا مېنىڭ مەۋجۇتلۇقۇمنى ئويلاپ باقسىڭىز بولامدۇ؟

— ياق، سىزنىڭ مەۋجۇتلۇقىڭىز مەن ئۈچۈن مۇھىم ئەمەس. بىرقانچە يىلدىن بېرى مەن ئادىمىيلىكىم بىلەن سىزنىڭ ھالىڭىزدىن خەۋەر ئالدىم. سىز بۇنى باشقا مەنىدە چۈشەنمەڭ. سىزگىمۇ مەندىن باشقا ئادەم قارىيالمايتتى. بۇ ئىشلارنى مەن خالاپ قىلدىم. سىز ئاۋۋال ئۆزىڭىزنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ۋۇجۇدىڭىزدىن ئىزدەپ بېقىڭ. لېكىن، سىزگە دېسەم، باللار سىزگە موھتاج، بولۇپمۇ زۆھرە. ئۇنىڭ سىزدىن باشقا ھېچنېمىسى يوق. ناۋادا سىز ماھىبەرنى ھېلىمۇ ياخشى كۆرسىڭىز، ئۇنى تۇرمۇشىڭىزنىڭ بىرقىسمى دەپ قارىسىڭىز، ئۇنى ئەكېلىۋېلىڭ.

مەن گېپىمنى تۈگىتىپ ئالدىغا ئۆتتۇم. مەن ئادىلنىڭ كۆزىدىن سىرغىپ چىققان ياشنىڭ مەڭزىدە قېتىپ قالغانلىقىنى كۆردۈم. ئۇ خۇددى ماھىبەر بىلەن ئىككىمىزنىڭ ئۆز قەلبىدىكى ئورنىنى خىيال قىلماقچى بولغاندەك، كۆزلىرىنى «چېكىڭىدە» يۇمۇپ ئاسمانغا قارىدى. مەن كېتىۋەردىم. ئىككى كۈندىن كېيىن ئادىل ئۆيىگە كەتمەكچى بولدى. ئۇ ھازىر نورمال ماڭالايدىغان بولغاچقا، بىزنىڭ ئۆيدە تۇرۇۋېرىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇ كېتىدىغان چاغدا زۆھرەنى قۇچاقلاپ پېشانىسىگە قايتا ـ قايتا سۆيدى. مەن ئۇنىڭ يىراقلاپ كېتىۋاتقان گەۋدىسىگە قاراپ ئۇنىڭغا ئىچىم ئاغرىدى. ئۇ جىسمىدىكى ئىپادىلەپ بەرگۈسىز ئېغىر يۈك دەستىدىن قەدەملىرىنى تەستە ئالاتتى. ئۇ شۇ كېتىشىدە مېنىڭ نۇرغۇن ئەسلىمىلىرىمنى ئېلىپ كەتتى. شۇ ئەسلىمىلەر ئىچىدە سۆيۈش ـ سۆيۈلۈشمۇ، ئازاب ـ خۇشاللىقمۇ، مۇھەببەت ـ نەپرەتمۇ بار ئىدى.

# نامازشامگۇل

قاپقارا تۇمانلار ئەگىپ يۇرگەن ئاسماننىڭ رەڭگى ئۆزگىرىپ-كۇل رەڭ تۇسكە كىرگەن بولۇپ، ئادەمدە بىر خىل ۋەھىمە پەيدا قىلاتتى. ئېگىز بىنالار ئۇستىدە ئەگىپ يۇرگەن بۇلۇتلار خۇددى بىنالارنى يالماپ يۇتۇۋەتمەكچى بولغاندەك ئۇيان - بۇيان سۇرۇ-لەتتى. شەھەرنىڭ جەنۇب تەرىپى گەرچە قەبرىستانلىق بولمىسىمۇ يېقىندىن بىر قەبرە كۆپەيگەن بولۇپ، قەبرە ئالدىدا ئىككى قىز ئۇنسىز ياش تۆكمەكتە ئىدى. ئۇلارنىڭ ئالدىدىكى قەبرىگە ئازراق توپا دۆۋىلىنىپ كېسەك بىلەن بەلگە سېلىنغان بولۇپ، كىچىك-كىنە تاختايغا ئانچە چىرايلىق بولمىسىمۇ، «گۇلشەن راخمان، 1972 - يىلى تۇغۇلغان. 1996 - يىلى كېسەللىك سەۋەبى بىلەن ۋاپات بولغان» دېگەن خەتلەر يېزىلغانىدى.

ئىككى قىز قەبرە بېشىدا خېلى ئۇزاق ئولتۇرغاندىن كېيىن ئۇ يەردىن ئايرىلىشتى، ئۆزلىرى كەلگەن تاكسى بىلەن شەھەر تەرەپكە قاراپ يول ئالدى.

— ئازراق تاماق يەۋالساق بوپتىكەن؟ — دېدى ئاقپىشماق كەلگەن قىز يەنە بىرىگە.

— بولىدۇ، مېنىڭمۇ قورسىقىم ئاچقىلى خېلى بولدى. ئاۋۇ جايدىكى ئاشپۇزۇلغا كىرەيلى، — دېدى كۆزلىرى چوڭ كەلگەن يەنە بىرى ماقۇللۇقىنى بىلدۇرۇپ.

ئۇلار ئاشپۇزۇلغا كىرگەندە ئاشپۇزۇل ئادەملەر بىلەن لىق تولغان بولۇپ، ئىككىسى بۇلۇڭدىكى ئۇستەلگە بېرىپ سىغدال-دى. تاماق يەۋاتقانلار ئىككىسىنىڭ قارىلىق كىيىمى ھەم بېشىدى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

كى قارا ياغلىقىغا قىزىقسىنغان هالدا ئۆزئارا كۇسۇرلىشىشقا باشلىدى.

— قاراڭلار، شىنجاڭلىقلاردەك قىلىدۇ.

— ئۇيغۇركەن ـ هە؟...

تاماق يەۋاتقان كىشىلەرنىڭ يەرلىك خەنزۇ تىلىدا دېيىشكەن گەپلىرىنى ئۇلار ئېنىق ئاڭلاپ ئولتۇراتتى. ئۇلارنىڭ «ئۇيغۇركەن ـ هە!» دېگەن سۆزى ئىككىسىنىڭ يۈرىكىنى تاتىلاپ، ئۆزلىرىنىڭ بۇ يەردە يەككە ـ يېگانە ئىكەنلىكىنى هېس قىلدۇرماقتا ئىدى. شۇ تاپتا ئۇلارنىڭ كۆزىگە يىراقتىكى ئاتا ـ ئانىسى، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى، دوست ـ بۇرادەرلىرى كۆرۈنۈپ، كۆڭلۈك سېغىنىش ئوتى پۈتكۈل جىسمىنى كۆل قىلىۋېتىدىغاندەك كۆيدۈرەتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە دوستى گۈلشەننىڭ ۋاپاتى قوشۇلۇپ ئۇلارنى تېخىمۇ ئازابلايتتى. ئۆزلىرىنىڭ ئەتىسىنى ئويلاشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايتتى.

— ئاچا، بىرەر خالىيراق جاي تاپساق بوپتىكەن، — دېدى ئاقپىشماق كەلگەن ئاينۇر ئاشپۇزۇلدىن چىقىپلا يېنىدىكى ئايتىلالاغا، — سەل بىئاراملىق هېس قىلىۋاتىمەن.

— بىردەم چىدا، بۇ يەر بولمايدۇ. ئالدىمىزدا بىر جاي بار، — دېدى ئايتىلالامۇ بۇرنىنى قولياغلىقى بىلەن توسۇپ تۇرۇپ.

ئىككى قىز قەدەملىرىنى تېزلەتتى. ئۇلار چوڭ كوچىدىن ئۆتۈپ خېلى ئۇزاق ماڭغاندىن كېيىن، بىر خالتا كوچىغا قايرىلىپ كوچىنىڭ ئەڭ ئىچكىرىسىدىكى ئاممىۋى هاجەتخانىنىڭ كەينىگە ئۆتتى ـ دە، ئايتىلالا يانچۇقىدىن كىچىككىنە بولاقنى چىقىرىپ، ئۇنىڭدىكى ئۇندەك نەرسىنى پارقىراق قەغەز ئۈستىگە قويۇپ ئاستىدىن چاقماق بىلەن قىزىتتى. ئۇنىڭدىن چىققان ئىسنى ئىچىگە تارتىپ كۆزلىرىنى يۇمۇپ ئۇلۇغ نەپەس ئالدى. ئۇلار بۇ هەرىكەتنى بىرقانچە قېتىم داۋاملاشتۇرغاندىن كېيىن، ئۇ

يەردىن چىقىپ يولىغا راۋان بولدى.

*　*　*

دەرۋازىسى قىيسىيىپ ئۆرۈلۈپ كېتەيلا دەپ قالغان هويلا تام. يىراقتىن قارىسىلا كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدىغان سۇۋاقلىرى چۈشۈپ، تاملىرى قارىداپ ئۆز رەڭگىنى يوقاتقان قورۇدىن بىر قاراشتىلا نامراتلىقنىڭ پۇرىقى كېلەتتى. مەكتەپتىن ئەمدىلا قايتىپ كەلگەن گۈلشەن هويلىدىكى كىچىككىنە سۇپىدا ئىڭراپ ياتقان دادىسىنى كۆرۈپلا سومكىسىنى تاشلاپ دادىسىنىڭ يېنىغا كەلدى.

— قانداقراق، دادا؟ ئاشقازىنىڭىز يەنە ئاغرىپ كېتىۋاتامدۇ؟

— هەئە، بۈگۈن نېمە بولدۇمكىنتاڭ؟ — دېدى دادىسى راخمان ئاكا ناھايىتى تەستە.

— قىزىم، تېز چىقىپ باغدىن چامغۇر يۇلۇپ كىرگىن. داداڭغا سۇيۇق - سەلەڭ بىرنەرسە قىلىپ بېرەيلى! ئەتىگەننىڭكىيالىقى ئېغىزىغا هېچ نەرسە سالمىدى، — دېدى بۇلۇڭدىكى ئوچاق بېشىدا سۇيۇقئاشقا تۇتۇش قىلغان ئاپىسى گۈلشادىخان گۈلشەننىڭ قايتىپ كەلگىنىنى كۆرۈپ.

گۈلشەن دەرھال باغقا كىرىپ چامغۇر ئەكىردى، ئاندىن ئاپىسىغا ياردەملىشىپ بىردەمدىلا سۇيۇقئاشنى پىشۇردى. ئاپئاق سۇ، ئۇن ۋە چامغۇردىن باشقا هېچ نەرسە سېلىنمىغان ئاشنى دادىسى ئىككى قوشۇق ئىچىپلا بولدى قىلدى.

— مۇشۇ كۈنلەردە قولىمىز پۇل كۆرمەيدىغان بولۇپ كەتتى، بىرەر يېرىم جىڭ گۆش بولسىمۇ شورپا قىلىپ بەرسەك ئاز - تولا تاماق سىڭەمدىكى - يا؟ ئەتىگەندە كەنت كادىرلىرى كېلىپ: «قەرزنى تۆلەڭلار!» دەپ ئولتۇرۇپلىۋالدى. ئۇنى -

بۇنى دەپ ئاران يولغا سالدىم. بىر ئايغىچە تۆلىمىسەك سوتقا ئەرز قىلارمىش. توۋا، دادىڭ ساق چېغىدا يەرلەرمۇ تازا ئوخشايتتى. مانا دادىڭ بىرلا يېتىۋېدى، يەردىنمۇ تۈزۈك ھوسۇل چىقماس بولۇۋالدى.

گۈلشەننىڭ ئاپىسى كۆزلىرىدىكى ياشنى يوشۇرۇپ كۆزىنى تال باراڭغا تىكتى. بىردىنلا گۈلشەننىڭ بۇرنى ئېچىشتى. شۇ تاپتا ئۇ مەكتەپكە ئەتە تاپشۇرىدىغان پۇلنى ئاپىسىغا قانداق دېيىشنى بىلەلمەيۋاتاتتى. گۈلشەن بۇ يىل تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئۈچىنچى يىللىقىدا ئوقۇيتتى. كەم سۆز، ئېغىر - بېسىق بۇ قىز دەرسلەردە ھەممىدىن ياخشى ئىدى. لېكىن، مەكتەپكە ھەر قېتىم پۇل تاپشۇرىدىغان چاغدا، ۋاقتىدا تاپشۇرالماي باللارنىڭ ئالدىدا مەسخىرىگە قالاتتى. مەكتەپتىن «پۇل ئەكېلىڭلار! » دېگەن كۈنى ئۆيگە خۇددى تۈگمەن تېشى يۈدۈۋالغاندەك كېلەتتى. گۈلشەن بۇ ئۆينىڭ يالغۇز قىزى ئىدى. گۈلشادىخاننىڭ ئىلگىرىكى باللىرى بويىدىن ئاجراپ، ئەڭ ئاخىرىدا گۈلشەنلا ساق تۇغۇلغان ئىدى. راخمان ئاكا ساق چاغلىرىدا ئۇنى قولىدىن چۈشۈرمەي باقاتتى. خېلى چوڭ بولغۇچە مەكتەپكە ئۆزى ئاپىرىپ قوياتتى. ئىراق، بىرقانچە يىلدىن بېرى ئۇنىڭ سالامەتلىكى ياخشى بولالمىدى، ئۆينىڭ ئېغىر - يېنىك ئىشلىرىنىڭ ھەممىسى گۈلشادىخاننىڭ ئۈستىگە يۈكلەندى. گۈلشەنمۇ چوڭ بولۇپ، بۇ يىل ئون ئالتە ياشقا كىرىپ قالدى. گۈلشەن دادىسى ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغاندىن بېرى، ئاپىسى بىلەن بىللە يۈرۈپ ئېتىزلاردا ئىش قىلىشنى ئۆگەندى. بەزى كېچىلىرى سۇ تۇتۇشقا توغرا كەلسە، ئۇ ئاپىسى بىلەن بىللە چىقاتتى. ئاپىسىنىڭ قىرلاردا يۈگۈرۈپ يۈرۈپ سۇ تۇتۇشلىرىغا، يار ئېلىپ كەتكەن قىرلاردا بىلىگىچە سۇغا كىرىپ، كەتمەن چېپىشلىرىغا قاراپ ئاپىسىغا ئىچى ئاغرىيتتى. ئاپىسىنىڭ شۇنداق جاپالىق ئىشلىگىنىگە قارىماي ئېغىلدىكى تۆت - بەش قوي ۋە بىر كالىنىڭ ئوغۇتى

بىلەنلا تېرىلغان يەرلەر يىلدىن ـ يىلغا ھوسۇل بەرمەي، ھەر يىلى بىر مۇنچە قەرزگە بوغۇلۇپ كېتەتتى. بىر قانچە يىلدىن بۇيان قى قەرزلەرنى تۆلەپ بولالمىغاچقا، بەزىدە كەنت كادىرلىرى ئۇلارنىڭ ئۆيىگە كېلىپ ئولتۇرۇۋالاتتى، بەزىدە قاتتىق گەپلەرنى قىلاتتى. بۇنداق چاغلاردا گۈلشەننىڭ خىيالىغا ئىختىيارسىز دادىسىنىڭ ساق چاغلىرى كېلىۋالاتتى. ئۇ چاغلاردا دادىسى ئۇنىڭغا دائىم يېڭى كىيىملەرنى ئېلىپ بېرەتتى، ئۆيىدە گۆش ئۈزۈلمەيتتى. مانا ھازىر ئۇنىڭ تۈزۈكرەك كىيىمىمۇ يوق. ساۋاقداشلىرى ھەر ئايدا يېڭى كىيىملەرنى كىيەتتى، چىرايلىق تۇپلەيلەرنى كىيىپ مەكتەپتە تاقىلداپ دەسسەپ يۈرەتتى. گۈلشەنگە ئاپىسى كىيىم ئېلىپ بەرمىگىلى خېلى يىللار بولدى، دائىم ئۆزىنىڭ كىيىملىرىنى ياكى ناھىيە بازىرىدىكى شىرەم تۇغقانلىرى ھېيت ـ بايراملاردا بەرگەن كونا كىيىملەرنى ئازراق ئۆزگەرتىپ بېرەتتى. بۇنداق كىيىملەرنى ئۇ ھېيت ـ بايراملاردىلا ئاۋايلاپ كىيەتتى.

بەزىدە ئۇنىڭ ساۋاقداشلىرىدەك كىيىنگۈسى، ئۇلاردەك ئەركىن ـ ئازادە يۈرگۈسى كېلەتتى. لېكىن، ھەر قېتىم دادىسىنىڭ كېسەل ئازابىدا تولغىنىۋاتقان ھالىتى كۆز ئالدىغا كەلسىلا بۇنداق خىياللىرىدىن ۋاز كېچەتتى. «ئوبدان ئوقۇپ كادىر بولسام، دادامنى داۋالىتىپ ساقايتىمەن، ئاپاممۇ بۇنچە جاپا تارتمايدۇ» دەپ ئويلاپ ئۆزىگە تەسەللى بېرەتتى.

«باللار بايرىمى» كېلىش ئالدىدا ئىدى. بۈگۈن نېمىشقىدۇر گۈلشەننىڭ خىيالىغا ئىختىيارسىز بايراملىق كىيىملەر كېلىۋالدى. خىيال قىلسىمۇ ئۇنىڭ بايراملىق كىيگۈدەك يېڭى كىيىمى يوق ئىدى. ئۇ كىتابنى زورىغا نەچچە قېتىم ۋاراقلاپمۇ بىر ھەرپ ئوقۇمىدى. ئۇنىڭ كاللىسىغا دەرس چۈشمىدىغاندەك قىلمايتتى.

— تاپشۇرۇقۇڭنى ئىشلەپ بولدۇڭمۇ، قىزىم؟ — ئۇ ئاپى-

سىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ كىتابنى قايتا ئاچتى، — ئىشلەپ بولالغان بولساڭ بۇ يەرگە كەلگىنە، ماۋۇ كىيىمنى ھاۋانىسا ھەمۇڭ بىرلە-ۋىدى، ساڭا ئۆزگەرتىپ بېرەي.

ئاپىسىنىڭ قولىدىكى گۈللۈك كۆڭلەككە قاراپلا ئۇنىڭ كۆڭلى بۇزۇلدى. شۇنداقتىمۇ، ئاپىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئار-قىسىنى قىلىپ ئولتۇردى.

— ئەسلىي «بالىلار بايرىمى» دا تۇزۇكرەك كىيىم قىلىپ بېرەرمەن دېگەن، ئۆزۈڭ بىلىسەن، پۇل بولمىغاچقا داداڭنى دوختۇرخانىغىمۇ ئاپىرالماي قالدۇق. شۇڭا بارنى ئوڭشاپ بولسى-مۇ كىيىپ تۇرساڭ، كېيىنچە قولىمىزغا پۇل كىرسە...

ئۇنىڭ قۇلىقىغا ئاپىسىنىڭ ئاخىرقى سۆزلىرى ئاللىقاچان ئاڭلانماس بولدى. ئاپىسى ھەر قېتىم باشقىلار بەرگەن كىيىمنى ئۆزگەرتمەكچى بولغىنىدا شۇنداق دەيتتى.

يىللىق ئىمتىھانلار ئاخىرلىشىپ يازلىق تەتىلگە قويۇپ بې-رىلدى. گۈلشەن ئاپىسىغا ياردەملىشىپ ئىتىز ئىشلىرىنى قى-لىشتى. شۇ كۈنلەردە راخمان ئاكا تاماقتىن قالدى. ئانا - بالا ئىككىسىنىڭ راخمان ئاكىدىن ئەندىشە قىلىپ ئىچى تىتىلدايتتى. گۈلشادىخان ئاڭلىغان ئۇسۇلدا دورا دەپ قارىغانلىكى نەرسىنى قاينىتىپ ئېرىگە ئىچۈرەتتى، ئەمما ھېچقايسىسىنىڭ ئۈنۈمى بول-مايۋاتاتتى.

— «ئۆلمىگەن جاندا ئۈمىد بار» دەپتىكەن، گۈلشادى-خان، — دېدى بىر كۈنى راخمان ئاكىنى يۆلاپ كىرگەن تام قوشنىسى ئۇلارغا، — سەۋەبىنىڭ ئالىمى بۇ، بۇنداق ئۆلۈمنى كۈتۈپ ياتقاننىڭ پايدىسى يوق. دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ باقسىلا، بىر ئامالى بولۇپ قالار.

— مەنمۇ ئېغىلدىكى چارۋىلارنى سېتىپ داۋالىتاي دېگەن، لېكىن ئېتىز ئىشلىرى تۈگىمەي كەتتى. ئەمدى ئىشلارمۇ بىرەر قۇر بېسىقتى، ئەتە - ئۆگۈن پۇل جايلاپ دوختۇرخانىغا ئاپىراي دەيمەن، — دېدى گۈلشادىخانمۇ سەل خىجىل بولۇپ.

— يېزىدا ئىشلەيدىغان ئوغلۇم بىر قوي ئالىمەن، دېگەنىدەك قىلغان، مەن ئۇقۇشۇپ خەۋىرىنى بېرەي. ئاۋۋال تەكشۈرتكەچ تۇرسىلا، باللارنىڭ دادىسى قالغان قوي ـ كالىلارغا خېرىدار تاپسۇن!

ئۇلار ئىككى كۈندىن كېيىن قوشنىسى ئەكىرگەن بىر قوي-نىڭ پۇلىنى ئېلىپ راخمان ئاكىنى ناھىيىلىك دوختۇرخانىغا ئەكەلدى. دوختۇرلار تەپسىلىي تەكشۈرگەندىن كېيىن چوڭ دوخ-تۇرخانىلارغا ئاپىرىپ بېقىشنى، كېسەللىك ئەھۋالىنى ئېنىق ئايرىيالمىغانلىقىنى ئېيتىپ ئۇلارغا تونۇشتۇرۇش قىلىپ بەردى. ئانا ـ بالا ئىككىسىنىڭ بېشىغا يەنە غەم چۈشتى، راخمان ئاكا بولسا چوڭ دوختۇرخانىغا بېرىشقا قەتئىي قارشى تۇردى.

— بولدى، ئانىسى، تولا غەم قىلماڭلار، خۇدايىم جانىنى نەدە ئالغۇسى بولسا شۇ يەردە ئالىدۇ. ئۆزۈمنىڭ ئەھۋالى ئۆزۈم-گە ئايان، — دەيتتى ئۇ جاھىللىشىپ.

بىرقانچە كۈندىن كېيىن قوشنىسىنىڭ ياردىمىدە گۈلشادى-خان ئېغىلدىكى قوي ـ كالىسىنى كۆچۈلدىكىدەك باھاغا ساتتى.

— قوشنىلار راست دەيدۇ، بالام. داداڭنى ئۇنىمىدى دەپ قاراپ ئولتۇرماي چوڭ دوختۇرخانىغا ئاپىرايلى. ئەر كىشى دې-گەن ئۆيىنىڭ تۈۋرۈكى، «ئۇنى قىلىڭلار، بۇنى قىلىڭلار!» دەپ بەرسىمۇ ھېساب. ھازىر پۇلمۇ تەييار بولدى، تەتىل بولغاندىكىن سەنمۇ بىللە بارغىن، ۋاقتىدا تەييارلىقىمىزنى قىلىپ يولغا چىقايلى، — دېدى گۈلشادىخان گۈلشەنگە.

ئۇلار شۇنداق كېلىشىپ يول تەييارلىقىغا چۈشتى. گۈلشا-دىخان ئۇخشىتىپ توقاچ ياقتى. بارلىق تەييارلىقلار پۈتكەندىن كېيىن، گۈلشادىخان ئېرىنى ئاخىر قايىل قىلدى.

* * *

مىغ ـ مىغ ئادەمدىن ئۆتكىلى بولمايدىغان چوڭ شەھەردە ئۇلار كېسەل كۆرسەتكىلى كەلگەن بىرقانچە سەپەرداشلىرىنىڭ

ياردىمىدە دوختۇرخانىنى ئاسانلا تاپتى. مانا بۈگۈن راخمان ئاكا بالنىتسىغا ئېلىنىپ تەكشۈرۈلۈۋاتقىلى ئىككى كۈن بولدى. گۈلشەن پاكىز، ئازادە ياتاقتا ئولتۇرۇپ بۇ يەردىكى ھەممە نەرسىگە تويماي قارايتتى. بالنىتسا بىناسىنىڭ ئالدى ـ ئارقا تەرىپىدىكى مەنزىرىلەر ئۇنى- ئۆزىگە مەپتۇن قىلاتتى. ئۆزىنىڭ كېيىنچە مۇشۇنداق چوڭ شەھەرگە ئوقۇشقا كېلىدىغانلىقىنى ئويلىسا ئىختىيارسىز كۆڭلى يايراپ كېتەتتى.

ئۈچىنچى كۈنى دوختۇرلار گۈلشادىخاننى چاقىرتىپ چىقىپ كەتكەنچە خېلى بىر چاغلاردا يېنىپ كىردى. گۈلشەن ئاپىسىنىڭ كۆزلىرىنىڭ قىزىرىپ كەتكىنىنى كۆرۈپ، كۆڭلى نېمىنىدۇر تۇيغاندەك قىلدى.

— دوختۇرلار چوڭ چاتاق يوقكەن، دەيدۇ، — دېدى ئاپىسى كۆزىنى كارىۋاتنىڭ ئايىغى كىرلىكىگە تىكىپ، — بىر ھەپتە داۋالىنىسىلا چىقىپ كەتسەك بولىدىكەن.

شۇ كۈندىن باشلاپ دوختۇرلار راخمان ئاكىغا ھەر خىل ئوكۇللارنى سالدى، كۈندە نەچچە قېتىم تەكشۈردى. بىر ھەپتىدىن كېيىن راخمان ئاكىدا راستىنلا ئۆزگىرىش بولۇپ ئانچە-مۇنچە يېگەن تاماقلىرى سىڭدى، بۇنى كۆرۈپ گۈلشادىخاننىڭ كۆڭلى خېلى كۆتۈرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئېرىنىڭ ئاشقازان راكى، يەنە كېلىپ ئاخىرقى باسقۇچى ئىكەنلىكىنى، ئۆمرىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى كۈنلىرىنى ئۆتكۈزۈۋاتقانلىقىنى ئويلىسىلا يىغا باساتتى، چاندۇرماي تازىلىق ئۆيىگە كىرىپ يىغلاپ چىقاتتى.

— دوختۇرلار ئەمدى چىقىپ كەتسەڭلار بولىدۇ، دەيدۇ، نەرسە ـ كېرەكلەرنى يىغىشتۇرغاچ تۇرغىن! مەن رەسمىيەت ئۆتەپ چىقاي، — دېدى بىر كۈنى ئەتىگەندىلا ئاپىسى گۈلشەنگە، — ئەمدى داداڭ دورا ـ ئوكۇل بىلەن ياخشى بولۇپ كەتكۈدەك.

گۈلشەن ئاپىسىنىڭ سۆزى بىلەن نەرسە ـ كېرەكلەرنى

يىغىشتۇردى. ئۇلار چۈشكە يېقىن رەسمىيەتلەرنى بېجىرىپ بولۇپ ئۇزۇن يوللۇق ئاپتوبۇس بېكىتىگە كەلدى. ئاپتوبۇس ئەتىدىگەندىلا كەتكەن بولۇپ، يەنە بىر كۈن ساقلاشقا توغرا كېلەتتى. شۇڭا ئۇلار بېكەتكە يېقىن جايدىكى بىر شەخسىي مېھمانخانىغا كېلىپ ياتاق ئالدى، ئاندىن گۈلشەننى دادىسىغا قارىتىپ قويۇپ، گۈلشادىخان بېكەتكە ئەرزانراق يۈك ماشىنىسى ئۇقۇشقىلى ماڭدى. كەچكە يېقىن مىڭ تەستە يالۋۇرۇپ يۈرۈپ كۆمۈر باسقان بىر ماشىنىنى تېپىپ كەلدى ـ دە، يولغا چىقتى.

ئوي ـ دوڭغۇل يولدا جالاقلاپ كېتىۋاتقان ماشىنا ھەربىر سىلكىنگەندە راخمان ئاكىنىڭ بىر ئاغرىقىغا مىڭ ئاغرىق قوشۇلاتتى. ھەرقانچە بەرداشلىق بېرەي دەپ ئويلىسىمۇ ئىختىيارسىز ئىڭراپ سالاتتى. ئالاھازەل بەش ـ ئالتە سائەت ماڭغاندىن كېيىن بىردىنلا راخمان ئاكىنىڭ قىزىتمىسى ئۆرلەپ كەتتى. گۈلشادىخان شوپۇرغا يېلىندى:

— ئۇكام، خاپا بولماي ماشىنىنى بىردەم توختاتسىڭىز بوپتىكەن، ئېرىم بولالماي قالدى، دورا بولسىمۇ ئىچۈرۈۋالاي!

— يۈز مېتىردا بىر قېتىم توختىغىلى تۇرساق قانداق يېتىپ بارىمەن، ئاچا. بىردەم چىدىسۇن، يەنە بىر سائەتتىن كېيىن توختايدىغان يەر بار، شۇ چاغدا ئىچسۇن!

شوپۇرنىڭ قوپاللىق بىلەن ئېيتقان سۆزىنى ئاڭلاپ گۈلشادىخان يەنە ئېغىز ئېچىشقا ئامالسىز قالدى. بىر سائەت ماڭغاندىن كېيىن ئۇلار بىر ئاشخانىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى. ئۇلار راخمان ئاكىنى يۆلەشتۈرۈپ ماشىنىدىن چۈشۈرۈپ يول بويىغا ئەكەلدى.

— گۈلشادىخان، ئامانەتنى تاپشۇرىدىغان ۋاقتىم كەلگەن ئوخشايدۇ، — دېدى راخمان ئاكا گۈلشەن چايغا كەتكەن ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ، — سىلىنى جاپادا قويدۇم، گۈلشەن قىزىمىز سىلىگە قالدى، ئوبدانراق قاراسىلار!

— نېمه دېگىنىڭلار بۇ؟ قالايمىقان خىياللارنى ئاز قىلىڭ-لار! سىلىنى دوختۇرمۇ ساقىيىدۇ دېدىڭىز؟ — دېدى گۈلشادىخان ئېرىنگە تەسەللى بېرىپ. ئۇنىڭغىچە گۈلشەن ئاشخانا خوجايىنىدىن قايناقسۇ سوراپ ئەكەلدى. گۈلشادىخان راخمان ئاكىنىڭ دورىلى-رىنى ئىچۈردى. شوپۇرنىڭ مېڭىشقا بەرگەن سىگنالى بىلەن ئۇلار يەنە ماشىنىغا چىقتى. يېرىم كېچىلەردىن ئاشقاندا راخمان ئاكىنىڭ قىزىتمىسى يېنىپ، گۈلشادىخان تۇتۇپ ئولتۇرغان قو-لى مۇزلاشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ئىڭرىغان ئاۋازىمۇ بارغانچە پەسلەپ كېتىۋاتاتتى. گۈلشادىخان جىددىيلىشىپ كەتتى، ئېرىنىڭ ئىس-مىنى بىرقانچە قېتىم چاقىردى، ئاۋاز چىقمىغاندىن كېيىن يەنە شوپۇرغا يېلىندى.

— جېنىم ئۇكام، خاپا بولماي ماۋۇ ئاكىڭىزغا قاراپ باققان بولسىڭىز، پۇت - قولى مۇزلاپلا كەتتى.

بۇ قېتىم شوپۇر ماشىنىسىنى توختىتىپ كەينىگە ئۆتتى. راخمان ئاكىنىڭ قاپاقلىرى كۆكىرىپ كەتكەن بولۇپ، يېرىم ئوچۇق كۆزلىرىدىن كۆزىنىڭ قارىسىنىڭ كەينىگە تارتىپ كېتى-ۋاتقانلىقىنى كۆرگەن شوپۇر دەرھال ئۇنى تۇزلەپ ياتقۇزۇپ ئېغىزىغا سۇ تېمىتتى. سۇ ئۇنىڭ بويىنىغا ساقىپ كەتتى. شوپۇر راخمان ئاكىنىڭ بۇرنىغا بارمىقىنى تەگكۈزدى. ھېچقانداق تىنىق بولمىغاندىن كېيىن يىغلاپ ئولتۇرغان گۈلشادىخانغا بۇيرۇدى:

— پاكىزرەك ياغلىق بولسا ئىڭىكىنى چىتىۋېتەيلى، ئىك-كىڭلار قىينالساڭلارمۇ بىر تەرەپكە سىغدىلىپ ئولتۇرۇڭلار!

گۈلشادىخان سومكىدىن بىر ياغلىقنى چىقاردى. شوپۇر ھەممە ئىشنى تۈگەتكەندىن كېيىن قايتا رولغا ئولتۇردى. گۈل-شەن دادىسىنىڭ ئاياغ تەرىپىدە ئولتۇرۇپ يۈز بەرگەن ئىشنىڭ راستلىقىغا ئىشەنمەيتتى، يىغىدىن كۆزلىرى قىزىرىپ كەتكەن بولۇپ، دادىسىنىڭ پۇتىنى قۇچاقلىغىنىچە ئىسەدەيتتى. ئۇلار ئەتىسى چۈشكە يېقىن يۇرتىغا يېتىپ كەلدى. شوپۇر ئۇلارنى

ئىشىكى ئالدىغىچە ئەكېلىپ قويدى. يول كىراسىنىڭ گېپىنى قىلمىغاچقا، گۈلشادىخان ئۇنىڭغا ئۈچ يۈز كوي پۇل تەڭلىدى.

— مۇنداق قىلمايلى، ئاۋۋال مېيىتنى يەرلىككە قويۇپ ئالدى - كەينىدىكى ئىشلارنى قىلىۋېلىڭلار، ئاندىن پۇلنى ئاپى-رىپ بەرسەڭلارمۇ بولىدۇ. سىلەر قېچىپ كېتىدىغان ئادەملەر بولمىغاندىكىن، — دېدى شوپۇر گۈلشادىخان تەڭلىگەن پۇلنى ئالماي.

گۈلشادىخان قايتا - قايتا رەھمەت ئېيتىپ شوپۇرنىڭ ئادرې-سىنى يانچۇقىغا سالدى. ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان قوشنىلار بىر - بىرىگە خەۋەر قىلىشىپ بىردەمدىلا ئۆي ئادەملەر بىلەن تولدى. بىر نەچچەيلەن نەچچە ۋاقىتتىن بېرى تازىلانمىغان هويلا-ئارامىلارنى تازىلىدى، بىر نەچچەيلەن يەرلىك كولاشقا ماڭدى. مېيىت پېشىن ۋاقتىدا يىغا - زارە ئىچىدە ئۇزىتىلدى. ئۈچ نەزىر، يەتتە نەزىرلىرى لايىقىدا ئۆتكۈزۈلدى.

— داداڭنىڭ نەزىرلىرىدىن ئاشقان پۇلدىن يۈز كوي قاپتۇ. مۇشۇنى بولسىمۇ هېلىقى شوپۇر ئاكاڭغا ئاپىرىپ بەرگەچ تۇرساق بولارمىكىن، هېلىمۇ بىزگە جىق ياردەم قىلدى. ئىنساپلىق ئادەمكەن. شۇ كۈنى «پۇلنى بېرىڭلار!» دېسە قانداقمۇ قىلاتتۇق-كىنتاڭ؟ گەپ - سۆزسىز يۈرۈۋەرسەكمۇ قاملاشماس، بارنى بولسىمۇ بېرىۋېتىپ، «قالغىنىنى بىر ئامال قىلىپ بىر - ئىككى هەپتە ئىچىدە جايلاپ بېرەيلى» دېسەك، ياق، دېمەس. سەن مۇشۇ ئادرېس بويىچە بېرىپ پۇلنى بەرگەچ مېنىڭ گېپىمنى دەپ قويۇپ كەلگىن. داداڭنىڭ قىرىقى توشماستا كوچىدا يۈرسەم خەقلەر گەپ ئېتەر، بۇگۈنلا بارغىن! — دېدى گۈلشادىخان گۈلشەنگە.

گۈلشەن ئاپىسىنىڭ گېپى بىلەن ئادرېسنى ئېلىپ يۈرۈپ كەتتى. ئۇ ئادرېس بويىچە ئىزدەپ هېلىقى شوپۇرنىڭ ئۆيىنى تاپقاندا، ئۆيدە ئادەم يوق بولۇپ چىقتى. گۈلشەن بىردەم ساقلاپ بېقىشنى ئويلاپ ئىشىك تۈۋىدىكى سېمونت ئورۇندۇقتا ئولتۇر-

دى. بىر دەمدىن كېيىن ئەمدى كېتەي دەپ تۇرۇشىغا، ئۇنىڭ-كى كوچىدىن شوپۇر چىقىپ كەلدى. گۈلشەن ئاپىسى دېگەن گەپلەرنىڭ ھەممىسىنى دەپ يۈز كوي پۇلنى شوپۇرغا تەڭلىدى.

— ئاۋۋال ئۆيگە كىرىپ دېيىشەيلى، كىچىك بولسىڭىزمۇ سىز دېگەن مېھمان، بۇنداق ئىشىك تۈۋىدە تۇرۇۋەرسەكمۇ قاملاشماس، قېنى ئۆيگە كىرەيلى! — دېدى شوپۇر ۋېلىسىپىتىنى تامغا يۆلەپ قويۇپ.

— بولدى، مەن قايتايمىكىن، ئاپام پۇلنى ئاپىرىپ بېرىپلا قايتىپ كەل دېگەن.

— ئا... ئۇنداق گەپنى قويۇپ ئاۋۋال ئۆيگە كىرەيلى، ئاپىڭىز بىلەن تېخى باھانى دېيىشمىگەن، سىزگە دەپ بېرەي، ئاندىن مېڭىڭ.

گۈلشەن شوپۇرنىڭ زورى بىلەن ئۆيگە كىردى. ئۆي ناھايىتى ئازادە بولۇپ، ئىنتايىن پاكىز ئىدى. گۈلشەن قورۇنۇپقىنا ساپانىڭ بىر بۇرجىكىگە ئولتۇردى.

— شۇنداق قىلىپ دادىڭىزنى ئۈزۈتۈپ بولدۇڭلار؟ — دېدى شوپۇر ئۇنىڭغا بىر پىيالە چاي قۇيۇپ.

گۈلشەن «ھەئە» دېگەن مەنىدە بېشىنى لىڭشىتتى ـ دە، ئىختىيارسىز كۆزىگە ياش ئالدى. ئۇ يېشىنى سۈرتۈۋېتىپ، شوپۇرنىڭ ئۆزىگە تىكىلىپ قاراپ قالغىنىنى كۆرۈپ دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ مېڭىشقا تەمشەلدى. تۇيۇقسىز شوپۇر ئۇنىڭ ئالدىنى توستى.

— تېخى باھانى ئاڭلىمىدىڭىز، نېمىگە بۇنچە ئالدىرايسىز؟

— ئەمىسە، ھازىر دەپ بەرگەن بولسىڭىز؟

— ماڭا رەھمەت ئېيتسىڭىزلا بولىدۇ، سىلەردىن پۇل ئالمايمەن.

گۈلشەن يېنىك تىنىدى ـ دە، شوپۇرغا «رەھمەت سىزگە» دېدى باللارچە. كۈتمىگەن يەردىن شوپۇر ئۇنى «كاپلا» قىلىپ

قۇچاقلىۋالدى. گۈلشەن «ئاپا!» دېگىنىچە كەينىگە يۇلقۇندى،
شوپۇر ئۇنى ھەدەپ سۆيۈشكە ئۇرۇنۇۋاتاتتى. قورقۇپ كەتكەن
گۈلشەن ئۇنىڭغا يالۋۇرۇشقا باشلىدى:

— جېنىم ئاكا، ئۇنداق قىلماڭ! پۇلىڭىزنى ئەتىلا ئەكېلىپ
بېرەيلى.

شوپۇر ئۇنى قويۇۋېتىپ ئىشىكنى تاقىدى، ئاندىن تىترەپ
تامغا چاپلىشىپ قالايلا دېگەن گۈلشەننىڭ ئۇدۇلىغا كەلدى.

— ھېچقانداق شوپۇر ماشىنىسىغا جەسەت سالمايدۇ، سالسى-
مۇ ئاز بولسا بىرەر مىڭ كوي، جىق بولسا ئىككى - ئۈچ مىڭ
كوي ئالىدۇ. سىلەر شۇ پۇلنى تۆلىيەلەمسىلەر؟ تۆلىيەلمىگەندى-
كىن، ماڭا باشقىچىرەك رەھمەت ئېيتىپ قويسىڭىزلا بولىدىغان
ئىشقۇ بۇ؟

گۈلشەن «ياق!» دېگىنىچە ئىشىككە ئۆزىنى ئاتتى. شوپۇر
چاققانلىق بىلەن ئۇنى تۇتۇۋېلىپ، دەس كۆتۈرۈپ كارىۋاتقا تاش-
لىدى. گۈلشەن يۇلقۇناتتى، بار كۈچى بىلەن بوشىنىشقا ئۇرۇنات-
تى. لېكىن، شوپۇرنىڭ كۈچلۈك بارماقلىرى ئۇنىڭ ئىككى
قولىنى كەينىگە قايرىپ تۇتۇۋالغان بولۇپ، بىر قولىدا ئاللىقا-
چان ئۇنىڭ كوپتىسىنىڭ تۈگمىلىرىنى يېشىۋەتكەن ئىدى...

— بىر ئىش بولمىغاندۇ ساڭا؟ چىرايىڭ باشقىچىلا كەپسەنغۇ
قىزىم! — دېدى ئىشىكتىن ئەمدىلا كىرگەن گۈلشەننىڭ تاتارغان
چىرايىغا قاراپ گۈلشادىخان، — پۇلنى بەردىڭمۇ؟

— ھەئە، — گۈلشەن ئىتتىك ئۆيگە كىرىپ كەتتى. ئارقى-
سىدىن كىرگەن گۈلشادىخان قىزىنىڭ ياش يۇقى كۆزىگە قاراپ
تەمتىرەپ قالدى.

— نېمە بولدۇڭ، قىزىم؟

— دادامنى ئەسلەپ قالدىم، — گۈلشەن شۇنداق دەپلا
ئاپىسىنىڭ كۆكسىگە بېشىنى قويۇپ يىغلاپ كەتتى.

— سەۋر قىل، قىزىم، سەن بۇنداق يىغلىساڭ مەن قانداق قىلىمەن. ئۆلگەننىڭ كەينىدىن ئۆلگىلى بولمايدىكەن. سەۋر قىلغىن! — گۇلشادىخان قىزىغا تەسەللى بېرىۋېتىپ ئىختىيارسىز ئۆزىمۇ يىغلاپ كەتتى. ئانا ـ بالا بىرھازا يىغلاشقاندىن كېيىن پەسكويغا چۈشتى. شۇ كۈنى گۈلشەن باغقا چىقىپ دادىسى ئۆز قولى بىلەن تىككەن ياڭاق تۈۋىدە ئولتۇرۇپ ئۇزاق كۆز يېشى قىلدى، نۇرغۇن خىياللارنى سۈردى.

«دادا، كۆرۈۋاتامسىز؟ ئارزۇلۇق قىزىڭىز بۈگۈن نېمە بولدى، دادىسى يوق بولسا ھەممە ئادەم بوزەك قىلامدىغاندۇ؟ سىز مېنى دائىم ‹گۈلۈم› دەپ ئەركىلىتەتتىڭىز. مانا، گۈلىڭىز ھويلىمىزدىن سىزنىڭ ئىزىڭىز ئۆچمەستىنلا توزۇپ كەتتى. سىز تېخى مېنى ئوقۇتۇپ داڭلىق دوختۇر قىلماقچى ئىدىڭىز، بىراق ئۈمىدىڭىز يەنە يەردە قالىدىغان بولدى، جېنىم دادا! مېنى كەچۈرۈڭ. ئەمدى مەن ئوقۇمايمەن، يوقسۇللۇق مۇشۇنداق بولسا ئىشلەپ پۇل تېپىپ، ئاپامنى خەقنىڭ قولىغا قاراتمايمەن...»

شۇ كۈندىن بېرى گۈلشەن تېخىمۇ جىمىغۇرلىشىپ كەتتى. بەزى كېچىلىرى باغقا چىقىۋېلىپ يۇلتۇزلارغا قاراپ ئولتۇرۇپ كەتسە ئاپىسى چاقىرمىغۇچە كىرمەيتتى. گۈلشادىخان قىزىدىكى بۇ ئۆزگىرىشلەرنى ئېرىنىڭ ۋاپاتىغا باغلاپ چۈشىنەتتى، قىزىغا تەسەللى بېرەتتى. بەزىدە گۈلشەن ئاشۇ كۈندىكى ئىشنى ئاپىسىغا دېيىشنى ئويلايتتىيۇ، لېكىن ئاپىسىنىڭ ئەمدىلا قىرىقتىن ھالقىغان بولسىمۇ ئاتمىش ياشلىق ئاياللاردەك قورۇق باسقان چىرايى، كۆزلىرىدىن چىقىپ تۇرغان تۇرمۇش ھەلەكچىلىكىنىڭ غېمىنى كۆرۈپلا نىيىتىدىن ياناتتى. تەتىل توشاي دەپ قالغاندا، گۈلشەن مەكتەپتە ئوقۇماي، ئىش تېپىپ ئىشلەپ ئاپىسىنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىشنى ئويلاپ قالدى. ئەمەلىيەتتىمۇ، ئۇ شۇ ئىش بولغان كۈندىن باشلاپ ئۆزىنى مەكتەپكە ماس كەلمەيدىغاندەك ھېس قىلىپ يۈرەتتى. شۇڭا ئۇ ئۆز خىيالىنى ئاپىسىغا

ئېيتتى.

* * *

— ئوقۇمايمەن دېمىگىن، قىزىم، مەن ئاچ - يالىڭاچ قالساممۇ، تىلەمچىلىك قىلىپ بولسىمۇ سېنى ئوقۇتىمەن. يەنە بىر مەۋسۇم ئوقۇساڭلا ئىمتىھان بېرىسەن ئەمەسمۇ؟ ھېچبولمى-سا، ئىمتىھان بېرىپ بولغۇچە بولسىمۇ ئوقۇغىن! — دېدى گۈلشادىخان قىزىغا يالۋۇرۇپ.

— ئاپا، مېنىڭ راستتىنلا ئوقۇغۇم يوق. سىزگە ياردەملى-شىپ ئېتىز ئىشىنى قىلغاچ، بىرەر ھۈنەر ئۆگىنەي دەيمەن.

— بولمايدۇ، ئېتىز ئىشىنى مەنلا قىلىپ ئۆتۈپ كېتەي، جېنىم بالام! داداڭنىڭ ئارزۇسىنى ئويلاپ بولسىمۇ ئوقۇغىن!

گۈلشەن ئاپىسىغا گەپ تېپىپ بولالمىدى. ئاخىرى بويىنىنى سۆرىگەندەك قىلىپ مەكتەپكە كەلدى. لېكىن، بۇ مەۋسۇمدە ئۇ بارغانچە چېكىنىپ كەتتى. ھەرقانچە قىلسىمۇ دەرس كاللىسىغا چۈشمەيتتى، خىيالىدا ئۆزىنىڭ بوزەك قىلىنغانلىقىنى ھەممەي-لەن بىلىپ كەتكەندەك خۇدۇكسىرەپلا يۈرەتتى، باللارغا ئارىلاش-مايتتى. بىرقانچە قېتىم ئوقۇتقۇچىلىرى چاقىرىپ، ئۇنىڭ بۇ مەۋسۇمدىكى ئۆگىنىش ئەھۋالىدىكى ئۆزگىرىشنىڭ سەۋەبىنى سورىغان بولسىمۇ، ئۇ گەپ قىلماي تۇرۇۋالدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇ تاللاش ئىمتىھانىدىلا ئۆتەلمىدى.

— بوپتۇ، قىزىم، بۇ يىل ئۆتەلمىسەڭ كېلەر يىلى ئۆتەر-سەن، كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما! — دېدى ئاپىسى ئىمتىھان نەتى-جىسىنى ئۇققاندىن كېيىن.

— ئەمدى ئوقۇمايمەن، ئاپا، مېنىڭ راستتىنلا ئوقۇغۇم يوق.

ئانا - بالا ئوتتۇرىسىدا بۇنداق تالاش - تارتىش خېلى كۈن-لەرگىچە داۋاملاشتى. گۈلشەن «ئوقۇمايمەن!» دەپ چىڭ تۇرۇ-ۋالغاچقا، ئاپىسى ئامالسىز قالدى.

www.uyghurkitap.com

*　　*　　*

رەڭگارەڭ چىراغلار خىرە يورۇتۇپ تۇرغان قەھۋەخانا ئىچى پەس ئاۋازدا قويۇلغان چەت ئەل مۇزىكىسى بىلەن ئاجايىپ رومانتىك تۇسكە كىرگەنىدى. ئىشىكتىن كىرىسىلا كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدىغان پەشتاقتىدا رەتلىك مۇلازىم كىيىمىنى كىيگەن چىرايلىق ئۈچ مۇلازىم قىز بۇگۈن پۈتۈن زالدىكى ئەرلەرنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتقان بولۇپ، ئۇلار بۇ قىزلارغا توختىماي بويۇنداپ قارىشاتتى، بولۇپمۇ يېڭىلا ئىشقا چۈشكەن گۈلشەن ئۇلارنى ھەممىدىن بەكرەك جەلپ قىلاتتى. زالدىكى بەزى ئەرلەر ئىشى بولمىسىمۇ، پەشتاقنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۇنىڭغا گەپ قىلماقچى بولاتتى.

— گۈلشەن، قارا، سەن كېلە ـ كەلمەيلا ھەممىسىنىڭ كۆزى سەندە قالدى، نەچچىسى تېخى ئاينۇرغا «يېڭى كەلگەن كۈتكۈچى بىلەن تونۇشساق» دېگۈدەك، — دېدى پەتنۇس كۆتۈرۈپ كەلگەن ئايتىللا گۈلشەنگە.

— بولدى قىلىڭلار، مەن بۇ يەرگە خەقلەر بىلەن تونۇشقىلى ئەمەس، پۇل تېپىپ قەرز قايتۇرغىلى كەلدىم، — دېدى گۈلشەن ئايتىللانىڭ سۆزىگە نارازى بولۇپ.

— ماقۇل، ماقۇل، ساڭا گەپ قىلمىدىم.

گۈلشەن يېڭى خېرىدارنى كۆرۈپ، ئايتىللانىڭ سۆزىگە ئېرەن قىلماستىن ئىشىك تەرەپكە قاراپ ماڭدى...

گۈلشەننىڭ بۇ قەھۋەخانىدا ئىشلەۋاتقىنىغا ئىككى ھەپتە بولغانىدى. ئىمتىھان نەتىجىسى ئېلان قىلىنىپ بىر ھەپتىدىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئۆيىگە كەنت كادىرلىرى يەنە كەلدى، قەرزنى بىر ئاي ئىچىدە قايتۇرمىسا سوتقا ئەرز قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. گۈلشەن شۇ كۈنى ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ يېقىندىلا ناھىيە بازىرىدا ئىش تېپىپ ئىشلەۋاتقان ساۋاقدىشى ئايتىللانى ئىزگە

ئالدى ـ دە، ئەتىسى سەھەردىلا ئۇنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئەھۋالنى ئېيتتى.

— مەن دېسەم بىزنىڭ خوجايىن چوقۇم ئۇنايدۇ. مەن ھېلىلا بېرىپ دەپ، ساڭا كەچتە خەۋىرىنى بېرەي، — دېدى ئايتىللا ئىشەنچ بىلەن.

كەچتە ئايتىللا راستتىنلا خوجايىنىنىڭ گۇلشەننى ئىشلىتىشكە قوشۇلغانلىق خەۋىرىنى يەتكۈزدى. ئاخشىمى گۇلشەن ئاپىسىغا ئۆزىنىڭ ئىشلىمەكچى بولغانلىقىنى ئېيتىۋېدى، ئاپىسى قەتئىي قارشى تۇردى:

— ئىشلىسەڭمۇ ئۇنداق يەردە ئىشلىمىگىن، بالام. ساپلا ئەسكى ئادەملەر بارىدىغان جاي دەيدۇ ئۇنداق يەرنى. كۆزمۇ بولۇپ قالدى، پاختىلارنى ساتساق ئازراق بولسىمۇ تۆلەرمىز. ئەڭ ياخشىسى، بىرەر ئامال قىلىپ ھۈنەر ئۆگەنگىن. ئۇنىڭ ئۈستىگە سەن دېگەن قىز بالا، ئۇنداق جايلاردا يۈرسەڭ مەنمۇ خاتىرجەم بولالمايدىكەنمەن.

— خاتىرجەم بولالمايدىغان نېمىسى بار، ئاپا؟ مەنمۇ ئۇ يەردە ئۇزاق ئىشلەي دېمىدىم. پەقەت بىرقانچە ئاي ئىشلەپ قەرزنى قايتۇرۇۋالساق، ئاندىن ھۈنەر ئۆگەنسەممۇ كېچىكمەيمەنغۇ؟! ئايتىللامۇ بىر ئايدا بەش يۈز كوي ئىش ھەققى ئالىدىكەن.

ئۇلار يېرىم كېچىلەرگىچە تالىشىپ ئاخىر گۇلشەن ئاپىسىنى قايىل قىلدى، ئەتىسى ئايتىللا بىلەن ئىشقا باردى. دەسلەپ ئىشلارنى قاملاشتۇرالمىغان بولسىمۇ، ھازىر بۇ يەرنىڭ شارائىتىغا خېلى ئۆگىنىپ قالدى.

ناھىيە بازىرىنىڭ بىر چېتىگە جايلاشقان «ئالتۇن ئۈچبۇرجەك» دېگەن ۋىۋىسكا ئېسىلغان بۇ قەھۋەخانا ئانچە چوڭ بولمىسىمۇ، سودىسى ناھايىتى ياخشى ئىدى. خوجايىنىنىڭ تونۇشلىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، باشقا يۇرتلۇق خوجايىنلاردىن تارتىپ يەرلىك كىشىلەرگىچە بۇ يەرگە كېلىشەتتى. ئايتىللا، گۇلشەن

ھەم ئۇلاردىن بالدۇرراق بۇ يەردە ئىشلەۋاتقان ئايرىم ئىشىك ئۈچ قىزدىن باشقا كۈتكۈچىلەر خەنزۇ بولۇپ، ئۈچ ئۇيغۇر قىزى ۋاقىتلىق كۈتكۈچىلىككە قويۇلغان، قالغان خەنزۇ قىزلارنىڭ ھەممىسى ھەمراھ بولغۇچى خېنىملار ئىدى. ئۇلار ئەرلەر بىلەن هاراق ئىچىپ تانسا ئوينايتتى. ئايرىمخانىلاردا نېمە قىلىدىغانلىقىنى گۈلشەن بىلمەيتتى. گۈلشەن بۇ يەردىكى قىزلارغا قاراپ بۇ يەردە ئىشلىگىنىگە سەل پۇشايمان قىلغان بولسىمۇ، لېكىن خوجايىنىنىڭ ئالدىن بەرگەن پۇلىنى ئېلىپ كۆڭلى جايىغا چۈشتى.

— ئاينۇر، سەندىن بىر ئىشنى سوراي، — دېدى بىر كۈنى ئۇ، — ئايرىمخانىلارغا كىرگەنلەر نېمە ئىش قىلىدۇ؟

— شۇنىمۇ بىلمەمسەن؟ ھەمراھ بولغۇچى قىزلار ھەممە ئىشنى قىلىدۇ، — دېدى ئاينۇر كۆزلىرىنى ئوينىتىپ، — ئۇلارنىڭ ئىشى كاتتا، ئۇلار بىزدەك پەتنۇس كۆتۈرۈپ يۈرمەيدۇ، ھەر ئايدا ئاز دېگەندىمۇ بىرەر مىڭ كوي تاپىدۇ.

— بىزنىمۇ ھەمراھ بولغۇچى قىلىپ قويماس - ھە؟

گۈلشەننىڭ ئالاقزادىلىك چىقىپ تۇرغان چىرايىغا قاراپ ئاينۇر قاقاقلاپ كۈلۈۋەتتى.

— ئۆزۈڭ خالىساڭ قىلىدۇ.

گۈلشەن يېنىك تىنىدى، شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇ زالدا تەمتىرىمەي ماڭالايدىغان بولدى. بىر قېتىم پات - پاتلا كېلىدىغان بىر سودىگەرگە پىۋا يەتكۈزۈپ بېرىۋاتقاندا، ئۇ پەتنۇسقا يۈز يۈەن سېلىپ قويدى. ھودۇققىنىدىن نېمە قىلىشنى بىلمەي قالغان گۈلشەن تۇرۇپلا قالدى.

— ئەپەندىم، ماڭا خوجايىن مائاش بېرىدۇ، پۇلىڭىزنى ئالالمايمەن، — دېدى ئۇ قىزارغان ھالدا.

ھېلىقى سودىگەر كۈلۈمسىرەپ قويۇپ پەتنۇسقا يەنە ئەللىك يۈەن تاشلىدى.

— خانقىز، بۇ مېنىڭ كۆڭلۈم، خاتا چۈشەنمىگەيسىز. بۇ خوجايىنىڭىزنىڭ بەرگىنىگە ئوخشاشمايدۇ.

سودىگەر سۆزىنى تۈگىتىپ بەخىرامان ھالدا پىۋىسىنى ئەچىشكە باشلىدى. گۈلشەن پەتنۇسنى كۆتۈرۈپ پەشتاقنىڭ ئالدىغا كەلدى-دە، ئايتىللاغا شەرەت قىلدى. ئايتىللا پەتنۇستىكى پۇلنى كۆرۈپ ھەييارلىق بىلەن كۈلدى.

— نېمىگە تاتىرىدىپ كەتتىكىن دېسەم، تاپاۋىتىڭ يامان ئەمەسكەن-دە؟

— قارا، بۇ پۇلنى قايتۇرۇپ بەرسەم خېرىدار ئالمايۋاتىدۇ، — دېدى گۈلشەن بىئارام بولغان ھالدا.

— ئەخمەقمۇ سەن؟ بۇ پۇلنى سەن ئۇنىڭغا بەر دېمىدىڭ، ئۆزى خالاپ بەردى. ئېلىۋەرمەمسەن؟ بىزمۇ ئېلىۋېرىمىز.

— شۇنداقتىمۇ، كېيىن...

— كېيىن ھېچنېمە بولمايدۇ، ئۇلار كەتسىلا ئەتە ئۇلارنى كىم تونۇيدۇ.

گۈلشەن پۇلنى يانچۇقىغا سېلىپ ئۆز ئىشىغا مەشغۇل بولدى. بارا-بارا ئۇنىڭغا بۇنداق پۇللار خېلى كۆپ كېلىدىغان بولدى. كېيىنچە ئۇمۇ خېرىدارلارنىڭ تونۇشۇش سوۋغىسى ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش پۇللارنى تارتىنماي ئېلىۋېرىدىغان بولدى. ئۇ ھەر قېتىم شۇ پۇللارنى ئېلىۋاتقاندا خېرىدارلارغا ئىللىق كۈلۈمسىرەپ قوياتتى. ئۇنىڭغا ھەممىدىن بەك كۆڭۈل بۆلىدىغىنى ھېلىقى كۈندىكى سودىگەر بولۇپ، ھەر قېتىم كەلسىلا ئۇنىڭغا «كۆڭلۈم» دەپ پۇل بېرىشنى ئۇنتۇمايتتى. قەھۋەخانا خوجايىنىمۇ ئاشۇ سودىگەر كەلگەن ھامان ئۇنىڭغا لازىملىق نەرسىلەرنى گۈلشەندىن بۇيرۇيتتى. گۈلشەن بۇ جەرياندا ئۇنى ھەممىسىنىڭ «ئەلى ئەپەندى» دەپ ئاتايدىغانلىقىنى، ئۈرۈمچىدىن كەلگەن ناھايىتى باي سودىگەر ئىكەنلىكىنى بىلدى. گۈلشەن ئىش ھەققى ھەم ئۆزى يىغقان پۇللارنى قوشۇپ بىرقانچە ئاي ئىچىدىلا كەتتىنىڭ

قەرزلىرىنى تۆلەپ بولدى، يەنە تېخى ئۆزىگە كىيىم ئالدى. ئۇ تۇنجى قېتىم كىيىم ئېلىۋاتقان چاغدا ئۆزىنىڭ ئىلگىرىكى كۈنلىرى-نى ئېسىگە ئالدى. ئايتىللا بىلەن ئاينۇر گەرچە ياش جەمئىيەتتە ئۇنىڭدىن كۆپ پەرقلىنىپ كەتمىسىمۇ نۇرغۇن ئىشلارنى بىلەت-تى، بەزىدە خېرىدارلار بىلەن هاراق ئىچىپ قوياتتى، خېرىدار-لارغا ئەركىلەيتتى، كىيىملىرىمۇ ئۇنىڭدىن كۆپ پەرقلىنەتتى، ئۇلار قىممەت پۇللۇق كىيىملەرنى كىيەتتى. شۇڭا، گۈلشەن ئۇلاردىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ يۈرەتتى، ئۇلار ئەرلەر بىلەن ئولتۇ-رۇۋاتقاندا ئامال بار ئۇلارنىڭ يېنىغا بارمايتتى.

— گۈلشەن ئاداش، — دېدى بىر كۈنى ئايتىللا گۈلشەنگە يېقىنچىلىق قىلىپ، — هېلىقى ساڭا ئامراق سودىگەر بىلەن مېنى تونۇشتۇرۇپ قويساڭ بوپتىكەن.

— نەدىكى گەپلەرنى قىلىسەن، — دېدى گۈلشەن تېرىد-كىپ، — ئىسمى ئەلى ئىكەن، سودىگەرچىلىك قىلىدىكەن شۇ.

— ۋاي - ۋۇي، مەنمۇ بىلىمەن، مېنىڭ مەقسىتىم مېنى ئۇنىڭ يېنىغا باشلاپ ئاپىرىپ تونۇشتۇرۇپ قويغىن!

— ئەنە ئۆزى كېلىۋاتىدۇ، بولمىسا ئۇنىڭغا پىۋىنى سەنلا ئاپىرىپ بەرگىن!

ئايتىللا ئىشىكتىن ئەمدىلا كىرگەن ئەلى ئەپەندىنى كۆرۈپ پەتنۇسنى قولىغا ئالدى - دە، ئۇ دائىم ئولتۇرىدىغان ئۈستەلگە قاراپ ماڭدى. ئايتىللا تەبىئىتى ئوچۇق قىزلاردىن بولۇپ، باش-قىلار بىلەن ئاسانلا چىقىشالايتتى. ئۇ بىرىپلا ئەلى ئەپەندى بىلەن قىزغىن سۆزلىشىپ كەتتى. ئايتىللانىڭ ئۆزىنى كۆرسىتىپ تۇ-رۇپ بىرنېمىلەرنى دەپ كېتىشلىرىگە قاراپ، گۈلشەن مىيى-قىدا كۈلۈپ قويدى.

ۋاقىت ئۆتمەكتە ئىدى. گۈلشەننىڭ تېپىۋاتقان پۇلى بىلەن ئۆي ئىچى خېلى ياخشىلاندى. گۆش كۆرمەي قىزىرىپ كەتكەن قازانلاردا پات - پات گۆش قاينايدىغان بولدى. بىراق، گۈلشەن-

ىنىڭ ئاپىسى بارغانچە ئورۇقلاپ كېتىۋاتاتتى. گۇلشەن ھەر قې-
تىم ئاپىسىنىڭ كۆزىدىن نېمىگىدۇ خاتىرجەم بولالمايۋاتقانلىقىنى كۆرەتتى. ئاپىسى تۇرۇپ - تۇرۇپ ئۇلۇغ - كىچىك تىناتتى: «خۇدايىم، ئىنساپىنى بەرگەيسەن» دەپ پىچىرلايتتى.

— گۇلشەن، ساڭا دەيدىغان بىر گەپ بار ئىدى، — دېدى بىر كۈنى ئاپىسى بىر ئىشقا تەڭقىسلىقتا قالغاندەك، — ئەمدى ئۇ يەردە ئىشلىمىسەڭ بولارمىكىن، قەرزلەرنىمۇ تۈگەتتۇق، يەنە تېخى ئازراق پۇلمۇ يىغىپ قويدۇق. ئاشۇ پۇل بىلەن بىرەر ھۈنەر ئۆگەنسەڭ بولاتتى، قىزىم. سەن ئۇ يەردە ئىشلەپ يۈرسەڭ كېچىلىرى ئەنسىرەپ، كۆزۈمگە ئۇيقۇمۇ كەلمەيدىكەن.

— بىر ئوبدان ئىشلەۋاتىمەنغۇ مانا، مەن تېخى قېرىپ كەتمىگەندىكىن ھۈنەرنى بىرەر يىلدىن كېيىن ئۆگەنسەممۇ كېچىكمەيمەن، ئاپا! مېنىڭ مەقسىتىممۇ ئازراق پۇل تېپىپ بىرەر ئىشنىڭ پېشىنى تۇتۇش، يەنە سىزنىڭ باش ئاغرىقىڭىزنى داۋالىتىپ كېلەيمىكىن دېگەن. ماقۇل دەڭە، ئاپا. يەنە بىر يىل ئىشلەي. ئۇ يەردە سىز ئەندىشە قىلغۇدەك ئىش يوق.

— ۋاي، جېنىم بالام، خۇدادىن ئۆزگە ئۇلۇغ ھېچكىم يوق. ئەگەر ئەزرائىلغا ياراپ قالسام، ساپساق تۇرسامۇ ئېلىۋېرىدۇ بۇ جان دېگەننى. قوشنىلارنىڭ ھەممىسى: «ئۇنداق يەردە ياخشى ئادەم يوق، باشقىلارنى يولدىن چىقىرىدىغان يەر، قىزىڭىزنى بىكارلا ئۇ يەرگە ئىشلىگىلى بېرىپسىز» دەپ كېتىشتى. قىز بالا دېگەن پىششىق قوغۇن، ئارانلا تۇرىدۇ سېسىپ كەتكىلى. شۇڭا سەندىن ئەنسىرەپ...

— بولدى قىلىڭە، ئاپا، قوشنىلار ئۇنى دېدى، بۇنى دېدى دەيسىز؟ ئاشۇ قوشنىلار بىز ئاچ قالساق بىزگە بىرەر پارچە نان بېرەرمۇ؟ ئۇلار نېمە دېسە دېسۇن، مەن ئىشلەۋېرىمەن.

گۇلشەننىڭ جاھىللىقى يەنە تۇتتى، ئاپىسى ئۇنىڭ بىلەن يەنە گەپ تالىشىشنى خالىماي تاھارەت ئالغىلى باغقا ماڭدى. شۇ

كۆنى گۈلشەن ئۇخلىيالمىدى.
«بولدىلا، ئاپامنى نارازى قىلىپ ئىشلىمەي، — دېيتتى
ئىچىدە، — دېمىسىمۇ، قەھۋەخانا دېگەندەك يەرلەردە ئىشلىگەن-
لەرنىڭ قايسىسىنى خەق دۇرۇس ئادەم دەپ باققان. ياق، ئۇنداق
دېگەنلەر ۋاقتى كەلسە بىز ئاچ - يالىڭاچ قالساقمۇ كۆزنى يۇمۇپ
ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئۆزۈمنىڭ دۇرۇس ياكى ئەمەسلىكى ئۆزۈمگە
ئايان. خەق مېنى نېمە دېسە دېسۇن. پۇلى بارلارنى بۇ جاھاندا
ھېچكىم بوزەك قىلالمايدىكەن. كېيىن، مەنمۇ كىشىلەرگە ئۆ-
زۈمنىڭ قانداق ئادەملىكىمنى بىلدۈرىمەن. ئۇ چاغدا كىشىلەر
مېنى ئاق يا قارا دېيەلمەيدۇ. چىداپ بىر يىل ئىشلەپ دۇكان
ئاچىمەن.»
«بىچارە قىزىم، — دەيتتى گۈلشادىخانمۇ ئۇيقۇسىز كۆزلى-
رىنى تورۇسقا تىككىنىچە خىيال قىلىپ، — كىچىككىنە تۇرۇپ
دادىسىدىن يېتىم قالدى. مانا ئىشلەپ بىر ئائىلىنى بېقىۋاتىدۇ.
بىر ھېساباتا ئۇنىڭ دېگىنىمۇ توغرا، بىزنىڭ قىيىنچىلىقتا
زار - زار يىغلىغان كۈنلىرىمىزمۇ بولغان. كىشىلەر ئۇنى -
بۇنى دېيىشكىنى بىلەن ھەممىسى ئۆز ھەلەكچىلىكى بىلەن. دادى-
سى رەھمەتلىكنى يەرلىككە قويىدىغان چاغدىمۇ سارغايمىغان ئادەم
قالمىدى، ھېچكىم ئەسقاتمىدى. خۇدامۇ «يارىتىش مەندىن، يا-
رىلىش ئۆزۈڭدىن»، دەپ بىكار دېمىگەن. قىزىمنىڭ ئىشلىگۈسى
كەلگەن بولسا، مەيلى، ئىشلەپ باقسۇن...»

* * *

رەڭدار چىراغلار گاھ يېشىل، گاھ سېرىق نۇرلارنى چاچرى-
تىپ قەھۋەخانا ئىچىنى تېخىمۇ گۈزەل تۈسكە كىرگۈزۈۋەتكەن-
دى. بۇلۇڭدىكى بىر توپ كىشىلەرنىڭ سەت، قوپال كۈلكە -
چاقچاقلىرى ئارىسىدىن نازۇك زىل كۈلكە ئاۋازى پات - پات



www.uyghurkitap.com

ئاڭلىنىپ تۇراتتى. دولقۇنسىمان بۇدۇرچاچلىرىنى يېيىۋالغان، سۇس گىرىم قىلغان ئاينۇر بىلەن ئايتىللا مېھمانلارغا ھەمراھ بولۇپ ھاراق ئىچكەچ نازلىق كۈلۈشمەكتە. ئەتراپىدىكى ئەرلەر ئۇلارنى يەۋېتىدىغاندەك بويۇنلىرىنى سوزۇپ قارىشاتتى. باشقا ئۇستەللەردىكىلەر بولسا ئۇلارغا ھەسەت قىلغاندەك پات - پات لەۋلىرىنى يالاپ قوياتتى. پەشتاقتا خىيال سۈرۈپ تۇرغان گۈلشەننىڭ كۆڭلى نېمىشقىدۇر خاتىرجەم ئەمەس ئىدى. ئۇ بۈگۈن بىرقانچە قېتىم خېرىدارلىرىنىڭ كىيىمىگە ھاراق تۆكۈۋەتتى، بىرنەچچە ئىستاكاننى چېقىپ قويۇپ خوجايىنىنىڭ ئەيىبلىشىگە ئۇچرىدى. شۇنداقتىمۇ، ئۇنىڭ پۈتۈن خىيالىنى ئاشۇ كۈندىكى ئۇچرىشىش ئىگىلەپ قولى ئىشقا بارمايتتى. ئۆزىدە تۇنجى قېتىم يۈز بېرىۋاتقان ئاجايىپ بىر خىل تۇيغۇ خۇددى دەريا سۈيىدەك داۋالغۇپ، كۆز ئالدىدا ئاشۇ كۈندىكى ئۇچرىشىش قايتا نامايان بولاتتى.

يەكشەنبە كۈنى ئىدى. ئۇ ئىشىكى ئالدىغا كېلىپ ۋېلىسىپىتتىن چۈشتىيۇ، ئۆزىدىن بەش - ئالتە مېتىر يىراقلىقتا كېلىۋاتقان تونۇش چىرايىنى كۆرۈپ ئىختىيارسىز توختىدى، ئۆز كۆزىگە ئىشەنمىگەندەك كېلىۋاتقان ساۋاقدىشى ئەكرەمگە تىكىلىپ قاراپ قالدى.

— قانداق ئەھۋالىڭ، گۈلشەن؟ تاس قالدىڭ - ھە، قارىماي قويغىلى، — دېدى ئەكرەم يېقىنلاپ كېلىپ.

— تونۇماي قاپتىمەن، قاچان كەلدىڭ؟ — دېدى گۈلشەنمۇ.

— ئىككى كۈن بولدى، بۈگۈن بازارغا بېرىپ ئايلىنىپ كېلەي دەپ چىققان، قارىسام سەن كېلىۋاتىسەن، يىراقتىن كۆرۈپ مەنمۇ سېنى تونۇمىغىلى تاسلا قاپتىمەن، — دېدى ئەكرەم چاقچاق ئارىلاش كۈلۈمسىرەپ.

ئۇلار خوشلاشتى. بىر چاغلاردا ئۇلار ئىككىسى بىر پارتىدا ئولتۇراتتى. ھەر ئىككىسىنىڭ ئۆگىنىشى بىر - بىرىدىن قېلىش-

www.uyghurkitap.com

مايتتى. مانا هازىر ئەكرەم پېداگوگىكا مەكتىپىنىڭ ئوقۇغۇچى-
سى، بىرنەچچە يىلدىن كېيىن ئوقۇتقۇچى بولىدۇ. بۇ هازىر
ئىلگىرىكىگە پەقەتلا ئوخشاشمايتتى، ئىلگىرى تاپتاقىر قىلىپ
چۈشۈرۈۋېتىدىغان بېشىدا هازىر دولقۇنسىمان بۇدۇرچاچ؛ ئەمدىلا
خەت تارتقان بۇرۇتىغا رەتلىك تەنھەرىكەت كىيىمى قوشۇلۇپ،
ئۇنى باشقىچىلا ئادەم قىلىۋەتكەنىدى. بۇ قېتىمقى ئۇچرىشىش
ھەر ئىككىسىنى ھەيران قالدۇردى. ئەكرەمنىڭ خىيالىدىمۇ
گۈلشەننىڭ ئىلگىرىكى كەم سۆز قىياپىتى بىلەن بۈگۈنكى ئېسىل
كىيىملەر ئىچىدە تېخىمۇ چىرايلىق بولۇپ كەتكەن قىياپىتى
دەممۇدەم پەيدا بولاتتى. ئاردىن بىرقانچە كۈن ئۆتۈپ، ئۇلار
كوچا دوقمۇشىدا يەنە ئۇچرىشىپ قالدى. بۇ قېتىم ئۇلار كۆپ
پاراڭلاشمىدى، پەقەت ئەھۋال سوراشتى. گۈلشەن ئەكرەمنىڭ
يەنە ئىككى ھەپتىدىن كېيىن ماڭىدىغانلىقىنى ئۇقتى. بۇ قېتىم
ئەكرەمنىڭ كۆزلىرى ئۇنىڭغا باشقىچىلا تۇيۇلدى. خۇددى بىر
نەرسە ئىزدەۋاتقاندەك كۆرۈنىدىغان كۆزلىرى گۈلشەننىڭ چىرا-
يىغا قانچە تېز تىكىلسە، شۇنچە تېزلىكتە نىشانىنى يۆتكەيتتى.
ھەر ئىككىسى ئۆزلىرىنى دېيىشىدىغان گەپ تاپالمايۋاتقاندەك ئو-
ڭايسىز ھالەتتە سېزەتتى. گۈلشەن ئىشقا ئالدىرايدىغانلىقىنى
باھانە قىلىپ خوشلاشتى. شۇ كۈندىن بېرى گۈلشەننىڭ ئۇيقۇسى
قاچتى. ئەنە، كۆز ئالدىدا كېلىشكەن بىر يىگىت ئۇنىڭغا تىكىلى-
دۇ. ئۇنىڭدىن نېمىنىدۇر كۈتىدۇ. ياق، بەلكىم ھېچ نەرسە
كۈتمىگەندۇ؟ بىر ياخشى ساۋاقدىشىنىڭ قانداقلارچە ئاشۇنداق
نامى ئەسكى يەردە ئىشلەپ قالغىنىدىن نومۇس قىلغاندۇ ياكى
كىشىلەرنىڭ ئۇلارنى كۆرۈپ قېلىشىدىن، ئۇنى خىجىل قىلىپ
قويىدىغان سۆزلەرنى دەپ سېلىشىدىن ئەنسىرىگەندۇ؟ ئىشقى-
لىپ، ئۇ كۆزلەر ئۇنىڭغا نېمە مەقسەتتە تىكىلگەن بولسۇن،
گۈلشەننىڭ قەلبىگە ئورناپ كەتتى.

«بۇ قانداقمۇ مۇمكىن بولسۇن، — دەيتتى گۈلشەن ئىچى-

ده، — ئۇنى خىيال قىلىش ماڭا خۇددى ئاسماندىكى ئاينى ئۈزۈش بىلەن تەڭ. ئۇمۇ ماڭا مۇنداقلا قاراپ قويدى. ماڭا ئوخشاش كۈتكۈچىلەر ئۇنىڭغا ماس كەلمەيدۇ. ئۇ مېنى ھەرگىز ياراتمايدۇ. بەلكىم، مېنىڭ ئىشلەۋاتقان يېرىمنى بىلىپ مەندىن نومۇس قىلدى. ئۇنى ئويلىماسلىقىم كېرەك!»

ئۆز-ئۆزىگە ئەكرەمنى ئويلىماسلىققا قانچە ۋەدە قىلسىمۇ، گۈلشەننىڭ خىيالىدا ئەكرەمنىڭ سىيماسى ئۇنىڭغا ھەمراھ ئىدى. شۇ كۈنلەردە گۈلشەن قولى ئىشتا، قەدەملىرى قەھۋەخانا ئىچىدە ئايلىنىپ يۈرۈۋاتسىمۇ، خىيال دۇنياسىدا ئەكرەم بىلەن سۆزلىشەتتى، ئۇنىڭ بىلەن يىراق-يىراقلاردا سەيلە قىلاتتى. شۇڭا، بىر قانچە كۈندىن بېرى قىلغانلىكى ئىشىدا چاتاق چىقىرىپ، خوجايىنىنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ قويغانىدى.

مانا بۈگۈن خوجايىنىنىڭ راستتىنلا سەۋر قاچىسى توشتى. گۈلشەن پەتنۇستىكى بىر بوتۇلكىسى بىر يۈز سەكسەن يۈەنلىك ھاراقنى خېرىدارنىڭ يېنىغا ئاپارماي تۇرۇپلا چېقىپ قويدى.

— نېمە قىلغىنىڭىز بۇ، گۈلى؟ — دېدى خوجايىن قاپاقلىرىنى تۈرۈپ، — مۇشۇنىڭ بىلەن نەچچە خېرىدارنى نارازى قىلغىنىڭىزنى بىلەمسىز؟ مۇشۇنداق قىلىۋەرسىڭىز بىز سودىنى قانداق قىلىمىز، زىياننى سىز تۆلەمسىز؟

— ھاراقنىڭ پۇلىنى تۆلەپ بەرسەملا بولمىدىمۇ؟ — دېدى گۈلشەنمۇ قورقماي.

خوجايىن گۈلشەنگە يەنە بىر نېمىلەرنى دېمەكچى ئىدى، يېنىدا پەيدا بولغان ئەلى ئەپەندىنى كۆرۈپ توختاپ قالدى.

— چېچىلماڭ، خوجايىن، — دېدى ئەلى ئەپەندى خوجايىننىڭ دولىسىغا يېنىك شاپىلاقلاپ، — ھاراقنىڭ پۇلىنى مەن بېرىۋېتەي، قىزلارنى ئادەم بار جايدا خىجىل قىلمايلى.

ئەلى ئەپەندى ھاراقنىڭ پۇلىنى خوجايىننىڭ تۇزۇت قىلىشلىرىغا قارىماي ئۇنىڭ يانچۇقىغا سېلىۋەتتى. خوجايىن بىر-

دىنلا ئېچىلىپ قالدى.

— رەھمەت، ئەلى ئەپەندى، پۇلىڭىزنى چوقۇم مۇشۇ ئايلىق مائاشىمدىلا قايتۇرۇپ بېرىمەن، — دېدى گۇلشەن ئەلى ئەپەندىگە رەھمىتىنى ئىپادىلەپ. ئەلى ئەپەندى كۈلۈپ قويۇپلا ئۆز ئورنىغا كەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئەلى ئەپەندىنى كۆرمىدى. ئايتىللادىن ئۇنىڭ ئىچكىرىگە سودا بىلەن كەتكەنلىكىنى ئاڭلىدى.

قىشمۇ كىرىپ قالدى. بۇ يىل قىش نىمىشقىدۇر جۇدۇنلۇق باشلاندى. ئىككى كۈندە بىر قېتىم يېغىۋاتقان قارلارنى شىۋىرغانلىق بوران ئۇچۇرۇپ كىشىلەرنى بىزار قىلاتتى. ئەمما، گۇلشەن ئىشلەۋاتقان قەھۋەخانىنىڭ ئىچى قاينام - تاشقىنلىققا چۆمگەن؛ قەھۋەخانا كېڭەيتىلىپ ئايرىمخانىلار كۆپەيتىلگەن بولۇپ، بىرقانچە چىرايلىق قىزنى خوجايىن نەدىندۇر تېپىپ ئەكەلگەندى. ئۇلار مۇشۇنداق سوغۇقتىمۇ نېپىز پايپاقلارنى كىيىۋېلىپ، كۆكسىنىڭ ئۇچتىن بىرى ئېچىلىپ تۇرىدىغان تار مايكا ئۈستىگە قاما ياقىلىق پەلتو ئارتىۋېلىپ، ئۇيان - بۇيان ئايلىنىپ خېرىدار ساقلايتتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئاينۇر بىلەن ئايتىللامۇ بار ئىدى. ئۇلار ھازىر بۇرۇنقى ئاينۇر، ئايتىللا ئەمەس ئىدى، ھەر كۈنى كەچتە ئىچ كىيىملىرىنىڭ، پايپاقلىرىنىڭ ئىچىدىن يۈز يۈەنلىك، ئەللىك يۈەنلىك پۇللارنى ئېلىپ ھېسابات قىلاتتى، بارماقلىرىدا ۋالىلداپ تۇرىدىغان قوش ئۈزۈكلەر كۆزنى چاقنىتاتتى. ئۇلار ھازىر ھېچنېمىدىن قورۇنمايتتى ھەم قورقمايتتى. ئۇلارنىڭ ئامانەت كارتىسىدىكى پۇلنى گۇلشەن بىرنەچچە يىل ئىشلىسە ئاران تاپالايتتى. بەزى چاغلاردا ئۇلار گۇلشەنىمۇ كۈتكۈچى بولماي ھەمراھ بولغۇچى بولۇشقا ئۈندەيتتى. گۇلشەن ئۇلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان ھامان چىچىلىپ كېتەتتى. ئۇمۇ مۇشۇ كۈنلەردە بۇنداق جايدا ئىشلەشنىڭ تەسلىكىنى ئويلاپ يەتكەن بولۇپ، يىل ئاخىرلاشسىلا تاپقان پۇلىدا بىرەر ئىشنىڭ

بىشنى تۇتۇشنى ئويلاپ قالغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەر قېتىم ئۆيگە بارغىنىدا كىملەرنىڭدۇر كەينىدىن كۇسۇرلىشىۋاتقاندەك، ئۆزىنى «بىر ئوبدان قىز يولدىن چىقىپ كەتتى» دەپ ئەيىبلەۋاتقاندەك ھېس قىلىپ قورۇناتتى. بەزىدە بىر كىمنىڭ قاراپ قويغىنى ئۇچۇنمۇ يىغلاپ كېتەتتى. ئۇ پەقەت يىغلىيالايتتى، لېكىن ھېچكىمگە: «نېمە قارايسىلەر؟ مەن سىلەر ئويلىغاندەك قىز ئەمەس. مەن ھالال ئىشلەپ پۇل تېپىۋاتىمەن. مەن ھېچقاچان بۇزۇقچىلىق قىلمىدىم. مەن بىر پاك قىز!» دېيەلمەيتتى. قىسقىسى، ئۇ ئۆزىنىڭ ئىپپىتىنىڭ بۇزۇلغانلىقىنى ئۇنتۇپ كېتەلمەيتتى. ئۇنىڭ قەھۋەخانىدا ئىشلەۋاتقىنىنىڭ ئۆزىلا كىشىلەر ئۇچۇن ئۆزىنىڭ ناپاكلىقىنى ئىسپاتلايدىغان پاكىت ئىدى. گۈلشەن شۇنداق بىر كۈنلەرنىڭ كېلىشىنى، كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭ ياشاش ئۇچۇن قىلغانلىرىنى چۈشىنىشىنى ئۈمىد قىلاتتى، بولۇپمۇ ھەممىدىن بەكرەك ئۈمىد قىلىدىغىنى ئەكرەمنىڭ قارىشى ئىدى.

سوغۇقنىڭ ئەۋجىگە چىقىشىغا ئەگىشىپ گۈلشادىخانىنىڭ باش ئاغرىقى يەنە قوزغالدى. كېچىلىرى داكا ياغلىقى بىلەن بېشىنى چىڭ تېڭىپ، ئۇيان ـ بۇيان ئۆرۈلۈپ زادىلا ئۇخلىيالمايتتى. كۈندىن ـ كۈنگە ئورۇقلاپ مومايلاردەك بولۇپ قالغانىدى.

— بېشىمنىڭ ئاغرىقىغا پەقەت چىدىيالمايۋاتىمەن، بالام، — دېدى گۈلشەنگە ئۇ بىر كۈنى، — رۇسۇل موللام: «شەقىقە بولۇپ قاپسىز، ئىت كاللىسىغا ئوقۇپ كۆچۈرۈپ قويسام ساقىيىپ قالىسىز» دەيدۇ. مېنىڭغۇ ئىشەنگۈم كەلمەيۋاتىدۇ، يا مەن كۈن قىزلىدا يېتىپ قالمىسام.

— ئۇنداق گەپلەرنى قويۇپ دوختۇرخانىغىلا بارايلى، — دېدى گۈلشەن، — ئەتە مەن رۇخسەت سوراپ كېلەي.

— بولدىلا، بالام، دوختۇر دېگەننى كۆرمەيلا قوياي. ئاۋۋال

www.uyghurkitap.com

موللام ئوقۇپ باقسۇن، بولمىغاندا ئاندىن دوختۇرخانىغا بارارمەن.

گۈلشەننىڭ ئاپىسىنىڭ كۆڭلىنى قايتۇرغۇسى كەلمەي ماقۇل بولدى. لېكىن، موللام ئوقۇغان بولسىمۇ، بېشى ئاغرىۋەرگەنلىكتىن ئاپىسى دوختۇرخانىغا بېرىشقا ماقۇل بولدى.

— كېسەللىك ئالامەتلىرىدىن قارىغاندا، كېسەل مېڭە قىسمىدا ئىكەن، — دېدى دوختۇر بىرقۇر تەكشۈرگەندىن كېيىن، — بىزنىڭ ئۈسكۈنىلىرىمىز تولۇق ئەمەس، باشقا دوختۇرخانىلارغا بېرىپ CT ئاپپاراتىدا تەكشۈرتۈپ باقساڭلار بولارمىكىن، دىئاگنوز ئېنىق بولسا داۋالاشقىمۇ ئاسانراق بولىدۇ.

گۈلشادىخان دوختۇرخانىدىن چىقىۋېتىپ كۆڭلى يېرىم بولۇپ كۆزىگە ياش ئالدى. ئىختىيارسىز ئۇنىڭ خىيالىغا ئېرى راخمان ئاكىنى داۋالىتىش جەريانى كېلىۋالدى. دەل شۇ چاغدا گۈلشەنمۇ دادىسىنى ئويلاۋاتاتتى: «ئاپامنى بولسىمۇ ياخشىراق داۋالىتاي! دادامدىن ئايرىلىپ نېمە كۈنلەرنى كۆرمىدىم. ئەمدى ئاپامدىن ئايرىلىپ قالسام مېنىڭمۇ بۇ دۇنيادا تارتىشىدىغان ھېچكىمىم قالمايدۇ. توۋا، خۇدايىمنىڭ كۆزى يوقكەن. قىلمىغان ئەسكىلىكى قالمىغان كىشىلەرگە يا كېسەل، يا ئۆلۈم بەرمەي، ياۋاش، ئاجىزلارنى خار - زارلىقتا قويىدىكەن. نېمىشقا كەلگۈلۈك مېنىڭ بېشىمغىلا كېلىدىغاندۇ؟»

كەچتە گۈلشەن ئاينۇر بىلەن ئايتىللاغا ئەھۋالنى ئېيتتى.

— ئۇرۇمچىگە ئاپارغىن، — دېدى ئايتىللا، — ئەگەر پۇلۇڭ يەتمىسە بىز قەرز بېرىپ تۇرايلى.

— ئۆزۈمنىڭ يىغقان پۇلۇم ئۈچ مىڭ كويدەك بار. يەتتە - سەككىز مىڭ كوي بولمىسا خەقنىڭ يۇرتىدا پۇل سورايدىغان كىم بار دەيسەن؟ — دېدى گۈلشەن.

ئاينۇر بىلەن ئايتىللا بىردەم جىم بولۇپ قالغاندىن كېيىن، تۇيۇقسىز ئايتىللا ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ كەتتى.

— ئەجەب ئىسىمگە كەلمەپتۇ، ئەلى ئەپەندى تونۇغۇن شىن-جىندىن قايتىپ كەلدى، شۇنىڭغىلا دەيلى، ئۇ دېگەن ناھايىتى باي ئادەم، ئۇنچىلىك پۇل دېگەننى بېرىپ تۇرىدۇ.
— بىراق، ئۆتكەندە ئۇ مېنىڭ بىرمۇنچە قەرزىمنى خوجا-يىنغا تۆلەپ قويغان، تېخى ئۇنى قايتۇرمىدىم.
— ۋايىەي، نېمە ئۇ تۆت - بەش يۈز كوي دېگەن. ئالدىنقى قېتىم ئۇ ماڭا «خىراجەت قىلىڭ» دەپلا نەق بەش مىڭنى بەر-گەن. پەقەت بىر ئاخشاملا بىللە بولغانغا.
گۈلشەننىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى.
— ئۇنداق ئادەمدىن پۇل ئالغۇم يوق. سىلەرگە دېسەم پۇلنى دەپ كەلسە - كەلمەس ئادەملەر بىلەن ئارىلاشساڭلار قانداق بولىدۇ؟ بولدى، مەن پۇلنى باشقا جايدىن تاپاي.
— ۋاي، ئاداش، بىز ساڭا ئوخشاشمايمىز. بىز مۇشۇ ئىشنى قىلمىساق، بېرىپ ئېتىمىزدا كەتمەن چاپساق بولىدۇ. سەن دېگەندەك ئاشۇنداق باي ئادەملەر بىلەن ئارىلاشمىساق قانداق پۇل تاپالايمىز؟
ئايتىللانىڭ ئاغزىغا قاراپ قېتىپ قالغان گۈلشەن ئۇلارغا ئارتۇق گەپ قىلىشنى خالىماي ئۆز ئىشىغا مەشغۇل بولدى. ئەمدى ئۇنىڭ بۇ يەردە راستىنلا ئىشلىگۈسى كەلمىدى.
بىرقانچە كۈندىن كېيىن، ئۇ خوجايىنغا ئۆزىنىڭ ئىشلىمەي-دىغانلىقىنى ئېيتتى. خوجايىن ئۇنىڭغا يالۋۇرۇپ يۈرۈپ ئاي ئاخىرىغىچە ئىشلەپ بېرىشكە ماقۇل كەلتۈردى. ئاپىسىمۇ قەھۋە-خانىدىن چىقىپ كېتىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ قەۋەتلا خۇشال بولدى.
— ئەمدى كېتىدىغان بولدۇڭ، — دېدى خوجايىن گۈلشەن-نىڭ ئىش ھەققىنى بېرىۋېتىپ، — بىر كۈنى دوستلىرىڭ بىلەن سېنى مېھمان قىلىۋالاي، سەن بۇ يەردە ناھايىتى ياخشى ئىشلى-گەنتىڭ.
— ھازىر ئاپامنىڭ كېسىلىنى داۋالاتماقچىمەن. كېيىنرەك

بولسۇن، — دېدى گۈلشەن خوجايىنىغا رەھمەت ئېيتىپ، ھەم ئاپىسىنىڭ كېسەللىك ئەھۋالىنى دەپ بەردى.

— مۇنداق قىلايلى، — دېدى خوجايىن سەل تۇرۇۋېلىپ، — پۇل لازىم بولسا ماڭا دېگىن، كېيىن ئاپاڭ ساقايغاندا ئىشلەپ قايتۇرساڭمۇ بولىدۇ.

گۈلشەن قايتىپ كېلىپ بىرقانچە كۈندىن كېيىن ئاپىسىنى ئۈرۈمچىگە — دوختۇرخانىغا بىررىشقا ئاران كۆندۈردى. خوجايىندىن پۇل سوراشنى لايىق كۆرمەي يەنە ئاينۇر بىلەن ئايتىللانى ئىزدىدى. ئۇلار ھەربىرى ئىككى مىڭ يۈەندىن پۇل بېرىپ تۇردىغان بولدى. گۈلشەن خاتىرجەم بولۇپ، ئەمدى قايتاي دەپ تۇرغاندا، تۇيۇقسىز ئۇلارنىڭ يېنىدا ئەلى ئەپەندى پەيدا بولۇپ قالدى.

— سىزنى ئىزدەي دەپ تۇراتتىم. مېنىڭ شاڭخەيلىك بىر دوختۇر ئاغىنەم شىنجاڭغا سەييارە كېسەل داۋالاش ئۆمىكى بىلەن كەلگەن. مەن ئۇنى بۇ يەرگە تەكلىپ قىلغان، ئىككى كۈندىن كېيىن كەلمەكچى، ئاۋۋال ئاپىڭىزنى ئۇ كۆرۈپ باقسۇن، ئاندىن مېڭىڭ.

گۈلشەن ئەلى ئەپەندىنىڭ گېپىگە قىزىقىپ قالدى. ئاينۇر بىلەن ئايتىللامۇ ئۇنى ئاۋۋال شۇ دوختۇرغا كۆرسىتىپ بېقىشقا دەۋەت قىلدى. ئىككى كۈندىن كېيىن ئايتىللا راستتىنلا ئەلى ئەپەندى بىلەن ئوتتۇرا ياشلار ئەتراپىدىكى بىر ئەرنى باشلاپ گۈلشەنلەرنىڭ ئۆيىگە كەلدى. ئۇ كىشى گۈلشادىخاننىڭ ئاغرىق ئالامەتلىرىنى تەپسىلىي سورىدى، گۈلشادىخاننىڭ كۆزىگە قاراپ باققاندىن كېيىن بىردەم ئويلاندى.

— مۇنداق قىلايلى، — دېدى ئۇ سەلدىن كېيىن، — بىزنىڭ داۋالاش ئۆمىكىمىز ھازىر ئۈرۈمچىدە. ئەگەر شارائىت بولسا بىر - ئىككى كۈندىن كېيىن مەن بىلەن بىللە بارساڭلار، مەخسۇس كېسەل دوختۇرلىرى تەكشۈرۈپ دىئاگنوز قويغاندىن

كېيىن داۋالىسا ياخشى بولۇپ كېتىدۇ.

گۈلشەن دوختۇرنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ يېنىك تىنىدى، ئاندىن ئۇنىڭ دېگەنلىرىنى ئاپىسىغا دەپ بەردى. ئايتىللا، ئاينۇر ۋە ئەلى ئەپەندىلەر ئۇنى دەرھال مېڭىشقا دەۋەت قىلدى. شۇ كۈنى ئۇ ئاپىسىغا مەسلىھەت سالدى.

— كېسىلىم ئانچە ئېغىر ئەمەس، قىزىم. دوختۇر دېگەن ئادەمنىڭ ئىچىگە قورققاق سېلىپ نىمە دېگۈسى كەلسە دەۋېرىدىغان خەق. بىر مەزگىل قاراپ بېقىپ ئاندىن ماڭساقمىكىن؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىككىمىز ئايال كىشى، خەقنىڭ يۇرتىدا بىرەر ئىش چىقىپ قالسا قىيىنىلىپ قالىسەن. مېنىڭ پەقەتلا بىر يەرگە بارغۇم يوق.

— ئاۋۋال تەكشۈرتۈپ بولسىمۇ كېلەيلى، ئاپا. ئەنسىرىگۈدەك ئىش يوق. پۇلنى جىقراق ئېلىپ ماڭساقلا ھېچ ئىش چىقمايدۇ.

گۈلشەن ئاخىر ئاپىسىنى كۆندۈردى. ھېلىقى سەييارە داۋالاش ئۆمىكىدىكى دوختۇر بىلەن مېڭىش ياكى ئۈرۈمچىدىكى باشقا دوختۇرخانىغا بېرىش توغرۇلۇق ئۇزاق ئويلاندى. ئاخىرى پۇلنى تېجەش مەقسىتىدە سەييارە داۋالاش ئۆمىكى چۈشكەن دوختۇرخانىغا بېرىشنى قارار قىلدى. ئەتىسى ئەلى ئەپەندى ئارقىلىق ھېلىقى دوختۇر بىلەن ئالاقىلىشىپ، بىرگە ماڭىدىغان بولۇپ كېلىشتى. بازاردىن ئاپىسىغا بىر قۇر يېڭى كىيىم سېتىۋالدى. قايتاشىدا ئايتىللا بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى.

— ئاينۇر ئىككىمىزمۇ ساياھەتكە چىقىدىغان بولۇپ قالدۇق، ئەلى ئەپەندى بىزنى ئويىنىتىپ كېلىدىغان بولدى، بەلكىم سەن بىلەن ئۈرۈمچىدە ئۇچرىشىپ قېلىشىمىز مۇمكىن، — دېدى ئايتىللا خۇشال ھالدا.

— ئۆيدىكىلەرگە دېدىڭمۇ؟ — دېدى گۈلشەن ئايتىللانىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، — مەنغۇ ئەمدى قەھۋەخانىدا ئىش-

لىمەيمەن. بۇ قېتىم ئاپامنى داۋالاتقاچ قايتىشىدا ئازراق مال ئەكېلىپ سېتىپ باقايمىكىن دەيمەن. ھەر ھالدا ئۆيدىكىلەرگە دەپ قويۇپراق مېڭىڭلار.

— دېسەك ئۇنامدۇ؟ ئاينۇر بىلەن ئىككىمىز ئۇلارغا «بىزنى قەھۋەخانىدىن ئوقۇشقا ئەۋەتتى» دەپ يالغان ئېيتتۇق.

— ماقۇل ئەمىسە، مەن ئارتۇق ئىشقا ئارىلاشماي. ئەگەر ئۈرۈمچىگە بېرىپ قالساڭلار ئىزدەرسىلەر.

ئۇلار خوشلاشتى. گۈلشەن ئىككىسىنىڭ نىشانىسىزلا ئويۇنىنىڭ كەينىگە كىرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئويلاپ ئۇلارغا ئېچىندى. بارلىق تەييارلىقلار پۈتۈپ ماڭىدىغان ئاخشىمى گۈلشەننىڭ زادىلا ئۇيقۇسى كەلمىدى. خۇددى مۇشۇ قېتىم كەتسە قايتا كەلمەيدىغاندەك يۈرىكىنىڭ بىر يەرلىرى تارتىشاتتى. تۈرۈپلا ھېلىقى شوپۇر ئېسىگە كېلىۋېلىپ ئۇنى يەنە شۇنداق بىر قىسمەت كۈتۈپ تۇرغاندەك يىغا باساتتى.

«بۇ قېتىم خۇدا بۇيرۇسا ئاپامنى داۋالىتىپ ساقايتىۋالىمەن. قىلماقچى بولغان ئىشىمنىمۇ باشلىۋالىمەن، — دەپ ئويلايتتى ئۇ ئىچىدە، — بۇ قېتىم ئەكرەم قايتىپ كەلسە مېنى چوقۇم ئىزدەيدۇ. ئۇنىڭ مېنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى كۆزلىرىدىن بىلىۋالدىم. ئېھتىمال، ماڭا قانداق ئېغىز ئېچىشنى بىلمەي يۈرگەن بولۇشى مۇمكىن. بولمىسا نېمىشقا ئۇ ماڭىدىغان چاغدا مېنى ئىككى قېتىم ئىزدەپ ئۆيگە كېلىدۇ. ئىسىت، ئۆيدە بولغان بولسامچۇ.»

ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئەكرەمنىڭ سىيماسى پەيدا بولۇپ، ئاجايىپ بىر شېرىن ئېقىم جىسمىنى «ۋاش» قىلىپ كۆيدۈرۈپ ئۆتتى. ئەتىسى سەھەردە گۈلشەنلەرنىڭ ئاددىيغىنا دەرۋازىسى ئالدىدا ئالىي دەرىجىلىك پىكاپ توختاپ سىگنال بەردى. گۈلشەن ئاپىسى بىلەن سومكىلىرىنى كۆتۈرۈپ چىقىپلا، ماشىنىدا ئولتۇرغان ئايتىللا بىلەن ئاينۇرنى كۆرۈپ ھەيران قالدى.

— نېمە؟ سىلەر تېخى ماڭمىغانمۇ؟

گۈلشەننىڭ سوئالىغا ئاينۇر جاۋاب بەردى:

— ئەلى ئەپەندىنىڭ ئىشى چىقىپ قېلىپ ماڭالمىغان. «بۈگۈن سىلەرنى مۇشۇ ماشىنىدا ماڭدۇ» دەپ ئەي دوختۇر دېگەنىدى. بىزمۇ چىقىۋالدۇق. ئەلى ئەپەندى بىزنى ئۈرۈمچىدە كۈتۈۋالدۇ.

گۈلشەن باشقا گەپ قىلماي ئاپىسىنى يۆلەپ ماشىنىغا چىقاردى. ئۇمۇ ئۆز كۆڭلىدە ئۇلارنىڭ ھەمراھ بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ خۇش بولۇپ قالدى. يول بويى ئىنتايىن شوخ بۇ ئىككى قىز گۈلشادىخاننى زېرىكتۈرمىدى. ئۇلار ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلگەندە، ئەلى ئەپەندى ئۇلارنى كۈتۈۋالدى. بۇ قېتىم ئەلى ئەپەندى گۈلشەنگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلدى. ئانا ـ بالا ئىككىسىنى ئېسىل ياتاققا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ، ئايتىللا بىلەن ئاينۇرنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى. ئۇلار بىر كۈن ئارام ئالغاندىن كېيىن، گۈلشەن ھېلىقى ئەي دوختۇرغا تېلېفون بەردى.

— بىزنىڭ داۋالاش ئۆمىكىمىز ئىككى كۈنلۈك سىرتقا چىقىپ كېتىپتۇ، ئاۋۋال ئارام ئالغاچ تۇرۇڭلار، كەلگەندە مەن سىلەرگە خەۋەر قىلىمەن، — دېدى ئۇ تېلېفوندا. لېكىن گۈلشەننىڭ ساقلىغۇسى كەلمەي، مېھمانخانا خىزمەتچىلىرىدىن سوراپ ئاپىسىنى ھاۋا ئارمىيىسى دوختۇرخانىسىغا ئاپاردى. بىر كۈن قاتراپ يۈرۈپ ئاران تەكشۈرتۈپ بولدى. ئەمما، تەكشۈرۈش نەتىجىسىنى ئەتىسى كېلىپ ئالىدىغان بولۇپ قايتىپ كەلدى. ئەتىسى ئۇ ئاپىسىنى ياتاقتا ئارام ئېلىشقا قويۇپ ئۆزى دوختۇرخانىغا باردى.

— تەكشۈرۈش نەتىجىسىدىن قارىغاندا، ئاپىڭىزنىڭ كېسىلى مېڭە ئۆسمىسى ئىكەن. ئۆسمە بەك يوغىناپ كېتىپتۇ. بىزنىڭ ئوپېراتسىيە قىلىشقا كۆزىمىز يەتمەي تۇرىدۇ. ئوپېراتسىيە قىلغان تەقدىردىمۇ ئوڭۇشلۇق بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش

تەس، — دېدى ياشانغان دوختۇر ئۇنىڭغا دىئاگنوز نەتىجىنى
يېزىلغان قەغەزنى سۇنۇۋېتىپ. گۈلشەن قەغەزنى ئېلىشىمۇ تۇر-
تۇپ ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇ ئاپىسىنىڭ بۇنداق ئېغىر كېسەلگە
گىرىپتار بولۇشىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى. ئۇنىڭ بوغۇ-
زىغا بىر نەرسە قاپلىشىپ قالغاندەك ئېغىزى قۇرۇپ، دىماغلىرى
ئېچىشتى. قانداقلارچە دوختۇرنىڭ يېنىدىن چىقىپ كەتكىنىنىمۇ
بىلمىدى. بىر هازا يىغلىغاندىن كېيىن، دوختۇرخانا هويلىسىدى-
كى گۈللۈككە كېلىپ مۇزدەك سوغۇق سۇدا يۈزلىرىنى يۇيۇپ،
ئاندىن ياتاققا قايتتى.
— دوختۇر نېمە دەيدۇ، بالام؟ — دەپ سورىدى گۈلشادىخان
ياتاققا هارغىن قىياپەتتە كىرگەن گۈلشەندىن.
— تېخى نەتىجە چىقماپتۇ، — دېدى گۈلشەن ئاپىسىنىڭ
بىلىپ قېلىشىدىن ئەندىشە قىلىپ.
گۈلشەننىڭ پۈتۈن خىيالىنى دوختۇرنىڭ گېپى ئىگىلەپ
كەتكەن بولۇپ، تاماقىمۇ رايى بارمايتتى. ئاپىسىدىن بىردەم
نېرى كەتسىلا ئۇنى قايتا كۆرەلمەيدىغاندەك تۇيغۇدا ئىدى. كەچتە
ئۇ ئاپىسى ئۇخلاپ قالغان ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ ئەي دوختۇرغا
تېلېفون ئۇرۇپ ئەھۋالنى ئېيتتى. ئەي دوختۇر تەكشۈرۈش
نەتىجىسىنى ئېلىپ كېلىشنى ئېيتتى. ئۇ دەرهال تاكسى بىلەن
دوختۇر دەپ بەرگەن ياتاققا كەلدى. دوختۇر قەغەزگە بىر هازا
قارىۋەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا تەسەللى بەردى:
— ئەندىشە قىلىشىڭىزنىڭ هاجىتى يوق. بىزنىڭ ئارىمىزدا
مۇشۇ كېسەلنىڭ مەخسۇس دوختۇرى بار. شاڭخەيدە بۇنچىلىك
كېسەلنى ئوپېراتسىيە قىلمايمۇ ساقايتالايدۇ. ئەندىشە قىلماي
ساقلاپ تۇرۇڭ. ئۇلارنىڭ كېسەل كۆرۈش ۋاقتى يەنە كەينىگە
سۈرۈلۈپ كېتىپتۇ. بىرقانچە كۈندىن كېيىن مەن سىزگە خەۋە-
رىنى بېرەي. شۇ چاغدا ئاپىڭىزنى ئېلىپ كېلىڭ.
ئۇ دوختۇرنىڭ سۆزىدىن خېلى ئىشەنچ پەيدا قىلغاندىن كې-



www.uyghurkitap.com

يىن قايتىپ كەلدى. ئەمدى ئۇنىڭ بىردىنبىر ئۇمىدى شاڭخەيدىن كەلگەن داۋالاش ئۆمىكى بولۇپ قالغانىدى. قىرىشقاندەك دەل مۇشۇ چاغدا داۋالاش ئۆمىكىنىڭ كېلىش ۋاقتىنىڭ كەينىگە سۈرۈلگەنلىكىدىن ئىچى پۇشۇپ، ئۆز گۆشىنى ئۆزى يېگۈدەك بولاتتى. ئەلى ئەپەندى بىلەن ئاينۇر، ئايتىللالار ئۈچ كۈندىن كېيىن قايتىپ كەلدى. ئۇلار كېلىپلا گۈلشەندىن ئاپىسىنىڭ ئەھۋالىنى ئۇقۇپ قايغۇرۇشتى.

— ئەندىشە قىلماڭ! — دېدى ئەلى ئەپەندى ئىشەنچ بىلەن، — ئۇ دوستۇمنىڭ دېگىنى توغرا. ئۇلار ئۇنداق كېسەلنى داۋالاپ ساقايتالايدۇ. شىنجاڭنىڭ تېخنىكىسى بىلەن شاڭخەينىڭكىنى سېلىشتۇرغاندا، بۇ بىر كىچىككىنە كېسەل.

گۈلشەندە ئاپىسىنىڭ ساقىيىدىغانلىقىغا تولۇق ئىشەنچ پەيدا بولدى. ئەلى ئەپەندىنىڭ قىلغان ياخشىلىقىغا قانداق رەھمەت ئېيتىشنى بىلمەي قالدى.

— نەچچە كۈندىن بېرى ئاپىڭىز بىلەن يۈرۈپ بەك زېرىكىپ كەتكەنسىز، دوستلىرىڭىز بىلەن بىللە بىر دوستۇم تاماققا تەكلىپ قىلغانىدى، بېرىپ كەلسەك قانداق؟ — دېدى شۇ ئارىدا ئەلى ئەپەندى.

— ئاپام يالغۇز قالارمىكىن؟ مەن بارماي، سىلەر بېرىپ ئويناپ كېلىڭلار، — دېدى گۈلشەن ئاپىسىدىن تازا خاتىرجەم بولالماي.

— ئاۋۋال ئاپىڭىزغا دەپ بېقىڭ، ئاندىن بىرنېمە دېسىڭىزمۇ بولىدۇ، — دېدى ئەلى ئەپەندى كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ. گۈلشەن قايتا رەت قىلماقچى بولدىيۇ، ئەلى ئەپەندىنىڭ ياخشىلىقىنى ئويلاپ ئاۋۋال ئاپىسىغا دەپ باقماقچى بولدى.

— بوپتۇ، بالام، بارغىن، — دېدى ئاپىسى گۈلشەننىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، — كەلگەندىن بۇيان ئۇ كىشىنىڭ قىلغان ياخشىلىقلىرىنى كۆرۈپ يۈرۈۋاتىمەن. شۇنىڭ يۈزىنى قىلمىساڭمۇ

بولماس. لېكىن بەك ئۆزۈن ئولتۇرۇپ قالما. كىشىنىڭ يۈرىكىغا چىققاندا كىچىككىنە ئىشتىنمۇ ئادەم ئەنسىرەيدىغان بولۇپ قالىدىكەن.

ئۇچقاندەك كېتىۋاتقان ماشىنىدا گۈلشەن ئەتراپقا شۇنچە قاراپمۇ ئۆزلىرىنىڭ قايسى تەرەپكە كېتىۋاتقانلىقىنى پەرق قىلالمىدى. چۈنكى، يوپيورۇق چىراغ يورۇقىدا قاياققىلا قارىسا ئوخشاش بىنالار، ئوخشاش مەنزىرىلەر كۆرۈنەتتى. ماشىنىدا گۈلشەندىن باشقا، ئەي دوختۇر، ئەلى ئەپەندى، ئاينۇر، ئايتىللالار بولۇپ بەش ئادەم سىغدىلىپ ئولتۇراتتى. ئاينۇر، ئايتىللالار ئۇرۇمچىنىڭ گۈزەل مەنزىرىلىرىنى ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي ماختايتتى.

— داۋالاش ئۆمىكىمىز ئەتە كېلىدىكەن، — دېدى گەپ قىلماي ئولتۇرغان گۈلشەنگە ئەي دوختۇر، — مەن ئالدىراپ ئالاقىلىشىپ قويدۇم، ئۇلار كېلىپلا ئاپىڭىزنى كۆرىدىغان بولدى.

— رەھمەت سىزگە، ئەي دوختۇر، — دېدى گۈلشەن كۆلۈمسىرەپ.

ئۇلار ماشىنىدىن چۈشكەندە ئۆزلىرىنى ناھايىتى ئېسىل مېھمانخانا ئالدىدا كۆردى. نېمىشقىدۇر گۈلشەننىڭ كۆڭلىگە ھەر خىل يامان ئىشلار كېلىۋالدى. «نېمىلەرنى ئويلاپ كەتتىم، ھەممىسى تونۇش كىشىلەر تۇرسا؟! يەنە كېلىپ ئاينۇر بىلەن ئايتىللا بار يەردە ئەندىشە قىلغۇدەك ئىشمۇ بولمايدۇ.» گۈلشەن ئۆزىنى خاتىرجەم قىلىشقا تىرىشتى. ئۇلار مېھمانخانىنىڭ ئاستىنقى قەۋىتىدىكى مەيخانىغا كىردى. ئەلى ئەپەندى ئۇلارنى باشلاپ زالدىن ئۆتۈپ يەر ئاستى كارىدورىغا كىردى ـ دە، ئەڭ تۆرىدىكى ئايرىمخانىغا باشلىدى. ئۇ يەردە ئولتۇرغان بىرقانچە كىشى ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ ئۇلار بىلەن سالاملاشتى.

— بىزنىڭ شىنجاڭلىق قىزلار، — دەپ تونۇشتۇردى ئەلى

ئەپەندى قىزلارنى ئۇلارغا، — قانداق، چىرايلىقمىكەن؟

ئۇلار ھەممىسى بىر ئېغىزدىن قىزلارنى ماختىغاندىن كېيىن ئۆزلىرىنى تونۇشتۇردى. شۇ چاغدىلا قىزلار ئۇلارنىڭمۇ ئەلى ئەپەندىدەك ئايلىنىپ يۈرۈپ تىجارەت قىلىدىغان سودىگەرلەر ئىكەنلىكىنى بىلدى. تائاملار تارتىلىپ ئەرلەر قانداقتۇ سودا ـ سېتىق توغرىسىدا قىزغىن پاراڭغا چۈشتى. ئارىلىقتا قىزلارغا ھاراق تۇتۇشتى. گۈلشەن ھاراق ئىچمەيدىغىنىنى ئېيتىپ رومكىنى ئالغىلى ئۇنىمىدى، ئەمما ئەلى ئەپەندى بىرلا رومكا ئىچىشنى شەرت قىلىپ تۇرۇۋالدى. ئامالسىز قالغان گۈلشەن رومكىنى قولىغا ئالدى. باشقىلارمۇ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ قەدەھ سۆزى قىلىشقاندىن كېيىن ھاراقنى ئىچىۋەتتى. گۈلشەن قۇرۇقدالغان رومكىنى قويۇپلا سىرتقا يۈگۈردى. چۈنكى، ھېلىقى ئىچكەن سۈيۇقلۇق ئىچ ـ باغرىنى يۇلۇپ چىقىدىغاندەك بىئارام قىلىۋەتكەن ئىدى. ئۇ بۇرۇن قەھۋەخانىدا ئىشلەۋاتقان چاغدا خېرىدارنىڭ كۆڭلىنى دەپ ئانچە ـ مۇنچە رومكىنى قولىغا ئالىسىمۇ، لېكىن لېۋىنى تەگكۈزۈپ قويۇپلا بىر ئامال قىلىپ ئىچمەيتتى. ئۇ تازىلىق ئۆيىگە كىرىپ ياندۇرۇشقا قانچە ئۇرۇنۇپ باققان بولسىمۇ ياندۇرالمىدى. يۈزلىرىنى يۇيۇپ خېلى تۈزىلىپ قالغاندەك قىلدى. ئۇ قايتىپ كىرگەندە ئەلى ئەپەندى كۆرۈنمىدى. بىر دەم ئولتۇرۇپلا ئۇنىڭ بېشى قايغاندەك بولۇپ، كۆزلىرى تورلىشىشقا باشلىدى. «مەست بولۇپ قالدىممۇ نېمە؟ ياق، بىر رومكىغا مەست بولمايدۇ. ئايتىللا بىلەن ئاينۇر ئۈستەلدە يېتىۋاپتۇغۇ؟ ...»

ئۇ ئاخىرىنى ئويلاپ بولغۇچە بېشىنى كۆتۈرەلمەي قالدى.

* * *

گۈلشەن ئۆزىنى خۇددى تېگى يوق ھاڭغا چۈشۈپ كېتىۋاتقاند-

دەك سىزەتتى. كۆزىنى ئىچىشقا قانچە تىرىشىپ ياپسىمۇ ئاچالمايتتى. ئۇ شۇنداق سىزىمدا قانچە ۋاقىت تۇرغىنىنى بىلمەيتتى. كۆزىنى ئىچىپلا ئۆزىنى ناتونۇش بىر جايدا كۆردى، ئۆي ئىچىگە كۆز يۈگۈرتتى. پەردىلەر ھەم يىپىۋېتىلگەن، ئۆي ناھايىتى سۇرلۇك ئىدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرماقچى بولۇۋىدى، كۆكسىنى بېسىپ تۇرغان يوغان بىر قولنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى ـ دە، ئالاق ـ جالاق كارىۋاتقا قارىدى. كارىۋاتتىكى بەستلىك ئەر ئاغزىنى ئاچقىنىچە خورەك تارتىپ ئۇخلاۋاتاتتى. ئۇ شۇندىلا ئۆزىنىڭ ئاندىن تۇغما ھالەتتە ئىكەنلىكىنى سىزىپ قاتتىق توۋلىۋەتتى. چۆچۈپ ئويغانغان ئەر ئالدىرىماي ئورنىدىن تۇرۇپ، ساپما كەشىنى كىيىپ تازىلىق ئۆيىگە ماڭدى. گۈلشەن يەردە چېچىلىپ ياتقان كىيىملىرىنى ئېلىپ كىيىپلا ئىشىكنى ئىتتىردى، ئىشىك تاقالغان ئىدى. ئۆزىنىڭ ئالدانغانلىقىنى سەزگەن گۈلشەن بېشىنى قاماللىغىنىچە ئولتۇرۇپ ئېسەدەپ يىغلاپ كەتتى.

— نېمىگە غەلۋە قىلىسەن؟ — دېدى تازىلىق ئۆيىدىن چىقىۋاتقان ئەر تەرىنى تۇرۇپ، — ئەلى ئەپەندىگە قەرزىڭلار باركەن، پۇلنى بېرىۋېتىپ سىلەرنى مەن ئالدىم، سىلەر ماڭا قەرزدار بولدۇڭلار.

گۈلشەن ئورنىدىن دەس تۇرۇپ كەتتى.

— يالغان! بىز ئۇنىڭغا قەرزدار ئەمەس...

گۈلشەن سۆزىنىڭ ئاخىرىنى دەپ بولغۇچە ئىشىك ئېچىلىپ ئاينۇر بىلەن ئايتىللا كىرىپ كەلدى. گۈلشەن ئۇلارنىڭ ئالدىغا باردى.

— قاراڭلار، مەن... مەن نېمە بولدۇم. ئۇلار مېنى...

گۈلشەن ئاخىرقى گەپلىرىنى دېيەلمەي ئېسەدەپ يىغلاپ كەتتى.

— بىزمۇ نېمە ئىش بولغىنىنى بىلەلمەپتىمىز. كۆزىمىزنى ئاچساقلا...

— ئەلى ئەپەندىنى سىلەر ياخشى ئادەم دېمىگەنمىدىڭلار؟ مانا ئەمدى ئۇ بىزنى سېتىۋېتىپتۇ. ئەمدى قانداق قىلىمىز؟ تېخى مېنىڭ ئاپامچۇ؟

گۈلشەن يىغلاپ تۇرۇپ ئۇلارغا شۇ سۆزلەرنى قىلغاندا، ئايتىللانىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى.

— نېمە؟ بىزنى سېتىۋېتىپتۇ! بۇ مۇمكىن ئەمەس، مەن ئۇلار بىلەن كۆرۈشىمەن.

ئايتىللا ئەمدىلا ئارقىسىغا يېنىۋېدى، بىرنەچچەيلەننى ئەگەشتۇرۇپ ئەلى ئەپەندى تونۇشتۇرغان سودىگەرلەر كىرىپ كەلدى.

— ئەلى ئەپەندى بىلەن ئەي دوختۇر قېنى؟ مەن ئۇلار بىلەن كۆرۈشىمەن، — دېدى ئايتىللا ئالدىغا چىقىپ.

— كىم ئۇ ئەلى ئەپەندى دېگەن؟ بىز سىلەرنى قەرز ئورنىغا ئالدۇق. ئىشەنمىسەڭلار مانا بۇ ھۆججەت.

ئايتىللا ئالدىدىكى سېمىز چوقۇر يۈزلۈكنىڭ قولىدىكى قەغەزنى يۇلۇپ ئالدى ـ دە، ئۇنى ئوقۇپ كۆزلىرى تېخىمۇ چەكچەيدى، ئاندىن ئۇنى گۈلشەنگە سۇندى. قەغەز بىر پارچە پۇل تاپشۇرۇۋېلىش ھۆججىتى بولۇپ، ئۇنىڭدا ئايتىللا ۋە ئاينۇرنىڭ ئۈچ يىلدىن بېرى ئەلى ئەپەندىدىن ئېلىپ ئىشلەتكەن پۇللىرى ھەم گۈلشەنگە ھەر قېتىم بېرىدىغان تونۇشۇش كۆڭۈل سوۋغىلىرى، ئاينۇر، ئايتىللانىڭ يېقىندا ئالغان ئون مىڭ يۈەن قەرز پۇلى، ھەتتا گۈلشەن بىلەن ئاپىسىنىڭ ياتاق، تاماق، يول كىرا پۇلى قاتارلىقلار بولۇپ بىر يۈز يىگىرمە مىڭ يۈەن پۇلنىڭ تىزىملىكى ئىدى. گۈلشەن قەغەزنى تۇتقىنىچە جايىدا ئولتۇرۇپ قالدى. بىردەمدىن كېيىن ئايتىللادىن سورىدى:

— سىلەر شۇنچە جىق پۇلنى نېمىشقا قەرز ئالغانتىڭلار، ئەمدى بىز قانداق قىلىمىز؟

— بۇ ئالدامچىلىق، مەن ئەلى ئەپەندى بىلەن كۆرۈ-

شىمەن! — دېدى ئايتىللا ھېلىقى چوقۇر يۇزلۇككە.
— ئۇنداقتا سىلەر بىزگە پۇلنى ھازىرلا تاپشۇرۇۋالدۇق. ئەلى ئەپەندى دېگەننى بىز تونۇمايمىز. بولمىسا ياۋاشلىق بىلەن بىز بىلەن كېتىسىلەر.
ئۈچ قىز نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي قالدى. شۇ چاغدا گۈلشەننىڭ خىيالىغا ئۆزلىرى تۇرۇۋاتقان جاينىڭ زادى قەيەر ئىكەنلىكى ئېسىگە كەلدى. ئۇ قىيا ئۈچۈق دېرىزىدىن سىرتقا قارىدى، لېكىن قەيەر ئىكەنلىكىنى بىلەلمىدى. بىردەمدىن كېيىن كىرگەنلەر ئۆزئارا بىرنېمىلەرنى دېيىشتى. ئۇلارنىڭ قايسى جاينىڭ يەرلىك شېۋىسىدە سۆزلەشكىنىنى ئاڭقىرىپ بولغۇچە، ئۇلار ئۈچ قىزنى قالدۇرۇپ چىقىپ كېتىشتى. ئىشىكنىڭ ئېتىلگىنىنى كۆرگەن قىزلار بىر-بىرىگە قارىشىپ تۇرۇپ قېلىشتى. پەقەت گۈلشەنلا ئىچ-ئىچىدىن بوغۇلۇپ يىغلايتتى: «نېمىشقا سىلەرگە ئۇچراپ قالغاندىمەن؟ نېمىشقا ئاپامنى يالغۇز قويۇپ سىلەرگە ئەگەشكەندىمەن، ئەمدى ئاپام قانداق قىلىدۇ؟ ئۇنىڭ بۇ يەردە ھېچنېمىسى يوق تۇرسا؟» دەيتتى ئۇ ئۆز گۆشىنى ئۆزى يېگۈدەك بولۇپ.
شۇ تاپتا ئۇ ئاپىسىنىڭ نەلەردىدۇر تەمتىرەپ يۈرگىنىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرەتتى. ئىككىسىنى تىللايتتى. كەچ كىرگىچە ئۇنىڭ كۆزلىرى يىغىدىن ئىششىپ كەتتى. ئاينۇر بىلەن ئايتىللا بولسا مىشىلداپ يىغلىشىپ ئولتۇرۇشاتتى. ئۇلارمۇ بۇنداق بولۇشىنى ئەسلا كۈتمىگەن، ئەلى ئەپەندىدەك قولى ئوچۇق ئادەمنىڭ ئاخىرقى ھېساباتتا بىر ئالدامچى ئىكەنلىكىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى.
كەچتە تەمبەل كەلگەن بىرقانچە ئەر ياتاققا كىرىپ، ئۇلارنى بىر يەرگە ئاپىرىدىغانلىقىنى ئېيتتى.
— ھېچنەگە بارمايمىز! — دەپ كەينىگە داجىدى ئايتىللا.
ئەمما ئۇلار يۇپۇرۇلۇپ كېلىپ قىزلارنى خۇددى چۈجىنى قاماللە-

غانەك قوللىرىنى كەينىگە قايرىدى، ئاندىن ئۇلارنىڭ بۇرنىغا لۆڭگىدەك بىر نەرسىنى تۇتتى، كېيىن قىزلار ھېچنېمىنى سەزمىدى.

قىزلار شۇنىڭدىن كېيىن ئۆزلىرىنىڭ نەدىلىكىنى بىلەلمىدى. بەزىدە ئۆزلىرىنى قاتتىق سىلكىنىۋاتقاندەك سېزىپ كۆزلىرىنى ئاچماقچى بولاتتى، ئەمما بۇرنىغا پۇرايدىغان بىر خىل پۇراق بىلەن تەڭ يەنە ھېچنېمىنى سەزمەيتتى.

گۈلشەن بىركىمنىڭ قاتتىق تۇرتۇشى بىلەن كۆزلىرىنى تەستە ئاچتىيۇ، ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى. ئۇ ئالدىدا تۇرغان ئايتىللاغا، ئاندىن تېخىچە ئۇخلاۋاتقاندەك ياتقان ئاينۇرنىڭ يېنىغا بېرىپ ئۇنى چاقىردى.

— بىز نەگە كېلىپ قالدۇق، ئايتىللا؟ — دېدى گۈلشەن تەستە دېرىزىدىن سىرتقا قاراۋاتقان ئايتىللاغا قاراپ.

— مەنمۇ بىلمىدىم. مېنىڭ ھېچ نەرسە ئېسىمدە يوق، بىزنىڭ قانداقلارچە بۇ يەرگە كېلىپ قالغانلىقىمىزنىمۇ ئېسىمگە ئالالمايۋاتىمەن. ئۇلار بىزنى نېمە قىلار؟

ئايتىللانىڭ سوئالىغا ھېچكىم جاۋاب بەرمىدى. گۈلشەننىڭ خىيالى يەنىلا ئايپىسىدا ئىدى. پۇشايمان ئوتىدا يۈرىكى پۇچىلىناتتى، ئۆزىنى نەچچە مىڭ قېتىم تىللاپ بولغىنىنىمۇ بىلمەيتتى. ئۇلار شۇ ئولتۇرغانچە قانچىلىك خىيال سۈرۈشتىكىن، بىر چاغدا بىرنەچچەيلەن كىرىپ گۈلشەننى يالغۇز قالدۇرۇپ ئىككىسىنى ئاچىقىپ كېتىشتى. گۈلشەن ئەڭ قورقۇنچلۇق خىياللارنى قىلىپ كۈننى كەچ قىلدى. كەچلىكى ھېلىقى كۈندىكى چوقۇر يۈزلۈك كىرىپ ئىشىكنى تاقىغاندىلا، ئۇ تامغا ئۈسسۈپ ئۆلۈۋېلىشنىمۇ ئويلاپ باقتى. لېكىن، ئۇ پۇرسەت ئۇنىڭغا كېلىپ بولغۇچە چوقۇر يۈز ئۇنى قامالاپ كارىۋاتقا باستى. ئۇ ھەرقانچە تىركىشىپ باققان بولسىمۇ كۈچ جەھەتتە يەنىلا ئاجىز كەلدى، ئاخىرى خورلۇق ئىچىدە لەۋلىرىنى چىڭ چىشلەپ ئۇنىڭغا بوي-

سۈندى. ئۇ ئاشۇ ئۆيدە ئۈچ كۈنگىچە قالغان ئىككىسىنى كۆرۈن-
دى. پەقەت كۈندە كەچتە ھېلىقى چوقۇر يۈز ئۇنىڭ بالىسى
شەھۋانىي ھەۋەسىنى قاندۇراتتى. ئۈچ كۈندىن كېيىن ئۇلار ئۈچ
قىزنى ماشىنىغا سېلىپ ئۇ يەردىن ئايرىلدى. قورقۇنچ باسقان
ئاينۇر بىلەن گۈلشەنلا گەپ قىلماي ئولتۇراتتى. ئايتىللا بولسا
ئەلى ئەپەندىدىن تارتىپ ئۆزلىرىنى بوزەك قىلغان بارلىق كىشى-
لەرنى يەتمىش پۈشتىغىچە تىللاپ چىقتى، بىرقانچە قېتىم تەس-
تەكمۇ يېدى.

— بولدى، ئايتىللا، — دېدى گۈلشەن ئۇنى جىملەپ، —
بېشىمىزغا كەلگىنى شۇ بولسا ئۇنىڭغا ئامال يوق. سىلەر ھېچ-
بولمىسا ئاتا - ئاناڭلاردىن خاتىرجەم، لېكىن مەنچۇ؟ مېنىڭ
ئاپام ئۇرۇمچىنىڭ قايسى كوچىسىدا تەمتىرەپ يۈرىدۇ. شۇ تاپتا
مېنىڭ دەردىمنى بىلمەيسىلەر. بىز ئامال بار ئۇلاردىن قۇتۇلۇپ
چىقىشنى ئويلايلى. بۇلار بىزنى ھەرگىز ياخشى ئىشقا سالمايدۇ.
بىز بۈگۈندىن باشلاپ ھەرگىز ئايرىلمايلى.

— ساڭا يۈز كېلەلمەيمىز، — دېدى ئاينۇر، — سېنى
باشلاپ چىقمىغان بولساق سەن بولساڭمۇ بۇ بالادىن قۇتۇلۇپ
قالاتتىڭ. ئەلى ئەپەندى بىلەن ئەي دوختۇر سىلەرنى مېھمانخانىغا
ئورۇنلاشتۇرۇش توغرىسىدا پىچىرلىشىۋاتقاندىمۇ ئۇلارنىڭ ئال-
دامچى ئىكەنلىكىنى ئويلاپمۇ باقماپتىمەن.

گۈلشەن گەپ قىلمىدى. ئۇلارنى ئەيىبلىگەن بىلەنمۇ ھېچ
ئىشنى قىلغىلى بولمايتتى. بىرھازادىن كېيىن ماشىنىدىكى
بىر - نەچچەيلەن ئۇلارنىڭ پاراڭلىرىدىن گۇمان قىلىپ قالدىمۇ،
ئۇلارنىڭ ئاغزىغا دوختۇرخانىلاردا ئىشلىتىدىغان پلاستىرنى
چاپلاپ قويدى.

ئۇلار ساق ئۈچ كېچە - كۈندۈز ماڭغاندىن كېيىن، يېرىم
كېچىدە بىر شەھەرگە كىرىپ كەلدى. كۆرۈنۈپ تۇرغان ئېگىز
ئىمارەتلەردىن گۈلشەن بۇنىڭ ناھايىتى چوڭ شەھەر ئىكەنلىكىنى

ھېس قىلدى. ئۇلار چۈشكەن ماشىنا شەھەر كوچىلىرىدا خېلى ئۇزاق ماڭغاندىن كېيىن بىر بىنانىڭ ئارقا تەرىپىدىكى ماشىنا توختىتىش مەيدانىغا كېلىپ توختىدى ـ دە، قىزلارنىڭ ئاغزىدىكى نەرسىنى ئېلىۋېتىپ ماشىنىدىن چۈشۈرۈپ، بىنانىڭ يان ئىشىكىگە كېلىپ كىمگىدۇر تېلېفون بەردى. بىردەمدىن كېيىن بىنادىن ئىككىيلەن چىقىپ ئۇلارنى باشلاپ كارىدوردىن ئۆتۈپ بىر زالغا باشلاپ كىردى. زالغا ناھايىتى چىرايلىق كىيىنگەن بىر ئايال چىقىپ، گۈلشەنلەرنى ئەكەلگەن چوقۇر يۈزلۈك بىلەن ناھايىتى قىزغىن پاراڭلاشقاندىن كېيىن، قىزلارنىڭ باش ـ ئايىغىغا قاراپ ناھايىتى رازى بولغانلىقىنى بىلدۈردى.

— سىلەر قەرزىڭلارنى مۇشۇ يەردە ئىشلەپ تۆگىتىسىلەر. قەرزىڭلار قاچان تۆگىسە شۇ چاغدا سىلەرنى قويۇۋېتىمىز، — دېدى ھېلىقى ئايال، — بۈگۈن ئوبدان ئارام ئالىسىلەر، ئەتە بىزنىڭ باشقۇرغۇچىمىز سىلەرگە قانداق قىلىدىغانلىقىڭلارنى دەپ بېرىدۇ.

ئۇلار قىزلارنى ئۈچىنچى قەۋەتتىكى بىر ئۆيگە ئەكىرىپ قويۇپ چىقىپ كېتىشتى. ئەتىسى سەھەردىلا يەنە بىر ئايال كىرىپ ئۇلارنى يەنە باشقا بىر ئۆيگە ئېلىپ چىقتى. كىيىملىرىنى بولۇڭدىكى قورۇق يەشىككە تاشلىۋېتىپ، تاسما بىلەن ئېتىلىدىغان تار، ئۇزۇن كۆڭلەكلەرنى كىيدۈرۈپ ئۇلارغا گىرىم قىلدى، ئاندىن بۈگۈندىن باشلاپ مۇشۇ يەردە مېھمان كۈتىدىغانلىقىنى، بۇ يەرنىڭ شىنجېن دەپ ئاتىلىدىغانلىقىنى، ئەگەر ئۇلار قاچماقچى بولسا قانداق جازالىنىدىغانلىقىنى بىرھازا سۆزلىگەندىن كېيىن ئۇلارنى باشلاپ بىرىنچى قەۋەتتىكى زالغا چۈشتى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ كەينىگە نازارەت قىلىدىغان ئادەم قويۇلغانلىقىنى كۆرۈپ، بۇ يەردىن سىرتقا چىقىشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ئويلاپ يېتىشتى. شۇ كۈنى ئاخشىمى بۇ جايغا كەلگەن ئەرلەر ئۈچەيلەننىڭ گۈزەللىكىنى كۆرۈپ ئەس ـ ھوشىنى يوقىتىپ قويايلا دېيىشتى. بىردەمدىلا خوجايىننىڭ ئەتراپىغا ئۇلارنى ئاي-

لىق كۆتۈرە ئالىدىغانلاردىن بىر قانچىسى ئالدىن كۆتۈرە ھەققىنى تاشلىدى. بىر ھەپتىدىن بېرى ئۈچ قىزغا بىر دەممۇ ئاۋۇنچىلىق بولمىدى، ئۇلار كېچىسى مېھمان كۈتسە، كۈندۈزى تانسىخانىنى تازىلايتتى. بۇ بىر ھەپتە جەريانىدا ئۇلار بۇ يەرنى خېلى ئوبدان بىلىۋالدى. تۆت قەۋەتلىك بۇ بىنانىڭ بىرىنچى قەۋىتى تانسىخانا، ئىككىنچى قەۋىتى مېھمانخانا بولۇپ، يەر ئاستى قەۋىتى نامدا چېنىقىش زالى، ئەمەلىيەتتە قىمارخانا ئىدى. تانسىخانىدا مەخسۇس ئادەم قويۇلغان بولۇپ، ئۇلار ساقچى دائىرىلىرى تەكشۈرۈپ كەلسە چىراغ ئارقىلىق باشقىلارغا بەلگە بېرەتتى، چىراغنىڭ نۇرى سېرىقتا ئۆزگەرگەن ھامان قىزلار مېھمانلىرىنى يوشۇرۇپ زالغا چىقىپ تورۇۋالاتتى. گۈلشەنلەر بۇ يەرنىڭ ئەڭ داڭلىق ھەمراھ بولغۇچىلىرى ئىدى. دەسلەپ گۈلشەن قارشىلىق قىلغانلىقتىن خوجايىن ئۇنى ئۈچ كۈن ئاچ قويۇپ جازالىدى. بىر قانچە قېتىم خېرىدارنى رەنجىتىپ قويۇپ تاياق يېدى، يەنە بىر قېتىم ساقچىلار تەكشۈرۈپ كەلگەندە بىخەستەلىك قىلغىنى ئۈچۈن تېخىمۇ قاتتىق تاياق يېدى. ئۇلار بارغانچە ھەممە نەرسىدىن قورقىدىغان بولۇپ قېلىشتى. ئىككى ئاي ئىچىدە گۈلشەن بۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ ئىنتايىن رەھىمسىز ئىكەنلىكىنى، بۇ يەردىن قېچىپ كېتىش ئۆلۈمگە تەۋەككۈل قىلغانلىق بىلەن ئوخشاشلىقىنى تونۇپ يەتتى. ئۆزىنىڭ تەقدىرىنىڭ تەتۈرلۈكىدىن زارلىنىپ تالاي كېچىلەرنى يىغا بىلەن ئۆتكۈزدى. بەزىدە ئۆلۈۋېلىشنىمۇ ئويلىدى. ئەمما، ئاپىسىنى ئويلاپ بۇ خىيالىدىن ۋاز كەچتى. ئۇ دائىم ئاپىسىنى كوچىلاردا ئادەملەر ئارىسىدا غىل - پال كۆرۈپ يېنىغا بارالماي چۈشەيتتى. بۇنداق كۈنلەردە ئۇ بىر قانچە كۈنلەرگىچە بىئارام بولاتتى. ئۆزى كۈتۈۋاتقان خېرىدارنىڭ كىملىكىنى ئويلىمايتتى. پەقەت ئۈستىدىكى ئېغىر يۈكنىڭ، ھەر خىل پۇراقتىكى تەنلەر چۈشۈپ كەتكەندىن كېيىن بىر ھازاغىچە يىغلايتتى.

* * *

ئەتراپى ھەر خىل گۈللەر بىلەن پۈركەنگەن، باغ ياكى يول ئېكەنلىكىنى بىلگىلى بولمايدىغان جايدا گۈلشادىخان گۈلشەننى يېتىلىگىنىچە كېتىپ باراتتى. ئۇ گۈلشەننىڭ ياش يۇقى كۆزىنى كۆرۈپ قالدى ـ دە، ئېيتماقچى بولۇپ قولىنى سوزدى. دەل شۇ چاغدا ئۇلارنىڭ ئايىغى ئاستىدىكى يەر يېرىلىپ گۈلشەن چۈشۈپ كەتتى. «گۈلشەن!» دەپ توۋلىغىنىچە گۈلشادىخانمۇ سەكرىدى. گۈلشادىخاننىڭ قولى گۈلشەننىڭ قولىنى تۇتۇۋالاي دېگەندە، گۈلشەننى كۆرەلمەي قالدى. ئۇنىڭ «ئانا!» دېگەن ئاۋازى قاپقارا ھاڭدا ئەكس سادا ياڭراتتى. گۈلشادىخاننىڭ بوغۇزىغا قاتتىق بىر نەرسە كەپلەشتى. ئۇ بار ئاۋازى بىلەن گۈلشەننىڭ ئىسمىنى چاقىردى، لېكىن ئۆزىمۇ بارغانچە قاراڭغۇلۇق ئىچىگە چۆكۈپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ: «تېگىگە يەتسەملا قىزىمنى تېپىۋالىمەن» دەپ ئويلايتتى، لېكىن تېگىگە يېتەلمەيتتى.

گۈلشادىخان قارا تەرگە چۆمۈپ ئويغاندى. گۈپۈلدەپ سېلىۋاتقان يۈرىكى ئۈستىگە قولىنى قويۇپ ئۇلۇغ تىندى. تىپتىنچ ياتاقنىڭ تۆت ئەتراپىغا كۆز يۈگۈرتكەندىن كېيىن تامدىكى سائەتكە قاراپ چۆچۈپ كەتتى. كېچە سائەت بىردىن ئاشقان بولۇپ گۈلشادىخاننىڭ كۆڭلىگە ئەنسىزلىك كىرىۋالدى.

«مۇشۇ چاغقىچە خەقنىڭ شەھىرىدە نېمە قىلىپ يۈرىدىغاندۇ بۇ باللار؟ ئوغرى ـ يالغانغا قالمىسا بولاتتىغۇ؟» دەپ ئويلىغان گۈلشادىخاننىڭ ياتقۇسى كەلمەي تۇرۇپ كەتتى. چايداندىن بىر ئىستاكان چاي قۇيۇپ ئىچىپ باقتى، لېكىن ھېلى كۆرگەن چۈشى كۆز ئالدىغا كېلىۋېلىپ قانداقتۇر بىر يامان ئىش يۈز بېرىدىغاندەك بىر مۇدھىش خىيال ئەگىپ يۈرەتتى: «خۇدا ئۆز پاناھىڭدا ساقلا!» دەپ زىكرى قىلاتتى ئۇ. ئەمما، ئۇلار تاڭ ئاتقۇچە كەلمىدى. گۈلشادىخاننىڭ ئويلىمىغان خىياللىرى قالمى-

دى. ئەتىگەنلىك ناشتا ۋاقتى بولسىمۇ ئۇلارنىڭ قارىسى تىتروْدى. مىگەچكە گۇلشادىخان بىر قانچە قېتىم كۆز يېشى قىلدى. خوْردى قىزى «ئاپا، سىنى ئەنسىرىتىپ قويدوْم ـ ھە؟» دەپ كىرىپ كېلىدىغاندەك ئىشىككە قاراپ ئولتوْردى. سىرتقا چىقىپ ئىزدەپ باقماقچىمۇ بولدى، لېكىن نىيىتىدىن ياندى. چوْنكى، ئوْ سىرتقا چىقسىلا بوْ يەردە قارىغوْ ئىدى. گوْلشادىخانىنىڭ ئىچى تىتىلدىدى. ھېلى دېرىزىدىن پەسكە قارىسا، ھېلى ئىشىككە تەلموْروْپ قارىدى. ئەمما، ياتاق يەنىلا شوْنداق تىپتىنچ ئىدى. توْيوْقسىز ئىشىك «تىرىق» قىلىنىۋېدى، گوْلشادىخان ئورنىدىن دەس توْروْپ كەتتى. ئىشىك ئالدىغا بېرىپ بولغوْچە كىرىپ كەلگەن كوْتكوْچى قىزنى كۆروْپ يەنە «لاسىدە» بولوْپ قالدى. گوْلشادىخان سائەتكىلا قارايتتى. سائەت ئىستىرېلكىسى شوْنداق ئاستا ئايلىناتتىكى، گوْلشادىخانىنىڭ ئوْنىڭ تىللىرىنى قولى بىلەن چۆروْپ قويغوْسى كېلىپ كەتتى. كوْتكوْچى قىز ياتاقنى پاكىز تازىلاپ بولغاندىن كېيىن چىقىپ كەتتى. بىردەمدىن كېيىن ئىشىك يەنە بىر قېتىم تاراقلاپ ئېچىلدى. ئوْ ئوْمىد بىلەن ئىشىككە قارىدى. ئەمما، بوْ قېتىم كەلگىنى كوْتكوْچى قىز بىلەن سىمىز كەلگەن بىر ئايال ئىدى. ئوْلار گوْلشادىخانغا گەپ قىلىۋېدى، ئوْ بىلەلمىدى. ئوْلار بىر ـ بىرىگە قارىشىپ موْرىلىرىنى قىسىپ قويغاندىن كېيىن سىمىزرەك كەلگىنى ئەقىل تاپتى بولغاي، گوْلشادىخانىنىڭ سومكىلىرىنى، ئاندىن ئوْنىڭ ئۆزىنى كۆرسىتىپ ئىشىكنى شەرەت قىلدى، ئاندىن سائەتنى كۆرسىتىپ ئالىقىنىغا ئون ئىككىنى، بىر يوْز ئەللىكنى يازدى. شوْ چاغدىلا گوْلشادىخان ئوْلارنىڭ سۆزىدىن بىر نەرسىنى ھېس قىلدى. «سائەت ئون ئىككىدىن قالسا يەنە بىر يوْز ئەللىك كوي ئالىدىغان ئوخشايدوْ» دەپ چوْشەنگەن گوْلشادىخان ئىما ـ ئىشارەتلەر بىلەن ئۆزىنىڭ بوْ يەردە يەنە بىر ئاخشام ياتىدىغانلىقىنى تەستە ئوْقتوْردى، ئاندىن بىر يوْز ئەللىك كويغا ئىچى ئاغرىپ توْروْپ ئوْلارنىڭ قولىغا

توتقۇزدى.

«نېمىدېگەن قىممەت ئۆي بۇ! بۇ خەق مېنى گەپ ئۇقمايدۇ دەپ گوللىۋالمىغاندۇ - ھە؟ مەيلى، نېمىلا بولمىسۇن، ئاۋۋال گۈلشەن قايتىپ كەلسۇن، ئاندىن بۇلار ئارتۇق ئېلىۋالغان پۇلنى قايتۇرۇۋالارمىز. بۇ باللارغا نېمە ئىش بولغاندۇ، كۈن چۈشمۇ بولدى، تېخى قايتىپ كەلمىسە، خۇدايىمغۇ ساقلا، بولمىسا ئىدىشىك ئالدىغا چىقىپ قاراپ باقايمىكىن، بىرەر ئادەمدىن سوراپ باقسام قانداق بولار؟ بۇگۈنچە ياتاقتىن چىقماي ساقلاي، مەن سىرتقا چىقىپ كەتكەندە كېلىپ قالسا، مېنى ئىزدەپ ئاۋارە بولۇشمىسۇن يەنە...»

شۇ خىيال بىلەن گۈلشادىخان قورساقلىرى ئېچىپ كەتسىمۇ سىرتقا چىقمىدى. ئەمما، كەچ كىرىپ قاراڭغۇ چۈشتى، ئۇلاردىن يەنە ئەسەر يوق. گۈلشادىخان قىزىغا بىرەر ئىش بولغانلىقىنى ھېس قىلىپ كۆز يېشى قىلدى. ئىككىنچى كۈنى ئۇ كارىدوردا قىرىق ياشلاردىكى بىر كىشىنى كۆرۈپ قالدى، ئۇ كىشىنىڭ ياتىقى دەل گۈلشادىخان ياتقان ياتاقنىڭ ئۇدۇلىدا ئىدى.

تۇرۇپلا گۈلشادىخاندا ئۇ كىشىدىن ياردەم سوراش خىيالى پەيدا بولۇپ قالدى. ئۇ كىشى ياتاققا كىرىپ كېتىپ، ئون بەش مىنۇتلاردىن كېيىن ئىشىكنى چەكتى، ئىجازەتتىن كېيىن ئاستا ياتاققا كىردى، سالام - سەھەتتىن كېيىن ئۆزىنىڭ كىرىش مۇددىئاسىنى ئېيتتى.

— كۆزۈمگە ئىسسىق كۆرۈندىڭىز، ئۇكام، — دېدى ئۇ ياشلىرىنى تەستە تۇتۇپ، — مەن بۇ يەرنىڭ ئەلمى - تەلمىنى بىلمىگەندىن كېيىن نېمە قىلىشىمنى بىلمەي قالدىم. شۇ تاپتا سىرتقا ئەپچىقىپ قويسا ياتىقىمنىمۇ تاپالمايمەن، قىزىمنى كىمدىن، نەدىن سوراشنى تېخىمۇ بىلمەيمەن، ماڭا بىر ياردەم قىلىپ قىزىمنى تاپقۇدەك بىرەر ئامال قىلىپ بەرسىڭىز سىزنى رازى قىلغان بولاتتىم.

— كۆڭۈللىرىنى بۇزمىسىلا، ئاچا، — دېدى مىلىقىيەر ئۇنىڭغا، — مەنمۇ ئۈرۈمچىگە سودا ئىشى بىلەن كەلگەن، قەش-قەر بىلەن بۇ يەرنىڭ ئارىلىقى يېقىن بولمىغاندىكىن يىلدا بىرەر قېتىم ئاران كېلىپ تۇرىمىز بۇ يەرگە. سىلىگە ياردەم قىلغۇمغۇ بار ئىدى، ئەمما مەنمۇ بۇ يەرنى تۈزۈك بىلمەيمەن. مۇنداق قىلايلى: سىلى بۇ يەردە ياتسىلا ياتاقلىرى بەك قىممەت، قىيىنى-لىپ قالىدىلا، بارماقچى بولغان مېھمانخانىنىڭ ئادرېسىنى بۇ يەرگە قالدۇرۇپ قويۇپ ئەرزانراق ياتاققا ئالماشسىلا قىزلىرى كېلىپ قالسا تاپالايدۇ، بولمىسا ئۇيغۇرلار كۆپرەك جايلاشقان بىر يەردە خېلى ياخشى بىر مېھمانخانا بار، مەن سىلىنى شۇ يەرگە ئاپىرىپ قوياي. ئاندىن قىزلىرىنى خاتىرجەم ئىزدىسىلە، سۈرەت-تەك بىر نەرسىلەر بولسا باشقىلارغا كۆرسىتىپ سورىسىلىمۇ ئۇچۇرى بولۇپ قالار.

گۈلشادىخان ئۇ كىشىنىڭ ياتقىدىن ئۈمىدسىز ھالدا قايتىپ چىقتى. ياتاققا كىرىپ خېلى ئويلاندى. ئاخىرى قەشقەرلىك سو-دىگەرنىڭ دېگىنىدەك ئەرزانراق ياتاققا ئالمىشىپ ئاندىن قىزىنى ئىزدەشنى لايىق تاپتى-دە، نەرسە-كېرەكلىرىنى يىغىشتۇرۇپ ئۇنىڭ ئىشىكىنى قايتا چەكتى.

گۈلشادىخان ھېلىقى سودىگەرنىڭ ياردىمىدە ئەتراپى پۈتۈن-لەي ئۇيغۇرلار ئاچقان دۇكان، ئاشخانىلار جايلاشقان بىر مېھمان-خانىغا جايلاشتى. ئەتراپتىكى ئۇيغۇرلار ھەم ئۇيغۇر مېھمانخانا كۈتكۈچىلىرىنى كۆرۈپ ئۇنىڭ كۆڭلى خېلى جايىغا چۈشتى. گۈلشادىخان قىزىنىڭ نەرسە-كېرەكلىرى ئارىسىدىن بىر كى-نىشكىدەك نەرسىگە چاپلانغان بىر سۈكلۈق رەسىمنى تېپىۋېلىپ خۇددى گۈلشەننى تېپىۋالغاندەكلا خۇشال بولۇپ كەتتى. ئۇ بې-شىنىڭ چىڭقىلىپ ئاغرىشىغا قارىماي سىرتقا چىقىپ ئالدىدىكى ئاشپۇزۇل خوجايىنلىرىغا رەسىمنى كۆرسىتىپ سۈرۈشتۈرۈپ كۆردى. بىرقانچە كۈن ئىچىدە ئۇ كۈتكۈچى قىزلار بىلەن تونۇ-

شۇپ قالدى. ئۇلارغا قىزىنىڭ بىر ھەپتىدىن بۇيان قايتىپ كەل-
مىگەنلىكىنى، يۇرتىدىن چىققىش سەۋەبلىرىنى يىغلاپ تۇرۇپ
سۆزلەپ بەردى. قىزلارنىڭ ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىپ تونۇشلىرىدىن
سۇرۇشتە قىلىپ بېقىشقا ۋەدىلەرنى قىلىشتى. تېخى بىرقانچىسى
ئارام ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ ئۇنى ئادەملەر توپلاشقان جايلارغا ئاپى-
رىپ گۇلشەنلەرنىڭ ئىز - دېرىكىنى قىلىشىپ بەردى. ئەمما،
ھېچكىم گۇلشەننى كۆرگەنلىكىنى ئەسلىيەلمىدى.

بۇگۇن گۇلشادىخان ئورنىدىن تۇرالمىدى. بېشى ئادەتتىكى
كۇنلەرگە ئوخشىمايدىغان دەرىجىدە قاتتىق ئاغرىپ كۆزىنىمۇ ئا-
چالماي قالغانىدى. چۇشكىچە كارىۋاتقا چاپلىشىپ ياتقان گۇلشادى-
خان كۇتكۇچى قىزدىن ئەكىرگۇزگەن سۇيۇقئاشنى ئىچىپ خېلى
ئۆز ئەسلىگە كەلگەندەك بولدى. چۇشتىن كېيىن زورمۇزور
ئورنىدىن تۇرۇپ سىرتقا چىقتى. ئۇ بۇگۇن بېرىپ باقمىغان
جايلارغا بېرىشنى خىيال قىلدى. «تەۋەككۇل دەپ كوچىمۇكوچا
مېڭىپ باقاي! ياتاقنى تاپالمىسام يېنىمدا پۇل بولغاندىكىن ياتقۇ-
دەك جاي تېپىپ ياتارمەن، كۇندە سورىغان كىشىلەردىن سوراۋەر-
سەم بولمىغۇدەك.»

گۇلشادىخان ھەر كۇنى ئۆزى كېلىدىغان بازاردىن ئۆتۇپ
ئۇدۇل كەلگەن كوچىغا قاراپ يول ئالدى. ھېرىپ قالغان جايلاردا
يول بويىدا ئولتۇرۇپ ئارام ئالدى. ئالدىغا ئۇچرىغان كىشىلەر-
دىن رەسىمنى كۆرسىتىپ سۇرۇشتۇردى. ئۇ يول بويىدىكى ئا-
دەملەر توپلاشقان جايلارغا ئۇمىد بىلەن قارايتتى. چېچى ياكى
ئالدىقانداق بىر جايلىرى گۇلشەنگە ئوخشاپ كېتىدىغان قىزلارنىڭ
ئارقىسىدىن خېلى ئۇزاققىچە ماڭاتتى، چىرايى سۇرلۇكرەك كەل-
گەن كىشىلەرنى كۆرگەندە ئىختىيارسىز «ئوغرى بولۇپ قالمى-
سۇن» دەپ قىزى قالدۇرۇپ كەتكەن بىر تۇتام پۇل سېلىنغان
ئىچ كىيىمىنىڭ يانچۇقىنى سىلاپ قويااتتى. شۇ تاپتا گۇلشادىخان
ھەم قورقاتتى، ھەم ھېچنېمىدىن قورقمايتتى. بېشىنىڭ قاتتىق

ئاغرىۋاتقىنىغىمۇ پەرۋا قىلمايتتى. ئۇ شۇ تەرەپكە مېڭىۋېرىپ ئۆزىنىڭ نەگە كېلىپ قالغانلىقىنىمۇ بىلمەي قالدى. قايتىپ كېتىشنى ئويلاپ كەينىگە ياندى، لېكىن ئۆزىنىڭ قايسى تەرەپ‌تىن كەلگەنلىكىنىمۇ ئەسلىيەلمىدى.

ھېرىپ ھالىدىن كەتكەن گۈلشادىخان يول بويىدىكى ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردى. ئۇ ئەمدى قىزىدىن ئۈمىد ئۈزگەنىدى. يولدىن ئۆتۈۋاتقان كىشىلەرگە ئىپادىسىز قارايتتى.

«ئۇلۇغ خۇدايىم، ئالدىڭدا ئۆتكۈزگەن قايسى گۇناھىم ئۈچۈن مېنى بۇنچە ئازابلارغا سالىدىغانسەن؟ قىزىمنى كۆز ئالدىمدىن ئېلىپ كەتكۈچە قىزىمنىڭ قۇچىقىدا جېنىمنى ئالساڭ بولمامدۇ؟ شۇ تاپتا يۈرىكىم دەردتىن يېرىلىپ كېتەيلا دېدى. مەندەك بىچارە ئايالنىڭ كۆز ياشلىرىغا ئىچىڭ ئاغرىسۇن، مەندەك باغرى لەختە ـ لەختە قانغا تولغان بەندەڭنىڭ نالە ـ زارىغا قۇلاق سالغىن، قىزىمنى قايتۇرۇپ بەرگىن! ئاشۇ يالغۇز قىزىمنى كىشىلەر ئالدىدا خار قىلما! مەن سېنىڭ شاپائىتىڭ ئۈچۈن بىر ئۆمۈر دۇئا ـ تىلاۋەت قىلاي، ئۆتكۈزگەن بارلىق گۇناھىمنىڭ جازاسىنى مەندىن ئالغىن، قىزىمنى شېرىك قىلما!»

گۈلشادىخان يىغلاپ ئولتۇرۇپ خۇداغا نالە قىلاتتى. قىزىنى كۆز ئالدىدا ھازىرلا پەيدا بولۇپ قالىدىغاندەك ئەتراپقا ئالاق ـ جالاق قارايتتى. شۇ كېچىسى ئۇ يول بويىدىكى بىر تۈپ سۆگەتكە يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ تاڭنى ئاتقۇزدى، گاللىرى قۇرۇپ ئاغزى ئاچچىق سۈيۈقلۇققا تولاتتى. ئۇ تاڭ سەھەردە يول بويىدىكى تۈرۈبا سۈيىدە يۈزىنى يۇيدى، مۇزدەك سوغۇق سۇدىن ئىچتى، جانسىز قەدەملىرىنى تەستە يۆتكەپ ماشىنا توختاش بېكىتىگە كېلىپ، كوچا ئاپتوبۇسى ساقلاپ تۇرغان بىر قانچەيلەنگە رەسىمنى كۆرسەتتى، ئۇلار باشلىرىنى چايقاشتى. گۈلشادىخان كەينىگە يېنىپ ئەللىك مېتىر ماڭغان ـ ماڭمايلا بېشى قېيىۋاتقاندەك بولۇپ، دەرھال ئولتۇرۇۋالدى، لېكىن قايتا ئورنىدىن تۇرالمىدى.

ھەرقانچە تىرىشىپ باقسىمۇ بېشى قېيىپ بولمىدى. ئۇ بېشىنى تىزىغا قويۇپ ئولتۇردى. ئۇنىڭ بېشى ھازىرلا پارتلاپ كېتىدىغاندەك چىڭقىلاتتى. كۆز ئالدى تۇرۇپ قارايسا، تۇرۇپ قىزىللىقا تولاتتى. بارا - بارا ئۇ ئاغرىق ئازابىغا چىدىيالماي ئىڭىراپ كەتتى... گۈلشادىخان ئۆزىنىڭ قانچە ئۇزاق ئولتۇرغىنىنىمۇ بىلەلمىدى. بېشىنىڭ ئاغرىقى سەل پەسەيگەندەك ھېس قىلىپ بېشىنى كۆتۈردى، ئەمما كۆز ئالدىدىكى غۇۋالىقتىن چۈ-چۈپ كۆزلىرىنى ئۇۋۇلۇۋېتىپ يەنە قارىدى. ئالدىدىن كىملەردۇر ئۆتكەندەك قىلاتتى. ماشىنىلارنىڭ ئاۋازى ئېنىق ئاڭلىناتتى، ئەمما ئۇ كۆرەلمەيتتى. گۈلشادىخان ئۆزىگە كەلگەن بۇ كەلگۈلۈكتىن ئېچىنىپ ئۇزاق يىغلىدى، ئاندىن ئورنىدىن مىڭ تەستە تۇرۇپ سىلاشتۇرۇپ يۇرۇپ پىيادىلەر يولىغا چۈشتى.

«ئەمدى بۇ ماڭا نېمە كۈن؟ قىزىمدىن ئايرىلىپ بۇ دەردكە چىدىيالمايۋاتسام، كۆزۈمدىن ئايرىلىپ قانداق ياشايمەن؟ ئۇلۇغ خۇدا، مېنى بۇ كۈنگە قويغۇچە جېنىمنى ئالساڭچۇ!»

گۈلشادىخانىڭ كۆز ياشلىرى توختىماي قۇيۇلاتتى. بەزىدە مۇدۇرۇپ يىقىلاتتى، بەزىدە كىمدۇر بىرى ئۇنى يولدىن ئۆتكۈزۈپ قوياتتى. «مۇسۇلمان بولساڭلار ماڭا ياردەم قىلىپ قولۇمغا بىرەر تاياق تۇتقۇزۇپ قويۇڭلار!» دەيتتى. تۇيۇقسىز ئۇ بىر ئەر - ئايالنىڭ ئۆز ئارا پارىڭىنى ئاڭلاپ ئۇنلۇك ئاۋازدا توۋلىدى:

— باللىرىم، خاپا بولماي مېنى ئۇيغۇرلار بار بازارغا ئاپىرىپ قويساڭلار بوپتىكەن، ئىش ھەققىڭلارنى بېرەي!

ئايالنىڭ «بىزگە گەپ قىلىۋېتىپتۇ» دېگىنى، ئاندىن ئۆزىگە يېقىنلاپ كېلىۋاتقان قەدەم تاۋۇشىنى سەزگەن گۈلشادىخان ئۆز سېزىمىگە ئاساسەن توختىدى.

— ئاچا، نېمە بولدىلا، نەگە بارماقچىدىلە؟

ئايالنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ گۈلشادىخان كۆزىگە ياش ئالدى.

— ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن ئۇ جاينىڭ ئىسمىنى؟ ھەممە دۇكان-

ـلار ئۇيغۇرلارنىڭ. قايسى كۈنى بىرەيلەن ماڭا بىر يېمەكلىك كۆۋرۈك
دېگەندەك قىلغان، شۇ جايدا بىر مېھمانخانىدا ياتقان ئىشىم بار. خاپا
بولماي مېنى شۇ يەرگە بارىدىغان ماشىنىغا سېلىپ قويسىڭلار.
— بولىدۇ، بىز سىلىنى تاكسىغا سېلىپ قويايلى. نەگە
دېسىلە شۇ يەرگە ئاپىرىپ قويىدۇ. ھەرقاچان، سىلى ئوتتۇرا
چوڭ كۆۋرۈككە بارىدىغان ئوخشايلا.
ئايال سۆزىنى تۈگىتىپ بىردەمدىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئالدىدا
بىر تاكسىنىڭ توختىغىنىنى ئاڭلىغان گۇلشادىخانىنىڭ كۆڭلى
خېلى ئارامىغا چۈشتى. ھېلىقى ئايال ئۇنى ماشىنىغا سېلىپ
قويغاندىن كېيىن شوپۇرغا خەنزۇچە بىرنەرسىلەرنى دېدى، ئاندىن
ئۇنىڭغا شوپۇرغا تاپىلاپ قويغانلىقىنى ئېيتىپ كېتىپ قالدى.
گۇلشادىخان ئولتۇرغان تاكسى خېلى ئۇزاق ماڭغاندىن كېيىن
توختاپ گۇلشادىخاننى چۈشۈرۈپ قويدى. گۇلشادىخان يانچۇقىدىن
ئەللىك يۈەن دەپ پەرەز قىلىپ ئالغان پۇلدىن شوپۇر
ئۇنىڭغا ئىككى ۋاراق قايتۇرۇپ ماشىنىسىنى قوزغاتتى. گۇلشادىخان
ئەتراپتىن «كېلىڭلار! كاۋاپ بار، مانتا بار، لەغمەن،
سومەن، راڭپىزا!» دەپ ئاڭلىنىۋاتقان ئاۋازلاردىن ئۆزى ياتقان
مېھمانخانىغا يېقىن جايدا ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، ئاۋاز چىققان
تەرەپنى نىشان قىلىپ قەدەم ئالدى. بۇرنىغا كاۋاپدانلاردىن
چىققان ئىس يېقىنلاشقاندا، يۇقىرى ئاۋازدا ئالدىدىكى نامەلۇم
كىشىدىن ياردەم سورىدى.
— ئۇكام، مۇشۇ ئەتراپتا مېھمانخانا بارمۇ؟
— بار، ئالدىڭىزغا ئىككى يۈز مېتىر ماڭسىلا بارىدىلا،
ياتاقلىرى ئەڭ ئەرزان مېھمانخانا شۇ يەردە.
گەپ قىلغۇچى گېپىنى تۈگىتىپلا يەنە خېرىدار چاقىرىشقا
باشلىدى. گۇلشادىخان بۇ يەردىن مېھمانخانىنى تېپىپ بارالىشىغا
كۆزى يەتمەي ھېلىقى كىشىدىن يەنە ياردەم سورىدى:
— جېنىم ئۇكام، كۆزۈم كۆرمەيدۇ. خاپا بولماي مېنى شۇ

مېھمانخانىغا ئاپىرىپ قويغان بولسىڭىز، ئىش ھەققىڭىزنى بەر-
سەم، شۇ يەردە تونۇشلىرىم بار ئىدى، تاپالمايۋاتىمەن.

ھېلىقى كىشى ئۇنىڭ كۆزى كۆرىدىغان ـ كۆرمەيدىغان-
لىقىنى بىلمەكچى بولغاندەك بىرھازا جىم بولۇۋالغاندىن كېيىن
كىمدۇر بىرىنى چاقىردى:

— ئابدۇل قارى، ماۋۇ ئاچىمىزنى ئالدىدىكى مېھمانخانىغا
ئاپىرىپ قويىڭە، كۆزى كۆرمەيدىغان ئايالكەن.

بىردەمدىن كېيىن بىرەيلەن ئۇنىڭ يېڭىدىن تۇتۇپ يېتىلەپ
ماڭدى.

— بۇ يەردىكى تونۇشلىرى كىمتى؟ مەن سىلىنى باشلاپ
ئەپچىقىپ قوياي، — دېدى گۈلشادىخاننى ئەكەلگۈچى توختاپ.
گۈلشادىخان ئۆزى تونۇيدىغان مۇلازىم قىزلارنىڭ ئىسمىنى دەپ
بەرگەندىن كېيىن، ئۇ كىشى كىرىپ كېتىپ نۇرنىسا ئىسىملىك
قىزنى باشلاپ چىقتى.

— ۋاي، خۇدايىم! گۈلشادىخان ئاچا، نېمە بولدىلا، ئىككى
كۈندىن بېرى نەلەردە يۈردىلە؟

تونۇش ئاۋازنى ئاڭلاپ گۈلشادىخان ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي يىغ-
لاپ كەتتى. ھېلىقى كىشىگە رەھمەت ئېيتىپ پۇل تەڭلىۋېدى،
ئۇ كىشى ئالغىلى ئۇنىماي خوشلاشتى. گۈلشادىخان نۇرنىسا
ئىسىملىك قىزنىڭ باشلىشىدا ياتاققا كىرىپ ئىككى كۈندىن بۇيان
يۈز بەرگەن ئىشلارنى ئۇنىڭغا دەپ بەردى.

— بولمىسا، مەن سىلىنى يېقىنراق جايدىكى دوختۇرخانىغا
باشلاپ باراي، كۆزلىرى تۇرۇپلا كۆرمەس بولۇپ قالسا قىزلىرى-
نى قانداق تاپىدىلا؟ مەن چۈشتىن كېيىن ئارام ئالىمەن، سىلى-
نى دوختۇرخانىغا ئاپىراي.

— رەھمەت، قىزىم! ھېلىمۇ سىز بىلەن تونۇشۇپ قاپتى-
مەنكەن، بولمىسا قانداق قىلاتتىمكىنتاڭ؟

— ئۇنداق دېمىسىلە، بىزمۇ بۇ يەرگە قىيىنچىلىق تۈپەي-

لىدىن كېلىپ قالغان. بىزنىڭمۇ ھېچنېمىمىز يوق، ئېنىڭ مومامنىڭمۇ كۆزى كۆرمەيتتى، سىلىنى بۇ ھالدا كۆرۈپ موماممنى ئەسلەپ قالدىم.

شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن نۇرنىسا ئۇنى باشلاپ دوختۇرخانىغا باردى. دوختۇرلار تەكشۈرۈپ كۆرگەندىن كېيىن نۇرنىساغا كېسەلنىڭ ئىنتايىن ئېغىرلىقىنى، مېڭىدىكى ئۆسمە سەۋەبىدىن كۆزى كۆرمەس بولۇپ قالغانلىقىنى، داۋالاش ئۈچۈن نۇرغۇن پۇل كېتىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بىرنەچچە خىل دورا بەردى.

نۇرنىسا ئەسلى كۈچالىق قىز بولۇپ، ئاتا ـ ئانىسى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن تۇرمۇشى ئىنتايىن قىيىنچىلىقتا قالغان. بىرنەچچە يىل ئىلگىرى بىر يۇرتدىشىنىڭ يول كۆرسىتىشى بىلەن ئۈرۈمچىگە كېلىپ مېھمانخانا مۇلازىمەتچىسى بولغان ئىدى. كۆڭلى يۇمشاق بۇ قىز گۈلشادىخاننىڭ قىزىنىڭ يوقاپ كەتكەنلىكىنى ئۇققاندىن كېيىن، بۇ ئايال بىلەن پاراڭلىشىپ ئۇنىڭ تۇرمۇشىدىن خەۋەر تاپقان، ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلغان ئىدى. شۇڭا ئۇنىڭ بىر كېچىدىلا كۆزى كۆرمەيدىغان ھالەتكە كېلىپ قېلىشى ئۇنى تېخىمۇ ئازابلاپ، ئۇنىڭغا ياردەم قىلىش نىيىتىگە كەلگەن ئىدى. ئەمما، ئۇنىڭ كېسىلىنىڭ بۇنچە ئېغىرلىقىنى ئۇققاندىن كېيىن ئۇنىڭغا ياردەم قىلالمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ يەتتى.

— گۈلشادىخان ئاچا، — دېدى ئۇ ئۇزاق ئويلانغاندىن كېيىن، — بىر گەپ قىلسام كۆڭۈللىرىگە كەلمىسۇن، نەچچە ۋاقىتتىن بېرى قىزلىرىنى ئىزدىدىلە، ئەگەر قىزلىرى بولسىلا سىلىنى ئىزدەپ تاپىدۇ، بەلكىم ئەسكى ئادەملەرگە ئۇچراپ قالغان بولۇشى مۇمكىن. مېنىڭچە، سىلى ئاۋۋال ئۆيلىرىگە قايتىپ تۇرسىلا، بۇنداق ئەھۋالدا قىزلىرىنى ئىزدەپ تېپىشلىرىمۇ قىيىن. مەن سىلىنى يۇرتلىرىغا يولغا سېلىپ قوياي. يانلىرىدا قىزلىرى بەرگەن خېلى جىق پۇللىرى بولغاندىكىن، قىزلىرى

قايتىپ كەلگۈچە خىراجەت قىلىسىلا بىر نەچچە يىل يەتكۈدەك. بۇ يەردە پۇللىرىنى ئىسراپ قىلىپ ياتقانغا تۇشلۇق بىرەر خەۋەر ئاڭلىسىلىغۇ بىر ئۆزى، ھەممىدىن قۇرۇق قالسىلا قانداق قىلىدىلا؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇرۇمچى دېگەن ھەرقانداق ئادەملەر كېلىدىغان جاي. كىچىك بولسامىمۇ مەسلىھەتىمنى ئويلاپ باقالا.

ئاخشىمى گۈلشادىخان ئۇزاق ئويلاندى. قىزىنى بۇنداق ئىزدەپ تاپالمايدىغىنىنى، نۇرنىسانىڭ سۆزلىرىنىڭ ئورۇنلۇق ئىكەنلىكىنى چۈشۈنۈپ يەتتى.

«قايتىپ كېتەي، نېمە كۆرسەم ئۆز يۇرتۇمدا كۆرەرمەن. گۈلشەن! جېنىم قىزىم، نەلەردە يۈرۈيدىغانسەن. كىملەرنىڭ قارا قولىدا چەيلەنگەنسەن، ئاپاڭنىڭ ھالىنى بىلەمدىغانسەن. نېمىشقا ‹ھالىڭ نېچۈك›؟ دەپ سوراپ قويمايسەن. ئىسىت قىزىم، گۈلدەك قىزىم. بېغىمدىكى ئەتىرگۈلۈم، ئەمدى سېنى كۆرەلمەسمەنمۇ؟! سېنى نېمىشقا بېرىپ كەل دېگەندىمەن، نېمىشقا مۇشۇنداق ئىشلار يۈز بېرىدىغانلىقىنى ئويلىمىغاندىمەن. ھەممىسى مەندىن ئۆتتى، جېنىم قىزىم، قايتىپ كەل، ئاپاڭنىڭ يېرىلىپ كېتەي دېگەن يۈرىكىگە مەلھەم بولغىن!...»

گۈلشادىخان قىزى بىلەن ئاشۇنداق خوشلاشتى. نۇرنىسا ئۇنى بېكەتكە ئەكېلىپ يۇرتىغا بارىدىغان ئۇزۇن يوللۇق ئاپتوبۇسقا چىقىرىپ قويدى. گۈلشادىخان نۇرنىسا بىلەن يىغلاپ خوشلاشتى.

* * *

خوجايىنىنىڭ تويۇقسىز چاقىرتىشىدىن ھەيران قالغان ئۈچ قىز خوجايىن ئايالنىڭ ئىشخانىسىدا قورقۇمسىراپ تۇراتتى. ئۇلار بىر - بىرىگە قارىشاتتىيۇ، گەپ قىلالمايتتى. خوجايىن ئايال ئۇلارنىڭ ئىشخانىسىدا بارلىقىنى ئۇنتۇپ قالغاندەك ھەرىكەتچان

www.uyghurkitap.com

ئورۇندۇقتا كۆزلىرىنى يۇمغىنىچە ئۇلارغا ئارقىسىنى قىلىپ تۇراتتى. خېلى ئۇزاقتىن كېيىن خوجايىن ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇلارغا يۈزلەندى. ھاراق ئىشكاپىدىن بىر بوتۇلكا ھاراق ئېلىپ ئۈچ رومكىغا ئاز - ئازدىن قۇيۇپ قىزلارغا تۇتقۇزدى.

— مۇنداق بىر ئىش بار ئىدى، — دېدى خوجايىن رومكىنى قولىغا ئېلىپ، — تىجارەت دائىرىمىز كېڭەيتىلگەنلىكتىن مەلۇم نىسبەت بويىچە مال ساتقۇچى ياللىماقچى ئىدۇق. باشقۇرغۇچى «سىلەرنى ناھايىتى ياخشى ئىشلەيدۇ» دېگەچكە ئۈچىڭلارنى مال ساتقۇچىلىققا قويماقچى. بىز ناھايىتى قىممەت باھالىق مال سودىسى قىلىمىز، شۇڭا سىلەردەك سەگەك كىشىلەر بولمىسا مال سېتىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە سىلەر كۆپرەك پۇل تېپىپ قەرزىڭلارنى تۆلىسەڭلارلا بۇ يەردىن قايتالايسىلەر، ئەگەر ئۈچ قېتىملىق ۋەزىپىنى ياخشى ئورۇندىيالىساڭلار بارلىق قەرزىڭلار كۆتۈرۈۋېتىلىدۇ، ئاۋادا چاتاق چىقىرىپ قويساڭلار ئۇ چاغدا بارلىق مالنىڭ پۇلىنى سىلەر تۆلەيسىلەر.

قىزلار بىر - بىرىگە قاراشتى. ئۇلارنىڭ تاللاش ھوقۇقى يوق ئىدى، ئۈچەيلەن تەڭلا ۋەزىپىنى ئورۇنداپ قەرزنى قايتۇرۇشنى خىيال قىلىشۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار مال ساتقۇچى بولسا ئاشۇ تېتىقسىز مېھمان كۈتۈشتىن قۇتۇلاتتى. خوجايىن بىر ھەپتە ئارام ئېلىشقا رۇخسەت قىلغانلىقىنى ئېيتىپ ئۇلارغا ئىجازەت بەردى. ئۇلار «بىر ھەپتىدىن كېيىن سودا سارايدا مال ساتقۇچى بولىمىز» دەپ ئويلىغانىدى، ئەمما ئارام ئېلىش مۇددىتى توشماي تۇرۇپلا خوجايىن ئۇلارنى چاقىرتىپ ئېسىل كىيىم-كېچەك، زىبۇزىننەت بۇيۇملىرىنى بەرگەندىن كېيىن، تەييار بولۇشنى ئېيتتى. ئۇلار ياسىنىپ ئۆزلىرىنى تونۇيالماي قېلىشتى. قىممەت باھالىق كىيىم - كېچەكلەر، ماسلاشتۇرۇلغان قول سومكىلىرى ئۇلارنى ھەمراھ بولغۇچىلارغا ئەمەس، بەلكى ئوقۇغۇچىلۇق، سالاپەتلىك قىزلارغا ئوخشىتىپ قويغان ئىدى.

ئۇلارنىڭ قول سومكىلىرىغا ھەر خىل ماركىدىكى قىممەت باھالىق گىرىم بۇيۇملىرى سېلىنغان بولۇپ، ئۇلار بۇ گىرىم بۇيۇملىرىنى خوجايىنى بەرگەن رەسىمدىكى كىشىلەرگە تاپشۇرسىلا بولاتتى. ئۈچ قىز ماشىنا بىلەن ئايرودرومغا كېلىپ خوجايىن ئالدىن تەييارلاپ قويغان بېلەتلەرنى قولىغا ئالدى، ئاندىن گۇلشەن شاڭخەيگە، ئايتىللا گۇاڭجۇغا، ئاينۇر بولسا دېڭىز بويىدىكى ساياھەت نۇقتىسى — خەينەنداۋغا قاراپ ئۇچتى. خوجايىن ئۇلارغا بىردىن ئەر مۇھاپىزەتچى قوشۇپ قويغان بولۇپ، ۋاقتى كەلگەندە ئۇلار مۇھاپىزەتچىلەرنىڭ خانىمى سۈپىتىدە ئۆتكەللەردىن ئۆتەتتى. ئۈچ قىز ئۆزلىرىنىڭ قانداق سودا قىلىۋاتقانلىقىنى بىلمەيتتى. ئۇلار كۆڭلىدە خوجايىنىنىڭ بۇنداق ئادەتتىكى گىرىم بۇيۇملىرىنى يەتكۈزۈپ بېرىشكىمۇ شۇنچە قىلىپ كېتىشىدىن ھەيران ئىدى. ئۇلار بۇ قېتىملىق مال يەتكۈزۈشتە بىرقانچە قېتىملىق تەكشۈرۈشتىن ئوڭۇشلۇق ئۆتۈپ مالنى تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك جايغا تاپشۇرۇپ قايتىپ كەلدى. خوجايىن ئۇلارغا خېلى كۆپ مۇكاپات بەردى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار ھەر خىل شەكىلدە ئوراپ قاچىلانغان قول سومكىسىغىلا پاتىدىغان بۇنداق نەرسىلەرنى نەچچە قېتىم يەتكۈزۈپ خوجايىنىنىڭ ماختىشىغا ئېرىشتى. ئەمما، خوجايىن ئۇلارنىڭ قانچىلىك قەرزى قالغانلىقىنى ئۇلارغا دېمىدى. كېيىن خوجايىن «بىر تۈركۈم مال تۈگىگەندە بىراقلا ھېساب قىلىمىز» دەپ، ئۇلارنى داۋاملىق ئىشلەتتى. ئاينۇر بىلەن ئايتىللا خوجايىن بەرگەن مۇكاپات پۇللىرى تازا كۆپىيىۋاتقاندا چاتاق چىقىرىپ قويدى. ئۇ قېتىم ئۇلار دېڭىز يولىنى تاللىغان ئىدى. يېرىم يولدا ئۇلارنىڭ ماللىرى نامەلۇم كىشىلەر تەرىپىدىن بۇلاپ كېتىلدى. خوجايىن ئۇلارنى قىيىن - قىستاققا ئالدى، ئومۇمىي مال قىممىتىدىن قەرز ھۆججىتى يېزىپ، ئۇلارنىڭ قوللىرىنى باستۇردى. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار ئۆزۈلمەس بىر يىپقا باغلىنىپ قالدى.

بىر يىل ئۆتتى. ئۇلار نۇرغۇن جايلارغا بېرىپ سودا قىلدى. بۇ جەرياندا گۈلشەن ئۆزلىرى قىلىۋاتقان ئىشنىڭ زەھەر سوۋۇسى ئىكەنلىكىنى ئاللىقاچان سېزىپ قالدى. بىرقانچە قېتىم «بۇ ئىشنى قىلمايمەن» دەپ نىيەتمۇ قىلدى، لېكىن ھاياتلىق ئۈچۈن، ئاپىسى ئۈچۈن ياشىشى كېرەك ئىدى. ياشاش ئۈچۈن ئىشلىمىسە ئۇلارنىڭ قولىدا ئۆلىدىغىنى ئۇنىڭغا ئايان ئىدى. شۇڭا ئۇلارنىڭ دېگىنى بويىچە ئىشلىدى. گۈلشەن ئۆزىنىڭ ھامان بۇ يەردىن چىقىپ كېتەلەيدىغىنىغا ئىشىنەتتى. خىيالىدا تولىمۇ يىراقتا قالغان ئاپىسى ئۇنى كۈتەتتى، شۇڭا ئۇ ياشاشقا بەل باغلىغان ئىدى.

تۇيۇقسىز ئۇلارنىڭ بىناسىنى بىرقانچە قېتىم ساقچى كېلىپ تىنتىدى، دائىم ئۇلارنىڭ بىناسىنىڭ ئەتراپىدا ناتونۇش كىشىلەر پەيدا بولۇپ قالىدىغان بولۇپ قالدى. خوجايىن گۈلشەنلەرگە ئورۇنلاشتۇرغان سودا ئىشىنى ۋاقتىنچە كەينىگە سۈردى.

بىر كۈنى، ئۇلار خوجايىندىن رۇخسەت سوراپ سىرتقا چىقتى. قايتىشىدا بىناغا يېقىن جايدا توساتتىن گۈلشەنگە بىرى سوقۇلۇپ كەتتى. گۈلشەننىڭ قولىدىكى مېۋىلەر چېچىلىپ كەتتى. ھېلىقى كىشى قايتا - قايتا كەچۈرۈم سوراپ ئۇلارغا مېۋىلەرنى ئېلىشىپ بەرگەندىن كېيىن ماڭماقچى بولۇپ توختاپ قالدى - دە، ئۇلاردىن «سىلەر خەنزۇ ئەمەسقۇ دەيمەن» دەپ سورىدى. ئايتىللانىڭ «ھەئە» دېگەن جاۋابىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن يەنە بىر قېتىم كەچۈرۈم سوراپ ئۇلاردىن يىراقلىدى. قىزلار بىناغا كىرىپ ئۆز ياتاقلىرىغا كىرىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇلار ھازىرلا ئۆتكەن يولنىڭ سول تەرىپىدىكى گۈللۈكتە قارا كۆزەينەك تاقىغان بىرى يانفونىنى چىقىرىپ خوجايىنغا تېلېفون بەردى.

كەچتە خوجايىن تۇيۇقسىز ئۇلارنى چاقىرىپ بىر كۈنلۈك پائالىيەتنى سۈرۈشتە قىلدى. ئاينۇر بارغان جايلارنىڭ ھەممىسى-

نى ئېيتىپ بەرگەندىن كېيىن، خوجايىن تاماكىسىغا ئوت ياقتى.

— سىلەر بۈگۈن ناتونۇش كىشىلەر بىلەن پاراڭلاشتىڭلارمۇ، يوق؟ — دېدى خوجايىن تاماكىسىدىن چىقىۋاتقان ھالقىسىمان ئىسلارغا قاراپ.

— ھەئە، قايتىشىمىزدا بىرى بىزگە سوقۇلۇپ كەتتى، ئاندىن بىزدىن ئەپۇ سورىدى، — دېدى گۈلشەن ھېلىقى كىشىنى ئېسىگە ئېلىپ.

— كالۋالار! — بىردىنلا غەزەپ بىلەن ئۇلارنى تىللاپ كەتتى خوجايىن، — ئۇ دېگەن ساقچى! شۇنىمۇ بىلىشمىدىڭمۇ، سەنلەر ئۇنىڭ بىلەن نېمە دېيىشتىڭ؟

— بىز ھېچنېمە دېمىدۇق!

قىزلار تەڭلا جاۋاب بېرىشتى.

— بۇلارغا راست گەپ دېگۈزۈڭلار!

بۇيرۇق بىلەن بىرنەچچەيلەن چىقىپ، ئۇلارنىڭ قوللىرىنى قايرىپ، گېلىنى سىقتى. قىزلار تىنالماي تېپىرلاپ قالغاندىلا ئۇلار شۇ سوئالنى قايتا سوراشتى. «قىزلار راست گەپ قىلمىدى» دەپ ئويلىغان خوجايىن بىرلا ئىشارەت بىلەن يەنە بىرقانچەيلەننى چاقىرىپ كىردى، ئۇلارنىڭ قوللىرىدا بىردىن شىپىرىس بار ئىدى. ئۇلار قىزلارنىڭ بىلەكلىرىنى ئېچىپ ئوكۇل يىڭنىسىنى ئۇلارنىڭ تومۇرىغا سانجىدى، ئاندىن ئۇلارنى يەر ئاستى قىمارخانىسىدىكى بىر ئۆيگە سولاپ قويدى. ئۇچ كۈنگىچە خوجايىن ئۇلارنى ئارقا ـ ئارقىدىن سوراق قىلدى. «سەنلەر بىزنى ساقچىغا پاش قىلىشىپسەن!» دەپ ئۇردى، ئاندىن ھېلىقى ئوكۇلنى ئۇردى. ئۇچ كۈندىن كېيىن ئۇلار بەدەنلىرى يىڭنە سانجىغاندەك قاتتىق ئاغرىپ ئاغرىق ئازابىغا بەرداشلىق بېرەلمىدى. ئۇلارنىڭ بەدىنى كۆيگەندەك قىلاتتى، بىردەم تىترەيتتى، ئاغزىدىن، بۇرنىدىن توختىماي سۇ قۇيۇلاتتى. ئۇلار ئاغرىققا چىدىماي چاچلىرىنى يۇلاتتى، تامغا ئۇسەتتى. ئۇلار تاكى خوجايىن كىر-

گۇچە قىينالدى، خوجايىن ئۇلارغا ئوكۇل ئۇرغاندىن كېيىنلا تىنچلاندى. شۇ كۈندىن ئېتىبارەن ئۇلار خوجايىننىڭ سادىق قۇللىرىغا ئايلاندى. ھەر قېتىملىق ئاغرىق ئازابىدىن پەقەت خوجايىنلا ئۇلارنى قۇتقۇزۇپ قالاتتى. بىر قېتىملىق ئوكۇل ئۇچۇن ھەممە ئىشنى قىلىشتىن يانمايتتى. گۇلشەن ھەر قېتىملىق ئاغرىق ئازابىدىن قۇتۇلسىلا ئاغرىققا بەرداشلىق بېرىشنى، خوجايىنغا يالۋۇرماسلىقنى ياكى پۇرسەت تېپىپ قېچىپ كېتىشنى خىيال قىلاتتى، ئەمما بۇ ئازاب ھېچنېمىگە ئوخشاشمايتتى. ئىختىيارسىز بىر قېتىم ئازابتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن نۇرغۇن پەسكەش ئىشلارنى قىلاتتى. بىر قېتىملىق ئازابتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن خوجايىننىڭ قول ئاستىدىكى قوغدىغۇچىلارنىڭ ئالدىدا قىپيالىڭاچ ئۇسسۇل ئوينىدى، ئاندىن ئۇلارنىڭ نۆۋەت بىلەن شەھۋانىي نەپسىنى قاندۇرۇشىغا كۆندى. ئۇ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشنى بىرقانچە قېتىم خىيال قىلدى، ئەمما ئۇنىڭ يەنىلا ياشاش ئارزۇسى غالىب كەلدى. ئاخىر ئۇ بۇ يەردىن قېچىپ كېتىشنى قارار قىلدى.

— مەن بۇ يەردىن كېتىمەن، ئاينۇر، زادى چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى. ماڭا بىر ئامال قىلىپ ئازراق پۇل تېپىپ بەر، مەن ئاپامنى تاپىمەن. ئەمدى بۇنداق ياشىمايمەن! — دېدى ئۇ بىر كۈنى ئاينۇرغا.

— نەگە كېتەلەيسەن، ئۇلارنىڭ قولى ھەممە يەردە بار، يۇرتقا قانداق بارىسەن؟ سېنىڭ ئاق تاماكا چېكىدىغىنىڭنى بىلسە ساقچىلار تۇتۇپ كېتىدۇ.

— تۈرمىگە كىرسەممۇ مەيلى، سەن ماڭا ئازراق ئامال قىلىپ بەر. مەن شىنجېڭدىن چىقىۋالسىلا تاشلايمەن. سەندىن خوش بولاي، ماڭا ياردەم قىلغىن، ھېچبولمىسا، ئاپامنى كۆرۈۋېلىپ نېمە بولسام مەيلى.

— بولمايدۇ، سىرتقا چىقساڭ تۇتۇلۇپ قالىسەن! ئۇ چاغدا

بىز قانداق قىلىمىز؟

— سىلەرنى چىتىۋالمايمەن، ماڭا ياردەم قىلىڭلار!

گۈلشەنگە ھەرقانچە نەسىھەت قىلىپمۇ كۆندۈرەلمىگەنلىكتىن ئامالسىز قالغان ئاينۇر بىلەن ئايتىللا مەسلىھەتلىشىپ ئۆزلىرى ساقلاۋاتقان پۇللىرىدىن بىر قىسمىنى گۈلشەنگە بەرگەندىن كېيىن، ئىشىك ئالدىدىكى قاراۋۇللارنى گەپكە تۇتۇپ تۇرۇپ گۈلشەننىڭ بىنادىن چىقىۋېلىشىغا ياردەم قىلدى. گۈلشەن كوچىغا چىقىپلا تاكسى توسۇپ ئۆزىنى شەھەردىن ئەڭ يىراق مېھمانخانىغا ئاپىرىشنى تاپىلاپ يىنىك تىندى.

تاكسى ئىككى سائەت ماڭغاندىن كېيىن شەھەرنىڭ چىتىدىكى بىر مېھمانسارايغا كېلىپ توختىدى. ئۇ ياتاق ئېلىپ ئورۇنلاشتى. گۈلشەننىڭ پەرىزىچە، مۇشۇ بىر - ئىككى كۈن ئىچىدە چوقۇم ئۇلار گۈلشەننىڭ ئىز - دېرىكىنى قىلاتتى. ئۇلار سەل بېسىقىقاندىن كېيىن، ئاندىن يولغا چىقسا بىخەتەر بولاتتى. شۇڭا گۈلشەن تالا - تۈزگىمۇ چىقمىدى. بىرنەچچە كۈن يەتكۈدەك تەييارچۆپ ئەكىرىۋالدى. ئۇ ئىشىكنى مەھكەم تاقاپ سىرتتىن كەلگەن ھەربىر ئاياغ تاۋۇشىغا دىققەت قىلاتتى. مانا ئىككى كۈن تىپتىنچ ئۆتتى، گۈلشەننىڭ كۆڭلى سەل ئارامىغا چۈشتى. ئۇ بۇ ئىككى كۈندە ئەمدى زەھەرنى قەتئىي ئېغىزغا ئالماسلىققا ئىرادە باغلىدى، چىدىغۇسىز ئاغرىق ئازابىدا تولغاندى، شۇنداقتىمۇ ئىرادىسىدىن يانمىدى، بىلەكلىرىنىڭ نەچچە يېرىنى چىشلەپ كۆكەرتىۋەتتى. ئۇنىڭ ئاپىسىنى ئىزدەش، ئاپىسىنى كۆرۈش ئىستىكى بارلىق ئازابلارنى بېسىپ چۈشتى. تۆت كۈن شۇنداق قىينالغاندىن كېيىن، ئۇ خۇمارى تۇتۇشتىن بۇرۇنلا باش ئاغرىق دورىسى ياكى تىنچلاندۇرۇش دورىسى ئارقىلىق ئاغرىق ئازابىنى يېنىكلىتەلەيدىغان بولدى. بەشىنچى كۈنى ئۇ ياتاق باشقۇرغۇچى ئارقىلىق شىنجىڭدىن گەنسۇغا بارىدىغان پويىز بېلىتىنى ئەكەلدۈردى. شۇ كېچىسى ئۇ پەقەت ئۇخلىيالمىدى. كۆڭلى-

دە نېمىگىدۇر خۇشال بولغۇسى كېلەتتى، لېكىن ئۇنىڭغا «خۇ-
شال بولۇشقا ئالدىرىما، گۈلشەن! ئاۋۋال يىراقلارغا-
كېتىۋال!» دەيتتى. ئەتىسى سەھەردە ئۇ مال يۆتكىگەندە ئىشلى-
تىدىغان كەيمە چاچنى كىيىپ، «باشقىلار تونۇۋالمايدۇ» دېگەن-
چىلىك قىلىپ گىرىم قىلىپ ياساندى، ئاندىن ۋوگزالغا كېلىپ
ھېچكىمنىڭ نەزىرى چۈشمەيدىغان بىر بۇلۇڭغا كېلىپ پويىزنىڭ
مېڭىشىنى كۈتتى. ئۇنىڭ يۈرىكى خۇددى پويىزنىڭ ئاۋازىدەك
«گۈپ - گۈپ» قىلىپ سوقاتتى. كىشىلەرنىڭ تونۇپ قېلىشى-
دىن ئەندىشە قىلىپ بېشىنى كۆتۈرۈپمۇ قارىمايتتى. بىر چاغدا
پويىز خىزمەتچىسىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى، ئۇ ئۆزى چىقماقچى
بولغان پويىزنىڭ يەنە بەش مىنۇتتىن كېيىن ۋوگزالغا كىرىدىغا-
نىنى ئاڭلاپ ھاياجاندىن كۆزلىرىگە ياش ئالدى. ئاھ، بەش
مىنۇت! بەش مىنۇتتىن كېيىن ئۇ يۇرتىغا قاراپ يولغا چىقىدۇ.
پويىز ئۇنى يىراقتىكى يۇرتىغا يېقىنلاشتۇرىدۇ. ئۇ يەردە ئۇنى
ھېچكىم بوزەك قىلالمايدۇ. مەيلى ئۇنى كىشىلەر نېمە دېسۇن،
ئۇ ئۆزى ئىگەلەپ تۇغۇلغان ماكانغا دەسسەيدۇ، بالىلىقىدا پۇتلى-
رىنى كۆيدۈرگەن تەكلىماكاننىڭ قىزىق توپىلىرىنى كۆرمىگىلى
نېكەم؟ ئۇ ئاشۇ توپىغا دەسسەپ ئۇنىڭ ھارارىتىدىن كۈچ -
قۇۋۋەت ئالىدۇ. ئەنە ئاشۇ بەش مىنۇت ئۇنىڭ بارلىق ئۆتمۈشىنى
ئارقىدا قالدۇرىدۇ، يۈرەك يارىلىرىنى چۈرۈپ تاشلايدۇ. ئۇنى
ئىنسانەدەك ياشاشقا، باشقىلاردەك ئىچ - ئىچىدىن قاقاقلاپ كۈ-
لۈشكە، تۇرمۇشتىن ھەقىقىي بەھرىلىنىش يولىغا باشلايدۇ. ئە-
گەر شۇ بەش مىنۇتتىن بىخەتەر ئۆتسىلا ئۇ ئاپىسىنى تاپالايدۇ.
باغرىنى يېقىپ قانغۇچە يىغلايدۇ. ئاپىسىنىڭ پۇتلىرىنى سۆيۈپ
تۇرۇپ كەچۈرۈم سورايدۇ. ئاپىسى ئۇنىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپ
تۇرۇپ: «ئەخمەق بالام، ئانىنىڭ بالىنى كەچۈرمىگىنى نەدە بار؟
تۇرغىن، ئاپاڭ سېنى تولىمۇ سېغىندى» دەيدۇ. ئاندىن ئۇلار
خاتىرجەم ياشايدۇ.

گۈلشەن پويىز ئىشىكىدە قىستىلىپ تۇرۇپ شولارنى كۆڭ-
لىدىن ئۆتكۈزدى. بىردىنلا ئۇ كىشىلەر ئارىسىدا ئۆزىگە تىكى-
لىپ تۇرغان بىر جۈپ ناتونۇش كۆزنى كۆرۈپ يۈرىكى «جىغغى-
دە» قىلىپ قالدى. ئامال بار ئۇ ياققا قارىماسلىققا تىرىشتى.
ئەمما، ئۇ كۆزنىڭ ئۆزىگە قادىلىپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى سېزىپ
تۇرغاچقا ئىشىككە تېخىمۇ يېقىنلاشتى. قىستا - قىستاڭ ئىشىك-
تە پويىز خىزمەتچىسى تەرتىپ ساقلاۋاتقان بولۇپ، ئەمدى ئۇ
ھېلىقى كۆزنى قايتا ئۇچراتمىدى. لېكىن، ئۇنىڭ ئارقىسىدا بىر
ئىشلەمچى سۈپەت كىشى ئۇنىڭغا چاپلىشىپ دېگۈدەك تۇراتتى،
ئۇ بۇنىڭغا ئانچە پەرۋا قىلىپ كەتمىدى. ئەنە ئۇنىڭ ئالدىدا يەنە
ئىككىلا ئادەم قالدى. ئىككى ئادەمدىن كېيىنلا ئۇ پويىزغا چىقالا-
يدۇ. دەل شۇ چاغدا كۈچلۈك بىر قول ئۇنى كەينىگە تارتتى...
ئالدىدىكىلەر پويىزغا چىقىپ بولدى. پويىز مېڭىشقا سىگنال
بەردى. ئۇ پويىزنىڭ ئالدىدىن گۈرۈلدەپ ئۆتۈپ كېتىۋاتقىنىغا
قاراپ قېتىپ قالدى.

تاياقتىن يۈز - كۆزلىرى كۆكەرگەن گۈلشەننى بىرقانچە
چاپارمەن ئەكېلىپ ئايتىللانىڭ ياتىقىغا تاشلىدى، ئاندىن ئۇلارغا
ئۇنى ياخشى نازارەت قىلىشنى تاپىلاپ چىقىپ كېتىشتى. ئايتىللا
بىلەن ئاينۇر گۈلشەننىڭ بەدىنىنى تازىلاپ، دورا سۈرتۈپ ياتقۇ-
زۇپ قويدى.

— «ئۇلار سېنى تۇتۇۋالىدۇ» دېسەم ئۇنىمىدىڭ، — دېدى
ئاينۇر گۈلشەننىڭ ئاغرىق ئازابىدا ئىڭراپ يېتىشىغا چىدى-
ماي، — سەن كېتىپ، ئۇلار بىزنىمۇ خېلى سوراق قىلدى،
قېرىشقاندەك شۇ چاغدا تانسىخانىنى تۈيۈقسىز ساقچىلار تەكشۈ-
رۈپ خوجايىنغا بەزىبىر ئىشلارغا ھەمكارلىشىپ بېرىشنى ئېيتىپ-
تۇ، ساقچىلارنىڭ دېيىشىچە، خوجايىن ناھايىتى چوڭ بىر قانۇن-
سىز سودىغا چېتىشلىقمىش. كېيىن خوجايىن: «ساقچىلارغا
پاش قىلدى» دېگەن نىيەتكە كېلىپ سېنى تېپىشقا بۇيرۇق قىلد-

www.uyghurkitap.com

دى. ئەگەر سەن تۇتۇلمىغان بولساڭ، ئۇلار بىر ئىككىمىزنى ساق قويمايتتى. ئەمدى ئۇنداق ئەخمەقلىق قىلما، ھاياتلا بولسىلا بەزى ئىشلارنى قىلىۋالغىلى بولىدۇ. ئۇلار بىزنى نېمىلەرنى قىلمىدى؟ ئايتىللا ئىككىمىز بىر پىلان تۈزۈپ قويدۇق: ئۇلارنىڭ بىزنى خارلىغىنى ئۈچۈن ئۆلۈپ كەتسەكمۇ مەيلى، چوقۇم دەردىمىزنى ئالماي قويمايمىز.

— شۇنداق، بىزمۇ ئەمدى ئىشنىڭ يولىنى بىلىۋالدۇق. ئاۋۋال سەن ئەسلىڭگە كېلىۋال، باشقا ئىشلارنى ئويلىما! ئاپاڭنى ئۈچىمىز بىللە ئىزدەيمىز. ئاپاڭ بىلەن چوقۇم يۈز كۆرۈشەلەيسەن.

گۈلشەن تورۇسقا تىكىلگىنىچە ياتاتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياشلار ئاقاتتى. ئۇ شۇ ياتقانچە خېلى ئۇزۇن يېتىپ قالدى. بۇ قېتىم ئۇلار گۈلشەنگە كۆپ مىقداردا خىرۇئىننى ئوكول قىلىپ ئۇرۇۋەتكەچكە، ئۇنىڭ خۇمارى بىلەن تاياق زەربىسى قوشۇلۇپ مىڭ ئۆلۈپ، مىڭ تىرىلەتتى. ئامالسىز قالغان ئاينۇر ئۇنىڭغا تاماكا بەرگەندىن كېيىنلا خېلى تىنچلىناتتى. ئاينۇر بىلەن ئايتىللا سىرتقا چىققاندا ئىشىكنى قۇلۇپلاپ قوياتتى. ئۇنىڭ ئۆلۈۋېلىشىدىن ئەنسىرەپ قايچا، پىچاقتەك نەرسىلەرنى تىقىپ قوياتتى. گۈلشەن ياتاقتا دېرىزىدىن چۈشۈپ تۇرغان كۈن نۇرىغا قاراپ خىيال سۈرەتتى، ئورنىدىن تۇرۇشقا كۈچەپ باقاتتى، ئەمما پۇتلىرى ماغدۇرسىز ئىدى. ئۇن نەچچە كۈندىن بېرى، ئۇ تىمتاس ياتاقتا يېتىپ قۇياش نۇرىغا ئىنتىلىدى. شۇ تاپتا بىر قۇشقا ئايلانسا، دېرىزىدىن چىقىپ ئاشۇ ئىللىق قۇياش نۇرىدىن ئىچ ـ باغرى قانغۇدەك سۈمۈرۈۋالسا، بەدەنلىرى كۆيگۈدەك قاقلىنىۋالسا ـ ھە؟ ئەمما بۇ يەردە قۇياش نۇرى ئۆز يۇرتىدىكىدەك ئىللىق نۇر چاچقىنىنى ئۇ كۆرمىدى، سەزمىدى. بەلكىم بۇ تۇمانلىق شەھەردە ئۇنى ھېس قىلمىغان بولۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭ ئەتراپى ئىس ـ تۈتەككە تولغان، ئاچچىق ھاراقلار، ھەر

خىل تەنلەردىن چىققان سېسىق بوس - پۇراقلار ئۇنىڭ سېزىمىنى ئېگىلەپ كەتكەن. ئۇ بۇ سېسىقچىلىقتىن قۇتۇلۇشنى شۇنچە ئارزۇ قىلدى، كۈتتى، تىرىشتى، ئەمما ئۇنىڭ تىرىشچانلىقى بىكار كەتتى. ئاشۇ ساپ ھاۋادىن ئايرىلغان ئۆيدە، كىچىككىنە كارىۋاتتا ھاياتلىق ئۈچۈن ئەزرائىل بىلەن ئېلىشىۋاتقان بىقۇۋۋەت گەۋدىگە ئايلاندى. ئۇ شۇ تاپتا كىملەردىن نىجاتلىق تىلەشنى بىلمەيتتى.

گۈلشەن ئۇلۇغ - كىچىك تىندى. سىرقىراپ ئاغرىۋاتقان گەۋدىسىنى مىدىرلاتماقچى بولدى، لېكىن تاشتەك ئېغىرلىشىپ كەتكەن بەدىنىنى كۆتۈرۈش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىگە «لۆممىدە» ياش كەلدى. كۆز ئالدىغا ئېتىز - قىرلاردا كەتمەننى «گۈرس - گۈرس» قىلىپ چاپىدىغان، مەكتەپتە ھەر خىل ئەمگەكلەردە ئوغۇللاردىن قېلىشمايدىغان ھالىتى كەلدى. قېنى شۇ چاغدىكى كۈچلەر، قېنى شۇ چاغدىكى ئەتلىرى چىڭ بەدەنلەر؟ ھازىر ئۇنىڭ ئورنىغا كىشىلەرنىڭ مورلاپ تۇتۇشلىرىدىن، ھەر خىل قىيىن - قىستاق، تاياق - توقماقلاردىن ئېشىپ قالغان بوشاپ كەتكەن يوتىلار، زەپىراندەك سارغايغان چىرايلار، شامال چىقسىمۇ ئۈچۈپ كەتكۈدەك ئورۇق گەۋدىلەر ئالماشتى. ئۇنىڭ ئەسلىگە كېلىشى مۇمكىن ئەمەس. جىسمى ئەسلىگە كەلگەن تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ روھىي دۇنياسىنى ئاشۇ پاك - غۇبارسىز ھالەتكە كەلتۈرۈش مۇمكىن ئەمەس. ئەسلىي ئۇنىڭمۇ باشقىلاردەك بەختلىك كۈنلىرى بولغان، ھاياتىدىكى ئەڭ پاك، ئەڭ غۇبارسىز، ئەڭ نازۇك تۇيغۇلىرىنى ئۆز سۆيگىنىگە بېغىشلىغان بولاتتى. بىراق، رېئاللىق ئۇنى يەكلىدى، تۇرمۇش ئۇنى كەمبەغەل بولغىنى ئۈچۈنلا نۇرغۇن نەرسىلەردىن مەھرۇم قىلدى. ئۇنىڭ قەلبىدىكى پاك تۇيغۇلىرى ئىنتايىن قەدىرسىز ھالدا خۇددى لالما ئىتنىڭ ئالدىدىكى بىر پارچە سېسىق گۆشتەك بولۇپ تالاشقا ئۇچرىدى، ھەتتا ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا كىملەردىندۇر ئاپىرىدە

www.uyghurkitap.com

بولغان نام - نىشانسىز تۆرەلمىلەر خۇددى ئۇنىڭ ئاشۇ تۇيغۇلىرىدەكلا رەھىمسىزلىك بىلەن قان - يىرىڭغا تولغان ئەخلەت چېلەكلىرىگە تاشلاندى. ئاشۇلارنى ھەر قېتىم ئويلىغىنىدا، ئۇنىڭ ۋۇجۇدى كۆيەتتى، ئۆزىنى ئوت ئىچىدە كۆيۈۋاتقاندەك سېزەتتى.

خوجايىنىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە شىياڭگاڭلىق بىر سودىگەرگە ھەمراھ بولۇپ ئۇنى خوجايىن بىلەن سودا قىلىشقا كۆندۈرگەن ئايتىللا بولسا خوجايىنىنىڭ بەرگەن مۇكاپاتىنى ئېلىۋېتىپ خېلىدىن بېرى ئويلاپ يۈرگەن خىيالىنى خوجايىنغا ئېيتتى:

— خانىم، بۇ قېتىملىق مۇكاپاتنى ئالمىساممۇ مەيلى. گۈلشەننى دوختۇرخانىغا ئاپىرىشقا رۇخسەت قىلسىڭىز، ئۇ بەكلا ئاجىزلاپ كەتتى.

خوجايىن گۈلشەن ئىسىملىك بىرىنىڭ بارلىقىنى ئەمدىلا ئېسىگە ئالغاندەك ھەيرانلىق بىلەن ئايتىللاغا قارىدى.

— ئۇنىڭغا شۇنچە كۆڭۈل بۆلىدىكەنسىلەر - ھە؟ بوپتۇ، مۇشۇ بىر قېتىم سىزنىڭ تۆھپىڭىز ئۈچۈن ماقۇل بولاي، لېكىن چوڭ دوختۇرخانىلارغا ئاپىرىشقا بولمايدۇ. دوختۇرنى مۇشۇ يەرگە تەكلىپ قىلىڭلار. ئېسىڭلاردا بولسۇنكى، بۇ قېتىم ئۇ يەنە چاتاق چىقىرىدىغان بولسا سىلەرمۇ ياخشى كۈن كۆرمەيسىلەر.

ئايتىللا خۇشال بولۇپ خوجايىنغا قايتا - قايتا رەھمەت ئېيتىپ قايتىپ چىقتى. ئۇ بۇ خەۋەرنى ئاينۇرغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن يۈرۈپ كەتتى.

— خوجايىنىنىڭ دېگىنىدەك قىلايلى، بولمىسا، ئۇنىڭ زەھەر چەككەنلىكى ئاشكارىلىنىپ قالسىلا تۇتۇپ كېتىدۇ، ئاۋۋال دوختۇرنى بۇ يەرگە ئەكىلىپ ئۇنىڭ ئەھۋالىنى بىلىپ باقايلى، — دېدى ئاينۇر ئايتىللانىڭ پىكرىنى قۇۋۋەتلەپ.

ئۇلار مەسلىھەتلىشىپ ئاينۇر دوختۇر تېپىپ كېلىدىغان بولدى، ئاندىن ئۇلار گۈلشەننىڭ يېنىغا كىردى.

— سىزنى دوختۇر تەكلىپ قىلىپ داۋالىتىدىغان بولدۇق، — دېدى ئايتىللا تورۇسقا قاراپ ياتقان گۈلشەننىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرۈشكە تىرىشىپ، — ساقايغاندىن كېيىن يەنە قاراملىق قىلما! جان بولسا جاھان دەپتىكەن. غەيرەتلىك بولغىن، بولامدۇ؟

— بولدى، سىلەرنى كۆپ ئاۋارە قىلدىم. مېنىڭ دوختۇرغا تۆلىگۈدەك پۇلۇم يوق. يەنە سىلەرنى جاپادا قويىمەن. سىلەرنىڭ كۆڭۈللىرىڭلارمۇ ئۇنچە ئاسان ئەمەس. مەندە بەلكىم باشقا كېسەلمۇ يوقتۇ، بىرنەچچە كۈن دەم ئالسام ساقىيىپ قالارمەن. پۈتۈن بەدىنىم ئاغرىپ كېتىۋاتىدۇ، ماڭا بىر چېكىم بېرىڭلار، سىلەردىن خۇش بولاي! — گۈلشەن سۆزىنىڭ ئاخىرىنى دەپ بولغۇچە ئېغىزىدىن كۆپۈك چىقىپ، بېشىنى قاماللاپ تۇتقىنىچە تۈگۈلۈپ قالدى. ئايتىللا دەرھال ئۇنىڭغا تىنچلاندۇرۇش دورىسى بەردى. لېكىن، گۈلشەننىڭ چىرايى بىردەم كۆكىرىپ، بىردەم قارىيىپ ئۆزىنى ھەريانغا تاشلايتتى، ئايتىللاغا يالۋۇراتتى. ئايتىللا ئاخىرى ئۇنىڭ قىينىلىپ كېتىشىگە چىدىماي سومكىسىدىن كىچىككىنە بولاقنى ئېلىپ ئۇنىڭغا بەردى. پارقىراق قەغەز ئۈستىدىكى ئاپئاق زەھەرنىڭ پۇرىقىنى سۈمۈرۈش بىلەن گۈلشەن چوڭ-چوڭ نەپەس ئالدى، ئاندىن «لاسسىدە» بولۇپ ئۆزىنى كارىۋاتقا تاشلاپ يىغلاپ كەتتى.

— بولدى، يىغلىما دوستۇم، غەيرەتلىك بولغىن!

ئايتىللا ئۇنىڭغا نېمە دەپ تەسەللى بېرىشنى بىلمەي ئۇنىڭ مۈرىسىدىن تۇتۇپ ئۆزىگە قاراتتى. گۈلشەن تېخىمۇ ئېسەدەپ كەتتى.

— نېمىشقا مۇشۇنداق كۈنگە قالىمىز؟ ئەمدى مەن قانداق قىلىمەن؟ زەھەرنى تاشلايمەن دەپ شۇنچە نىيەت قىلساممۇ نېمىشقا بۇنداق بولىدۇ. ئايتىللا جېنىم دوستۇم، ئاپا، سىلەر مېنى قۇتقۇزۇۋېلىڭلار، مېنىڭ زەھەر تاشلىشىمغا ياردەم قىلىڭلار!

www.uyghurkitap.com

ئايتىللانىڭمۇ كۆزىگە ياش تولدى.

— سەن تاشلىيالايسەن، گۈلشەن، ئۇلار ساڭا بەك كۆپ مىقداردا ئوكۇل قىلىۋېتىپتۇ. مەن ئەمدى ساڭا ئۇ تەرسىنى ھەرگىز بەرمەيمەن. ئارىمىزدا سېنىڭلا ئىرادەڭ كۈچلۈك. سەن چوقۇم تاشلىيالايسەن!!

ئۇلار بىرھازا يىغلاشقاندىن كېيىن گۈلشەن ئۇخلاپ قالدى. ئاينۇر دوختۇرنى باشلاپ كەلگەندىلا ئۇلار گۈلشەننى ئويغاتتى. دوختۇر ئۇنى بىرقۇر تەكشۈرۈپ بولغاندىن كېيىن ئۇنى يورۇق، كۈن نۇرى چۈشىدىغان، ھاۋا ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان جايغا يۆتكەشنى ئېيتتى. ئايتىللا يەنە خوجايىنغا يالۋۇرۇپ يۈرۈپ ئۇنى بىرىنچى قەۋەتتىكى يالغۇز ئۆيگە يۆتكىدى. دوختۇر ئۇنىڭغا ئوكۇل ئۇرۇپ قويغاندىن كېيىن، ئەتىسى كېلىدىغانغا دېيىشىپ خوشلاشتى. شۇ كۈنى گۈلشەن ھېچنېمىنى سەزمەي ئۇخلىدى. دوختۇر ئۇنىڭغا ھەر كۈنى كېلىپ ئوكۇل ئۇراتتى. تۇرۇپلا بىر كۈنى خوجايىن دوختۇرنى چاقىرىپ گۈلشەننىڭ ئەھۋالىنى سۈرۈشتە قىلدى.

— بەدىنى بەك ئاجىز ئىكەن، زەھەرلىنىش ئېغىر، ئۆزى ماسلىشىپ بەرسىلا داۋالاپ ساقايتىش مۇمكىن. لېكىن كېيىن يەنە زەھەر چەكمەسلىكى كېرەك، — دېدى دوختۇر ئۆزىنىڭ كۆز-قارىشىنى بىرقۇر سۆزلەپ.

— دوختۇر، سىز خېلى ئەقىللىق ئادەم، سىزنى تەكلىپ قىلىشىمىزدىكى سەۋەبنى تېخى چۈشەنمىگەن ئوخشايسىز. بۇ قىزنى بىزگە داۋالاپ ساقايتىپ بېرىشىڭىزنىڭ ھاجىتى يوق. بۇ قىز بىزگە كېرەك ئەمەس. ياخشى رېتسېپلاردىن پايدىلىنىپ ئۇنى بىزگە قايتا باش ئاغرىقى تېپىپ بەرمەيدىغان قىلىسىڭىزلا بولىدى. ھەققىڭىز تولۇق بېرىلىدۇ. سىزگە داۋالاش ھەققىنى ئالدىن بېرىمەن. قالغىنىنى سىزنىڭ كېسەلنى قانداق داۋا-لايدىغانلىقىڭىزغا قاراپ ئاندىن بىرنېمە دېيىشىمىز.

خوجايىن كىچىك چامادانىدىن يۈز يۈەنلىك ئىككى باغلام

پۇلنى چىقىرىپ دوختۇرنىڭ ئالدىغا قويدى. دوختۇر پۇلنى ئې-
لىپ چىقىپ كەتتى.

بۈگۈن گۈلشەننى داۋالاۋاتقىلى بىر ھەپتە بولدى. گۈلشەن-
نىڭ خۇمارى قايتا تۇتمىدى. بەدىنىدىكى يارا ئىزلىرىمۇ خېلى
ياخشىلىنىپ قالدى، لېكىن ئۇنىڭدا ماغدۇر يوق ئىدى. ئۆزىنى
خۇددى يەر تارتىپ ئەكىرىپ كېتىۋاتقاندەك سېزەتتى، دېرىزىدىن
سىرتقا قاراپ خىيال سۈرەتتى، ئاپىسىنى سېغىنىپ ياش تۆكەت-
تى. ئاينۇر بىلەن ئايتىللا ئۇنىڭغا تۆۋەت بىلەن قارايتتى. ھەر
كۈنى دېرىزە ئالدىدىكى تومپۇچكىغا بىر دەستە يېڭى گۈل ئەكە-
لىپ قوياتتى. گۈلشەن ھەر قېتىم شۇ گۈلگە قارىغىنىدا ئاپىسى
ئېسىگە كېلەتتى. ئاپىسى گۈلنى ناھايىتى ياخشى كۆرەتتى، كە-
چىككىنىدە ھويلىسىنىڭ بىكار يېرىنىڭ ھەممىسىگىلا گۈل
تېرىيتتى. ئۇرۇمچىگە كەلگەن تۇنجى كۈنى ئاپىسى كوچىدىكى
گۈللەرگە تويماي قارىغانىدى. ئۇلار چۈشكەن مېھمانخانىدىمۇ
تومپۇچكا ئۈستىدىن بىر دەستە گۈل ئۈزۈلمىگەنىدى. ئۇ ئاشۇ
كۈنلەرنى ئويلىسىلا، ئاپىسىنىڭ قورۇق باسقان چىرايى،
قات - قات يېرىلغان قولىنى پېشانىسىگە سايىۋەن قىلىپ يىراق-
لارغا قارىغىنىچە ئۆزىنى كۈتۈۋاتقان ھالىتى كۆز ئالدىدا نامايان
بولاتتى. تېخى قايسى كۈنى كۆزى ئەمدىلا ئۇيقۇغا بېرىلىۋىدى،
ئاپىسىنى كۆردى. چۈشىدە ئاپىسى بىر ھارۋىدا ئولتۇراتتى،
ئەمما ھارۋىغا يا ئات، يا ئېشەك قېتىلمىغان بولۇپ شۇنداق تېز
ماڭاتتى. گۈلشەن ئاپىسى ئولتۇرغان ھارۋىغا يېتىشىمەن دەپ
يۈگۈردى. ئەمدىلا يېتىشكەندە بولسا ئاپىسى ئايىغ كىيىملىك
ناتونۇش بىر ئايالغا ئۆزگەردى، ئاندىن ھارۋا ئۇنىڭ كۆز ئالدى-
دىن غايىب بولدى. تۇرۇپلا ھاۋا گۈلدۈرلەپ چاقماق چاقتى،
چاقماق يورۇقىدا ئۇ ئاپىسىنى غىل - پال كۆرۈپ قالدى. ئۇ
ئاپىسى كۆرۈنگەن تەرەپكە قاراپ ماڭدى، ئەمما ئاپىسى بارغانچە

www.uyghurkitap.com

يىراقلاپ بارا ـ بارا بىر تال قىزىل چېكىتكە ئايلىنىپ يوقاپ كەتتى.

«ئاپام قۇرۇق هارۋا چۈشەپ قالسا قازادىن بىشارەت دەيتتى، — دەپ ئويلىدى ئۇ، — تۇرالىغان بولسام كوچىغا بولسىمۇ بىر نەچچە يۈەن سەدىقە تاشلىۋېتەر كەنمەن، بىچارە ئاپام نەلەردە يۈرىدىغاندۇ؟ ئاپا، سېنى ئۆز يۇرتۇڭدىن، سەن ئۈچۈن ئالتۇندىن قىممەت هېسابلىنىدىغان ماكانىڭدىن ئايرىپ چىقىپ سەرسان قىلىۋەتتىم. نېمىشقا شۇنداق قىلغاندىمەن؟ بەلكىم كۆڭلۈڭ مېنىڭ بۇ نىمجان هالىتىمنى ئاللىقاچان سەزدى. سەن دائىم مېنىڭ بەختىمنى تىلەپ ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق دۇئا قىلاتتىڭ. هەممىمىزگە ئۇزۇن ئۆمۈر، بەخت ـ سائادەت تىلەيتتىڭ. بىراق تىلىكىڭ خۇداغا يەتمەپتۇ، ئاپا! ئەگەر يەتكەن بولسا دادام ساقاي-ماس كېسەلگە گىرىپتار بولمىغان بولاتتى. يەنە تېخى سېنى — سەندەك بىر ئۆمۈر ئۆزىگە ئىبادەت قىلغان مۆمىن بەندىسىنى خار ـ زار قىلمىغان، بەختىنى بىر ئۆمۈر تىلىگەن قىزىڭنى كىشىلەرنىڭ ئاياغ ئاستى قىلىشىغا يول قويمىغان بولاتتى. خۇدا-نىڭ راستىنلا ئۆز بەندىلىرىنىڭ مۇراد ـ مەقسەتلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان قۇدرىتى بولسا دادامنى ساقلاپ قېلىپ بىزگە باشپا-ناھ قىلغان بولاتتى. دادام هايات چاغلاردا بىز هېچكىمگە سارغاي-مايتتۇق. بىراق، دادامنىڭ ۋاپاتى بىزنى مۇشۇنداق ۋەيران قىلى-ۋەتتى. بىلەمسەن، ئاپا؟ بۇ دۇنيادا بەزى كىشىلەر بەك پەسكەش ئىكەن. بىر چاغلاردا سەن هېلىقى ‹ئىنساپلىق› شوپۇرغا ئاتاپ قانچە قېتىم دۇئا قىلغانسەن. بەلكى دۇئا قىلىۋاتقان ۋاقتىڭدا ئاشۇ شوپۇرنىڭ ئارزۇلۇق قىزىڭنى ئاياغ ئاستى قىلغان بىر پەسكەش ئادەم ئىكەنلىكىنى خىيالىڭغىمۇ كەلتۈرمىگەنسەن. مەن شۇ چاغلاردا پۇل تېپىپ بىر ئىشنىڭ يولىنى تۇتسام، سېنى هەم ئۆزۈمنى كىشىلەر ئالدىدا خار قىلماسام دەپ ئويلاپتىكەنمەن. شۇ تاپتا سېنىڭ يېنىڭدا بولسام ئېتىزدا كەتمەن چاپسامۇ مەيلى-

تى، نامراتلىق ھەرقانچە قورقۇنچلۇق بولسىمۇ يىرگىنچلىك ئەمەسكەندۇق. مەن سىزنى تولىمۇ سېغىندىم. ئاشۇ چامغۇر سېلىپ ئەتكەن سۇيۇقئېشىڭنى، ئېتىز - قىرلادا بىللىمىز گىچە سۇغا كىرىپ يار ئەتكەن كېچىلەرنى، چېكەتكىلەرنىڭ تىنىمسىز چىرىلداشلىرىنى، توپىلىق يوللارنى... ئىشقىلىپ، ھەممە نەر-سىلەرنى شۇنداق سېغىندىم. لېكىن، ئەمدى ئۇ كۈنلەرنى كۆرەل-مەسلىكىم مۇمكىن. ئۆلۈكۈم بەلكىم مۇشۇ يەردە قالار. ئېسىڭدىمۇ، ئاپا؟ دادام رەھمەتلىكنىڭ مېيىتىنى ئۆزاتقاندا ھويلىمىز ئادەملەر بىلەن لىق تولغان، ھەممە ئادەمنىڭ كۆزى ياشلانغان ئىدى. ئاشۇ نامرات گادايىنىڭ ئۆلۈمى ئۈچۈن نۇرغۇن كىشىلەر قايغۇرغان ئىدى. بىراق، مېنىڭ جەسىتىمنى ھېچكىم كۆرمەيدۇ. ھېچكىم مەن ئۈچۈن ھازا ئېچىپ يىغلىمايدۇ. مەن باشقىلاردەك يۈرەكنى ئەزگۈدەك قوشاق قېتىپ يىغلاشلارغا نائىل بولالمايمەن. چۈنكى مەن ياشاش ئۈچۈن نۇرغۇن ئىشلارنى قىل-دىم. جان ساقلاش ئۈچۈن مەن ساتقان زەھەردە قانچىلىغان كىشىلەر خانىۋەيران بولغاندۇ؟ قانچىلىغان ماڭا ئوخشاش قىزلار پاتقاققا پاتقاندۇ؟ مانا ئەمدى ئويلىسام، مەنمۇ خۇددى ئۆزۈم تالاي قېتىم قارغىغان كىشىلەرگە ئوخشاشلا شەخسىيەتچى ئىكەنمەن. ئەسلىي ئېيپەت - نومۇسۇم ئاياغ ئاستى قىلىنغاندىلا ياكى ھايۋان قاتارىدا باشقىلارغا سېتىلغاندىلا ئۆلۈۋېلىشىم كېرەك ئىدى. مەن ئۇنداق قىلالمىدىم. شۇڭا مەن خۇدانىڭ جازاسىغا ئۇچرىغان ئوخشايمەن. جېنىم ئاپا، ماڭا رازىلىق بەر! گۇناھكار قىزىڭنىڭ كۆزى ئوچۇق كەتمىسۇن!...»

گۈلشەن ئاپىسى بىلەن خىيالەن سۆزلىشەتتى. يۈرىكىنىڭ ئاجىز سوقۇشى ئۇنىڭغا ئۆلۈمدىن بېشارەت بەرگەندەك تۇرۇپلا تىنىقلىرى ئېغىرلىشاتتى. ئۇ يەنە دېرىزىگە قارىدى. ئەنە ئاينۇر ئەكىرگەن گۈل بىردەمدىلا سولاشتى. ئۇ گۈل ئۇنىڭغا نېمىدېگەن ئوخشايدۇ - ھە؟ ھېلىلا تەبىئەتتىن ئوزۇق ئېلىپ بەرق ئۇرۇپ

ئېچىلىپ تۇرغان گۈل رەھىمسىزلىك بىلەن ئۈزۈۋېلىنىپ تەنـ-
ئەتتىن ئايرىلدى. بەلكىم بىرنەچچە سائەتتىن كېيىن پۈتۈنلەي
توزۇپ ھېچ ئېتىبارسىزلا كوچىدىكى ئەخلەت ساندۇقلىرىغا تاشـ-
لىنىدۇ. ئاھ! بۇ دۇنيا نېمىدېگەن رەھىمسىز ـ ھە؟

دوختۇرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قېتىم ئۇرغان ئوكۇلى بىلەن گۈلشەن تاماقتىنمۇ قالدى. دوختۇر قايتا تەكشۈرگىلى كەلگەندە گۈلشەندە پۈتۈنلەي ئۈمىد قالمىغانلىقىنى، ئۆزىنىڭمۇ ئامالسىز قالغانلىقىنى ئېيتتى. ئاينۇر بىلەن ئايتىللا دوختۇرغا يالۋۇرۇپ بىر بولۇپ كەتتى. دوختۇر يەنە بىرقانچە كۈن كۆزىتىپ بېقىشنى ئېيتىپلا كېتىپ قالدى. ئەتىسىدىن باشلاپ دوختۇر راستتىنلا كېلىپ گۈلشەننى تەكشۈرگەن بولدى. ئۇ بىردەم قان بېسىمىنى ئۆلچىسە، بىردەم ئۇنىڭ تومۇرىنى تۇتاتتى. قارىماققا ناھايىتى ئەستايىدىللىق كۆرۈنەتتى. بىراق، كۆز ئالدىدا ئۆزىدىن نىجاتـ-لىق تىلەپ ياتقان بىمارنىڭ ھاياتلىقىدىن دېرەك بېرىپ تۇرغان كۆزلىرىگە قاراپمۇ قويمايتتى. گۈلشەن بارغانچە يۇمۇلۇپ كېتىـ-ۋاتقان كۆزىنى تەستە ئېچىپ دوختۇرغا قارايتتى، ئۇنىڭدىن نېمىنىدۇر كۈتەتتى. ئەمما، دوختۇرنىڭ چىرايى ئۇنىڭغا بارغانچە ناتونۇش ئىدى. ئۇ دوختۇرنى نەدە كۆرگەنلىكىنى ئەسلىيەلـ-مەيتتى. بەلكىم، ئۇنىڭ چىرايىنى مەڭگۈ تونۇيالماس. ئاپئاق خالات، ئاپئاق بۆك، ئاپئاق ماسكا، ھەممە نەرسە ئاق، ھەتتا ئۆيمۇ شۇنچە ئاق. تۇرۇپلا گۈلشەن دوختۇرنى ئەزرائىلغا ئوخشىـ-تىپ قالدى. يەنە تۇرۇپ ئۇنى خىزىرغا ئوخشىتاتتى. ئۇنىڭ دېرىزىگە تىكىلگەن كۆزلىرى دېرىزە سىرتىدىكى ھاياتلىقنى ئىزـ-دەيتتى. ئۇنىڭ سىرتقا چىققۇسى كەلدى.

كەچقۇرۇن ئۇ ئايتىللاغا سىرتقا چىققۇسى بارلىقىنى ئارانلا دېيەلىدى. ئۇلار ئۇنى ئاينۇر تېپىپ كەلگەن چاقلىق ئورۇندۇققا ئولتۇرغۇزۇپ، سىرتقا ئېلىپ چىقتى. دورا پۇرىقىدىن خالىي كوچا ناھايىتى چىرايلىق ئىدى. كوچا ئەتراپىدا بوكىدە ئۆسكەن

گۈللەر كۆزنى قاماشتۇراتتى. گۈلشەن بىر ئاز روھلىنىپ قالدى.
«يۇرتىمىز بەلكىم ئاۋۇ تەرەپتە بولۇشى مۇمكىن، — دەپ ئويلىدى ئۇ كۈن ئولتۇرۇش ئالدىدىكى ئوتقاشتەك قىزىرىپ تۇرغان ئۇپۇققا قاراپ، — بىزنىڭ يۇرتىمىزدىلا قۇياش ئەنە شۇنداق جۇلالىق نۇر چاچىدۇ. پەقەت شۇ يەردىلا سۈزۈك ئاسمان بولىدۇ.»
گۈلشەن گۈللەرگە، دەرەخلەرگە تويماي قارايتتى. تۇرۇپلا، ئۇنىڭ كۆزى بىنانىڭ ئەگىمىسىدىكى كىچىككىنە گۈللۈككە پېتىشماي قالغان يۇلغۇن چېچىكى رەڭگىدە جۇلالىنىپ تۇرغان گۈللەرگە چۈشتى. گۈللەر شۇنچىلىك قويۇق ئىدىكى، گۈللۈككە پېتىشماي قالغاندەك ئېگىلىپ قىلىشقان ئىدى.
— پاھ، نېمىدېگەن قويۇق ئېچىلغان گۈل بۇ! قارا، گۈلشەن، ئەجەبمۇ نامازشامگۈلگە ئوخشايدىكەن، — ئاينۇر گۈلشەننىڭ گۈللەرگە تىكىلىپ قاراپ قالغانلىقىغا قاراپ چاقلىق ئورۇندۇقنى گۈللۈككە يېقىن ئەكەلدى.
«توغرا، ھازىر نامازشامگۈلنىڭ ئېچىلىدىغان ۋاقتى، لېكىن بۇ نامازشامگۈل ئەمەس. ئەڭ ياخشىسى، نامازشامگۈل ئېچىلمىسۇن، مۇشۇنداق قاراڭغۇلۇققا چۆكۈش ئالدىدا ئېچىلغان نامازشامگۈلگە قاراڭغۇلۇقتىكى بارلىق شۇم نىيەتلەرنىڭ كۆزى چۈشكەن بولىدۇ. ئۇلارنىڭ جۇلالىنىپ تۇرغان بەرگىلىرىنى پايخان قىلىدۇ. ئاھ، نامازشامگۈل! سىلەرنى قانچىلىغان كىشىلەر پايلاپ تۇرغاندۇ – ھە؟ سىلەر مەڭگۈ ئېچىلماڭلار، سىلەرنىڭ بەرگىڭلارغا ھېچكىمنىڭ كۆزى چۈشمىسۇن، سىلەرنىڭ پاكلىقىڭلارنى ھېچكىم بۇزمىسۇن، سىلەرمۇ قۇياشقا ئەگىشىپ ئۆزۈڭلارنى دالدىغا ئېلىڭلار!!»
گۈلشەن شۇلارنى خىيال قىلغىنىچە گۈللەرگە قاراپ ئۇزاق ئولتۇردى. بىردىنلا ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىكى گۈللەر ئاستا – ئاستا غايىب بولۇپ كېتىۋاتقاندەك، ئاشۇ كىچىككىنە گۈللۈك تاقىرلى-

شىپ ھېلىلا كىشىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلغان مەغرۇرانە قىياپە-
تىدىن ئەسەرمۇ قالمىغاندەك، ئۇنىڭ ئورنىغا بىر خىل سوغۇق،
نۇر چېچىلىپ تۇرغاندەك بىلىنىشكە باشلىدى. ئىختىيارسىز ئۇ-
نىڭ كۆزى «بەلكىم يۇرتىمىز شۇ جايدا بولسا كېرەك!» دەپ
ئويلىغان ئۇپۇققا سوزۇلدى.

ئەنە ئۇنىڭ يۇرتى، ئەنە كەچقۇرۇنلىرى كوچا دوقمۇشلىرىغا
چىقىشىپ ئۇنىڭ - بۇنىڭ غەيۋىتىنى قىلىدىغان چوكانلار، ئەنە
كىشىنى كۆچلۈك پۇرىقى بىلەن ئۆزىگە مەپتۇن قىلىدىغان جىگدە-
لىك، ئەنە مەھەللىدىكى قەبرى، ياش ھەممىسى ... ئۇلارنىڭ
ئىچىدە تولىمۇ سالاپەتلىك كىيىنگەن ئەكرەممۇ بار. ئەنە ئۇنىڭ
دەرۋازىلىرى قىيسىيىپ تۇرىدىغان ئۆيى. ئاپىسى ھويلىدىكى كە-
چىككىنە سۇپىدا ئولتۇرۇپ تەسۋى سىيرىپ ئۇنىڭغا دۇئا قىلىۋا-
تىدۇ. ئاھ، ئاۋۇ سومكىسىنى تاشلاپ ئوتقا ماڭغان كىمدۇ؟
ئۇنىڭ تىنىقلىرى نىماداق تونۇش. قىز ئەجەب جىگدىلىكنىڭ
يېنىدىكى ئېتىز قىدىرىغا كېتىپ بارىدىغۇ؟ «گۈلشەن! گۈل-
شەن!» سوزۇپ چاقىرغان ئاۋازدىن قىز كەينىگە ئۆرۈلدى.
ئۇنىڭ چىرايى نېمانداق ئۇنىڭغا ئوخشايدۇ. تېخى ئىسمىمۇ گۈل-
شەن. ياق، ياق، ئۇ ھازىرقى گۈلشەن ئەمەس. ئۇ بىر پاك
قىز، كىچىككىنە قىز. ئۇنىڭ كەلگۈسى ئىنتايىن گۈزەل. قا-
راڭ، ئۇنىڭ يېنىدا ئوت ئېلىشىپ بىرىۋاتقىنى ئۇنىڭ ساۋاقدىشى
ئەكرەم. ئاشۇ چىرايىدىن بالىلىقى كەتمىگەن قىز قانداقمۇ ئۇ
بولسۇن؟

قۇياش تاغ كەينىگە، ياق، بۇ يەردە تاغ يوق، پەقەت تۇمانلار
ئەگىپ يۈرىدىغان ئېگىز بىنالار بار. قۇياش ئەنە شۇ بىنالارنىڭ
كەينىگە ئۆتۈپ كەتتى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىكى مەنزىرىمۇ غايىب
بولۇپ، ئۇنىڭ ئورنىنى قاراڭغۇلۇق ئىگىلەشكە باشلىدى. ئەنە
گۈلشەنمۇ ئاشۇ قاراڭغۇلۇق ئىچىگە سىڭىپ كەتتى. «بەلكىم ئەتە
تۇمان بېسىقىپ قالار!» ئۇنىڭ بۇ خىيالىمۇ ئۆزى بىلەن بىللە
ئاشۇ قاراڭغۇلۇقتا غايىب بولدى...

بۈگۈن ھاۋا تولىمۇ تۇمانلىق بولدى. ھېلىلا يامغۇر شار-قىراپ قۇيۇۋېتىدىغاندەك تۇراتتى، قەبرىستانلىقنىڭ ئوخ-شاشمايدىغان بىر جايىدا كىچىككىنە بىر دۆمبەلچەك تۇپراق بېشىدا ئىككى قىز ئۈنسىز ياش تۆكمەكتە ئىدى. ئازراق توپا دۆۋىلىنىپ ئۈستىگە كېسەك بىلەن بەلگە سېلىنغان، بىر پارچە تاختايغا ئانچە چىرايلىق بولمىسىمۇ «گۈلشەن راخمان، 1972 ـ يىلى تۇغۇل-غان. 1996 ـ يىلى كېسەل بىلەن ۋاپات بولغان» دېگەن خەت يېزىلغانىدى.

— ئەمدى قايتايلى، — دېدى ئايىنۇر ئايتىلاغا، — ئەتە يىراق سەپەرگە چىقىمىز. ياخشىراق تەييارلىق قىلمىساق بولماي-دۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلارمۇ بىزنى ساقلاۋاتىدۇ.

ئايتىللا ئايىنۇرنىڭ سۆزى بىلەن تەخىلا ئانچە يىراق بولمىغان جايدىكى كىچىك ماشىنا ئەتراپىدا چۆرگىلەپ يۈرگەن قارا كۆزەي-نەكلىك بىر قانچەيلەنگە ئۆچمەنلىك بىلەن قاراپ قويغاندىن كې-يىن لەۋلىرىنى «چىككىدە» چىشلىدى، ئاندىن يانچۇقىدىن بىر قولياغلىقنى چىقىرىپ قەبرە توپىسىغا كۆمدى.

«خوش، گۈلشەن! سېنى يەنە يالغۇز قويىدىغان بولدۇق. بۇ قېتىم بەلكىم بىز قايتىپ كېلەلمەسلىكىمىز مۇمكىن، ساڭا بۇ قولياغلىقىم ھەمراھ بولسۇن.»

ئۇلار قەبرىدىن كۆزلىرى قىيمىغان ھالدا ئايرىلىپ ماشىنى-غا چىقىپ يۈرۈپ كەتتى.

تاڭ سەھەردىلا ئايتىللا نېمىگىدۇر جىددىيلەشتى، قوي-غان ـ تۇتقىنىنى بىلمەي ئاۋارە بولاتتى. خوجايىن تاپشۇرغان بۇ قېتىملىق سودا سوممىسى ناھايىتى چوڭ ئىدى. ئۇ گۈلشەن ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن تۇنجى قېتىم ھېچنېمىدىن قورقماي بۇ سودىنى ئۆزىگە تاپشۇرۇشنى ئېيتىپ خوجايىننى قايىل قىلغانىدى. ئۇ كىچىچە كىرپىك قاقماي چىقتى، خىيالىغا بىر قانچە يىلدىن بېرى تارتقان ئازابلىرى كەلدى. ئۇ قىلماقچى بولغان

ئىشنىڭ پىلانىنى ئاللىقاچان تۈزۈپ قويغانىدى. شۇڭا ئۇ ئۆزى بىلىدىغان مال تاپشۇرۇش ئورنى، ئالاقىدار كىشىلەرنىڭ ئىشى-لىكىنى بىر قەغەزگە كۆچۈرۈپ چىقتى، ئاندىن پەيتىنى پەسلەپ تۇرۇپ سىرتقا چىقىپ، ئاممىۋى تېلېفون بوتكىسىدىن بىرقانچە كۈن ئىلگىرى يېزىۋالغان دېلو مەلۇم قىلىش باش ئاپپاراتىغا تېلېفون قىلدى. ئۇ بارلىق ئىشلارنى قىسقا، چۈشىنىشلىك دەپ بولغاندىن كېيىن تېلېفون تۇرۇپكىسىنى قويۇپ يېنىك تىندى...

*　　*　　*

گۈلشادىخان مىڭ تەستە ئورنىدىن تۇرۇپ تاھارەت ئېلىپ ناماز ئوقۇدى. ئۇ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، قولۇم - قوشنىلار-نىڭ ياردىمىدە كۆن كەچۈرۈپ كېلىۋاتاتتى. ئۇلار گۈلشادىخاننىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتمىغان بىرمۇ ئادەم قالمىدى. مانا ھازىر ئۇ خىيالىي تۇيغۇ بىلەن بىر ئىشلارنى قىلاتتى. ئەكرەم پات - پات ئوقۇغۇچىلارنى باشلاپ كېلىپ ئۇنىڭ ھويلا - ئاراملىرىنى تازىلاپ، تاماق ئېتىپ بېرەتتى.

گۈلشادىخاننىڭ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغىنىغا بىرنەچچە ھەپتە بولغان بولسىمۇ، ئۇ نامازنى تىرىشىپ - تىرمىشىپ يۈرۈپ تەستە ئوقۇيتتى. ھەر قېتىملىق نامىزىدا گۈلشەنگە ئامانلىق تىلەپ دۇئا قىلاتتى.

«قىزىم گۈلشەن، نەلەردە يۈرىدىغانسەن؟ — دەپ ئويلىدى ئۇ جايناماز دىن چۈشۈۋېتىپ، — تۇيۇقسىز ئالدىمدا پەيدا بولۇپ قالساڭچۇ! سېنىڭ ئاۋازىڭنى ئاڭلىسام، ھىدىڭنى پۇرىسام كۆ-زۈم ئېچىلارمىكىن. كۆز ئالدىمدا پەيدا بولۇپ قالغان بولساڭ خۇشاللىقتىن يۈرىكىم يېرىلارمۇ؟ سېنى بىر قېتىم كۆرۈپ پارە-پارە بولۇپ كەتسەممۇ مەيلىتى.»

گۈلشەننى خىيال قىلسىلا گۈلشادىخاننىڭ كۆز ئالدى يورۇپ

كەتكەندەك بولاتتى. كۆز ئالدىدا ئۇنىڭ ئوماق چىرايى نامايان بولاتتى. ئىككىيلەن قۇچاقلىشاتتى. ئانا قىزىنىڭ چېكە چاچلىرىنى تۈزەشتۈرۈپ قوياتتى، قىز ئانىسىغا ئەركىلەيتتى. قىزنىڭ يېقىملىق كۈلكىسى ھەممە ياققا تارقىلاتتى، ھەممە ياقتىن كۈلكە ياغاتتى. كوچىلار، دەرەخلەر، پۈتۈن جاھان كۈلەتتى. ئانا كۈلەتتى، قىز كۈلەتتى.

ھاۋا سوۋۇپ كەتكەنىدى. گۈلشادىخان تەستە بېرىپ سۈپىغا چىقتى، يوتقانغا كىرىپ كۆزلىرىنى چىڭ يۇمدى. يېرىم كېچىلەردىن ئاشقاندا، ئۇنىڭ گېلى قۇرۇپ تىترەك ئۇلاشقىلى تۇردى. ئۇ يوتقاننى تېخىمۇ چىڭ ئوراپ يېتىپ باقتى، بارا - بارا تىترەك ئۇنىڭ چىشلىرى، تىللىرىغىمۇ ياماشتى. ئېغىزىدا ئاچچىق يېلىمسىمان سۇيۇقلۇق پەيدا بولۇپ، تىلى يوغىناۋاتقاندەك بولۇپ نەپەس ئېلىشى قىيىنلاشتى.

«بىر يۇتۇم سۇ بولسا - ھە!» گۈلشادىخان شۇلارنى ئويلاپ لەۋلىرىنى يالىدى. دەل شۇ چاغدا گۈلشەننىڭ سىيماسى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا پەيدا بولدى. ئەنە گۈلشەن ئۇنىڭغا بىر پىيالە چاي تۇتتى. گۈلشادىخان قولىنى سۇندى، ئەمما گۈلشەن سۇنغان چاينى ئەمدى ئېلىشىغا چىنە قولىدىن چۈشۈپ چېقىلىپ كەتتى. ئەنە شۇ بىر پىيالە چاي دەرياغا، ئاندىن دېڭىزغا ئايلىنىپ گۈلشادىخاننى ئاستا - ئاستا ئۆز قوينىغا تارتتى ...

پاكار - پاكار ئۆيلەر قاتارلاشقان، ئەتراپىنى قويلارنىڭ مەرەشلىرى، ئۇششاق بالىلارنىڭ قى - چۇلىرى قاپلىغان. كىمدۇر بىرىدىن گۈلشادىخاننىڭ ۋاپات بولغانلىقىنى ئاڭلىغان كىشىلەر ئۇنىڭ ئۆيى تەرەپكە ئېقىشماقتا ئىدى.

— بىرنەچچە كۈن بولغان مىجەزىم يوق بولۇپ قېلىپ كىرمىگەنتىم. بۈگۈن كىرىپ چىقاي دەپ كىرسەم... توۋا خۇدايىم، بۇ رايىش ئايال ئاللىقاچان تىنىقتىن قاپتۇ، — دېدى گۈلشادىخاننىڭ تۈگەپ كەتكەنلىكىنى تۇنجى بولۇپ بىلگەن قوشنىسى يىغلاپ تۇرۇپ.

كىشىلەر گۈلشادىخاننىڭ نىمىگىدۇر سۇنۇلغان، قىتىپ كەتكەن قولىنى تۈزلەشكە ئامال قىلالمىدى. شىرەم تۇتقانلاردىن بىرنەچچىسى باش بولۇپ ئۇنى ئۇزاتقان بولدى.

ئادەتتىكى كۈنلەرگە ئوخشاشلا ۋاراڭ - چۇرۇڭغا تولغان مەھەللە. كوچا دوقمۇشلىرىدا بىرنەچچەيلەن مۇڭدىشىپ ئولتۇرىدۇ. قارىماققا، بۇ مەھەللە جۇشقۇن ھاياتىي كۈچكە تولغاندەك كۆرۈنىدۇ. ئەمما، ئاشۇ شاۋقۇن - سۈرەنلەر ئارىسىدا بىر قورۇ- دەرۋازىلىرى قىيسايغان، ھەممە يېرىدىن چەكسىز سۈكۈت يېپىلىپ تۇرغان قورۇلا تىپتىنچ. كىچىككىنە تال باراڭ چىگىلىشىپ پاخپىيىپ كەتكەن. دەرۋازا ئەتراپى، قورۇ تاملىرىدىن ئۆسۈپ چىققان قومۇش ئادەم بويى كەلگەن بولۇپ، ئەتراپقا سۈرلۈك تۈس بەرگەن. پەقەت ھاياتلىقتىن دېرەك بەرمەكچى بولغاندەك بىر توپ قۇشقاچ بىردە تال باراڭنىڭ ئارىسىدا «ۋىچىر-ۋىچىر» قىلىپ سايراشسا، بىردە «پۇررىدە» ئۇچۇشاتتى.

— قاراڭلارچۇ، ئەكرەم مۇئەللىم ئاۋۇ ئۆيگە نىمانچە قارايدىغاندۇ؟ — دېدى چوكانلاردىن بىرى ئاشۇ قورۇغا قاراپ قالغان ئەكرەمنى كۆرسىتىپ.

— مەنمۇ دائىم ئۇنىڭ مۇشۇ ئۆيگە قاراپ تۇرغىنىنى، يا بولمىسا ئايلىنىپ يۈرگىنىنى كۆرىمەن، قارىغاندا ئۇ بۇ قورۇنى ئېلىپ پۇل قىلاي دېدىمۇ نىمە؟

— كىمدىن سېتىۋالىدۇ بۇ ئۆينى؟ يا ئىگىسى بولمىسا.

— توۋا، گۈلشادىخان ئاچىمىزنىڭمۇ ۋاپات بولغىنىغا بىردەمدە بىر يىلدىن ئاشتى دېسە، ئەجەب بىر جاپادا كەتتى رەھمەتلىك.

— قىزىنىڭ دەردىدە كېتىپ قالدى، ئاڭلىسام قىزىنى چەت ئەلدە دەيدۇ. چوڭ بىر بايغا تېگىپتىمىش.

— توۋا دەڭا، ئۈرۈمچىدىن ئۈچ قىزنى بۇلاپ كەتكەن تۇرسا... گۈلشادىخان رەھمەتلىك ماڭا ئۆز ئېغىزى بىلەن دەپ بەرگەن. بىر ئاخشامدا ئۈچ قىز غايىب بولغانىكەن، ھېلىغىچە

ئەسكى ئادەملەر ئۆلتۈرۈۋەتكەن گەپ، بولمىسا ئاپىسىنىڭ ئۆلۈمىگە بولسىمۇ كەلمەمتى؟

— بىرنەرسە دېگىلى بولمايدۇ. ھازىر باللاردا ئىنساپ يوق. خۇدايىم ئۇنداق ۋەيرانچىلىقنى بەندىلىرىنىڭ بېشىغا سالمىسۇن...

چوكانلار بىرھازا پاراڭلاشقاندىن كېيىن ئۆيلىرىگە ماڭدى. شۇنىڭدىن كېيىن باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى ئەكرەمنىڭ بۇ قورۇنى ئايلىنىپ يۈرىدىغانلىقى توغرىسىدا يېڭى - يېڭى پاراڭلارنى قىلىشىدىغان بولدى. لېكىن، ئۇلار دېگەندەك ئەكرەم ئۇ ئۆينى سېتىۋېلىپ پايدا ئالمىدى ياكى يېڭىلاپ ئۆيمۇ سالمىدى. يىل ئاخىرى كەنت ئىشخانىسىنى يېڭىلاپ سالىدىغان چاغدا مۇۋاپىق جاي بولمىغاچقا، كەنت كادىرلىرى مەسلىھەتلىشىپ گۈلشادىخانىنىڭ بىر يىراق تۇغقىنىنى چاقىرىپ، ئازراق پۇل بېرىپلا ئۇنىڭ ئورنىغا كەنت ئىشخانىسىنى سالدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ يەردە گۈلشادىخانلار توغرۇلۇق بولىدىغان پاراڭلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلدى. ھېلىقى قۇشقاچلارمۇ بۇ يەردىن توزۇپ كېتىشتى، پەقەت كەنت ئىشخانىسىدىن چىقىدىغان رادىئو كانىيىنىڭ ئاۋازى پۈتۈن مەھەللىنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈپ ياڭراپ تۇرىدىغان بولدى.

ئەكرەم مۇئەللىم بۈگۈنمۇ رادىئو كانىيىدىن چىقىۋاتقان ئاۋازنى ئاڭلاپ جايىدا بىرھازا تۇرۇپ كەنت ئىشخانىسى تەرەپكە قارىدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا گۈلشەننىڭ چىرايى پەيدا بولغاندەك بولدى. ئۇ ئۇنىڭغا: «مېنى نېمىشقا ساقلىمايسىز» دەۋاتقاندەك قىلدى. ئەكرەم مۇئەللىمنىڭ يۈرىكى ھاياجان بىلەن سوقۇپ كەتتى. ئۇ گۈلشەننىڭ كۆزىگە مېھىر بىلەن قارىۋىدى، ئالدىدا ھېچ نەرسە يوق بولۇپ چىقتى.

ئەكرەم ئۇلۇغ - كىچىك تىندى - دە، يولنى داۋاملاشتۇردى. ئۇنىڭ يۈرىكى ھېلىغىچە ھاياجان بىلەن سوقاتتى. ئۇ تەشنالىق بىلەن ئارقىغا قايرىلىپ قارىغىنىدا، كاناي ئاۋازى توختىغان بولۇپ، ئەتراپنى جىمجىتلىق قاپلىغانىدى.

[General Information]
书名=夜来香 维吾尔文
SS号=40219779